دۇەن ليەنچىن

# ئىشلەمچىلار، قاچقۇنلار ۋە تۇتقۇنلار

(2)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ۋەتەنگلار، قاچقانلار
# ۋەتۇرلار

(2)

ئاپتورى: دۇەن لیەنچىن
تەرجىمە قىلغۇچى: يۇنۇسجان ئىبلى
ھەسپە ئابدۇللا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۈچىنچى قىسىم

# تۇرالار

وسعة [illegible]

[illegible]

## XI باب ئالدىنقى تۈرك خانلىقى مەزگىلىدىكى تۇرالار

«مۇقەددىمە» دە بايان قىلىنغاندەك، 16 پادىشاھلىق ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللار (تۇرالار) شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن باشلاپ يەنە تېلى (تۇرا) دەپ ئاتالدى. سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، تارىخ كىتابلىرىدا تېلى (تۇرا) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. قاڭقىل، چىلى دېگەن ناملار تامامەن ئىشلىتىلمەستىن قالدى، ئاشۇ قاڭقىللار (چىلىلار) يەنىلا تېلىلار (تۇرالار) ئىدى.

تۇرالارنىڭ تارىخى بىلەن تۈرك خانلىقىنىڭ تارىخى خېلى ئۇزاق دەۋر (سىر تاردۇش خانلىقى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇرا قەبىلىلىرىگە بولغان بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىدىن باشقا) گەرچە مۇرەككەپ ھالدا بىرلىشىپ كەتكەن. بايان قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن بىز تۈمەن تەرىپىدىن قۇرۇلغان تۈرك خانلىقىدىن شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغانغا قەدەر (بىرلىككە كەلگەن تۈرك خانلىقى 583 - يىلى شەرق، غەرب دەپ ئىككى تۈرك خانلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. شەرقىي تۈرك خانلىقى 630 - يىلى مۇنقەرز بولدى) بولغان دەۋرنى ئالدىنقى تۈرك خانلىقى دەۋرى؛ 682 - يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقى تۈرك ئاقسۆڭىكى

قۇتلۇق تەرىپىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن تارتىپ 705 - يىلى تۈرك خاقانى بومىن ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر بولغان دەۋر- نى كېيىنكى تۈرك خانلىقى دەپ ئاتىدۇق.

تۈرالارنىڭ تارىخىنى 552 - يىلى (غەربىي ۋېي سۇلا- لىسىنىڭ فېيدى پادىشاھىنىڭ تۇنجى يىلى) تۈركلەردىن بولغان تۈمەننىڭ تۈرا قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇشىدىن تارتىپ مىلادى 744 - يىلى (تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ ئۈچىنچى يىلى) ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇپ، تۈرا قەبىلىلىرى بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر قەبىلىسىگە سىڭىپ كەتكەنگە قەدەر جەمئىي 193 يىل دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتنى تۆت مەزگىلگە بۆلۈشكە بولىدۇ: (1) ئالدىنقى تۈرك خانلىقى ھۆ- كۈمرانلىق قىلغان مەزگىل. تۈمەن خاقانىنىڭ تۈرا قەبىلى- رىنى بويسۇندۇرۇشىدىن شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇش ھارپىسىغىچە قەدەر بولغان جەمئىي 77 يىل (552 — 628). بۇ مەزگىلدە تۈرا قەبىلىلىرى تۈرك خانلى- قىغا تەۋە بولغان بولۇپ، ئۇلار تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران- لىقى ئاستىدىكى توپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان ئېزىلگۈچى مىللەت ئىدى. (2) سىرتاردۇش خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل. سىرتاردۇش خانلىقى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ خارابىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان. سىرتاردۇشلار ئەسلى چۆللۈكنىڭ شىمالى- دىكى تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ باشقا تۈرا قەبىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى 18 يىل (629 — 646) داۋاملاشقانىدى. (3) تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل. تاڭ سۇلالىسى سىرتاردۇش خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۈرا قەبىلىلىرى تارقالغان رايوندا ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماق تەسىس قىلغان ھەمدە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋۇيۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا يەنرەن تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ تۈرا

قەبىلىلىرىگە بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى تەخمىنەن 36 يىل (647 — 683) داۋاملاشقانىدى. (4) كېيىنكى تۈرك خانلىقى ۋە تاڭ سۇلالىسى ئايرىم - ئايرىم ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل قۇتلۇق خانلىقنى قايتا قۇرغاندىن كېيىن تۇرا قەبىلىلىرىنى بېكىتباشتىن بويسۇندۇرغان، بىر بۆلۈك تۇرا قەبىلىلىرى تۈرك قولدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى خالىماي، تاڭ سۇلالىسىنىڭ گەنجۇ، لياڭجۇ قاتارلىق جايلىرىغا قېچىپ بارغان. تاڭ سۇلالىسى بۇ جايلاردا قاراچىلار مەھكىمىسى ۋە ئايماقلىرىنى تەسىس قىلىپ ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ مەزگىل تاڭ گاۋزۇڭنىڭ يوڭچۇن، تۇنجى يىللىرى قۇرۇلغان كېيىنكى تۈرك خانلىقىدىن تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 4 - يىلى مۇنقەرز بولغان كېيىنكى تۈرك خانلىقىغا قەدەر بولۇپ، ۋاقتى 64 يىل (689 — 745). بۇ باپتا ئالدىنقى تۈرك خانلىقى مەزگىلىدىكى تۇرالارنىڭ تارىخى بايان قىلىندۇ.

## 1. تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، تۈرك خانلىقىنىڭ تۇرا قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇشى

تۈركلەر ئەسلى ئانچە چوڭ بولمىغان بىر كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە ئىدى. «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە ۋە بېقىنقى زاماندا ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، خون دۆلىتى دەۋرىدە ئۇلار ھازىرقى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ئولتۇراقلاشقانىدى؛ خون دۆلىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە قوچۇنىڭ شىمالىدىكى تاغ (ھازىر-

قى تيانشاننىڭ شەرقىي تىزمىسىدىكى بوغدا تېغى) نىڭ ئاربىلىقىدىكى جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن. بۇ جايلار ھازىرقى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. مىلادى V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە تۈرك-لەر جورجانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى. تۈركلەر تۆمۈر تاۋلاشقا ماھىر بولغاچقا، جورجان قۇلدارلىرىغا قورال ياساپ بەرگەچكە «تۆمۈرچى قۇللار» دەپ ئاتالغانىدى.

مىلادى VI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە تۈركلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، ئۇلارنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈش قەدىمىنى تېزلەتتى. بۇ مەزگىلدە جورجان خانلىقى يۇۋۇرغۇر قەبىلىسى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت تىركىشىپ ئۇرۇش قىلىپ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن تۈركلەر بىر مەزگىللىك مۇس-تەقىل تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىدى. بۇ ھال تۈركلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

مىلادى 541 - يىلى قاڭقىل دۆلىتى جورجان خانلىقى تەرىپىدىن مۇنقەرز بولدى، قاڭقىل دۆلىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇش جەريانىدا جورجانلارنىڭ تۆمۈرچى قۇللىرى بولغان ھەم قاڭقىللار بىلەن چېگرىداش بولغان تۈركلەر قانداق رول-لارنى ئوينىدى؟ ئۇلار جورجان خانلىقىنى قاڭقىل خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلغانمۇ - يوق؟ ئەينى چاغ-دىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا بۇ تامامەن مۇمكىن. لېكىن تارىخىي كىتابلاردا بۇ ھەقتىكى ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغا-نىدى.

قاڭقىل دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن جورجان خان-لىقى غەرب تەرەپتىن كېلىدىغان تەھدىتتىن خالاس بولغانى-دى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاناغاي قاغان پاشچىلىقىدىكى

جورجان قولدارلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن جەنۇبقا كۆز تىكىپ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى غەربىي ۋېي بىلەن شەرقىي
ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ
پايدىلىق ئورۇنغا ئېرىشىۋالدى. تۈركلەرمۇ پۇرسەتتىن پايدى-
لىنىپ، «ئالتۇنتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپى» دىن جەنۇبقا
قاراپ ئىلگىرىلىدى. مىلادى 542 - يىلى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
دەستىر كۈچىنى چۆللۈكنىڭ شەرقىدىكى جايلاردىن خېتاۋ
رايونىغىچە كېڭەيتىپ، غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ سۇجۇ ئايمى-
قىدىكى ليەنگو (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شېنمۇ ناھىيى-
سىنىڭ شىمالىي) رايونىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا باشلىدى.
مىلادى 544 - يىلى، ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى تۈمەن ئادەم-
لىرىنى باشلاپ غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قورۇللىرىدا
«تاۋار - دۇردۇن، پاختا» سودىسى قىلدى. كېيىنكى يىلى
(545 - يىلى) غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى بۇ دۆلەتكە
كەلگەندە تۈركلەر خۇشاللىق بىلەن «ئۇلۇغ ئەلنىڭ ئەلچىسى
كەلدى، ئېلىمىز ئەمدى روناق تاپىدىغان بولدى» («جۇنامە.
تۈركلەر ھەققىدە قىسسە») دېيىشكەنىدى. شۇنداق قىلىپ
يېڭىدىن گۈللەنگەن تۈرك دۆلىتى ئاخىرى شەكىللەندى.

ئېزىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان تۈركلەر قوشنا مىللەت-
لەرگە، ئاساسلىقى جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىگە
قارىتا ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باردى. «جۇنامە.
تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە تۈركلەرنىڭ تۇرا قەبىلىلىرىنى
بويسۇندۇرۇشتا ئېلىپ بارغان ئەڭ دەسلەپكى پائالىيەتلىرى
خاتىرىلەنگەن: «داتۇڭنىڭ 12 - يىلى (546 - يىلى) تۈمەن
ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تەقدىم قىلدى. تۇرالار جورجانلارغا
جازا يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، تۈمەن ئۆز قەبىلىسىدى-
كىلەرنى باشلاپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ تارمار قىلدى. 50
مىڭ تۈتۈندىن كۆپرەك ئادىمىنىڭ ھەممىسى تەسلىم بولدى»

دېيىلگەن. بۇنىڭدىكى 50 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق تۇرالار زادى قەيەردە ئولتۇراقلاشقان؟ تارىخىي كىتابلاردا بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نەرسە دېيىلمىگەن. تارىخشۇناسلار ئۇلارنى بىردەك پوۋۇرغۇر قەبىلىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان قاڭقىل دۆلىتىنىڭ قالدۇق قوۋملىرى دەپ قارايدۇ. قاڭقىل دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى يەنىلا جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا چارۋىچىلىق قىلغان. ئاتا قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن جورجانلارغا جازا يۈرۈشكە ماڭغان 50 مىڭ تۈمەندىن ئارتۇق تۇرالار جەزمەن شۇلار بولۇشى مۇمكىن.

تۈركلەرنىڭ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى 50 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق، يەنى 250 مىڭدىن ئارتۇق تۇرالارنى بويسۇندۇرۇشى، تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى خىلۋەت جاي — «ئالتۇنتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپى» دىن پۈتۈن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا كېڭەيتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىمۇ زورايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركلەر قەبىلە باشلىقى تۈمەننىڭ باشچىلىقىدا جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ۋە مۇستەقىل تۈرك دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا باشلىدى. «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە بايان قىلىنىشىچە مىلادى 551 - يىلى (غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ۋېندى پادىشاھىنىڭ داتۇڭ 17-يىلى) تۈمەن ئۆزىنىڭ كۈچىنىڭ زور ئىكەنلىكىگە ۋە جورجان خانلىقىغا قوشقان تۆھپىسىگە تايىنىپ جورجان خانى ئاناغايغا قۇدا بولۇش تەلىپىنى قويىدۇ. ئاناغاي قاتتىق غەزەپلىنىپ ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنى «سەن مېنىڭ تۆمۈرچى قۇلۇم تۇرۇقلۇق، ماڭا گەپ قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ» دەپ قاتتىق تىللىدى، تۈمەن ئۆزىنىڭ تەلىپىنىڭ رەت قىلىنىغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۇلارنىڭ ئەلچىسىنى

ئۆلتۈرۈپ مۇناسىۋەتنى دەرھال ئۈزدى ۋە ئارقىدىنلا غەربىي
ۋېي سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. غەربىي
ۋېي سۇلالىسى ئۇنىڭغا مەلىكە چاڭلېنى خوتۇنلۇققا بەردى.
شۇنىڭدىن كېيىن تۈركلەر جۇرجانلار بىلەن بېقىندىلىق
مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ پات-پات ئەسكەر چىقىرىپ جۇرجانلارغا
ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. مىلادى 552 - يىلى (غەربىي ۋېي
سۇلالىسىنىڭ فېيدى پادىشاھىنىڭ تۇنجى
يىلى)، تۈمەن چوڭ قوشۇننى باشلاپ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى
خۇەيخۇاڭ قورغىنىدا جۇرجان قوشۇنلىرىنى قاتتىق تارمار
قىلدى. جۇرجان خانى ئاناغاي مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى.
شۇ يىلى، تۈمەن ئۆزىنى ئېل قاغان (Ilqagan ؟— 552)①
دەپ ئاتاپ، تۈرك دۆلىتىنى قۇردى. ئىككىنچى يىلى، تۈرك-
لەر چوڭ قوشۇنى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ
جۇرجانلارغا قايتا ھۇجۇم قىلدى، جۇرجانلارنىڭ «دۆلىتىدىن-
كىلەرنىڭ ھەممىسى جەنۇبقا قاچتى» («شىمالىي چىننامە.
ۋېنشۇەن ھەققىدە خاتىرە») تۈركلەرنىڭ ئېل ئىشىگ قاغانى
(552 — 553 - يىللار، تۈمەننىڭ ئوغلى) قوشۇن باشلاپ
چۆللۈكتىن ئۆتۈپ جۇرجانلارنى سۇجۇ ئايمىقى (ھازىرقى
سەنشىنىڭ سۇشيەن ناھىيىسى) غىچە قوغلاپ باردى. شىمالىي
چى ئوردىسى ئەسكەر چىقىرىپ، ئارىلاشقاچقا تۈركلەرنىڭ
چوڭ قوشۇنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.
بۇ يەردە چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، «دۆلەتتىكىلەر-
نىڭ ھەممىسى قېچىپ كەتكەن» دېگىنى جۇرجانلار بولۇپ،
جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى
جايلار قاڭقىل (تۇرا) قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.
تۈركلەرنىڭ شىمالدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرغان ۋاقتى
تارىخىي ماتېرىياللاردا تەپسىلىي خاتىرىلەنمىگەن. لېكىن
تۈركلەرنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلىشى

بىلەن «دۆلەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەتكەن» لىكى تۈركلەرنىڭ شىمالدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەكسىچە تۈركلەرنىڭ شىمالدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرغان ۋاقتى جەزمەن تۇمەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئېل ئىشىك قاغان مەزگىلىگە توغرا كېلىشى مۇمكىن، يەنى بۇ ئىش 552 — 553 - يىللارنىڭ ئارىلىقىدا بولغان بولسا كېرەك.② مىلادى 553 - يىلى (غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ فېيدى پادىشاھىنىڭ 2 - يىلى) تۈركلەرنىڭ ئېل ئىشىك قاغانى ئۆلۈپ، ئورنىغا ئىنىسى مۇقان (522 — 533 - يىللار) تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. بۇ ۋاقىتتا تۈركلەر پۈتكۈل موڭغۇل دالاسى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى ئىگىلىگەنىدى. مۇقان قاغاننىڭ «مىجەزى چۇس، دائىم ھەربىي يۈرۈش قىلاتتى». ئۇ قوشنا رايونلارغا كەڭ كۆلەملىك بويسۇندۇرۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. ئۇ «غەربتە ئېفتالىتلارنى تارمار قىلىپ، شەرقتە قىتانلارنى مەغلۇپ قىلدى، شىمالدا قىرغىزلارنى بويسۇندۇرۇپ سەددىچىننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەللەرنى ۋەھىمىگە سالدى». تۈركلەرنىڭ زېمىنى «شەرقتە لياۋخې دەرياسىنىڭ غەربىدىن، غەربتە غەربىي دېڭىزغىچە بولغان نەچچە تۈمەن چاقىرىم كېلىدىغان جايلار، جەنۇبتا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان بەش - ئالتە مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان جايلار» غا كېڭەيگەنىدى («جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»). شۇنىڭدىن كېيىن تۇرالارغا تەۋە بولغان ھەرقايسى ئۇرۇق - قەبىلىلەر، كۆكتارتىنىڭ غەربىدىكى تۇرالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى يېڭىدىن گۈللەنگەن تۈرك دۆلىتى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى.

«سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، كۆكتارتىنىڭ غەربىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ئاساسلىق كانگېي

نىڭ شىمالىدىكى ئېتىل دەرياسى (ھازىرقى سىر دەرياسى)
ئابىسكۇن دېڭىزى (ھازىرقى كاسپى دېڭىزى) نىڭ شەرقى
بىلەن غەربى ۋە فەرەڭىستان (ھازىرقى تۈركىيە) نىڭ
شەرقىدىكى جايلارغا تارقالغان. كانگىيىنىڭ شىمالىدىكى
سىر دەريا بويىدىكىلىرى ئېفتالىتلارغا تەۋە ئىدى؛ ئابىسكۇن
دېڭىزىنىڭ شەرقى بىلەن غەربى ۋە فەرەڭىستاننىڭ شەرقىدىـ
كىلىرى پېرسىيىگە تەۋە ئىدى. تۈركلەرنىڭ كۆكتارتىنىڭ
غەربىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ئۈستىدىكى ئىستىبلاچىلىقى پەقەت
كانگىيىنىڭ شىمالىدىكى سىر دەريا بويلىرىغا تارقالغان تۇرا
قەبىلىلىرى بىلەنلا چەكلەنگەنىدى، فرانسىيىلىك چاۋانىسـ
نىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، تۈركلەر 563 — 567 - يىللىرىدا
پارسلار بىلەن بىرلىشىپ ئېفتالىتلارنى يوقاتقاندىن كېيىن
ئىككى دۆلەت ئېفتالىتلار زېمىنىنى بۆلۈشۈۋالغان، تۈركلەر
پارسلارنىڭ ئوكسۇس دەرياسى (ھازىرقى ئامۇ دەرياسى) نىڭ
شىمالىدىكى باشئەگىتمىنى چېگرا قىلىغانىدى. ئوكسۇس
دەرياسىنىڭ غەربى يەنى ئابىسكۇن دېڭىزىنىڭ شەرقى بىلەن
غەربىي قىسمىدىكى جايلار ۋە فەرەڭىستان تەرەپكە تارقالغان
تۇرا قەبىلىلىرى تۈرك دۆلىتىنىڭ غەربىي چېگرىسىنىڭ سىرـ
تىدا بولغاچقا، يەنىلا پېرسىيە ئىمپېرىيىسىگە تەۋە ئىدى.
بۇنىڭدىن قارىغاندا يۇقىرىدا نەقىل ئالغان «جۇنامە. تۈركـ
لەر ھەققىدە قىسسە» دە دېيىلگەن «غەربىي دېڭىز» ھازىرقى
كاسپى دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى ئارال دېڭىزى بولۇشى كېرەك.
پامىرنىڭ غەربىدىكى تۇرالارنى يەنى ئېتىل دەرياسىنى
بويلاپ تارقالغان تۇرالارنى تۈركلەر پارسلار بىلەن بىرلىشىپ
ئېفتالىتلارنى يوقاتقان يىلى يەنى 562 — 563 - يىللىرى
ئارىلىقىدا بويسۇندۇرغان بولۇشى مۇمكىن.③

يۇقىرىقىلار تۈركلەرنىڭ تۇرا قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرـ
غان ۋاقىت ھەققىدىكى مۆلچەر ھېسابلىنىدۇ. تۇرا قەبىلىلىرى

تۈرك دۆلىتىنىڭ ئىستىلاچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتقان؟ خەنزۇچە مەنبەلەردە بۇ مەسىلە ھەققىدىكى ماتېرىياللار بەكلا كەمچىل بولسىمۇ، بىراق غەربتىكىلەر يازغان تارىخىي كىتابلار بىزنى نۇرغۇن ماتېرىياللاردىن خەۋەردار قىلدى. ھازىر بىز مۇشۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان غەربنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان يالغان ئاۋار مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. VII ئەسىردىكى تارىخشۇناس Theophylacte نىڭ يازغانلىرى بىلەن چاۋانىسنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تۈركلەر چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرغان ۋاقىتتا بىر بۆلۈك كىشىلەر يەنى تەخمىنەن 20 مىڭ كىشى ئۆزىنى ئۇرقۇن ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتاپ، موڭغۇل دالاسىدىن قېچىپ چىقىپ مىلادى 558 - يىلى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا يېتىپ بارغان. ئۇلار ئەلچى ئەۋەتىپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىدىن پاناھلىق تەلەپ قىلغان. ئۇلار كافكازغا يېتىپ بارغاندا، كافكازدىكى يەرلىك مىللەتلەر ئۇلارنى ئۇقۇشماستىن قورقۇنچلۇق ئاۋارلار (ياۋروپالىقلارنىڭ جورجانلارنى ئاتىشى) كەلدى دەپ قارىغان، «ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشتىن ۋاز كېچىپ ياخشى مۇئامىلە قىلغان». شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۇيغۇرلار «ئاۋار دېگەن نام بىلەن ئولتۇراقلىشىپ قېلىپ»، تارىختا «يالغان ئاۋارلار» دەپ ئاتالغان.④ مىلادى 598 - يىلى تۈركلەرنىڭ تاردۇش قاغانى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى Maurice غا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن:

«ئاۋارلار بويسۇندۇرۇلدى، ......... قاغان بارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇردى. ئۇلارنىڭ ئاھالىسى كۆپ ھەم كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار شەرقتىكى Til دەرياسى بويىدا ياشايتتى، تۈركلەر بۇ دەريانى قارا دەريا دەپ

ئاتايتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى قەبىلە باشلىقىنىڭ بىرىنىڭ نامى Ouar (乌罗) يەنە بىرىنىڭ Khounni (浑) ئىدى. كېيىنكى مەزگىلگە كەلگەندە، قالغان قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ناملارنى قوللاندى.»⑤

بۇنىڭدىكى Til دەرياسىنى ماركۇرات تۇرا دەرياسى دەپ قارايدۇ.⑥ چاۋانىسمۇ بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر (韦纥) لار تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇ ماركۇرتنىڭ پىكرىگە يېقىن كېلىدۇ. يەنە «قانۇنلار قامۇسى. ئۇرقۇن خاتۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ «ئۇرقۇن خاتۇن دۆلىتى 乌罗浑国 (ئۇرقۇن خاتۇن دۆلىتى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كېيىنكى ۋېي دەۋرىدىن باشلاپ شۇنداق ئاتالغان، داۋغان قەبىلىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ،...... ئۇلۇغ تاڭسۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن6 - يىلى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇرغان، ئۇرقۇن خاتۇن دۆلىتى يەنە ئوغۇزلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەسلى ئۇنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى ئىدى» دەپ كۆرسىتىلگەن، بۇنىڭدىكى «ئۇرقۇن خاتۇن» «ئوغۇز» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى بولۇپ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئىككى سۆزنىڭ ئاھاڭ جەھەتتىكى يېقىنلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ ئۇيغۇر (回纥) لار يەنە ئوغۇز (乌护) لار دەپمۇ ئاتالغانىدى، تاردۇ قاغانىنىڭ دۆلەت خېتىدىكى Ouar بىلەن Khounni ئېھتىمال شىمالدىكى تۇرالارنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ قەبىلە نامىنىڭ خاتا ئاتىلىشى بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا كۆچۈپ ياۋروپادا پەيدا بولغان يىلى. تۈركلەرنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنكى ئىشلىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ

كېتىدۇ. شۇبھىسىزكى، بۇلار ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا تۈركلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولۇپ قاچقانلىرىنى كۆرسىتەتتى. چاۋانىس يەنە Theophylactos تىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇلار ئۇرقۇن ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىللە ياۋروپاغا قېچىپ بارغانلاردۇر. ئۇلار ئۇرقۇن ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىر قوۋم (تۇرالار بىلەنمۇ بىر قوۋم) دىن بولۇپ، Tarniakh، Zabender، Kotzageres قاتارلىق ئۈچ ئۇلۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەيدۇ.⑦ سىن جوگمىيەن ئەپەندىنىڭ دەلىللىشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئۈچ ئۇلۇس «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن تۇرالارنىڭ ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان زابانىدۇر، داغلار ھەم ئېتىل دەرياسى بويىغا ئولتۇراقلاشقان قاسارلار قەبىلىسى ئىدى.⑧ ياۋروپاغا قېچىپ بارغان بۇ تۇرالار (يالغان ئاۋارلار) كافكازدىن ئۆتكەندە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، دوناي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا كۆچۈپ بارغان، مىلادى 568 - يىلى ئاۋار خانلىقىنى قۇرغان، بۇ خانلىق IX ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، تۈركلەر تۇمەندىن مۇقانغىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى ھەم چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرغان؛ ئېفتالىتلارنى يوقىتىشنىڭ ئالدى - كەينىدە يەنە كانگىيىنىڭ شىمالىدىكى ئېتىل دەرياسى بويلىرىغا تارقالغان، كۆكتارتىنىڭ غەربىدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرغان. يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەندەك تۈركلەر تۇرالارنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا تۇرالارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان يەنە بىر بۆلۈك تۇرالار مەغلۇپ بولغانلىقتىن ياۋروپاغا قېچىپ كەتكەنىدى.

## 2. تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قەبىلە تەركىبى، جايلىشىشى، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى

### (1) قەبىلە تەركىبى ۋە جايلىشىشى

تۈرك خانلىقى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە تارىخىي كىتابلاردا تۇرالارغا ئائىت خاتىرىلەر كۆپ ئۇچرىمايدۇ. سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق ئەسەرلەردە تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ نامى، جايلىشىشى ھەم ئۇلارنىڭ تۈرك خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە بىرقەدەر تەپسىلىي ۋە كونكرېت خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

«سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» ۋە «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە، ئالدىنقى تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تەركىبى ھەم جايلىشىشى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەر بايان قىلىنغان.

(1) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جايلىشىشى. «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»دە: «تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا بارغۇت، توڭرا، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، بۇلاغ قەبىلىلىرى جايلاشقان. ئۇلار ئىركىن دەپ ئاتىلاتتى؛ مىڭچىن، تۇرغۇيىش، ئىزگىل، قۇن، قوشۇر قاتارلىق قەبىلە - جامائەلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ 20 مىڭ قاۋۇل ئەسكىرى بار ئىدى.» يەنە «بايقالنىڭ جەنۇبىدا تۇباسلار قاتارلىقلار بار»[9] دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالى بىلەن بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىغا تارقالغان تۇرا قەبىلىلىرى

جەمئىي 11 ئىدى. ئۇيغۇر (韦纥) لار «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇر (袁纥) لار بولۇپ شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئورقۇن كۆلىنىڭ غەربىي شىمالى ــ ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى سېلىنگا دەرياسى ئەتراپىدىكى جايلارغا تارقالغان، بۇ يەردە دېيىلگەن تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا تارقالغانلاردا ئۆزگىرىش بولمىغان. تۇباسلارنىڭ تارقالغان رايونى«بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى» دا بولۇپ بۇ رايون بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىغا قوشنا بولغان مەلۇم جايدا ئىدى. قالغان قەبىلىلەر ھازىرقى تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ھەر-قايسى قەبىلىلەرنىڭ كونكرېت تارقالغان ئورنى ئېنىق ئەمەس ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تەشكىلى ۋە سانىدا كىشىنى چەلىپ قىلارلىق دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولغان. «كونا تاڭ-نامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە «تۇرالار ......... ۋۇدېنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا سىرتاردۇش، چۇبە، ئۇيغۇر، تۇباس، قورىقان (چورىگان)، دولان، بارغۇت، بايىرقۇ، توڭرا، قون، ئىزگىل، قوشۇر، قۇمۇق، ئادىز، ئاقشىد قاتارلىقلار چۆللۈك-نىڭ شىمالىغا تارقالغان» دېيىلگەن. چۆللۈكنىڭ شىمالى يەنى شىمالىي چۆللۈك ئىدى. بۇلار تارىخىي كىتابلاردا دائىم ئۇچرايدىغان تېلىلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالى-دىكى 15 قەبىلىسى ئىدى. «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بىلەن سېلىشتۇرساق، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارغا سىرتار-دۇش، چۇبە، قورىقان، دولان، قۇمۇق، ئادىز، ئاقشىد قاتارلىق يەتتە قەبىلە قوشۇلغان. بۇلاغ، مىڭچىن، تۇرغۇ-يۇش قەبىلىلىرى تىلغا ئېلىنمىغان. كۆپەيگەن سىرتاردۇش قەبىلىسى بىلەن چۇبەدىن ئىبارەت ئىككى قەبىلە ئىلگىرى ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان سىرتاردۇشلار

بىلەن ئاقتاغنىڭ ئەتراپىغا تارقالغان، چۇبە قەبىلىسىنىڭ تارمىقى ئىدى. ئۇلار سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى چۇبە ۋە سىرتاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن غەربىي تۈركلەرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئىككى جايغا قېچىپ بارغان. ئادىزلار يەنى «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە تىلغا ئېلىنغان كانگىيىنىڭ شىمالىغا تارقالغان «阿咥» (ئادىز) لار بولۇپ ئېھتىمال سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شەرققە كۆچۈپ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا بارغان بولسا كېرەك. يۇقىرىدىكى ئۈچ قەبىلە كۆچۈش سەۋەبىدىن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قەبىلىلەرگە قوشۇلغان تۇرا قەبىلىسىدۇر. قورقان دولان، ئىزگىل، ئاقشىد قاتارلىق تۆت قەبىلە تاڭ سۇلالىسىدىن ئاۋۋالقى مەزگىلدىكى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى تارىخىي كىتابلاردا ئاندىن كۆرۈلگەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەسلىدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقانلىرىمۇ بار بولۇپ، «سۇينامە» دە خاتىرىلەنمەي قېپقالغان بولۇشى مۇمكىن؛ بەزىلىرى ئېھتىمال سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇيۇشقان تۇرا قەبىلىلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە ئوتتۇرىغا چىققان تۇرغۇيىش، بۇلاغ، مىڭچىن قاتارلىق ئۈچ قەبىلە تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن كېيىن تارىخىي كىتابلاردا كۆرۈلمىگەن، ئېھتىمال بەك ئاجىز بولغانلىقى سەۋەبىدىن باشقا تۇرا قەبىلىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. تۇرالارنىڭ 15 قەبىلىسى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي كىتابلاردا كۆپىنچە توققۇز تۇرا دەپ ئاتالغان ياكى قىسقارتىلىپ توققۇز جەمەت دېيىلگەن. ئېھتىمال ئەسلىدە ئوخشاش بولمىغان توققۇز جەمەتنىڭ

ئۇرۇق-قەبىلىلەردىن تەشكىللەنگەن بولۇشى، كېيىنچە نوپۇسى كۆپەيگەنلىكسەۋەبىدىن يېڭىدىن تۇراقەبىلىسىنى تەشكىل قىلىپ 15 قەبىلىگە ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن. توققۇز جەمەت دەسلەپكى قايسى توققۇز جەمەت، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قايسى قەبىلىلەر ئوخشاش جەمەتتىكى قەبىلىلەر ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولمايدۇ.⑩

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى تۇرالارنىڭ 15 قەبىلىسىنىڭ ئىچىدە، بارغۇت، توڭرا، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، قون، قوشۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىغا تارقالغانلىقىدىن باشقا، قالغان قەبىلىلەرنىڭ تارقالغان ئورنى ئېنىق ئەمەس.

(2) ئاقتاغدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جايلىشىشى. «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: «ئېۋۇرغولنىڭ غەربى، كىنگىتنىڭ شىمالى، ئاقتاغنىڭ ئېتىراپلىرىدا چۆپە. بۇلاغ، ياماك. سۇپۇ. ناغ، ئوغۇز، خاككاس، ئەرتىش، ئۇرانقاي قاتارلىقلار بار بولۇپ، 20 مىڭدىن ئارتۇق قاۋۇل ئەسكىرى بار» دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئاقتاغنىڭ ئەتراپىغا تۇرالارنىڭ جەمئىي توققۇز قەبىلىنىڭ جايلاشقانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئېۋۇرغول، خەنزۇچىدا «يىۋۇلۇ» (伊吾庐) دەپ ئاتالغان بولۇپ، جىن دەۋرىدە يېڭىخې (宜禾县) ناھىيىسى دەپ ئاتالغانىدى. سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې بەشىنچى يىلى (609 - يىلى) سانغۇن شۆششوك بۇ جاينى ئىشغال قىلىپ ئەسلىدىكى ئېۋۇرغول شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە بىر قەلئە سالغان، نامىنى يېڭى. ئېۋۇرغول دەپ ئاتىغان، ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى شىنجاڭدىكى قۇمۇلدا ئىدى. كىنگىت خەن دەۋرىدىن سۈي دەۋرىگىچە كىنگىت دۆلىتى دەپ ئاتالغان، سىتەيىننىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا. خان تۇرىدىغان شەھەر ھازىرقى قارا شەھەر ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى

باغكراتتا ئىدى.⑪ ئاقتاغ «تارىخىي خاتىرىلەر. لى گۇاڭلىنىڭ
تەرجىمھالى» غا بېرىلگەن تەپسىردىكى «زېمىنلار تەپسىرى»
دىن ئېلىنغان نەقىلدە: «تىيانشاننىڭ يەنە بىر نامى ئاقتاغ.
ھازىرقى نامى شىرامان تېغى بولۇپ، ئۈۋرغول ناھىيىسىنىڭ
شىمالىدىن 120 چاقىرىم يىراقلىقتا» دېيىلگەن. «سۈينامە.
غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «كىنىگىت دۆلىتىنىڭ ئاستانىـ
سى ئاقتاغنىڭ جەنۇبىدىن 70 چاقىرىم يىراقلىقتا»، «كۇسەن
دۆلىتى (ھازىرقى شىنجاڭدىكى كۇچا ناھىيىسى) نىڭ ئاستانىـ
سى ئاقتاغنىڭ جەنۇبىدىن 70 چاقىرىم يىراقلىقتا»، «سۇلې
دۆلىتى (ھازىرقى قەشقەر) نىڭ ئاستانىسى ئاقتاغنىڭ جەنۇ-
بىدىن 100 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن
سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاقتاغنىڭ ھازىرقى شىنجاڭدىـ
كى تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ ئارىلىقىدىن
توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن تىيانشان تاغ تىزمىسى ئىكەنلىكـ
نى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «ۋېينامە. قوچۇ تەزكىرىسى» دە
قوچۇنىڭ شىمالىدىن 20 چاقىرىم يىراقلىقتا تەڭرىخان تېغى
بار دېيىلگەن. تەڭرىخان تېغى ھازىرقى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ
شىمالىدىكى تىيانشان تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى
بوغدا تېغى ئىدى. بۇ تاغ «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»
دە ئېنىق كۆرسىتىلگەن «ئۈۋرغولنىڭ غەربى» گە توغرا
كەلگەچكە، ئۈۋرغولنىڭ غەربىدىكى ئاقتاغ بىلەن بىرگە
كۆرسىتىلگەن ئۈۋرغولنىڭ غەربىدىكى ئاقتاغقا تارقالغان
تۇرالار دەل مۇشۇ تاغ ئەتراپلىرىغا تارقالغانىدى. كىنىگىتـ
نىڭ شىمالىدىكى ئاقتاغ يەنى ھازىرقى تىيانشان تاغ
تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكى بولغان ساۋۇر تېغى بولۇپ،
كىنىگىتنىڭ شىمالىغا تارقالغان تۇرالار دەل مۇشۇ تاغ
ئەتراپلىرىغا تارقالغانىدى. كۇسەننىڭ شىمالىدىكى تاغمۇ
ئاقتاغ نامى بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن سۈي، تاڭ

سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تارىخىي كىتابلاردا بۇ تاغ ئەتراپىغا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تارقالغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. قىسقىسى، شەرقتە ھازىرقى ئىۋۇرغولىنىڭ غەربىدىكى بوغدا تېغىدىن، غەربتە قارا شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ساۋۇر تېغىغىچە بولغان، شەرقتىن غەربكىچە ئارىلىقى نەچچە يۈز كىلومېتىر كېلىدىغان تىيانشان تېغىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى دەريا ۋادىلىرىدىكى بوستانلىقلار بىلەن يايلاقلار، ئاقتاغدىكى تۇرا قەبىلىلىرى تارقالغان رايونلار ئىدى.

ئاقتاغدىكى تۇرالارنىڭ ئەڭ مەركەزلىك تارقالغان رايونى كىنىگتىنىڭ شىمالىدىكى ئاقتاغ ئىدى. بۇ تاغدىن تۆت ئەتراپقا بارغىلى بولاتتى. مەشھۇر يۇلتۇز دەرياسى بۇ تاغنى ئايلىنىپ ئېقىپ ئۆتىدۇ، دەريا قىرغاقلىرىدا «ئوت ــ چۆپلەر مول بولۇپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ»⑫. ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇلتۇز دەرياسىنى بويلاپ شىمالىدىكى نارات چوققىسىدىن ئۆتۈپ كۈنەس دەرياسىغا ــ ئىلى دەريا ۋادىسىغا بارغىلى بولىدۇ، بۇ جاي قەدىمدىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغا بېرىشتىكى مۇھىم يول بولۇپ كەلگەن. ئاقتاغ ئەتراپىغا جايلاشقان تۇرالارنىڭ ئىچىدىكى ئادەم سانى ئەڭ كۆپ، ئەمەلىي كۈچى زور بولغان چۇبە قەبىلىسى مۇشۇ جايغا تارقالغانىدى. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامىدا تۇلارنى (چۇبە) سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە «كىنىگتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يۇلتۇز يايلىقىغا تارقالغان» دېيىلگەن. مىلادى 605–يىلى (سۇي ياڭدىنىڭ دايې تۇنجى يىلى) تۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى قىبىئارغالىن ئۆزىنى ئىل ئېتمىش باغا قاغان دەپ ئاتاپ غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ

قوۋملىرىنىڭ كۆپ قىسمى شەرقتە قېچىپ شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ بارغان. قېپقالغان مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق كىشىلەر (جىنگۇەنىڭ ئالتىنچى يىلى) (632 - يىلى) قىبىئارغالىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى چۆبە قالىنىڭ باشچىلىقىدا تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان.

ئاقتاغدىكى تۇرالارنىڭ ئارىسىدىكى «乌讙» (ئوغۇز) لار «قانۇنلار قامۇسى. تۇرالار» دا ئوغۇز (乌护) دەپ تىلغا ئېلىنغان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ئۇيغۇر (回纥) لار قەبىلىسى ئۇيغۇر (袁纥) لار دەپمۇ ئاتىلاتتى، ئۇيغۇر (袁纥) لار ئوغۇز (乌护) ياكى ئۇيغۇر (乌纥) مۇ دېيىلەتتى، سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر (韦纥) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى» دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر (韦纥) لار بىلەن ئاقتاغدىكى ئوغۇز (乌讙) لارنىڭ بىر قوۋم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. دىڭ چيەن «ئۇيغۇرلار ئىككى جايغا بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاشقان»⑬ دەيدۇ. دىڭ چيەن ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئەنئەنىۋى ماكانى شىمالدىكى سېلېنگا دەرياسىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك؛ ئاقتاغدىكى ئوغۇزلار ئېھتىمال جورجان خانلىقى دەۋرىدە قاڭقىللاردىن بولغان پوۋۇرغۇر قەبىلىسى بىلەن غەربكە كۆچۈپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئاقتاغدىكى ئوغۇزلار «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە كۆرۈلگەندىن كېيىن قايتا كۆرۈلمەيدۇ. تاڭ گاۋزۇڭنىڭ يۇڭ چۇن يىللىرىنىڭ دەسلەپىدە (682 - يىلى) سانغۇن ۋاڭ فاڭيى غەربىي تۈركلەرنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن مىڭلاق(ھازىرقى غۇلجا ئەتراپى) ۋە ئىسسىقكۆل ئارىلىقىدا ئۇرۇش قىلغاندا، تارىخىي كىتابلاردا ئۇنىڭ «ئوغۇزلارنىڭ 100 مىڭدىن كۆپرەك ئادىمىنى قوغلىۋەتكەن»⑭ لىكى تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىكى ئوغۇز (乌鹘) لار يەنى 乌讙

(ئوغۇز) لار بولۇپ، تاڭ گاۋزۇڭ دەۋرىدە ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا كۆچۈپ كەتكەنىدى.

ئاقتاغدىكى تۇرالارنىڭ قالغان قەبىلىلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلمايمىز⑮.

(3) ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جايلىشىشى «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: «ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدا سىرتاردۇش، جەرۇق، زابىندار، داغ قاتارلىق قەبىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق قاۋۇل ئەسكىرى بار» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدا تۇرالارنىڭ جەمئىي تۆت قەبىلىسىنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئالتۇنتاغ مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى شىنجاڭ رايونى بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ چېگرىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئالتاي تېغى ھېسابلىنىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا «ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبى» ھازىرقى شىنجاڭدىكى تىيانشان تېغىنىڭ شىمالىدىكى پۈتكۈل جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىرتاردۇش قاتارلىق تۆت قەبىلىنىڭ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ قايسى تەرىپىگە تارقالغانلىقىنى بىلىش قىيىن. بىراق ئاقتاغدىكى تۇرالار جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىنى ئىگىلىگەن بولۇپ سىرتاردۇش قاتارلىق تۆت قەبىلە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى (ھازىرقى چۆچەك) بىلەن شىمالىي قىسمى (ئالتاي رايونى) غا تارقالغان. مىلادى 605 - يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې تۇنجى يىلى) سىرتاردۇشلارنىڭ قەبىلە باشلىقى ئىشبارا ئاقتاغ تۇرالىرىدىن بولغان چۇبە قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ غەربىي تۈركلەرنىڭ چولۇق قاغانىغا قارشى تۇرغان بولۇپ، ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى باشقا تۇرا قەبىلىلىرى تەرىپىدىن ئېرتىش قاغان دەپ ئاتالغان. تارىخلاردا ئۇ

«ئىبار تېغىنى ساقلايدۇ» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى ئىبار تېغىنى
دىڭ چيەن قۇبدۇننىڭ غەربىي جەنۇبىدا دەپ ھېسابلايدۇ⑯.
ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى ئېرتىش دەرياسى ياكى ئۇلۇڭگۇر دەر-
ياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى مەلۇم جايدا بولۇشى مۇمكىن.
سېن جوڭمىيەن «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دىكى ibar تېغىنى
«سىرتاردۇشلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراقلاشقان ئىبار تېغى»⑰
مىكىن دەپ گۇمان قىلىدۇ. ibar ئىبار تېغىنىڭ ئاھاڭى
بىلەن يېقىن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تاغ سايان چوققىسىنىڭ
شىمالىدا بولۇپ «ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبى» دېگەنگە
ماس كەلمەيدۇ. بەلكىم خاتا بولسا كېرەك.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئالتۇنتاغنىڭ
غەربىي جەنۇبىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ئاقتاغدىكى تۇرا
قەبىلىلىرىگە ئوخشاش سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، تاڭ سۇلا-
لىسىنىڭ باشلىرىدا شەرققە كۆچۈپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى
جايلار بىلەن موڭغۇل دالاسىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى بىلەن
قوشۇلۇش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مىلادى 612-
يىلى (سۇي سۇلالىسىنىڭ دايې سەككىزىنچى يىلى) چۇبە،
سىرتاردۇش خانلىقى يىمىرىلگەندە بىر قىسىم
سىرتاردۇش قەبىلىلىرى شىمالغا قېچىپ كەتكەن. مىلادى
628 - يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن ئىككىنچى يىلى)
غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا توپىلاڭ يۈز بەرگەندە
سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق ئاھالىسىدىن 70 مىڭ تۈتۈن،
تەخمىنەن 300 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم قەبىلە باشلىقى
يانۇننىڭ باشچىلىقىدا پۈتۈنلەي شىمالغا كۆچكەن. سىرتار-
دۇش قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ شەرققە كۆچۈشى چۆللۈكنىڭ
شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قارشى
ھەيۋىسىنى ئۆستۈرۈپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران
بولۇشىنى تېزلەتتى.

سىرتاردۇشلاردىن سىرت، ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى باشقا تۇرا قەبىلىلىرى تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت تارىخىي كىتابلاردا تامامەن خاتىرىلەنمىگەن. ئېھتىمال چۇبە — سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدە سىرتاردۇش قەبىلىسى كۈچەيگەندە ئۇلارمۇ ئاقتاغدىكى تۇرالار چۇبە قەبىلىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك، سىرتاردۇش قەبىلىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. يانۇنىڭ باشچىلىقىدىكى 70 مىڭ تۇتۇندىن ئارتۇق قوۋمنىڭ ئىچىدە تۇرا قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ قەبىلىلەرمۇ بولسا كېرەك⑱.

(4) پامىرنىڭ غەربىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جايلىشىشى «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: «كانگىيەنىڭ شىمالى، ئىتىل دەرياسىنىڭ بويىدا، ئادىز، قاسار، بۇلغار، پىچەنەك، ئىتىل، چەبىس، ھابىيچى، قۇچاي، بايىرمۇ، گېدا قاتارلىقلار بولۇپ، 30 مىڭدىن كۆپرەك ئەسكىرى بار. ئابىسكۇن دېڭىزىنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي تەرىپىدە سارۇغۇر، ساكسىن، مۇقشار، چىركەس قاتارلىقلار بولۇپ، 8000 دىن كۆپرەك ئەسكىرى بار، فەرەڭ دۆلىتىنىڭ شەرقىدە ئۇنغۇر، ئالان، باشقىرت، پۇۋۇرغور قاتارلىقلار بولۇپ 20 مىڭغا يېقىن ئاھالىسى بار» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن پامىرنىڭ غەربىدىكى تۇرا قەبىلىرىنىڭ جەمئىي 17 ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى سوغدىيانىنىڭ شىمالىي ئىتىل دەريا بويلىرىغا، ئابىسكۇن دېڭىزىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىگە، فەرەڭ دۆلىتىنىڭ شەرقىي قاتارلىق ئۈچ رايونغا تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. سوغدىيانا خەن، جىن دەۋرىدىكى كانگىيە دۆلىتىنىڭ كونا زېمىنى بولۇپ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە سەمەرقەند دەپ ئاتالغان. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە سوغدىيانا دېيىلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەند ئەتراپى ئىدى. ئىتىل دەرياسىنىڭ ھازىرقى قايسى دەريا ئىكەنلىكى

توغرىسىدا خىلمۇخىل قاراشلار بار، بەزىلەر كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى ۋولگا دەرياسى دەپ قارىسا⑲، يەنە بەزىلەر سەمەرقەندنىڭ شىمالىدىكى سىر دەرياسى دەيدۇ⑳. «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە دېيىلگەن «سوغدىيانانىڭ شىمالىدىكى ئېتىل دەرياسى بويىدا» غا ئاساسلانغاندا، ئېتىل دەرياسى جەزمەن سوغدىيانانىڭ شىمالىدا بولۇپ سەمەرقەند بىلەنمۇ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس. ۋولگا دەرياسى سوغدىيانانىڭ غەربىي چېتىنىڭ شىمالىدا بولۇپ سوغدىيانا بىلەن بولغان ئارىلىقى 2000 كىلومېترغا يېتىدۇ، ئۇنى ئېتىل دەرياسى دەپ قارىغاندا، «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەزمۇن بىلەن ماس كەلمەيدۇ. سىر دەرياسى سوغدىيانانىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس. شۇڭا، ئېتىل دەرياسىنى سىر دەرياسى دەپ قاراش ئەقىلغا مۇۋاپىق بولسا كېرەك. ئېتىل دەريا بويىلىرىغا تارقالغان ئادىزلار «قانۇنلار قامۇسى. تۇرالار» دا «阿咥» (ئادىز) دەپ يېزىلغان بولۇپ، يەنى «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دىكى ئادىز (阿跌) لارنىڭ ئۆزى ئىدى. تەخمىنەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شىمالغا كۆچۈپ بېرىپ تۇرالارنىڭ 15 قەبىلىسىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئېتىل دەرياسى بويىلىرىغا تارقالغان قازار قاتارلىق قەبىلىلەر توغرىسىدا تارىخىي كىتابلاردا دېرەك يوق. ئابىسكۇن دېڭىزىنى ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى كاسپىي دېڭىزى دەپ قارايدۇ. كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي تەرىپىگە تارقالغان باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدىمۇ دېرەك يوق.

فەرەڭ دۆلىتىنى جۇڭگو، غەرب ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ۋىزانتىيە دەپ قارايدۇ. قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسى مىلادى 395 - يىل ئىمپېراتور دىئودور ئۆلگەندىن كېيىن شەرق، غەرب دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ۋىزانتىيىنىڭ شەرقىي

قىسىم زېمىنى بۈگۈنكى سۈرىيە ۋە زاكاۋكازىيە قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. فەرغىنىنىڭ شەرقىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى بۈگۈنكى ئىران چېگرىسى ئىچىگە جايلاشقان، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالانلار قەبىلىسى خەن، ۋېي دەۋرلىرىدىن بۇيان ئاۋرىسى دەپ ئاتالغان قەبىلىنىڭ باشقىچە نامى. بۇ ھەقتە توختالمايمىز.

پامىرنىڭ غەربىدىكى تۇرالار «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دىن باشقا يەنە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «قانۇنلار قامۇسى»، «ئاسايىشلىق دۇنيا خاتىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردىكى «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» لەزدىمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىن ئۇلاردىكى بايانلارمۇ «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» گە زورمۇزور ئوخشىتىلغان بولۇپ، ئاساسەن «سۇينامە» دىن ئېلىنغان. بۇنىڭدا پەقەت «سۇينامە» دىلا «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» تۇرغۇزۇلغانىدى. يېڭى ۋە كونا «تاڭنامە» دە خاتىرىلەنمىگەن. «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دىكى پامىرنىڭ غەربىدىكى تۇرالارغا ئائىت خاتىرىلەرنى سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدە تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تارقىلىشىنى بايان قىلغان بىردىنبىر ماتېرىيال دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ئالدىنقى تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى (سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ) دىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ نامى كۆپ بولۇپ ئومۇمىي سانى 40 تىن كۆپ، تارقالغان رايونىمۇ ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، شەرقتە موڭغۇل دالاسىدىن غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان جايلاردا ئولتۇراقلاشقان تۇرا قەبىلىلىرى «تاغ جىلغىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، دائىم چېلىقىپ تۇراتتى» («سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە») بۇنىڭ ئىچىدە موڭغۇل دالاسى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ئاساسلىق تارقىلىش رايونى ئىدى. ئالدىنقى تۈرك خانلىقىنىڭ

ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە پامىرنىڭ غەربىدىكى تۇرا قەبى-
لىلىرى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلمىدى. تىيانشان تېغى، جۇڭغارىيە
ئويمانلىقىدىكى تۇرالار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شەرققە
كۆچۈپ، موڭغۇل دالاسىدىن تۇرا قەبىلىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ
قەبىلىلەر بويىچە جايلىشىپ، جەمئىي 15 قەبىلە بولۇپ
شەكىللەندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موڭغۇل دالاسى تۇرا
قەبىلىلىرىنىڭ بىردىنبىر يىغىلىش، تارقىلىش رايونى بولۇپ
قالغانىدى.

**(2) ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئۆرپ-**
**ئادەتلىرى**

تارىخلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بىز
مۇزاكىرە قىلىۋاتقان بۇ دەۋردىكى تېلىلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ
ئەجدادى بولغان قاڭقىللارغا ئوخشاش «سۇ، ئوت قوغلىشىپ،
يۆتكىلىپ» چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ
قويى بىلەن قورىقان،بايىرقۇلارنىڭ ئاتلىرى چۆللۈكنىڭ شىما-
لىدا ئىنتايىن داڭلىق ئىدى. بولۇپمۇ «قورىقانلارنىڭ ئاتلى-
رىنىڭ جۇغى چوڭ، سېمىز بولۇپ، كۈنىگە نەچچە يۈز چاقى-
رىم يول يۈرەلەيتتى.» قورىقانلارنىڭ قەبىلە باشلىقى تاڭ
سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ 100 تۇياق ئات تەقدىم قىلغان،
«تەيزۇڭ يات ئەلنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىپ، ياخشى نام
قويۇپ بەرگەن». ھەربىرىگە چىرايلىق ناملارنى قويغان،
شەخسەن ئۆزى تەزكىرىلەرگە پۈتۈپ قويغان («يېڭى تاڭنامە.
ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»).

چارۋىچىلىقتىن سىرت، دېھقانچىلىق رايونلىرىغا يېقىن
بولغان بەزى جايلاردا ياشايدىغان تۇرالار قوشۇمچە دېھقان-
چىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە
قىسسە» دە «ئۇلارنىڭ غەربىي تەرەپكە جايلاشقانلىرى كۆپىنچ-

چە باغۋەنچىلىك، ئېكىنچىلىك قىلاتتى، كالىسى كۆپ،
يىلقىسى ئاز ئىدى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىكى «غەرب تەرەپتىكى
چايلاشقانلىرى» دېگەن ئاقتاغ ئەتراپىغا تارقالغان تۇرا، قەبى-
لىلىرىنى كۆرسەتسە كېرەك. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى
تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر دۆلەتلىرىدىكى خەلقلەر
ئاللىبۇرۇن تەرەققىي قىلغان، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغا-
نىدى. ئاقتاغدىكى تۇرالارنىڭ ماكانى دېھقانچىلىق رايونىغا
يېقىن بولغاچقا شۇنداقلا تىيانشان تاغلىرىدا تەبىئىي ئېقىنلار
بولغاچقا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلىشقا ماس كېلەتتى.
ئۇلار ئاساسلىقى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە،
ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلقلەردىن
زىرائەت تېرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشى ئىنتايىن تەبىئىي
ئىدى. «باغۋەنچىلىك، ئېكىنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى»
دېگەن مەلۇمات دېھقانچىلىقنىڭ بىر قىسىم تۇرالاردا مۇھىم
سالماقنى تۇتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. دېھقانچىلىق ئولتۇراق
تۇرمۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغاچقا، قوشۇمچە دېھقانچىلىق
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۇرا قەبىلىلىرى يىل بويى سۇ، ئوت
قوغلىشىپ يۈرۈيدىغان تۇرمۇش شەكلىنى، يېرىم ئولتۇراق
ھالەتتىكى تۇرمۇش شەكلىگە ئۆزگەرتكەن بولۇشى مۇمكىن.
«كالىسى كۆپ، يىلقىسى ئاز» دېگەن مەلۇماتمۇ بۇ نۇقتىنى
چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى ئات ئاساسلىقى كۆچكەن ۋاقىتتا مىنىش
ۋە نەرسىلەرنى توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، يىل بويى سۇ
ۋە ئوت قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى بولمىغان
چاغلاردا، ئاتنىڭ رولى تۆۋەنلەيدۇ، شۇڭا بېقىشمۇ ئازلايدۇ.
ئۇنىڭدىن باشقا «قانۇنلار قامۇسى. بايىرقۇلار» دا «بايىرقۇ-
لار تېرىقچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ» دەپ خاتىرى-
لەنگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە:
«بايىرقۇلار ئوۋچىلىق بىلەن كۆپرەك، دېھقانچىلىق بىلەن

ئازراق شۇغۇللانغان» بولۇشى مۇمكىن. بايىرقۇلار تۇرا دەر-ياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقانىدى. بۇ تۇرالارنىڭ موڭغۇل دالاسىدىمۇ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنى شىمالدىكى قاڭقىللارنىڭ «ئاشلىق تېرىش بىلەن شۇغۇللانمايدۇ» دېگىنىگە سېلىشتۇرغاندا، شەكسىزكى بىر ئىلغارلىق ئىدى.

ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق، يىغىمچىلىق ئىگىلىكى بىر قىسىم تۇرالارنىڭ تۇرمۇشىدا يەنىلا مۇئەييەن ئورۇننى ئىگىلەيتتى. مەسىلەن، بايىرقۇ قەبىلىسى «ئوۋچىلىقنى ياخشى كۆرەتتى»؛ «ياغاچتىن ياسالغان چانىلار بىلەن مۇز ئۈستىدە بۇغىلارنى قوغلايتتى»؛ ئاقشىدلار «ئوۋچىلىققا ئادەتلەنگەنىدى»؛ تۇباسلارنىڭ «يەرلىرىدە گۈلسامساق كۆپ بولغاچقا، ئۇنىڭ يىلتىزىنى كولاپ يەيتتى، بېلىق تۇتۇپ، قۇش ئوۋلاپ ئوزۇقلۇق قىلاتتى»؛ قورىقانلارمۇ گۈلسامساقنىڭ يىلتىزىنى كولاپ، ئوزۇق قىلاتتى.

تۇرالارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا ئائىت ماتېرىياللار ئىنتايىن ئاز؛ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە بايىرقۇ قەبىلىسىنىڭ «سۈپەتلىك تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىدىغان» لىقى خاتىرىلەنگەن، ئېھتىمال تۆمۈر قوراللارنى ياساش، تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن.

قىسقىسى، ھازىر بار بولغان ماتېرىياللاردىن تۇرالارنىڭ ئىقتىسادى بىلەن جورجان خانلىقى دەۋرىدىكى قاڭقىللارنىڭكىنى سېلىشتۇرغاندا، تۆمۈر تاۋلاش، تۆمۈر قوراللارنى ياساشنىڭ تەرەققىياتى، يەنىلا بىرئاز تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا ئىدى.

تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەرەققىياتى

ئىنتايىن تەكشىسىز ئىدى. شىرتاردۇشلار تۇرالارنىڭ 15 قەبىلىسىنىڭ ئىچىدە «تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى ئىدى» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە». بايىرقۇ قەبىلىسىنىڭ «60 مىڭ نوپۇسى بولسىمۇ، ھەممىسى باي ئىدى» («تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. بايىرقۇ دۆلىتى»). ئۇنىڭدىن باشقا چۇبە، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىمۇ خېلىلا تەرەققىي قىلغانىدى. قالغان قەبىلىلەر بىر قەدەر قالاق ئىدى، مەسىلەن، تۇباسلار «ئوت - چۆپ بىلەن يېپىلغان كەملەردە ئولتۇراتتى»، ئۇلار ئوت - چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى كولاپ، بېلىق تۇتۇپ، ئوۋچىلىق قىلىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى.

باي - كەمبەغەللىكنىڭ بۆلۈنۈشى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەيران قالارلىق دەرىجىگە يەتكەنىدى. «قانۇنلار قامۇسى. تۇباسلار» دا تۇباسلارنىڭ باي - كەمبەغەللىككە بۆلۈنۈش ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن: «بايلىرى قاپلان تېرىسىدىن كىيىم كىيىدۇ». «كەمبەغەللىرى قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى ئېگىن قىلىدۇ». «كۆلسامساقنىڭ يىلتىزىنى كولاپ، ئوزۇقلۇق قىلىدۇ». نىكاھ ئىشلىرىدا «بايلىرى ئاتنى، كەمبەغەللىرى بۇغا تېرىسى بىلەن ئوت - چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى توي سوۋغىتى قىلىدۇ». شۇ ۋاقىتتا تۇباسلار تېرىقچىلىق قىلىشنى بىلمىگەچكە، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى باشقا تۇرا قەبىلىلىرىگە قارىغاندا، بىر قەدەر ئارقىدا ئىدى، ئۇلارنىڭ باي - كەمبەغەللىككە بۆلۈنۈش ئەھۋالىنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولغان شىرتاردۇش، چۇبە، ئۇيغۇر، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ باي - كەمبەغەللىككە بۆلۈنۈش ئەھۋالىغا سېلىشتۇرۇپمۇ تەسەۋۋۇر قىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئېنگېلس: «بايلار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ

پەرقى، ھۆرلەر بىلەن قۇللارنىڭ پەرقى تەڭ مەيدانغا كەلگەن» دېگەنىدى[21]. شۇڭا بۇ دەۋردە ئىقتىسادى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان، باي - كەمبەغەللىككە بۆلۈنۈش بىرقەدەر ئېغىر بولغان، سىرتاردۇش قاتارلىق قەبىلىلەردە قۇللار ئەمگەكچى بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

جورجان خانلىقى ۋە توغبات-ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلىرىدە قاڭقىللارنىڭ ئۇرۇق قەبىلىسىدىن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا تەرەققىي قىلىش جەريانى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانىدى؛ قاڭقىل ئۇرۇق قەبىلىلىرىنىڭ تارقاقلىق ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. بۇ دەۋردە قاڭقىل قەبىلىلىرى ئاساسلىق ئۇرۇق تەشكىلاتى جەمئىيىتىدىن چېكىنگەندەك قىلىدۇ. لېكىن شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن بۇيان قاڭقىللارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، قاڭقىللارنىڭ ئۇرۇق - جەمەتلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يەنە كۈچەيتتى، ئۇرۇق - جامائە بىرلەشمىسىنىڭ قەبىلىگە ئۆتۈش جەريانىنى بارلىققا كەلتۈردى. مەسىلەن، سىرتاردۇش قەبىلىسى تاردۇش قەبىلىسى بىلەن «سىر قەبىلىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن سىرتاردۇشلار دەپ ئاتالغانىدى» («قانۇنلار قامۇسى. سىرتاردۇشلار» «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»)؛ قوشۇر قەبىلىسى شۇر قەبىلىسى بىلەن قۇ قەبىلىسىنىڭ «ئىككى جەمەتنىڭ قوشۇلۇشى» ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى («قانۇنلار قامۇسى. قوشۇرلار»)؛ چۇبە قەبىلىسى (بەزىدە چۇبە يۇرك قەبىلىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) چۇبە ۋە يۇرك «ئىككى جەمەتنىڭ قوشۇلۇشى» ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن (قانۇنلار قامۇسى. چۇبە - يۇركلار»)؛ تىلەنغۇتلار ئۇناگاۋا خېدىمىنىڭ تەتەمقاتىغا ئاساسلانغاندا، دولان ۋە قۇتتىن ئىبارەت ئىككى جەمەتتىن تەركىب تاپقان[22] ئىدى. بۇ جەرياندىكى تەرەققىياتى بىرقە-

دەر تېز بولغانلىرى، ئاقتاغ رايونىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ئىدى. مىلادى 546 - يىلى، ئۇلار بىرلىشىپ، 50 مىڭ تۇتۇن، 200 مىڭ ئادەمگە ئىگە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قەبىلىلەر بىرلەشمە گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان، لېكىن بەختكە قارشى، تۈركلەرنىڭ ئاقساقىلى تۇمەن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاچقا، ئۇلارنىڭ قەبىلىلەر بىرلەشمە گەۋدىسى تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. تۇمەن تۇرا قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرغان چاغدا، تۇرالارنىڭ ئۇرۇقداشلار بىرلەشمىسىنىڭ قەبىلىگە ئايلىنىش جەريانى ئاللىقاچان ئاخىرلىشىپ بولغانىدى. «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن تۇرا قەبىلىلىرى ئېھتىمال مۇشۇنداق جەريان ئارقىلىق يېڭىباشتىن تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى تۇرا قەبىلىرىنىڭ نامى بولسا كېرەك.

ئالدىنقى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئۇرۇق ۋە ئۇرۇقلارنىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەن قەبىلىلەر، يەنىلا قاڭقىللار دەۋرىگە ئوخشاش تۇرالارنىڭ ئاساسلىق جەمئىيەت تەشكىلىي شەكلى ئىدى. «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە 40 نەچچىدىن ئارتۇق تۇرا قەبىلىسىنىڭ چۈللۈكنىڭ شىمالى، ئاقتاغ، ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تارقىلىش ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن «ئۇرۇق - جەمەتلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، ئومۇمىي نامى يەنىلا تۇرا ئىدى» دەپ كۆرسىتىلگەنىدى. بۇ تۇرالارنىڭ جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇۋاپىق، ئەمەلىي بولغان باياندۇر. لېكىن ئالدىنقى تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى تۇرالار ئاللىبۇرۇن سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بوسات ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ئۇرقۇن خاتۇن «ناھايىتى كەسكىن بولۇپ، قەبىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋەقەلەرنى ئۇزۇل - كېسىل تىنچىتاتتى. شۇڭا ئۇيغۇرلار پەيدىنپەي كۈچەيگەنىدى» («يېڭى تاڭنامە.

ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»)؛ ئۇرقۇن خاتۇننىڭ قەبىلە ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنى ئۈزۈل - كېسىل تىنچىتىشى ئېھتىمال، ئاساسلىقى ئوغرىلارنى جازالاش، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى قوغداشقا دائىر ئىشلار بولسا كېرەك. تۇرا قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدىكى بىرقەدەر ئارقىدا قالغان توپاسلاردا «ئوغرىلىق قىلغۇچىلار مالنى ھەسسىلەپ تۆلەيدۇ» دەيدىغان بەلگىلىمە بار ئىدى. بۇ قاڭقىللارنىڭ «چارۋىلار قاشادىن دالاغا چىقىپ كەتسە باشقىلار قالايمىقان ئېلىۋالمايتتى» دېگەن بايان بىلەن زور پەرقلىنىدۇ. مىلادى 605 - يىلى ئاقتاغ ۋە ئالتۇن-تاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تۇرا قەبىلىرىنىڭ غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭىدا قۇرۇلغان چۇبە — سىرتاردۇش خانلىقىنى قاڭقىل دۆلىتىگە سېلىشتۇر-ساق، خېلى كۆپ دۆلەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى.

تۇرالارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى «سۇيىنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە «ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئاساسەن تۈركلەرنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەرلەر توي قىلغان-دىن كېيىن ئايال تەرەپنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ، پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن ئۆز ئۆيىگە قايتىدۇ، ئۆلگەنلەرنى كۆمۈپ دەپنە قىلىدۇ. بۇ ئادىتى تۈركلەرنىڭكىدىن پەرق قىلىدۇ» دېيىلگەن. «ئۆرپ - ئادىتى ئاساسەن تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشىشىدۇ» دېگىنى ئاساسلىق چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكلىنىڭ (يېمەك - ئىچمەك ئولتۇراقلىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تۈركلەرگە ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆرپ - ئادەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغان ۋە ئۆرپ - ئادەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولغان توي - تۆكۈن، دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى تۈركلەرنىڭكىدىن سەل - پەل پەرق قىلاتتى. «ۋېي-نامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە قاڭقىللارنىڭ ئەرلىرى «خەيرلىك كۈن» نى تاللاپ توي قىلغاندىن كېيىن «كې-

ىلىنىتى ئۆزنىتىپ قويۇپ» ئۆزلىرىمۇ «ئايال تەرەپنىڭكىگە با-
رىدۇ» دېگىنى بىلەن تۇرالارنىڭ «تويدىن كېيىن ئايال تەرەپ-
نىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ» دېگىنى بىر دەكلىككە ئىگە؛ قاڭقىلار-
نىڭ ئەرلىرىنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلە-
دىغانلىقى توغرىسىدا «قاڭقىلار ھەققىدە قىسسە» دە بىر
تەرسە خاتىرىلەنمىگەن. بۇ يەردە دېيىلگەن تۇرالارنىڭ ئەر-
لىرى پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن «ئۆز ئۆيىگە قايتىدۇ»
دېگىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى.
ئۆلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئادىتى پەرقلىنىدۇ. بۇنداق ئۆزئارا
پەرقلىق تەرەپلەر، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ مىللەتنىڭ
نىكاھ تۈزۈمىدىكى ئۆزگىرىشنى ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. دەپنە
مۇراسىم جەھەتتە «قاڭقىلار ھەققىدە قىسسە» دە قاڭقىلار
«يەرنى كولاپ جەسەتنى ئازگاللغا تاشلاپ ئوچۇق قويۇپ
كۆممەيدۇ»، تۇرالار «ئۆلگەنلەرنى كۆمۈپ دەپنە قىلىدۇ» دې-
يىلگەن. تۇرالارنىڭ مېيىتنى دەپنە قىلىش، يۇقۇملۇق كېسەل
تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان بولغىنىچقا،
شەكسىزكى بىر خىل ئىلغارلىق ئىدى. لېكىن ئايرىم تۇرا
قەبىلىلىرىنىڭ دەپنە ئادىتى تېخىمۇ ئالاھىدە ئىدى. توباسلار
«مېيىتنى ياغاچ جازىلارغا سېلىپ تاغقا ئاپىرىپ قويىاتتى
ياكى بولمىسا دەرەخكە ئېسىپ قوياتتى» («قانۇنلار قامۇسى.
توباسلار»)، بۇ دالىدا دەپنە قىلىشنىڭ بىر خىل شەكلى
بولۇپ ھازىرمۇ بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا
ساقلانماقتا.

### 3. ئالدىنقى تۈرك خانلىقىنىڭ تۇرالار ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى

ئالدىنقى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە تۈركلەرنىڭ بويسۇن-
دۇرۇلغان كەڭ تۇرا خەلقىگە قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلىدى-

خانلىقىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلە ھەققىدە، جۇڭگو مەنبەلىرىدە پەقەت پارچە - پۇرات ماتېرىياللارلا بار، غەرب مەنبەلىرىدە بولسا تېخىمۇ تولۇق ئەمەس. ھازىر بىز تۈرك خانلىقىنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئالدى بىلەن تۈرك خانلىقىنىڭ تۇرالارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى قانداق خاراكتېردىكى بىر خىل ھۆكۈمرانلىق (قۇللۇق تۈزۈم ياكى فېئوداللىق تۈزۈم) ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ چىقسا قىلا ئاندىن تارىخىي كىتابلاردىكى تۈركلەرنىڭ تۇرالارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ شەكلىگە ئائىت پارچە - پۇرات ماتېرىياللارنى رەتلەش ئارقىلىق ئېنىق ئۇقۇم ھاسىل قىلالايمىز.

تۈركلەر جۇرجان قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ «تۆمۈرچى قۇل» لىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تۆمەن قاغان تەرىپىدىن قۇرۇلغان تۈرك خانلىقى يەنىلا ھون ياكى جۇرجانلارنىڭ كونا يولىدا مېڭىپ موڭغۇل دالاسىدا قۇللۇق تۈزۈمىدىكى تۈرك خانلىقىنى قۇرغانىدى. بۇ موڭغۇل دالاسىدىكى ئىشلەپ چىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. تۈركلەر گەرچە تۆمۈر تاۋلاش ۋە تۆمۈر قوراللارنى ياساشتا مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەن بولسىمۇ، بۇ پەقەت تۈركلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش جەمئىيىتىگە مەلۇم ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن، لېكىن تۈركلەرنىڭ تۆمۈر تاۋلاش سانائىتى ئاساسلىقى جۇرجان خانلىقىنىڭ ھەربىي ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ۋە جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. گەرچە بىز جۇرجانلارنىڭ تۈركلەرنىڭ تۆمۈر تاۋلاش ئىشلەپچىقىرىشىغا قارىتا قاتتىق قامال يۈرگۈزگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق ماتېرىيال تاپالمىساقمۇ، لېكىن تۆمۈر قوراللارنى ياساش ھەربىي ئىشلار بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، جۇرجانلار ئۇنى تۈرك خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋە خالىغان

ۋاقىتتا قارشىلىق كۆرسىتىشىنىڭ ۋاستىسى قىلىدىغان تۆمۈر
قوراللار ئورنىدا پايدىلىنىشقا ھەرگىز يول قويمايتتى. شۇڭا
«تۆمۈرچى قۇل» غا ئايلانغان تۈركلەر تۈركلەرنىڭ ئارىسىدى
كى ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇلارنىڭ تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى بىلەن مەھسۇلاتلىرىنىڭ
كۆپ قىسمى جورجانلارنىڭ قاتتىق قامال قىلىشىغا ئۇچرايت-
تى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا تۈركلەرنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپ-
چىقىرىش تارمىقى بولغان چارۋىچىلىق چوڭراق تەسىرگە
ئۇچرىمىغاچقا، تولۇق راۋاجلىنىپ ھونلاردىن بۇيان موڭغۇل
دالاسىدا كەڭ تارقالغان قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك
يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. قىسقىسى تۈركلەرنىڭ
مېتاللورگىيىسى ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى
بىر جەھەتتىن تۈركلەرنى سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈشنى تېز-
لىتىپ تۈركلەردىن قالاق بولغان جورجان خانلىقى ئۈستىدە
غەلىبە قازىنىشىغا سەۋەبچى بولغان؛ يەنە بىر جەھەتتىن
بۇ خىل تەرەققىياتنىڭ چەكلىمىلىكى تۈركلەرنى يەنىلا قۇل-
لۇق تۈزۈم باسقۇچىدا توختىتىپ قويۇپ، داۋاملىق قۇللۇق
تۈزۈمنى يۈرگۈزىدىغان تۈرك خانلىقىنى ۋۇجۇدقا چىقارغانىدى.
تارىخىي كىتابلاردا تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن
ئۇلارنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ سەددىچىنىنىڭ ئىچى ۋە
سىرتىدا قۇل ۋە بايلىقلارنى بۇلىغانلىقىغا ئائىت بايانلار
كۆپلەپ خاتىرىلەنگەن. مىلادى 556 - يىلى (غەربىي ۋېي
سۇلالىسىنىڭ گوڭدى ئۈچىنچى يىلى) تۈركلەر ئۇيغۇرلارنى
مەغلۇپ قىلىپ «نۇرغۇنلىغان قۇللارنى ئولجا ئالغان». غەربىي
ۋېي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى شىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئەس-
كەر باشلاپ ماسلاشقانلىقتىن تۈركلەر «شىنىڭغا 100 نەپەر
قۇلنى قالدۇرغان» («جۇنامە. شىنىڭنىڭ تەرجىمىھالى»). مى-
لادى 563 - يىلى (چى ۋۇچېڭدىنىڭ خېچىڭ ئىككىنچى يىلى)

تۈركلەر شىجۇ ئايمىقىغا باستۇرۇپ كىرىپ «نۇرغۇنلىغان ئەمەلدار، پۇقرالارنى بۇلىغان ۋە ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، غەلبە قىلالماي قايتىپ كەتكەن» («سۈينامە. بەش ئاناسىر»). مىلادى 564 - يىلى (جۇ ۋۇدىنىڭ باۋدىڭ تۆتىنچى يىلى) تۈركلەر جىنياڭغا ھۇجۇم قىلىپ، «كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭچىلىق ئېلىپ بېرىپ، جىنياڭدىن لىنەنچىڭشەھىرىگىچە بولغان 700 چاقىرىملىق دائىرىدە بىرمۇ ئادەم ۋە چارۋىنى قالدۇرماي، ئۆلتۈرۈپۋە بۇلاپ ئېلىپ كەتكەن» («جۇنامە. ياڭ جۇڭنىڭ تەرجىمھالى»). سۈي سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن بولۇپمۇ سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى مەزگىلىدە تۈركلەرنىڭ سەددىچىنىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئاھالە بۇلىشىنىڭ قېتىم سانى تېخىمۇ كۆپەيگەن. مىلادى 620 - يىلى (تاڭ گاۋزۇ ۋۇدېنىڭ ئۈچىنچى يىلى) تۈركلەربىڭجۇ ئايمىقىغاباستۇرۇپ كىرىپ، شەھەر ئىچىدىكى «خوتۇن - قىزلارنى تامام بۇلاپ كەتكەن» («كوناتاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»). مىلادى 622 - يىلى (ۋۇدېنىڭ بەشىنچى يىلى) تۈركلەر چاۋخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىن فېنجو ئايمىقىغىچە باستۇرۇپ كىرىپ «ئەر - ئاياللاردىن بولۇپ 5000 ئادەمنى بۇلاپ كەتكەن» (يۇقىرىقى كىتاب). 625 - يىلى (ۋۇدېنىڭ سەككىزىنچى يىلى) «تۈركلەرنىڭ 100 مىڭ ئەسكىرى سۇجۇ ئايمىقىنى قاتتىق بۇلىغان». مىلادى 630 - يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن تۆتىنچى يىلى)، «تاڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈركلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن، تەيزۇڭ پەرمان چۈشۈرۈپ سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىكى قالايمىقانچىلىقتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەردىن كۆپلەپ تۇتقۇن قىلىنىپ، قۇل قىلىنغانلار ئالتۇن، يىپەك توقۇلمىلار ئارقىلىق قايتۇرۇۋېلىنغان، 80 مىڭ ئەر - ئايال پۇقراغا ئايلاندۇرۇلدى» دېگەن. («يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

«كونا تاڭنامە. تاڭ تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دىكىسىمۇ ئوخشايدۇ). بۇ پەقەت تاڭ سۇلالىسىنىڭ سېتىۋېلىپ قايتۇرۇپ كەلگەنلىرىلا بولۇپ، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قايتۇرۇۋالالمىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئەگەر تۈرك خانلىقىنىڭ ئۇرۇش ۋە باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەتراپتىكى قىتان، قۇمۇق، تويغۇن ۋە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن بۇلاپ كەلگەن قۇللارنى قوشساق، ئۇ ھالدا تۈرك قۇلدار ئاق سۆڭەكلىرى تەرىپىدىن قۇل قىلىۋېلىنغان قۇللارنىڭ نوپۇسى نەچچە يۈز مىڭغا يەتكەن بولىدۇ. تۈركلەرنىڭ بىلگە قاغان «تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» دە ئۆزىنىڭ ئاددىي تۈركلەرمۇ قۇل - دېدەكلەرگە ئىگە بولۇپ، قۇلدارلاردىن بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك ماختانغانىدى:

> بىز كۈنچىقىش تامانىدا قادىرخان (ھىنگان تېغى)㉓
> تېغىنىڭ سىرتىغىچە بولغان جايلاردا بۇدۇنلىرىمىزنى
> جايلاشتۇردۇق؛ كۈنپېتىش تامانىدا تاكى كانگىيىگىچە
> بولغان جايلاردا تۈرك خەلقىنى جايلاشتۇردۇق. قۇللار
> قۇل ئىشلەتتى، دېدەكلەر دېدەك ئىشلەتتى. ئىنىسى ئاكە-
> سىنى تونۇمايتتى، ئوغلى ئاتىسىنى تونۇمايتتى. ئېلىمىز
> ئەنە شۇنداق كەڭ زېمىنگە ئېرىشكەنىدى.»㉔

بۇ نەقىلدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەسلىدىنلا ئاشۇنداق ئىنتايىن ئاددىي ۋە قۇل سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان تۈركلەر، ئەمدىلىكتە نۇرغۇنلىغان قۇل - دېدەكلەرگە ئىگە بولغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئاكا - ئىنى، ئاتا - بالىلىرى ئۆزئارا بىر - بىرىنى تونۇشمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ كېيىنكى تۈرك خانلىقى دەۋرىگە ئائىت بولغان «مەڭگۇ تاش» تىكى ماتېرىيال؛ دېمەك، ئالدىنقى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قۇل - دېدەكلەرگە ئىگە بولۇش ئەھۋالى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى.

تۈرك خانلىقى كۆپ مىللەتلىك قۇللۇق تۈزۈمدىكى بىر دۆلەت ئىدى. خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدا قىتان، قۇمۇق، ئاقشىدلار، شەرقىي شىمالىدا ئوتتۇز تاتار، شىمالىدا كەنكۈن (قىرغىز)، قارلۇق، غەربتە ئېفتالىت ۋە غەربىي يۇرت شەھەر دۆلەتلىرى بار ئىدى. تۈركلەر بىلەن بويسۇندۇرۇلغان بۇ مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە شۈبھىسىزكى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ تامغىسى بېسىلغانىدى. مەسىلەن، ئۇلار تەرىپىدىن بىر مەزگىل بويسۇندۇرۇلغان قۇمۇق، قىتانلار «تۈركلەرنىڭ قۇللىرى» دەپ ئاتالغانىدى («كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە») تۈركلەر تۇدۇن دەپ ئاتىلىدىغان ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ، قورغان قۇرۇپ، بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. يەنسەي دەريا ۋادىسىدىكى كەنكۈنلەرگە قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھەربىي قورال - ياراق ھەم تۆمۈر يۆتكىتەتتى. غەربىي يۇرتتىكى شەھەر دۆلەتلىرىدىن ئىنتايىن ئېغىر بولغان ماددىي نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان باجلارنى كۆپلەپ ئېلىشتىن تاشقىرى يەنە ھەر خىل ھاشار ۋە ئەسكەرلىككە تۇتاتتى. بويسۇندۇرۇلغان بۇ مىللەتلەر سەللا بويسۇنمىسا ياكى قارشىلىق كۆرسەتسە قۇللۇق جەمئىيەتتە بار بولغان قەبىھ جازالاش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى ياكى قىرغىن قىلاتتى، ياكى قول - دېدەككە ئايلاندۇرۇلاتتى. مەسىلەن، «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: «كۇسەن خەلقى (خانىنىڭ پەرمانىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان) لىق سەۋەبىدىن» تۈركلەر «بۇ شەھەردىكى خەلقلەرنى ئۆلتۈرۈپ، چوڭ - كىچىكنىڭ ھەممىسىنى قىرغىن قىلغان، ساق قالغانلىرى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، شەھەر ھازىرغىچە ئادەمزاتسىز خارابىلىقتا ئايلىنىپ قالغان». يەنە «تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا خاتىرىلىنىشىچە، ساكلار (جايلاشقان ئورنى بىلەن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى توغرىسىدا

ئېنىق دەلىل يوق) لار تۈركلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەچكە، ئۇلارنىڭ «خاقانى ئۆلتۈرۈلگەن، خەلقى مەھكۇملۇققا دۇچار قىلىنغان.»

تۈرك خانلىقىنىڭ خانلىق ئىچىدىكى تۈرا خەلقلىرىگە يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىقى شۇبھىسىزكى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئىدى. بۇ خىل ھۆكۈمرانلىقنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىز ئاۋۋال تۈرك خانلىقىنىڭ بەزى سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى.

ئەسلىدە تۇمەن قاغان قۇرغان تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تېررىتورىيىسى ئىنتايىن كەڭ بولغاچقا شۇنىڭدەك بۇكەڭ رايونغا تارقالغان بويسۇندۇرۇلغان مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي قاتارلىق ئەھۋاللىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم كۆپ خىل بولغاچقا، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا چوڭ خاقانىنىڭ مېتروپوللۇقىدىكى قاغانلارنىڭ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ ئەھۋالى ئېلىمىزنىڭ غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەگلەرنىڭ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىگە ئوخشاپ كېتەتتى. تۇمەن ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانلىقىغا تەيىنلەنگەندە، بارلىق قاغانلىقلارغا مېترو پول بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ بىۋاستە باشقۇرغان زېمىنلىرى بۇ خانلىقنىڭ يېرىم بۆلىكى يەنى ھازىرقى پۈتكۈل موڭغۇل دالاسى بىلەن شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلار ئىدى. تۇمەننىڭ ئىنىسى ئىستەمى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى «100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى غوز دۆلەتلىرىنى دائىم تىنچىتىپ تۇرغان» («كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە») لىق سەۋەبىدىن ئۇ ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا تۈرك خانلىقىنىڭ غەرب تەرەپ خاقانلىقى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەندى، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا قاراشلىق زېمىنلار

غەربتە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىما-
لى، شەرقتە شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە پايتە-
خت جايلاشقان ھازىرقى كۇچانىڭ شىمالى ھەم ئىلى دەر-
يا ۋادىسى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تۇمەن ۋە
ئىستەمى سىرتىدىكى خاقانلار ئۆزىگە بىۋاستە قاراش-
لىق رايونلاردا ئىنىسى ۋە باللىرىنىڭ سۇيۇرغاللىقىدىكى كى-
چىك قاغانلارنى تىكلەپ مەلۇم بىر جاي ۋە زېمىنلاردىكى
خەلقلەرنى باشقۇرغان. تارىخىي كىتابلاردا ئىستەمى قاغان
ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولغان تاردۇش (يەنى تاردۇ
قاغان) نىڭ زېمىنىدىكى سۇيۇرغاللىقتا دائىر ئەھۋاللار تەپ-
سىلىي خاتىرىلەنمىگەن. تۇمەن قاغان ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋ-
لادلىرى بولغان ئېل ئىشگ قاغان (552 — 553)، مۇقان
قاغان (553 — 572) ۋە تابار قاغان (572 — 581) لارنىڭ
تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلىدىكى ئۆز دائىرىسىدىكى سۇيۇر-
غاللىقىغا دائىر ئەھۋاللىرىمۇ تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەن-
مىگەن. مىلادى 581 - يىلى (سۇي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ
تۇنجى يىلى) تابار قاغان ئۆلگەن. تۈركلەردىن مۇقان قا-
غاندىن باشلاپ چوڭ قاغانلىقتا پۈتۈنلەي چوڭ قاغاننىڭ
ئاكىسى ياكى ئىنىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولغان. تابار
خاقان ئۆلگەندىن كېيىن قائىدە بويىچە ئېل ئىشگىنىڭ ئوغ-
لى نىۋار ۋارىسلىق قىلىشى بولاتتى. تابار بەلگىلىمە بويىچە
ئىش قىلماي ۋەسىيىتىدە مۇقان قاغاننىڭ ئوغلى تالاچى (ئاپا
قاغان) نى ۋارىس بولۇشقا بۇيرۇغان. نىۋار بۇنىڭغا قارشى
تۇرغان؛ ئۇ تابارنىڭ ئوغلى ياللىغنىڭ تەختكە چىقىشىنى
تەشەببۇس قىلغان. بىر مەزگىل تالاش - تارتىشلاردىن كې-
يىن نىۋار دۆلەتتىكىلەر تەرىپىدىن «چوڭ قاغان» قىلىپ
تەيىنلىنىپ، ئىشبارا قاغان (581 — 586) دەپ ئاتالغان.
بۇ قېتىمقى چوڭ قاغانلىق ئورنىنى تالىشىش كۈرىشىدە ئاشۇ

بىر قىسىم قاغانلىق مەرتىۋىسىگە ۋە سۇيۇرغاللىق زېمىنلارغا ئىگە بولغان تۈركلەرنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى ئاقسۆڭەكلىرى تارىخىي كىتابلاردا پۈتۈنلەي ئاشكارىلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ بىزنىڭ ئۇلارنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنلىرى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىمىزنى مۇمكىنچىلىك بىلەن تەمىنلىدى. ئىشبارا قاغان تەختكە چىققان دەسلەپكى يىللاردا (تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشنىڭ ھارپىسىدا) موڭغۇل دالاسى ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى تۈرك قاغانلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

**ياللىغ** نىۋار قاغان بولغاندىن كېيىن ياللىغ «تۇرا دەرياسى بويىغا بېرىپ ئورۇنلىشىپ» ئىككىنچى قاغان بولغان. ئۇنىڭ سۇيۇرغاللىقى ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى تۇرا ۋە ئورقۇن دەريا ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

**چۇلۇق** ئىشبارانىڭ ئىنىسى بولۇپ باغا قاغان دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ سۇيۇرغاللىقى ھازىرقى موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كورۇلىن خولونبىر دەريالىرىنىڭ ۋادىسى ۋە موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى جايلار ئىدى.

**تالاچ** ئىشبارا قاغان ئۇنى «ئاياقان» قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى «دىيەننىڭ ئۆزىنىڭ قەبىلىلىرىگە باشلىق قىلغان». ئۇنىڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلار جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شىمالى ۋە موڭغۇل دالاسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قوبدو ئويمانلىقى ئىدى.

**تەگرىخان** قاغان ئۇنىڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلار تارىخىي كىتابلاردا تەپسىلىي خاتىرىلەنمىگەن. لېكىن «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا ئۇ ئاپا قاغان بىلەن ئىناق بولغاچقا، ئىشبارا ئۇنىڭ خەلقىنى تارتىۋېلىپ ئۇنى قاغانلىقتىن بىكار قىلىۋەتكەنلىكتىن، تار-

دۇش خاقاننىڭ قېشىغا قېچىپ بارغان»، ئۇنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنلىرى ئاپا ۋە تاردۇغا يېقىن ھەمدە موڭغۇل دالاسىنىڭ غەربىي ياكى ئالتۇنتاغنىڭ غەربىدىكى جايلار بولسا كېرەك «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قوچۇ تەزكىرىسى» نى تەكشۇرسەك، قوچۇنىڭ شىمالىدا «قىزىل تاش تېغى بار، ئۇنىڭ شىمالىغا 70 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا تەڭرىغان تېغى بار» دېيىلگەن. بۇ تاغ ھازىرقى شىنجاڭ تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى بوغدا تېغى بولۇپ تاغنىڭ جەنۇبىدا قوچۇ دۆلىتى بار ئىدى. تەڭرىخان قاغاننىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى تاغنىڭ شىمالىدىكى ھازىرقى جىمسار ناھىيە ئەتراپى بولۇشى كېرەك.

خى جى قاغاننىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى ماچاڭشۇ ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى شىنجاڭدىكى چۆچەكتە ئىدى.㉕ ماركسىزملىق سىنىپىي كۆرەش نۇقتىسىنەزەرىدىن كۆزەتكەندە، تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانلارنىڭ پەرزەنت ۋە ئىنىلىرىگە سۇيۇرغاللىق ئايرىپ بېرىشى، تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى قۇللار ۋە بويسۇندۇرۇلغان مىللەتكە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش ئەمەلىي ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغانىدى. شۇڭلاشقا قاغانلارنىڭ ئىنىسىگەۋەپەرزەنتلىرىگە سۇيۇرغاللىقبېرىش پەقەت ئۇلارغاقاغان نامىنى بېرىش بولماستىن بەلكى بىر قىسىم بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەر ۋە ئۇلار ئىگىلىگەن يەرلەرنى ئۇلارغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىۋېتىش، ئارقىلىق بۇ مىللەتلەرنىڭ، خەلقلەرنىڭ قارشىلىقىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى بۇلاشقا قارشى ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇش، تۈرك دۆلىتىنىڭ مۇقىملىقى، كۈچىيىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى. «سۈينامە» دىكىخاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاساسلىق مىللەت تۈرالار بولۇپ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۈرالارنىڭ

نوپۇسى «مىليونلىدىن ئاشاتتى» ئىدى. «سۈينامە». تۇرالار ھەققىدە قىسسە»دە دېيىلىشىچە: «تۈرك دۆلىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان ھەممە كۆچلەرنى تولۇق ئىشقا سېلىپ شەرق ۋە غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىپ شىمالنى كونترول قىلغان.» يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئاساسلىق تارقالغان جايى تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىنى، ئالتۇن تاغنىڭ غەربىي جەنۇبى ئاقتاغ ۋە پامىرنىڭ غەربى ئىدى. ئىشبارا خانلىققا ئولتۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە «2 - قاغان ياللىغنى تۇرا دەرياسى بويىدا تۇرۇشقا» بۇيرۇق قىلغان. شۈبھىسىزكى بۇ ئۇنى تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئادەم سانى كۆپ بولغان ئۇيغۇر، بارغۇت، توڭرا، بايىرقۇ، تېلەنىت، ئىزگىل، قۇشۇر، قۇن قاتارلىق قەبىلىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئەۋەتكەنلىك ئىدى. تالاچ (ئاپا قاغان) قا ئالتۇنتاغدا شىمالىي ئوردا قۇرۇشقا بۇيرۇق قىلغان. شۈبھىسىزكى بۇ ئۇنى ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سىرتاردۇش قاتارلىق يۈز مىڭ (سىرتاردۇشلارنىڭكىدىلا ئۆزىنىڭ 70 مىڭ ئۆيلۈك ئادىمى بار ئىدى) دىن ئارتۇق تۇرالارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدۇرۇش ئىدى. تەڭرىخان قاغانغا تىيانشان تاغلىرى ئەتراپىدا ئورۇنلىشىشقا بۇيرۇق قىلغانلىقى شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇنى ئۆزى ئىشبرغۇلنىڭ غەربىي ئاقتاغ ئەتراپىغا تارقالغان چۇبە قاتارلىق تۇرا قەبىلىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدۇرۇش ئىدى. خىنجى قاغانىنىڭ قايسى مىللەت، قايسى قەبىلىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىدىن قارىغاندا ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان خەلق ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى بولۇشى مۇمكىن. پامىرنىڭ غەربىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ئىستەمى قاغاننىڭ ۋارىسى تاردۇش قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. تۈرك دۆلىتىنىڭ قاغانى يولغا قويغان سۇيۇر-

غاللىق بېرىش تۈزۈمى ماھىيەتتە تۈرك دۆلىتىدىكى قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تۈرا قەبىلىلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ۋە ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى تەقسىم قىلىش تۈزۈمى ھېسابلىناتتى. بۇ تۈرك خانلىقىنىڭ تۈرا قەبىلىلىرىنى باستۇ-رۇش ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئەڭ ئۈنۈملۈك بولغان بىر خىل تۈزۈمدۇر. سۇيۇرغال قىلىپ بې-رىلگەن زېمىنلارنىڭ ئىچىدىكى سۇيۇرغاللىق ۋە قاغانلار باشچىلىقىدىكى تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن سۇيۇرغال زېمىندىكى تىلى خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتى؛ ئەزگۈچى مىللەت بى-لەن ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ قۇلدارلار سىنىپى بىلەن قۇللار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، بۇ تەرىپى ئىنتايىن گەۋدىلىك ئىدى.

تۈرك قاغانلىقىنىڭ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى بولسا تۈرك خانلىقىنىڭ ھوقۇقىنى چېچىۋەتكەچكە بەلكى سۇيۇرغاللىق زېمىندىكى قاغانلار ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۈچلەندۈرۈشكە بېرىلىپ كېتىپ چوڭ خاقانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاڭلىمايدىغان بولۇۋالدى. مىلادى 583 ـ يىلى بىرلىككە كەلگەن تۈرك خانلىقى ئاخىرى غەرب ۋە ئىككى قىسىمغا پارچىلىنىپ كەتتى.

تۈرك خانلىقى ئىككىگە پارچىلىنىپ كېيىن تۈرا قەبىلىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا غەرب ۋە شەرق تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولدى؛ موڭغۇل دالاسىدىكى تۈرا قەبىلىلىرى شەرق تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولدى؛ ئۆتۈرغۇلنىڭ غەربى، ئاقتاغ، ئالتۇن تاغنىڭ غەربىي جەنۇبى ھەم پامىرنىڭ غەربىدىكى تۈرالار غەرب تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولدى.

شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى ئېلىك قاغان (620— 630 ـ يىللار) قاغانلىق سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى بىكار قىل-دى. پەرزەنتلىرىنى، ئىنىلىرىنى «شاد» لىققا تەيىنلەپ تۈرا قەبىلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىپ تۈرا خەلقىگە بىۋاستە ھۆ-

كۈمرانلىق قىلدى. ئىلىك قاغاننىڭ ئوغلى يۇقۇق شاد ۋە
ئاكىسىنىڭ ئوغلى ئاشىناشىرنى تۇتۇقشادلىققا تەيىنلەپ ئۇيغۇر،
بارغۇت، توڭرا قاتارلىقلارغا ۋە تۇرا قەبىلىلىرىگە ئايرىم ئـ
ئايرىم ھۆكۈمرانلىق قىلدى («يېڭى تاڭنامە. ئاشىناشىرنىڭ
تەرجىمىھالى»). «تاردۇش قەبىلىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش
ئۈچۈن ئىككىنچى ئىنىسى تاردۇشنى شاد قىلىپ تەيىنلىدى.
بۆرى شاد ئاقسۆڭەكلەرگە، توڭئا تېكىن غۇز قەبىلىسىگە،
قۇت تېكىن قوشۇر قەبىلىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى» («يېڭى
تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»). يۇقىرىدىكى توڭا تېكىنـ
نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى غۇز قەبىلىسى سىنتېمىسىدىكى شىـ
مالدا تۇرۇپ قالغان غەربىي يۇرتلۇق غۇزلاردىن باشقا قالـ
غانلىرى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ئىدى. «قاـ
نۇنلار قامۇسى. تۈركلەر» گە ئاساسلانغاندا، «قاغاننىڭ پەرـ
زەنتلىرى ۋە ئىنىلىرى تېكىن دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار باشقا قەـ
بىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىدىغان شادلار ئىدى.
بۇنىڭدىن قارىغاندا تۈرك خاقانىنىڭ شادلىققا تەيىنلىگەن
پەرزەنتلىرى ياكى ئىنىلىرىنىڭ ھەممىسى «باشقا قەبىلىلەرنىڭ
بازارەتچىلىرى» يەنى قوشۇنلارنىڭ ئەمىر-لەشكەرلىرى ئىدى.
ئۇلار تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ باسقاقبەگلىرى بولۇپ ھېسابلىناتـ
تى (تۇرالار ئايرىم قەبىلىلەر دەپ قارىلاتتى.) ئۇلار تۇرا
قەبىلىلىرىگە نىسبەتەن قۇللۇق تۈزۈم خاراكتېرىدىكى ئومۇمىي
بازارەت يۈرگۈزەتتى. بۇ باسقاقبەگلەرنى قاغان بىۋاسىتە ئەۋەـ
تەتتى بۇ باسقاقبەگلەر قاغان ئالدىدا مەسئۇل بولاتتى. بۇـ
لارنىڭ ئورنى يېقىنقى دەۋردىكى مېتروپول دۆلەتنىڭ مۇستەمـ
لىكىلىرىگە ئەۋەتكەن باش ۋالىيلىرىغا ئوخشايتتى. قاغانلىق،
سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا شەرقىي تۈرك
خانلىقىدىكى ھاكىمىيەت بىر قەدەر مەركەزلەشكەنىدى. شۇـ
ڭا تۇرالارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقمۇ زور دەرىجىدە كۈچەيگەنىدى.

«سۈيىنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا،
ئالدىنقى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئەسلى-
دىكى قەبىلە باشلىقلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن، بەز-
لىرى يەنە ئۆستۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. «سۈيىنامە. تۇرا-
لار ھەققىدە قىسسە» دە: «ھەر قايسىسىنىڭ ئۇرۇق - جەمەتلىرى
ئايرىم» بولسىمۇ لېكىن «قەبىلە باشلىقلىرى يوق ئىدى»
دېيىلگەن. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلان-
غاندا، «قوماندان، ئۇتۇقلىرى بولمىسىمۇ، ھەر قايسىسىنىڭ
باشلىقلىرى بار ئىدى»، بۇ يەردىكى «باشلىق» قەبىلە
باشلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ سۈي سۇلالىسى
دەۋرىدە پەقەت ئۇرۇق جەمەت بىلەن ئۆزئارا پەرقلىنىدىغان
قەبىلىلەر ئىكەنلىكىنى، قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ يوق ئىكەنلىكى-
نى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قەبىلە باشلىقىنىڭ
بولۇشىنى خالىمىغانلىقى بولماستىن بەلكى تۈركلەرنىڭ
ئۇلاردا قەبىلە باشلىقىنىڭ بولۇشىغا يول قويمىغانلىقى ئىدى.
ئەگەر تۇرا قەبىلىلىرى«ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىنى تىكلى-
لىگەن» بولسا، تۈركلەرنىڭ قاغانلىرىغا ئوخشاش شادلارنى
تەيىن قىلىپ، ئوردا قۇرۇپ، مۇراسىم قائىدىلەرنى ئۆتكۈز-
سە، بۇ ئىش شۇ ھامانلا «ئىسيان كۆتۈرگەن» لىكنىڭ ئىپا-
دىسى («يېڭى تاڭنامە. جاڭ گوڭجىننىڭ تەرجىمھالى») بولۇپ
قالاتتى - دە، بۇنىڭغا تۈركلەر ھەرگىزمۇ چىدىمايتتى. «سۈيىنامە.
تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، چۆللۈكنىڭ شى-
مالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىدىن بارغۇت، تونگرا، ئۇيغۇر، بايىرقۇ،
بۇلاغ قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ «نامى ئېركىن» ئىدى، ئۇيغۇر
قەبىلىسىدىكى بوسات، سىرتاردۇش قەبىلىسىدىكى جەرۇق ۋە
چۇبە قەبىلىسىدىكى غالىبلارنىڭ ھەممىسىنىڭ «ئېركىن» دې-
گەن نامى بار ئىدى. شەرقىي تۈرك خانلىقى گۇمران بولۇش

ھارپىسىدا ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى يەنىلا ئۆزىنى «ئېلـ
تەبىر» دەپ ئاتىغان. «ئېركىن»، «ئېلتەبىر» تۈركلەرنىڭ ئەمەل
ناملىرى ئىدى. «قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»
دە «تۈركلەرنىڭ چوڭ ئەمەلدارلىرى چورۇقچۇر، ئۇنىڭدىن
كېيىنكىسى ئاپار، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئېلتەبىر، تۇدۇن،
ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئېركىن دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن.
بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، «ئىلتەبىر، ئېركىن» دېگەنلەر
تۈركلەرنىڭ چوڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ نامى ئىدى. مۇقان قاغان
ئىلوران بىگ ئېركىنى بولغانىدى. تۈرك خانلىقى ھەرگىزمۇ
بۇنداق ھۆرمەتلىك ئەمەلنى مەھكۇم قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىغا
بەرمەيتتى. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە
دېيىلىشىچە: دايېنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 605 - يىلى) تۈرك
لەر تۇرا قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا تۇرالار «يەنە ئىسيان
كۆتۈرگەن،...... بۆكە، توڭرا، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، بۇلاغ قە-
بىلىلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى نامى ئېركىن ئىدى»، «يېڭى تاڭ
نامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ئۇيغۇرلار بارغۇت، توڭ
را، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەرگە باشچىلىق قىلىپ ئىس
يان كۆتۈرگەن، ئۆزلىرىنى ئېركىن دەپ ئاتىغان» دېيىلگەن.
ئۇيغۇر قەبىلىسىدىكى بوساتمۇ تۈركلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈر-
گەندىن كېيىن ئۆزىنى ئېلتەبىر دەپ ئاتىغان. دېمەك، تۇرا
قەبىلىسىنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ «ئېركىن، ئېلتەبىر»
دېگەن ناملىرى ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ
تۈركلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن ئۆزلىرىگە ئۆزى
ئاتا قىلغان ناملار بولۇپ «جاڭ گوڭجىن تەرجىمىھالى» دىكى
«ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىنى تىكلىسە، شۇ ھا-
مانلا ئىسيان كۆتۈرگەن بولۇپ قالاتتى» دېگىنى بىلەن
بىردەك ئىدى. ㉖

تۈرك خانلىقى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ قەبىلە

باشلىقىنىڭ بولۇشىغا يول قويمايتتى. لېكىن تۇرا خەلقىنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە تەشكىلىنى ساقلاپ قېلىشقا رۇخسەت قىلاتتى. چۈنكى ئۇرۇق-قەبىلە تۇرالارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلىي بىرلىكى بولۇپ بۇ تەشكىلىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى، تۈركلەرنىڭ تۇرالارغا سىياسىي جەھەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا پايدىلىق ئىدى، شۇنداقلا تەشكىل ئارقىلىق تۇرالارغا قارىتا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇلاڭچىلىق ئېلىپ بېرىش ۋە ئالۋان - ياساق يىغىشقا پايدىلىق ئىدى. تۈركلەر تۇرالارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرىگە يۈز، ھەتتا نەچچە يۈزلەپ «ئاتامان» ياكى «ئاقساقال»لارنى ئەۋەتكەن («كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»). مەسىلەن، سىرتاردۇش قەبىلىسىدە نەچچە يۈزدىن ئارتۇق «ئاقساقال» بار ئىدى. قەبىلە ئاقساقاللىرى كۆپىنچە تۇرالاردىن تەيىنلىنىپ تۈركلەرنىڭ «شاد» لىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا تۈركلەر ئۈچۈن ئىش بېجىرەتتى؛ تۈركلەرنىڭ تۇرالار ئۈستىدىن ئالۋان - ياساق يىغىش ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. ئۇلار تۈركلەرنىڭ تۇرا قەبىلىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى ۋەكالەتچىلىرى ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ تەقدىرى تامامەن تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدا بولۇپ، سەللا بويسۇنمىسا تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەھشىيانە جازاسىغا تارتىلاتتى، ھەتتا كاللىسى ئېلىناتتى. سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ نەچچە يۈزلىگەن قەبىلە ئاقساقىلى قاغاننىڭ باج - سېلىق يىغىشىغا سەللا نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنىدى («سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»). شۇڭا بۇ قەبىلە ئاقساقاللىرى بىرەر ئىشقا يولۇققان ھامان ئۆز خەلقى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ تۈركلەرگە قارشى كۈرەش قىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ، تۈرك قاغانى ۋە نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ھىمايىسىدە تۇرۇۋاتقان شادلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرالارنىڭ ئارىسىدىن تاللىۋالغان نەچچە يۈزلىگەن قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن پىرامىدا شەكلىدە بىر ھۆكۈمرانلىق ماشىنىسى تەشكىل قىلىنغانىدى، قۇللۇق تۈزۈمدە مەۋجۇت بولمىغان قەبىھ ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كەڭ تۇرا قەبىلىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش — بۇ ماشىنىنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى.

تارىخلاردا تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۇرا قەبىلىلىرىنى ئەزگەن ۋە قاقتى - سوقتى قىلغانلىقىغا ئائىت كونكرېت ئىشلىرى تولۇق خاتىرىلەنمىگەن. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلگەن: «چولۇق قاغان (587 — 604 - يىللىرى ئەتراپىدا غەربىي تۈركلەرگە قاغان بولغان) تۇرالارغا ئېغىر باج - سېلىق چېچىپ ئۇلارنىڭ مال - دۇنيالىرىنى ئېلىپ كەتكەن»، دېيىلگەن. «سۈيتامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: «تۈرك دۆلىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان شەرق ۋە غەرب تەرەپلەرگە كېڭەيمىچىلىك قىلغاندا، پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ بايلىقلىرىدىن پايدىلانغان» دېيىلگەن؛ ئالدىدا دېيىلگەن تۈركلەرنىڭ تۇرالاردىن ئالىدىغان «ئېغىر باج - سېلىقى» تۇرا خەلقى ئۈستىگە ئالغان باج - سېلىق ئىدى؛ كېيىنكى ماددىدا دېيىلگەن تۈرك خانلىقى قوزغىغان بارلىق ئۇرۇشلارنىڭ خىراجىتى ئاساسەن تۇرا خەلقىنىڭ ئادەم ۋە ماددىي كۈچىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئارقىلىق قامدالغانىدى. مىلادى 583 - يىلى (كەيخۇاڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) سۈي ۋېندى ئۆزىنىڭ يارلىقىدا تۈركلەر «زالىملىق قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ ئائىلە قانۇنلىرىمۇ قەبىھ بولغاچقا، ...... يېقىن قوشنىلىرىنىڭ ھەممىسى، ئۇلارنى يوقىتىشنى خالايتى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى قەبىلىلەر تۈرلۈك تۈمەن خەلقلەردىن

تەشكىل تاپقاچقا، دۈشمەنلىك ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، غەزەپ - نەپرىتى كۆكسىدە قاينايتتى، دەرد - ئەلىمى كۆزىدە چاقنايتتى»دەپ كۆرسەتكەنىدى. («سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»). تۇرا خەلقلىرى تۈرك خانلىقىنىڭ قۇلدار ھاكىمىيىتىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشايتتى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولغان قۇللارنىڭ تۇرمۇشى ئىدى.

## 4. تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ مىلادى 599 — 603 - يىللاردا تۈرك خانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى، چۇبە - سىرتاردۇش خانلىقى (605 — 612)

تۈرك خانلىقىنىڭ تۇرالارغا بولغان قۇللۇق تۈزۈم ھۆكۈمرانلىقى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ كەسكىن قارشىلىق كۆرسىتىش كۆرەشلىرىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەبچى بولدى. تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۆرەشلىرى تۈرك خانلىقى پارچىلىنىشقا باشلىغان، زاۋاللىققا قاراپ ماڭغاندىن كېيىن قانات يايغانىدى.

مىلادى 581 - يىلى تاپارقاغان ئۆلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن چوڭ قاغانلىق ئورنىنى تالىشىش كۈرىشى «دۆلەتتىكىلەر» نىۋارنى ئىشبارا قاغان دەپ ئاتىغاندىن كېيىن قىسقا مۇددەت ھەل بولغان بولسىمۇ، لېكىن تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى شۇنىڭدىن كېيىن تەسىر كۈچى ئوخشاش بولمىغان ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى: يەنى نىۋار، ياللىغ، چۇلۇق باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركلەر گۇرۇھى بىلەن تاردۇش، تالاچ باشچىلىقىدىكى غەربىي تۈركلەر گۇرۇھى ئىدى. بۇ

ۋاقىتتا تۈرك خانلىقى گەرچە سىرتقى كۆرۈنۈشتە يەنىلا بىرلىك ھالىتىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى.㉗

تارىخلاردا تۈرالارنىڭ تۈرك خانلىقىغا قارشى كۈرىشى ئەڭ دەسلەپ تۈرك خانلىقىنىڭ پارچىلىنىشقا باشلىغان ۋاقتىدا يۈز بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. مىلادى 582 - يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ ئىككىنچى يىلى) تۈرك چوڭ قاغانلىقى ئۇلتۇرۇپ ئىككىنچى يىلى ئۇ تاردۇش قاغاننى باشلاپ سۈي سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىدىكى «خەلقلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان». تۈركلەرنىڭ 400 مىڭ قوشۇنى لەنجۇدىن جۇپەن (جۇبەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى گەنسۇدىكى چىڭيائىنىڭ شىمالىدا) گىچە بولغان جايلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. تۈرار جەنۇبقا يۈرۈش قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، تاردۇش قوشۇلماي ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قايتىپ كەتكەن. بۇ ۋاقىتتا شىمالدىكى «بارغۇ»، «دوگرا» قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى قورقۇنچلۇق خەۋەر يېتىپ كەلگەن. بارغۇ بارغۇت، دۇگرا بولسا توگرالار ئىدى ㉘. بۇنىڭدىن شىمالدىكى تۈرالارنىڭ، تۈركلەر جەنۇبقا بېسىپ كىرگەن، تۈرار بىلەن تاردۇش چىقىشالمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۈركلەرگە قارشى قوزغالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. سۈي سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى جاڭ سۇڭشېڭ بۇ ئەھۋاللارنى بىلگەندىن كېيىن رامقان (زامقان. چۇلۇقنىڭ ئوغلى، سۈي سۇلالىسى بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلغان) نىڭ تۈرارغا يالغان ھەربىي مەلۇمات بەرگەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ: «تۈرا قەبىلىلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئوردىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېگەنىدى. ㉙ بۇنىڭدىن ئىلگىرى تۈرار تۈرا قەبىلىرىنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى، ئەمدىلىكتە بولسا يەنە ئىسيان كۆتۈرۈپ

تۇرالارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆتكەندىكى قارارگاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ «قورقۇنچ ئىچىدە، قوشۇنلىرىنى سەددىچىنىنىڭ ئىچىدىن قايتۇرۇپ كەتكەن» («سۈينامە. جاڭ سۇنشۇنىڭ تەرجىمىھالى»)، ئىسيان كۆتۈرگەن بۇ تۇرالار ئىنتايىن دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇلغانىدى.

مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قارشى كۈرەشلىرى تۈرك خانلىقىدا يۈز بەرگەن ئىچكى قالايمىقانچىلىقلار سەۋەبىدىن يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.

ئىشبارا قاغاننىڭ ئاخىرقى دەۋرى ۋە ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى مۇقان قاغان (چۇلۇق قاغان) نىڭ دەۋرى (587 — 588) دە غەربىي ۋە شەرقىي تۈرك خانلىقلىرىنىڭ قوشۇنلىرى داۋاملىق ئۇرۇش قوزغاپ تۇردى. ئىشبارا بىلەن مۇقان، تاردۇش ۋە ئاپا قاغاننىڭ بىرلەشمە كۈچىنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا ئىلگىرى - كېيىن سۈي سۇلالىسىگە ئەل بولۇشقا مەجبۇر بولدى. مىلادى 587 - يىلى مۇقان قاغان سۈي سۇلالىسىنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئاپا قاغانغا جازا يۈرۈش قىلىپ ئۇنى تىرىك تۇتتى. لېكىن مۇقان قاغاننىڭ ئۆزىمۇ كېيىنكى يىلى قايتا غەربكە جازا يۈرۈش قىلغاندا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇرۇش غەرب - شەرق تۈرك خانلىقىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاتتى. مۇقان ئۆلگەندىن كېيىن ئىشبارانىڭ ئوغلى يارلۇق تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى دولان خاقان دەپ ئاتىدى. دولان خاقان تەختكە ئولتۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردە سۈي سۇلالىسى بىلەن ئىناق ئۆتۈش سىياسىتىنى قوللاندى. غەربىي تۈرك خانلىقىدا ئاپا قاغان مەغلۇپ بولۇپ ئۆلگەندىن كېيىن دۆلەتتىكىلەر يانسۇ تېكىننىڭ ئوغلىنى نىلى قاغان (587 — 604) نامى بىلەن تەختكە ئولتۇرغۇزدى. دولان بىلەن نىلى يېقىندىن تەيىنلەنگەچكە ئىچكى

قسمىنى مۇستەھكەملەش بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، غەربىي ۋە شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئارىسىدىكى جەڭ بىر مەھەل ئازايدى. مىلادى 593 - يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 13-يىلى) دولان قاغان سەددىچىننىڭ ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلدى، كېيىن غەربىي تۈركلەرنىڭ خاقانى نىلى قاغان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سۈي سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلدى. نەۋي سۇلالىسى شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئېغىر تەھدىتىگە قايتىدىن دۇچ كەلدى. سۈي سۇلالىسى جاڭ سوگە شىگنى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن بولسىمۇ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى.

شەرقىي تۈرك خانلىقى سۈي سۇلالىسى بىلەن تىركىشىش جەريانىدا، شەرقىي تۈركلەر ئوخشاشلا ئىلگىرىكى ھونلارغا ئوخشاش، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىققا بولغان مۇئامىلە مەسىلىسىدە ئېغىر پىكىر ئىختىلاپى يۈز بەردى. مۇقان قاغاننىڭ ئوغلى رامخان (يەنە تولى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇھ سۈي سۇلالىسى بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىپ دولان قاغاننىڭ سۈي سۇلالىسىنىڭ چېگرىلىرىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ ئايماق - ۋىلايەتلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا قارشى تۇردى. سۈي سۇلالىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن رامخان سۈي سۇلالىسى بىلەن قۇدا بولۇشنى تەلەپ قىلدى؛ ئۇزۇن ئۆتمەي دولان قاغانمۇ سۈي سۇلالىسىگە ئوخشاش تەلەپنى قويدى. سۈي ۋىندى شەرقىي تۈركلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە پارچىلاش ئۈچۈن تۈركلەرگە ئىزچىل يولغا قويۇپ كەلگەن «كۈچلۈكلەردىن قېچىپ ئاجىزى بىلەن بىرلىشىش» سىياسىتىگە ئاساسەن ئوچۇق - ئاشكارا رامخاننى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە مەلىكە ئەن يىنى رامخانغا ياتلىق قىلىپ، دولان قاغاننىڭ قۇدىلىشىش تەلىپىنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلدى.

سۇي سۇلالىسىنىڭ بۇ تەدبىرى شەرقىي تۈرك خانلىقى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سۇي سۇلالىسى تەرەپدارلىرى بىلەن سۇي سۇلالىسىغا قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ كەسكىن كۈرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دولان بىلەن رامخان داۋاملىق ئۇرۇش قىلىپ تۇردى. سۇي سۇلالىسى رامخاننى قوللىغاچقا رامخان مىلادى 597 - يىلى سۇي مەلىكىسى بىلەن رەسمىي (سۇي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 17 - يىلى) توي قىلدى. سۇي سۇلالىسى رامخانغا «ئىل ئىنتۇچىمەن قاغان» (ئەقىللىق، كۈچلۈك خان دېگەن مەنىدە) دېگەن نامنى بېرىپ، سۇجۇ ئايمىقىدا دالى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىنىڭ ھۆرۈنگېر ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا) شەھىرىنى سالغۇزۇپ چىمەننىڭ قوۋملىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى تۈرك خانلىقىنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇردى، شەرقىي تۈرك خانلىقى ئىچكى قىسمىدا يەنە قايتا بۆلۈنگەنلىكتىن، تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇپ، تۈرك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پۇت تېپىشىشنى كەسكىنلەشتۈردى. مىلادى 599 - يىلى (كەيخۇاڭنىڭ 19 - يىلى) سۇي سۇلالىسى دولاننىڭ «سېپىلگە ھۇجۇم قىلىدىغان قورال - ياراق ياساپ داتۇڭ شەھىرىگە تېگىش قىلماقچى بولغان» لىقىنى بىلىپ، دەرھال يۆ بېگى ياڭ سۇنى زور قوشۇن بىلەن تۆت يولغا بۆلۈپ ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. تۈركلەر «ھەر كۈنى ئاخشىمى دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ، سۇي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى پات - ئارىدا باستۇرۇپ كېلىدىغان بولدى دېيىشتى»، نەتىجىدە سۇي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى سەددىچىندىن چىقماي تۇرۇپلا، دولان قاغان سىياسىي رەقىبلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋاقىتتا غەربىي تۈركلەرنىڭ تاردۇش قاغانى پۇرسەتتىن

پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركلەرنىڭ زېمىن دائىرىسىگە ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتتى. ئۇ زور قوشۇن باشلاپ شەرقىي تۈرك خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئۆزىنى بىلگە قاغان دەپ ئاتىدى ھەمدە ئۆزىگە قارشى چىققۇچىلار-نى قاتتىق قىرغىن قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا «زور قالايمىقانچىلىق» كېلىپ چىقتى. («سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»). تارىخىي كىتابلاردا شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى «زور قالايمىقانچىلىق» نىڭ سىرى خاتىرىلەنمىگەن، لېكىن بۇ يەردە دېيىلگەن «زور قالايمىقانچىلىق» تا تاردۇش بىلەن شەرقىي تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆزئارا قىرغىنچىلىقىدىن سىرت كەڭ تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى كۈرىشىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

شەرقىي تۈركلەر قالايمىقانچىلىق گىردابىغا چۈشۈپ قالغاندا (مىلادى 600 - يىلى كەيخۇاڭنىڭ 20 - يىلى) سۈي سۇلالىسى ۋەزىرى جاڭ سۇنشىڭنىڭ تەكلىپى بويىچە «چىمەننىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ شىمالدىكى تۈرك ۋە تۇرالار قەبىلىلىرىنى ئەل قىلىشقا بۇيرۇق قىلغان. تارىخىي كىتابلاردا «ئاقىۋەت ھەممىسى كېلىپ ئەل بولدى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. بىر قىسىم تۈركلەر جەنۇبقا كېلىپ چىمەنگە تەۋە بولغاندىن باشقا، تۇرالارنىڭ قوشۇر قاتارلىق ئۇرۇق - جەمەتلىرى جەنۇبقا كېلىپ چىمەنگە ئەل بولدى. چىمەن سۈي ۋېندىغا مەكتۇپ يوللاپ بۇ ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەنى-دى: «مېڭچىن، سۈۋبى، ئاسكىللار قوۋمى (تۇرا قوۋملىرى) پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن مۇقەددەس پەغپۇر ئالىيلىرىغا بەيئەت قىلدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەددىچىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كەلدى، بەزىلىرى خانلىق يولىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ ماكانلاشتى، خەلقلەر بىلەن قوي-كالىلار پۈتۈن تاغ جىلغى-

لارغا تولۇپ كەتتى» («سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»). تاردۇش قاغان ئەنسىرەپ قوشۇن باشلاپ سەددىچىنگە بېسىپ كىرىپ تۇرا ۋە تۈرك قوۋملىرىنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشىنى توسۇماقچى بولدى. سۈي ئوردىسى جىنۋاڭ ياڭ گۇاڭ (يەنى كېيىنكى مەزگىلدىكى سۈي ياڭدى) نى قوشۇنلارنىڭ ئەمىر لەشكەرلىكىگە تەيىنلەپ باش سانغۇن ياڭ سۇ، شى ۋەنسۈي قاتارلىقلار بىلەن جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. تاردۇش مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتتى. «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە دېيىلىشىچە: «كەيخۇاڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرى جىنۋاڭ ياڭ گۇاڭ شىمالدا چىمەن قاغان بىلەن بىللە بىلگە قاغاننى مەغلۇپ قىلغاندا تۇرالار تارقىلىپ كەتتى»، «تارقىلىپ كەتتى» دېگىنى قېچىپ كەتتى، دېگەنلىك ئىدى. بۇنىڭدىن، تاردۇش سۈي قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كېلىپ سۈي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلمىغان، تۇرالارنىڭ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ تاردۇشتىن قۇتۇلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. تابار تەرىپىدىن جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىشقا زورلانغان تۇرالارنىڭ جەڭدىن باش تارتىشى، تاردۇش قاغاننىڭ جەنۇبقا قىلغان ھۇجۇمىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىككى يىل ئىچىدە سۈي سۇلالىسى بىر تەرەپتىن ياڭ سۇ، چىمەن قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدىكى سۈي سۇلالىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىنى ئەۋەتىپ تاردۇشنىڭ غەربىي تۈرك قوشۇنلىرى بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ئۇرۇش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «رامىخان ئارقىلىق شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئەل قىلىپ قولغا كەلتۈردى.» («جاڭ سۇنشىڭنىڭ تەرجىمىھالى»)، داۋاملىق ھالدا شىمالدىكى تۇرالارنى قۇترىتىپ ئىسيان

كۆتۈرگۈزۈپ، ئۇلارنى سۈي سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ غەربىي تۈركلەرنىڭ شىمالدىكى تەسىر كۈچىنى قوغلاپ چىقىرىشقا سەپەرۋەر قىلدى. مىلادى 602 ـ يىلى (سۈي ۋېندىنىڭ رېنشۇ ئىككىنچى يىلى) سۈي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلغاندا. تۈركلەردىن 90 مىڭ ئادەم سۈي سۇلالىسىگە ئەل بولدى. تاردۇش شىمالغا قېچىپ كەتتى. «شۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبتا غەربىي تۈركلەرنىڭ بارگاھى قايتا قۇرۇلمىدى»، «سۈينامە. ياڭ سۇ تەرجىمىھالى» ياندۇرقى يىلى سۈي سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى تۇرالارنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇترىتىش خىزمىتى غەلىبىگە ئېرىشتى. شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرى بىرلىشىپ چوڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى. «سۈينامە. جاڭ سوگىشىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا بۇ ۋەقە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«3 ـ يىلى (رېنشۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى، مىلادى 603 ـ يىلى) تۇرالاردىن ئىزگىل، بۆركلى، قۇت، قوشۇر، ئاپا (ئاتىز)، بارغۇت قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق قەبىلە تاردۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، ئەلچى ئەۋەتىپ، بەيئەت قىلدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، تاردۇشنىڭ قوۋملىرى قاتتىق مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى غەرب تەرەپتىكى تۇيغۇنلار ئېلىگە قېچىپ كەتتى. جاڭ سۇنشىڭ رامخاننى ئەۋەتىپ ئۇلارنى چۆللۈكنىڭ ياقىسىدىكى جايلارغا ئورۇنلاشتۇردى»

بۆركلى (伏利具) «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. جاڭ سۇگشىڭ تەرجىمىھالى» دا: بۆركلى (伏具) دەپ يېزىلغان، سېن جوڭمىيەن ئۇنى تۇرغاد دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بۇلاغ (覆罗) دەپ قارايدۇ. قوشۇر (斜萨) «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. جاڭ سۇگشىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا: قوشۇر (斛薛)

دەپ يېزىلغان) قوشۇز دېگەن شۇ. ئاپا (阿拔) «قانۇنلار قامۇسى»دا 199 جىلدتا ئاتىمىز (阿跋) دەپ يېزىلغان. بۇ قەبىلە ئاتىمىز (阿跌) قەبىلىسى بولسا كېرەك [30]. بۇ قەبىلە مىلادى 587 - يىلى مۇقان قاغان غەربتە ئاپا قاغانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇقان قاغاننىڭ خوتۇنىنى بۇلاپ كەتكەن. يۇقىرىقى باياندىكى نەقىلدە ئىزگىل قاتارلىق ئالتە قەبىلىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن قەبىلە نامىدىن كېيىنكى «10 دىن ئارتۇق قەبىلە» دېيىلگىنىگە قارىغاندا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى 15 تۇرا قەبىلىسىنىڭ زور كۆپچىلىكى بۇ قېتىمقى كۆرەشكە قاتناشقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ تاردۇش قاغانىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تەسىر كۈچىنى تازىلىدى. تاردۇش تۇيغۇنلارغا قېچىپ كەتكەن، كېيىنكى ئاقىۋەتىنى بىلگىلى بولمايدۇ. شىمالدىكى تۇرالار سۇي سۇلالىسىنىڭ دالالىتى بىلەن چىمەن قاغانغا تەۋە بولدى. سۇي سۇلالىسى بىلەن قۇدا - باج بولغان چىمەن قاغان قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا شىمالدىكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ زېمىنىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالدى.

دولان ئۆلتۈرۈلۈپ، تاردۇش چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قاراپ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىۋاتقان مەزگىلدە ئاقتاغ بىلەن ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى غەربىي تۈركلەرنىڭ چوڭ قوشۇنى شەرققە يۆتكىلىپ شەرقىي تۈزك ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن شىمالدا قوراللىق توقۇنۇشۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە زۇلۇم سېلىۋاتقان غەربىي تۈرك قۇلدارلىرىغا قارشى چىقتى. ئەينى ۋاقىتتا تاردۇش شەرققە كەتكەندە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەسلى زېمىنىدا تەسىر كۈچى ئەڭ زور بولغىنى

ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدا بارگاھ قۇرغان ئىنىلى قاغان ئىدى. مىلادى 601 - يىلى (سۇي ۋېندىنىڭ رېنشۇ تۈنجى يىلى) «ئىنىلى قاغان ۋە يابغۇلار ㉛ تۇرالار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى.» («سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە») جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن قارىغاندا، ئىنىلى قاغاننى مەغلۇپ قىلغانلار جەزمەن ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىدىن بولغان سىرتاردۇشلار ئىدى. مىلادى 603 - يىلدىكى تاردۇش قاغاننىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. ياندۇرقى يىلى ئىنىلى قاغانمۇ ئۆلدى. ئىنال قاغانمۇ تاردۇش قاغانغا ئوخشاش قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن تۇرا قەبىلىلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنمۇ ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆلگەنمۇ، ھازىرچە بىزگە نامەلۇم ㉜. لېكىن بىرقانچە مۇناسىۋىتى بار بولۇشى مۇمكىن. ئىنىلى تەرىپىدىن غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانلىقىغا ئىنىلىنىڭ ئوغلى ئىزوك قارا قاغان (چولۇق قاغان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مىلادى 604 — 610 - يىللار) تەيىنلەنگەنىدى. تاردۇشنىڭ مەغلۇپ بولغانلىق سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ غەربىي تۈركلەردىكى تەسىرىمۇ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنىدى. ئىزوك قارا قاغان غەربىي تۈركلەرنىڭ چوڭ خاقانى بولغاندا ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان زېمىنلار يەنى تاردۇش قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان پامىرنىڭ غەرب ۋە شەرق تەرىپىدىكى كونا زېمىنلارمۇ ئۇنىڭغا تەۋە بولغانىدى. شۇڭا بۇ ۋاقىتتا ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىدىن باشقا، ئېۋىرغولنىڭ غەربىدىكى ئاقتاغ ئەتراپىدىكى تۇرالاردىن چۇبە قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغانىدى.

— مىلادى 605 - يىلى (سۇي ياڭدىنىڭ دايې تۈنجى يىلى) ئىزوك قارا قاغان ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۇرالاردىن

ئىنتايىن ئېغىر باج - سېلىق يىغىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە كۆتۈلمىگەندە قوشۇن ئەۋەتىپ باج - سېلىق تاپشۇرمىغان بىر قىسىم تۇرا قەبىلىلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قوزغىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن قورقۇپ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكىتىنى قوللىنىپ سىرتاردۇشلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغانلىقىنى باھانە قىلىپ «ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىدىن يۈز نەچچە ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى» («سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»).
ئىزوك قاغاننىڭ زالىملىقى ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە ئاقتاغدىكى تۇراخەلقىنىڭ غەزەپ ئوتىنى تۇتاشتۇردى، ئۇلار «ئىسيان كۆتۈرۈپ، چولوق قاغانغا قارشى تۇردى.» («سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە») ئىزوك چۇلۇق قاغان تۇرالارنى باستۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، «تۇرالار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى» («سۈينامە. غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»).
غەربىي تۈركلەرنىڭ خاقانى ئىزوك قارا قاغانغا قارشى كۈرەش جەريانىدا، ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تۇرالاردىن سىرتاردۇشلار بىلەن ئاقتاغدىكى تۇرالاردىن چۇبەلەر ئالدىنقى سەپتە تۇردى. ئۇلار ئىتتىپاق تۈزۈپ بىرلىكتە تۇرا قەبىلىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ كۈرەش قىلدى. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە چۇبە قەبىلىسىنىڭ قەبىلە باشلىقى چۇبە غالىن «جەڭدە ئىنتايىن قەيسەر بولغاچقا خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى»، «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: «باتۇرلۇق نامى ئاقتاغقا پۇر كەتكەنىدى» (چۇبەمىر مەڭگۈ تېشى)؛ سىرتاردۇشلار «كۈندىن - كۈنگە كۈچەيگەن» («قانۇنلار قامۇسى. سىرتاردۇشلار») لىكىن «تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك قەبىلە بولۇپ قالغان» («يېڭى تاڭنامە. سىرتاردۇشلار ھەققىدە قىسسە»).

قەبىلە باشلىقى ئىشبارا ئۇرۇش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىغان، تۇرالار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، نىزوك قارا قاغاننىڭ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلىقى يىمىرىلىشكە باشلىدى. قوزغىلاڭ پۈتۈنلەي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. تۇرا قەبىلىلىرى «بىر دەك چۇبە غالىبنى ئىۋش باغا قاغان قىلىپ سايلاپ، تەڭرىغان تېغىنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتى، سىرتاردۇشلارنىڭ قەبىلە باشلىقى ئىشبارانى ئىلدىر كىنچىك قاغان قىلىپ ئېپار تېغىنىڭ شىمالىغا جايلاشتى.» («كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە») شۇنىڭ بىلەن تارىختىكى قاڭقىل دۆلىتىگە ئوخشاش بىر چۇبە — سىرتاردۇش خانلىقى قۇرۇلدى. [33]

چۇبە سىرتاردۇش خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تېزلىكتە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى بولۇپمۇ تىيانشاننىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلىدى. «چۇلۇق مەغلۇپ بولۇپ، مۇقان چوڭ قاغان بولدى» («ئۇلۇغ ئادالەتلىك دۇنيا خاتىرىسى. تۇرالار»)؛ مۇقان «ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنى قورقىتىپ «ئېۋىرغول، قوچۇ، كىنگىت قاتارلىق» تىيانشاننىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى دۆلەتلەر (بۇ شەھەر دۆلەتلىرى غەربىي تۈرك خانلىقىغا تەۋە ئىدى) نى «ئۆزىگە بويسۇندۇردى» («كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»). غەربىي يۇرتنىڭ ئۈچ دەرۋازىسى (ئېۋىرغول، قوچۇ، پىشامشان) نىڭ ئىگىلىكىدە تۇرالار ئولتۇراقلاشقانىدى. مۇقان قاغان يەنە قوچۇغا دائىم تۇرۇشلۇق «ئەمەلدارلارنى ئەۋەتتى»، «تېجىمەل غوز سودىگەرلىرى ئارقىلىق، تۇرالاردىن باج - سېلىق يىغدى» («سۇينامە. قوچۇ تەزكىرىسى»). [34] تارىخلاردا قوچۇ بىلەن ئېۋىرغوللارنىڭ مۇقان قاغانغا بەيئەت قىلغان ۋاقتى خاتىرىلەنمىگەن، ۋاقىت مىلادى 602 - يىلى (دايىنىڭ ئۈچىنچى يىلى) تۇرالار دۇنخۇۋاڭ

قورۇلىغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى بولسا كېرەك.

چۇبە ـ سىرتاردۇش خانلىقى بىرقانچە يىللىق مۇستەھكەملىنىش باسقۇچىدىن كېيىن مىلادى 602 ـ يىلى (دايېنىڭ ئۈچىنچى يىلى) شەرقتە سۈي سۇلالىسىنىڭ دۇنخۇاڭ قورۇلىغا ھۇجۇم قىلدى. سۈي ياڭدى سانغۇن خىڭ شياۋسىنى ئەۋەتىپ توسۇغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولدى. ئېھتىمال مۇقان قاغان چۇبە ـ سىرتاردۇش خانلىقىنى يېڭى قۇرۇلغان خانلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خانلىق غەرب ۋە شەرق تۈرك خانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۈشمەن دۆلەتنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، سۈي سۇلالىسىگە داۋاملىق ئۆچمەنلىك قىلسا پايدىسىز دەپ ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا سۈي سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ غەلىبە سېپىنى سەددىچىنىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارماي، ئەكسىچە «ئەلچى ئەۋەتىپ گۇناھىنى يۇيۇپ ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.» سۈي ياڭدى ھەرەم ئاغىسى فېي جۈيىنى ئەلچى قىلىپ ئۇنىڭدىن «ھال سوراشقا» ئەۋەتتى. ھەمدە تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ گۇناھىنى يۇيۇشقا بۇيرۇق قىلدى. مۇقان بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قوشۇن باشلاپ تۇيغۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ فۇيۈن قاغانىنى مەغلۇپ قىلدى. فۇيۈن قالدۇق قوۋملىرىنى باشلاپ شەرققە قاچقاندا، يەنە سۈي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ يوشۇرۇن زەربىسىگە ئۇچراپ، تاغ ـ جىلغىلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. تۇيغۇنلارنىڭ ئەسلىدىكى زېمىنلىرى«غەربتە پىڭلىندىكى چاڭچىڭ شەھىرىنىڭ غەربىدىن چۇرچاننىڭ شەرقى، تىلەۋ ئېقىنىنىڭ جەنۇبى قاتارلىق تاغنىڭ شىمالىغىچە بولغان غەربتىن شەرققىچە 4000 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغىچە 2000 چاقىرىم بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى سۈي سۇلالىسىگە تەۋە بولغان» («شىمالىي سۇلالىلەر

تارىخى. تۇيغۇنلار ھەققىدە قىسسە»). چۇبە — سىرتاردۇش
خانلىقى قۇدرەتلىك تۇيغۇنلارغا قاتتىق زەربە بەرگەنلىكتىن
يىراقتىكى كۆكنور ۋە غەربىي يۇرت ئەتراپلىرىدا داڭقى
چىقىپ شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان
دۆلەتكە ئايلاندى. قۇدرەتلىك چۇبە — سىرتاردۇش خانلىقى
بىلەن سېلىشتۇرساق، بۇ ۋاقىتتىكى نىزوك قارا قاغان
ھۆكۈمرانلىقىدىكى غەربىي تۈرك خانلىقى ئادەتتىن تاشقىرى
ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى. بۇرۇن ئاپا، نىلى قاغانلار ئۆتكەن
تېغىدا قۇرغان «شىمالىي ئوردا» قوزغىلاڭچى سىرتاردۇشلار
تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنىدى، نىزوك قارا قاغان ئامالسىز
شىمالدىكى ئوردىسىدىن غەربكە سىلجىپ 1000 چاقىرىمدىن
ئارتۇق يول يۈرۈپ «ئاسىيۇلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرى» گە
ھازىرقى ئىلى ۋادىسى ھەم ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىغا كېلىپ
ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «ئاسىيۇلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرى»
دىمۇ «ئولتۇراقلىشىش بىئەپ بولۇپ قالغان» ئىدى («سۇينامە.
غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»). بۇرۇنقى غەربىي تۈرك
خاندانلىقى «شەرقتە ئوتتۇكەن ئارقىلىق غەربتە ئالتۇنتاغدىن
ئېشىپ كۇسەن، تۇرا، ئېۋۇرغول ھەم غەربىي يۇرتتىكى غوز
ئەللىرىنى پەتىھ قىلدى.» يۇقىرىقى جايلار بۇگۇنكى كۇنلۇكتە
چۇبە — سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى.
«سۇينامە. غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە دېيىلىشىچە:
نىزوك قارا قاغان «ئىككى نەپەر كىچىك قاغان تەيىنلەپ
قەبىلىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، بىرى شاش شەھىرىنىڭ
شىمالىدا تۇرغان بولۇپ، ئۇ غوز ئەللىرىنى ئىدارە قىلغان،
يەنە بىرى كۇسەنىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، بۇ جاينىڭ نامى
يېڭىسار ئىدى». دېمەك، بۇ زېمىن كۇسەنىنىڭ شىمالىدىن
ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان بىر پارچە يەردىنلا ئىبارەت
بولۇپ، ئىلگىرىكىسىگە سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە كىچىكلەپ

كەتكەنىدى. بۇنىڭدىن چۇبە ــ سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىغا ئېغىر زەربە بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مىلادى 90 ـ يىلى (دايېنىڭ ئالتىنچى يىلى) نىزۇك قارا قاغان ئىچكى قىسىمدا تاردۇش قاغانىنىڭ نەۋرىسى شېئىر قاغان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان، تاشقى جەھەتتە چۇبە ــ سىرتاردۇش خانلىقى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغاچقا نائىلاج ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن نەچچە مىڭ ئاتلىق ئادەمنى باشلاپ دۇنخۇاڭ قورۇلىغا بېرىپ سۇي سۇلالىسىگە ئەل بولغان.[36] ئاپا سىستېمىسىدىكى غەربىي تۈرك خانلىقى شۇنىڭ بىلەن مۇنقەرز بولغان.

ئەمدى چۇبە ــ سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىنى ھەققىدە توختىلىپ باقايلى. غەربىي تۈركلەرنىڭ شېر قاغانى بۇۋىسى تاردۇش ئۆلگەندىن كېيىن ئامالسىز «چۇلۇققا بەيئەت قىلغان»لىقتىن غەربىي تۈركلەرنىڭ چوڭ قاغانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلالمىغانىدى. ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ غەربىدىكى شاش شەھىرىگە يېقىن جايلار ئىدى. ئۇ نىزۇك قارا قاغاننى قورال كۈچى ئارقىلىق قوغلىۋەتكەندىن كېيىن غەربىي تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى («شەھەرلىكلەر») تەرىپىدىن غەربىي تۈركلەرنىڭ چوڭ خاقانلىقىغا تەيىنلەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي تۈركلەرنىڭ چوڭ قاغانىنىڭ ھوقۇقى تاردۇش خاقان ئەۋلادلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. «كونا تاڭنامە. تۈرالار ھەققىدە قىسسە»دە دېيىلىشىچە، شېر قاغان تەختكە چىققاندىن كېيىن، «ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە ئالتۇنتاغقىچە، غەربتە دېڭىزغىچە بولغان. قاش قوۋۇقىنىڭ غەربىدىكى زېمىنلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى». شېر قاغاننىڭ ئوردىسى كۈسەننىڭ شىمالىدىكى ئاقتاغدا ئىدى. شېر قاغانغا قاراشلىق جايلارغا نەزەر سالساق، چۇبە ــ سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ زېمىنى ئۇنىڭ تەسە-

رۇپىدا ئىدى. «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: «غەربىي تۈركلەرنىڭ شېھىر قاغانى قۇدرەت تاپقاندا، تاردۇش ۋە چۇبەدىن ئىبارەت ئىككى قەبىلە قاغان نامىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. ئۇيغۇر قاتارلىق ئالتە قەبىلە ئوتتۇكەن تېغىدا بولۇپ شەرقتىكى شىبى قاغانغا تەۋە ئىدى. ئىشبارانىڭ قوۋملىرى ئالتۇنتاغقا جايلاشقان بولۇپ، غەربتىكى يابغۇغا تەۋە ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىدىكى نەقىلگە ئاساسلانغاندا، «شېھىر قاغان قۇدرەت تاپقان» دېگىنى بىلەن كېيىنكى «يابغۇ» دېگەنلەرنىڭ جەزمەن شېھىر قاغاننى كۆرسىتىدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. غەربىي تۈركلەرنىڭ بۇۋىسى ئىستەمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قاغان نامى «باھادىر يابغۇ» ئىدى، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى كۆپىنچە قىسقارتىلىپ يابغۇ دەپ ئاتالغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا چۇبە ــ سىرتاردۇش خانلىقى ھەققەتەن شېھىر قاغانىنىڭ دەۋرىدە مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭغا تەۋە بولغان تۇرا قەبىلىلىرى شېھىر قاغانىنىڭ غەربىي تۈرك دۆلىتىگە تەۋە بولغان. بۇنىڭدا قىلچىمۇ گۇمان بولمىسا كېرەك. لېكىن شېھىر قاغان تەختتە توققۇز يىل ئولتۇرغان (611 — 619) بولۇپ، ئۇنىڭ چۇبە ــ سىرتاردۇش خانلىقىنى بويسۇندۇرغان ۋاقتى ئالاھازەل قايسى يىلدا يۈز بەرگەن؟ بۇ مەسىلىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىيال كەمچىل بولغاچقا، توغرىسىنى بىلىشكە ئامالسىزمىز. ئەمما «سۈينامە. قوچۇ تەزكىرىسى» بىزنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى ئىزدىنىشىمىزنى بىرئاز يىپ ئۇچى تەمىنلەپ بېرىدۇ. «قوچۇ تەزكىرىسى» دە كۆرسىتىلىشىچە قوچۇ بېگى چۈربويا داينىڭ بەشىنچى يىلى (609 ـ يىلى) سۈي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندا، سۈي ساگدىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، مەلىكە خۇاروڭنى نىكاھىغا ئالغان. داينىڭ سەككىزىنچى يىلى (612 ـ يىلى) ئۆز ئېلىگە قايتىپ كەلگەن

دىن كېيىن، ئۆز ئېلىدىكىلەرگە ئۇزۇن چاچلارنى كېسىپ، كىيىم - كېچەكلەرنى سېلىۋېتىپ شىمالىي دىيارنىڭ كونا ئادەتلىرىنى بىكار قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. لېكىن ئۇنىڭ «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرنىڭكىنى قوبۇل قىلىش» توغرىسىدىكى بۇيرۇقى دەرھال ئىجرا بولمىغان، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەينى ۋاقىتتا چۆبە - سىرتاردۇشلار خانلىقى قوچۇغا «باسقاق» ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، قوچۇلۇقلار «تۇرالاردىن ئەيمىنىپ، ئادەتنى ئۆزگەرتىشكە پېتىنالمىغان.» بۇنىڭدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادى 612 - يىلى قىش مەزگىلىگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا چۆبە - سىرتاردۇش خانلىقى داۋاملىق تۈردە قوچۇ دۆلىتىنىڭ مېتروپولىلۇقىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، يەنىلا مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى. شىر قاغانىنىڭ چۆبە - سىرتاردۇشلارنى بويسۇندۇرۇشى يەنى چۆبە - سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولغان ۋاقتى، ئۇ غەربىي تۈركلەرنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان ئىككىنچى يىلى (612 - يىلى) دىن كېيىن بولۇشى كېرەك.

چۆبە - سىرتاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن چۆبە قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى ئاقتاغ ئەتراپىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ئاۋۋال شىر قاغانغا تەۋە بولغان، كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، تۇرالار ئىلاجىسىز ئەسلى ماكانىدىن ئايرىلىپ بىر قىسمى شەرققە كۆچۈپ، شىمالدىكى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ زېمىنىغا كۆچۈپ بارغان، يەنە بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسسىقكۆل بويىغا كۆچۈپ بارغان. ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمى ئىلاجىسىز شەرققە كۆچۈپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا بارغان. يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، مىلادى VII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىنىڭ

ئالدى - كەينىدە مەيلى شەرقىي تۈرك خانلىقى بولسۇن، ياكى غەربىي تۈرك خانلىقى بولسۇن ھەممىسىدە تۇرا خەلقىنىڭ تۈرك قوللار ئاقسۆڭەكلىرى سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك كۈرەشى يۈز بەرگەن. شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ چېگرىسىدىكى تۇرا خەلقىنىڭ كۈرەشى تۈركلەرنىڭ بۇلاڭچىلىقىغا ئادەتلەنگەن دولان، تاردۇش قاغانلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ قىلغان؛ سۈي سۇلالىسىگە قارشى بولغان دولان ھاكىمىيىتىنى تارمار قىلىپ، سۈي سۇلالىسىپەرەس چىمەن قاغانىنىڭ شىمالىنى كونترول قىلىش ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. غەربىي تۈركلەرنىڭ چېگرىسىدىكى تۇرا خەلقىنىڭ قارشىلىق كۈرىشىدە نىزۇك قارا قاغانىنىڭ غەربىي تۈرك ھاكىمىيىتى يىمىرىپ تاشلىنىپ، بىپايان زېمىنگە ئىگە بولغان ھەم سۈي سۇلالىسىگە دوست بولغان چۇبە - سىرتاردۇش خانلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئاخىرقى نەتىجىسى شۇ بولدىكى سۈي سۇلالىسى ۋە تۈركلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش دايى يىللىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن توختىغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قېرىنداش مىللەتلەر تىنچ ئەمگەك قىلىش مۇھىتىغا ئېرىشكەن؛ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ خەلقى بىلەن تۇرا خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە بېرىش - كېلىشتىمۇ غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان، شۇڭا ئۇنىڭ تارىختىكى ئۆلغارلىق خاراكتېرىدىن گۇمانلىنىشمۇ ھاجەتسىز.

## 5. تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەن يىللىرىنىڭ باشلىرىدا پارتلىغان تۇرا خەلقىنىڭ بۈيۈك قوزغىلىڭى ۋە شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى

چۇبە - سىرتاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار چىمەن خاقان سىستېمى

سىدىكى شەرقىي تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولدى، ئاقتاغ ۋە ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تۈرا قەبىلىلىرى شىر قاغان-سىستىبىمىسىدىكى غەربىي تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولدى. چىمەن شىر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە تۈرا خەلقىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىق-لىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى زادىلا توختاپ قالمىدى.

مىلادى 609 - يىلى (دايىنىڭ بەشىنچى يىلى) شەرقىي تۈركلەرنىڭ چىمەن خاقانى ئۆلدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تەختكە شىبى (609 — 619) خاقان ۋە ئىلىك (620 — 630) خاقان ۋارىسلىق قىلدى. شىبى خاقان سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئىچكىرى جايلاردىكى دېھ-قانلار قوزغىلىڭى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان، «ئىسيانچىلار كۆپىيىپ كەتكەن، ئوغرى - قاراقچىلار ھەممىلا جايلاردىن باش كۆتۈرۈپ چىققان» («ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسىنىڭ باش كۆتۈ-رۈپ چىقىشىغا ئائىت ئىشلارغا ئىزاھ») ۋاقىتتا تەختتە ئولتۇر-غانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ۋاقىتتا ھەرقايسى جاي-لاردا فېئودال تەپرىقچى كۈچلەر مەيدانغا كەلگەنىدى. شىبى قاغان چىمەن خاقاندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان سۈي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ ھەر يىلى سۈي سۇلالىسىنىڭ چېگرىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. شەنشى، سەنشى، گەنسۇ، خېبېي قاتارلىق جايلارنىڭ چەت - ياقا جايلىرىدىكى ئايماق ناھىيىلەر داۋاملىق تۈرك ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىنىشىغا ئۇچرىدى. جايلاردىكى تەپرىقچى كۈچلەرمۇ تۈركلەردىن نەپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتى. ئېلىك خاقان تۈرك خانلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ۋەھشىي قارانىيەتچى بولغاچقا، ئۇ تەختتە ئولتۇرغان 10 نەچچە يىل ئىچىدە شىمالىي جۇڭ-گودىكى نەچچە يۈز مىڭلىغان ئاھالىنى تۇتقۇن قىلدى، ۋە

ھەددى - ھېسابسىز بايلىقلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، ھەددى - ھېسابسىز ئادەملەر ئۇرۇش دەستىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى داۋۇدىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ جەنۇبتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئىشغال قىلىپ، پۈتۈن خۇاشيا زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش خام خىيالىدا بولدى. چىمەن سىستېمىسىدىكى شەرقىي تۈرك خانلىقى ئېلىك خان دەۋرىدە تازا گۈللىنىش باسقۇچىغا يەتكەنىدى.

لېكىن شىبى قاغان ۋە ئېلىك قاغانلارنىڭ ئۇرۇشخۇمار سىياسىتى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چىمەن قاغاندىن بۇيان پەسىيىشكە يۈزلەنگەن سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەتنى قايتىدىن جىددىيلەشتۈرۈپ ۋە ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇرۇش نەتىجىسىدە تۈرك خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ناچارلىشىپ، پەيدىنپەي تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەربىي خىراجىتىنى يىغىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئات، كالا، قوي، ھەتتا كۆن - خۇرۇم قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپ قۇرۇقدىۋېتىلدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە ئېلىك قاغان «ھەر يىلى ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغاچقا، تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرەلمىگەن». مالىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇ قاقتى - سوقتى قىلىشقا ماھىر ۋە خىيانەتچىلىك بىلەن تونۇلغان، سوغدى سودىگەرلىرىنى خانلىقنىڭ ئالۋان - ياساق يىغىش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ، «ھەرقايسى قەبىلىلەردىن ئېغىر باج - سېلىق ئالغان»، نەتىجىدە «ئىتتىنىڭ تۈكىدىن كۆپ ئەمر - پەرمان، قانۇن - نىزاملار دەستىدىن خەلق ھايات يولىدا جان تالاشتى» («قانۇنلار قامۇسى، تۈركلەر»). تۈرك خەلقى ياشاشقا ئامالسىز قالغانلىقتىن ئىلاجىسىز ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىنى كولاپ ئوزۇقلۇق قىلدى. ئۇلار تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قاتتىق يىرگىنگەچكە، دەرھال قارشىلىق كۆرسىتىشكە

تەييارلاندى.

تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى بىلەن بىرگە، تۈرك خانلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەربىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىنمۇ مەھرۇم بولدى. سۈي سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن مىلادى 618 - يىلى يېڭىدىن گۈللەنگەن تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلدى. قۇدرەتلىك تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارىتا ئۆزىنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش سىياسىتىنى قوللاندى. مىلادى 626 - يىلى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ توققۇزىنچى يىلى)، تاڭ تەيزۇڭ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن تۈركلەر گەرچە بىر مەھەل ئۇرۇش قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمەي، ھۇجۇمى باشلىنىش بىلەنلا توسۇپ قىلىندى. تۈركلەر بۆلەكچىلىكتىن زور پايدا ئالالمىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كەسكىن توقۇنۇشۇش ئاشكارىلاندى، ئېلىك قاغان غۇز سودىگەرلىرى (سوغدىلار) گە ئىشىنىپ ئۆز جەمەتىدىكىلەرنى چەتكە قاقاچقا، بىر قىسىم كونا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۆچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. شۇڭا، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدا شىبى قاغاننىڭ ئوغلى سۇببە قاغان (تولشاد قاغان) باشچىلىقىدىكى ئۆكتىچى گۇرۇھ شەكىللەندى. بۇ ئۆكتىچى گۇرۇھ بىلەن مەركىزىي ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن ئېلىك قاغان ھەرقايسىسى ئۆز كويىدا، تىلى بىلەن دىلى باشقا بولغاچقا، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ئاستىرتىن قۇدرەتلىك تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىدىن ياردەم تىلىدى.

تۈرك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ پارچىلىنىشى شەرقىي تۈرك قولدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. مىلادى 627 - يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن تۇنجى يىلى)، موڭغۇل دالاسىدا تومۇزدا قار يېغىپ ئۈششۈك ئاپىتى يۈز بەردى. «ئوت - چۆپلەر ئۈنمەي، نەچچە مىڭلا چاقى-

رىم ئارىلىقتىكى يەرلەر قۇرۇپ كەتتى»، قىشتا يەنە «قېلىن قار يېغىپ كەتكەچكە قوي، ئاتلار كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىپ، خەلقلەر كۆپلەپ ئاچ قالدى» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 192 - جىلد، جىنگۇەننىڭ تۇنجى يىلى). مۇشۇ ئەھۋالدا يەنە ۋابا تارقىلىپ، ئاپەت تېخىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، خەلق «كېسەل ۋە ئاچارچىلىق دەستىدىن كۆپلەپ ئۆلۈپ كەتتى، ئادەم ئۆلۈكلىرى داللاردا سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتتى» («تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت تولۇق خاتىرىلەر» 5 - جىلد). تۈرك دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زور قالايمىقانچىلىقتا ئۇزۇندىن بۇيان يىغىلىپ قالغان ھەر خىل زىددىيەتلەر بىراقلا پارتلاپ چىقتى. تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، موڭغۇل دالاسىغا ئاپىرىلغان خەنزۇلار ئاۋۋال ھەرىكەتلىنىپ «ئۆزئارا شەپە بېرىشىپ يىغىلىپ، مۇھىم تاغ ئۆتكەللىرىنى ئىگىلىۋېلىشتى»، «ھەممىسى تاغقا كىرىۋېلىپ ئوغرىلىق قىلىپ، پەيلىنى بۇزۇشتى» («جىبگۈەن يىللىرىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەر» 8 - جىلد). ئەينى ۋاقىتتا تۈرك قۇلدارلىرى تەرىپىدىن قۇل قىلىنغان خەنزۇلار 100 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ ئۇلارنىڭ قارشىلىقى، شۈبھىسىزكى بىر قېتىملىق قوراللىق كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،㊲ تۈرك قۇلدارلىرىغا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ساقلىغان، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شىمالدىن سىرتاردۇش، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، بارغۇت، توڭرا قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق قەبىلە ئۆز ئادەملىرىگە باشچىلىق قىلىپ ئىللىككە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ «ئاقساقىلىنى تىكلەپ، تۈركلەردىن يۈز ئۆرۈدى» («كونا تاڭنامە. جاڭ گوڭجىننىڭ تەرجىمىھالى»). ئىللىك قاغان

ئالدىراپ - تېنەپ يوقوق شادنى 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق
قوشۇن بىلەن قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. سىرتاردۇش،
ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر ئىلىكنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن مايى
تېغىدا ئۇرۇش قىلىشتى. ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ قەبىلە باشلىقى
بۇسات «باتۇر ۋە يۈرەكلىك، ئەقىل كۆرسىتىشكە ماھىر»
بولغاچقا، 5000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن يوقوق شادنىڭ
100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە
غەلىبىسىنى «شىمالغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تەگرىتېغىچە بېرىپ»
(بۇ تاغ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تەگرىتېغىنى يەنى ئىلىك
قاغاننىڭ قارارگاھى جايلاشقان ئۈتۈكەن㊳ تاغلىرىنى كۆر-
سىتىدۇ.) ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى يېڭىباشتىن مەغلۇپ قىلدى.
(«كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»). يوقوق شاد
قوشۇنىنىڭ كۆپلەپ ئۇڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى، قوزغىلاڭچىلار-
نىڭ ھەيۋىسىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ئىلىك قاغان مەغلۇبىيەت-
كە تەن بەرمەي تۇتۇق شاد ئاشناشېرنى ئەۋەتىپ جازا يۈرۈش
قىلغان بولسىمۇ، سىرتاردۇشلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ
«ئاتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، قايتىپ كېتىشتى» («كونا تاڭ-
نامە. جاڭگوڭجېننىڭ تەرجىمىھالى»). ئاشناشېر قالغان - قۇتقان
ئەسكىرىنى باشلاپ غەربتىكى قاغانبۇت شەھىرى (ھازىرقى شىن-
جاڭنىڭ جىمسار ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا) گە قېچىپ كەتتى. ئىلىك
قاغان ئامالسىز ئۆزى بىلەن «ئاداۋىتى بولغان» تولىشاد قا-
غان (يەنى سۇببە) غا قوشۇن باشلاپ جازا يۈرۈش قىلىشنى
بۇيرۇغان بولسىمۇ، نەتىجىدە تولىشادنىڭ «قوشۇنلىرىمۇ مەغ-
لۇپ بولۇپ، يېنىك قوراللار بىلەن قوراللانغان ئاتلىقلىرىلا
ئاران قايتىپ كېلەلىدى» («كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە
قىسسە»). تارىخلاردا خاتىرىلىنىشىچە، تۇرا قەبىلىلى-
رى تۈركلەرنىڭ تۆت شادنى كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ
قىلغان، ئىلىك قاغاننىڭ خىل قىسىملىرى پۈتۈنلەي تۇرا

قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلغان، ھالسىراپ ئاراندىلا
جېنى قالغان ئېلىك قاغان تۇرا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ھۇجۇمى-
دىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن، «شىكارغا چىقىشنى باھانە
قىلىپ»(39) ئەسكەرلىرىنى باشلاپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى
جايلارغا قېچىپ كەتتى. شىمالدىكى تۇرالاردىن سىرتاردۇش،
ئۇيغۇر، بايىرقۇ، بارغۇت قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق قەبىلىلەر
شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋاقىتتا،
ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سىرتاردۇش قاتارلىق قەبىلىلەرمۇ
ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە باشلىقى يانۇننىڭ باشچىلىقىدا غەربىي
تۈرك خانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدى. مىلادى 622-
يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ تونيابغۇ قاغانى «(شېر قاغاندىن
كېيىن تۈركلەرنىڭ قاغانى بولغان) تاغىسى تەرىپىدىن ئۆل-
تۈرۈلدى.» غەربىي تۈركلەرنىڭ «دۆلىتى قالايمىقانلىشىپ
كەتتى». ياندۇرقى يىلى (مىلادى 628 - يىلى) يانۇن پۇر-
سەتتىن پايدىلىنىپ سىرتاردۇشلارنىڭ 70 مىڭ تۈتۈن ئادى-
مىگە باشچىلىق قىلىپ ئالتۇنتاغدىن ئۆتۈپ شەرققە كۆچتى.(40)
ئۇ دەسلەپتە شەرقىي تۈركلەرگە ئەل بولۇشنى ئويلىغان بولسى-
مۇ، لېكىن شىمالغا بارغاندىن كېيىن، تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قوز-
غىلىڭىنىڭ كەينى - كەينىدىن غەلىبە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،
ئادەملىرىنى باشلاپ قوزغىلاڭچى قوشۇنلارغا قاتناشتى. ئالتۇن-
تاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سىرتاردۇشلارنىڭ قايتىپ كېلىشى
شىمالدىكى تۇرا قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى زور
دەرىجىدە ئاشۇرغان تۇرا قەبىلىلىرى تېزلىكتە سىرتاردۇش
قەبىلىسىنىڭ باشلىقى يانۇن باشچىلىقىدا قوزغىلاڭچىلار ئىت-
تىپاقىنى تەشكىل قىلىپ، ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلىشتەك ۋەزى-
يەتنى ئۆزگەرتتى. يانۇن ئۆزىنىڭ قوۋملىرىغا باشچىلىق
قىلىپ، «ئېلىك قاغانغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى»
شۇنداق قىلىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى

جايلارنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالدى.

تۈرا قەبىلىلىرى شىمالنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، يانۇننى قاغان قىلىپ سايلىدى. يانۇن «ئاساسىنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكى سەۋەبىدىن قاغان بولۇشقا جۈرئەت قىلالماي»، تاڭ تەيزۇڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى مەلۇم قىلدى. مىلادى 629 - يىلى (جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى)، تاڭ تەيزۇڭ ئېلىك قاغانغا جەنۇب - شىمالدىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن، سەييارە سانغۇن جياۋشىۋاڭنى دەستەك - تەمتەك، ناغرا - دۇمباق، تۇغ - سوتۇق بىلەن يېقىن يول ئارقىلىق شىمالغا ئەۋەتىپ، يانۇنغا «ئىنچۇ بىلگە قاغان» دېگەن ئاتاقنى بەردى. تاڭ تەيزۇڭنىڭ يانۇنغا ئۇتۇغات نامىنى بەرگەنلىكتىن سىرتاردۇش قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى تۈرالارنىڭ چوڭ ئىتتىپاقى مۇستەھكەملەندى. شۇنىڭ بىلەن سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان. بۇ ئېلىك قاغاننىڭ شەرقىي تۈرك خانلىقىغا ئىنتايىن ئېغىر زەربە بولدى، «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. شىمالىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە ئېلىك قاغاننىڭ «ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئەلچى ئەۋەتىپ بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان»لىقى خاتىرىلەنگەن.

تۈرا خەلقىنىڭ غەلىبىلىك قوزغىلىڭى ۋە سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، تۈرك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى ۋە پارچىلىنىشنى كۈچەيتكەن. تولشاد تۈرالار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ئېلىك قاغان قاتتىق غەزەپلىنىپ، تولشادنى «قاماپ قويۇپ، پالاققا باستى» تولشاد ئەسكەر توپلاپ قارشىلىق كۆرسەتكەن ھەم تاڭ تەيزۇڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، تۈرك خانلىقى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت خۇددى، دەيجۇ ئايىمىقىنىڭ تۇتۇقى جاڭ گوڭجىن تەھلىل قىلىپ ئېيتقاندەك ئىدى:

«ئېلىك قاغان بۇلاڭچىلىقنى ئادەت قىلىۋال-دى. قەبىھلىكتە ئۈچىنچى چىقتى. ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر بىلەن يېقىن - يورۇقلىرىنى ئۆلتۈردى، يېقىن - يورۇقلىرى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى. بۇ بىرىنچى سەۋەب. باشقا قەبىلىلەردىن توخرا، بارغۇت، ئۇيغۇر، سىرتاردۇش قاتارلىق قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىنى تىكلەپ، تۈركلەردىن يۈز ئۆرىدى، ئۇلارنىڭ قوۋملىرى ئىسيان كۆتۈردى، بۇ ئىككىنچى سەۋەب. تولشادتىن گۇمانلىنىپ ئۇنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلىدى. توتۇقشاد جازا يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، ئاتلىرىدىن ئايرىلىپ ئاران قايتىپ كېلەلىدى، يوقۇقشاد ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ ئۆزىنى قويغۇدەك جاي تاپالىدى. ئەسكەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ مەغلۇپ بولدى. بۇ ئۈچىنچى سەۋەب. شىمالدا (سەددىچىنىنىڭ سىرتىدا دېمەكچى) ئۇششۇق ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەنلىكتىن ئاشلىق، يەم - خەشەكلەر ئۆكسۈپ قالدى. بۇ تۆتىنچى سەۋەب. ئېلىك قاغان ئۆزىنىڭ تۈركلىرىگە ئىشەنمەي غۇزلارنى ئىشقاقويدى. غۇزلار ئۆز ئادىتى بويىچە، يۈز ئۆرىدى، ھەققانىيەتچى چوڭ قوشۇن يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭلا ئۇلار سوڭكۈنى ئارقىغا قارىتىپ ئۇردى. بۇ بەشىنچى سەۋەب. شىمالدا تۇتۇپ كېتىلگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەر كۆپ بولغاچقا، ئۆزئارا شەپە بېرىشىپ، تاغلارنىڭ مۇھىم جايلىرىنى ئىگىلىۋېلىشتى ھەققانىيەتچى چوڭ قوشۇن قوۋۇقتىن چىقىشى بىلەن تەڭ چوقۇم ماسلىشىدۇ. بۇ ئالتىنچى سەۋەب.» («كونا تاڭنامە. جاڭگوجىنىڭ تەرجىمىھالى»)

جاڭگوجىن تىلغا ئالغان تۈركلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئالتە سەۋەبنىڭ ئىچىدە ئىككىنچى، ئۈچىنچى سەۋەب پۈتۈنلەي تۇرالار قوزغىلىڭغا قارىتىلغان بولۇپ، ئالتە خىل سەۋەبنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ

مۇھىم سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىلۇ ئىككى خىل سەۋەبنىڭ بىرى تۇرالار قوزغىلىڭى تۈرك خانلىقىنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىپ قويغانلىقىنى چۈشەندۇرسە، يەنە بىرى يوقۇق شاد بىلەن تۇتۇق شادلارنىڭ مەغلۇبىيىتى، تۈرك خانلىقىنىڭ قوراللىق كۈچى تۇرالار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۇرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، سىرتاردۇشلارنى باشچى قىلغان چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارنىڭ قوزغىلىڭى ئەمەلىيەتتە، ئەينى ۋاقىتتا تۈرك خانلىقى دۇچ كەلگەن خەتەرلىك ۋەزىيەتتىكى ئاساسلىق ئامىلغا ئايلانغانىدى.

شىمالنى ئىگىلىۋالغان تۇرا قەبىلىلىرى تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى پائال كۈچەيتكەنىدى. سىرتاردۇشلارنىڭ ئاقساقىلى يانۇن تۇگا تېكىننى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنىدى. كېيىن بايىرقۇ، تۇڭرا، بارغۇت قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى شەخسەن ئۆزلىرى تاڭ سۇلالىسىگە بارغان ۋە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن، تاڭ سۇلالىسى ۋە تۇرالارنىڭ قىستىشى نەتىجىسىدە تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى جېنىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن، «بەزىلىرى سۇجۇ ئايمىقىغا بېسىپ كىرىشتى، بەزىلىرى جەنۇبقا قېچىپ تۇيغۇنلارنىڭ ئارىسىغا بېرىشنى» كۆزلىدى («كونا تاڭنامە. كۆكسۇن ۋۇدانىڭ تەرجىمىھالى»). يەنە بەزىلىرى ئېلىك قاغاننىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ جەنۇبقا بېرىپ تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. شەرقىي تۈرك خانلىقى گۇمران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. تاڭ تەيزۇڭ بۇ ياخشى ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈرك خانلىقىغا ئەجەللىك زەربە بېرىش نىيىتىگە كەلدى. 629 - يىلى 11 - ئايدا، يەنى جاڭ گوڭجىن كۆرسەتكەن تۈركلەر ھەققىدىكى ئالتە تۈرلۈك سەۋەبنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لەشكەرنى پىرقىنىڭ

دۇئانبېگى لى جىڭ، بىڭجو ئايمىقىنىڭ تۇتۇقبېگى لى-
شىجىلارنىڭ باشچىلىقىدا 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى
ئالتە تارامغا بۆلۈپ، تۈركلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئاتلان-
دۇردى. تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىدىن تولشاد قاغان ئىللىك قاغان-
نىڭ يېقىن ئادىمى كاڭ سۇمى قاتارلىقلاردىن تاڭ سۇلالىسى-
نىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ قەبىلى-
لىرىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. 630 - يىلى
(جېنگۇەننىڭ تۆتىنچى يىلى)، لى شىجىنىڭ قوشۇنلىرى ئىللىك
قاغاننىڭ قوشۇنلىرى بىلەن يىنجوڭدا ئۇچرىشىپ، بەيداۋ
(هازىرقى كۆكخوت شەھىرىنىڭ شىمالى) دا قاتتىق جەڭ
قىلدى. ئىللىك قاغان مەغلۇپ بولۇپ، شىمالغا قېچىپ
«قۇملۇقنىڭ ئىغىزى» (كۆكخوت شەھىرىنىڭ ئەتراپى بىلەن
چۆللۈكنىڭ ئۆزئارا تۇتىشىدىغان ئورنى) غا باردى.
بىراق، ئۇ سىرتاردۇشلاردىن قورققاچقا، شىمالغا قېچىپ كېتىشكە
جۈرئەت قىلالمىدى. لى جىڭ ئەسكەر باشلاپ هازىرقى كۆك-
خوتتا ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ چوغاي تېغىدا قاتتىق
مەغلۇپ قىلدى. 3 - ئايدا ئىللىك قاغان تۇيغۇنلارغا قاچماق-
چى بولغان بولسىمۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئۇشتۇم-
تۇت قوغلاپ كېلىپ ئىللىكنى تىرىك قولغا چۈشۈردى. شەرقىي
تۈرك خانلىقى يوقالدى.

شەرقىي تۈرك خانلىقى ئىنتايىن كەڭ زېمىن ۋە كۆپلى-
گەن ئاهالىلەرگە ئىگە بولۇۋالغان بولۇپ، سۇي، تاڭ سۇلالى-
سىنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلىنىپ
قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆكتەملىكىنى هەمدە سۇي، تاڭ سۇلالىسى-
نىڭ چېگرىلىرىغا يەتكۈزىدىغان زور خەۋپىنى هېچقانداق نەرسە
بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن تۇرا خەلقى-
نىڭ قوزغىلىڭى ئۇنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى دەرهال يىمىرىپ
تاشلىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى چۆللۈككە ئىچكىرىلەپ

كىرمەي تۇرۇپلا ئۇلارنىڭ قاغانىنى تىرىك تۇتۇپ، دۆلىتىنى يوقاتتى، بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبى، ئاساسلىقى شىمالدىكى سېرتاردۇشلار قاتارلىق تۈرا خەلقىنىڭ قوزغىلىشى، ئۇلارنىڭ كونا ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ تاشلاپ، تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ تايىنىدىغان قوراللىق كۈچىنى يوقاتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن قوغلاپ چىقاردى. قەدىمدىن بۇيان، شىمالدىكى كۆچمەن دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى شىمالنى ئۆزلىرىنىڭ ئارقا سېپى قىلاتتى. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا مەغلۇپ بولسا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا پاناھلىنىپ ئارام ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، پۇرسەت كۈتۈپ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقاتتى. تۈركلەرنىڭ شىمالنى قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن، بۇنداق ئارقا سەپتىن مەھرۇم بولۇپ قالدى، بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلارنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا يوقىتىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى. دېمەك، تۈرك خانلىقىنىڭ يوقىلىشىدا شىمالدىكى تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ قوزغىلىشى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى.

ئىزاھلار:

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر»نىڭ 164 - جىلدىدا، تۈمەننىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان ۋاقتى لياڭ يۈەندىنىڭ چېڭشېڭ تۈنجى يىلى (مىلادى 552 - يىلى) 1 - ئايدا دەپ قەيت قىلىنغان.

② چاۋ ئەنسى «غەربىي تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»دا: «ئۇيغۇرلار ئەسلى تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرى ... ئۇلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا تۈركلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى تازا ئېنىق يېكىتەلمىدىم» دېگەنىدى. بۇ ھەقتە سېن جۇڭمىيەن «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»دا: «تۈمەن تۈرالارنى،

مەغلۇپ قىلىپ 50 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىرگە ئالغان، «جۇنامە»دە بۇ ئىش داتوگنىڭ 12 - يىلى (مىلادى 546 - يىلى) بولغان دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. چاۋانىس ئەپەندى بۇ ۋاقىتنى ئەزەردىن ساقىت قىلغان» دەپ كۆرسەتكەن. چاۋانىس ئەپەندىنىڭ تەكشۈرمىگەن جايلىرى بولسىمۇ، لېكىن سېن جوڭمىيەن ئەپەندى، دېگەندەك داتوگنىڭ 12 - يىلى بويۇندۇرۇلغان تۇرالارنىڭ ئىچىدە شىمالدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇشى ناتايىن. ئۇيغۇرلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى سېلېنگا دەرياسىنىڭ بويىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. داتوگنىڭ 12 - يىلى جورجان خانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۈركلەرنىڭ تەسىر كۈچى تېخى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا يېتىپ كەلمىگەن تۇرسا، قانداقسىگە ئۇيغۇرلارنى ئەل قىلدۇرالىسۇن؟ سېن جوڭمىيەن ئەپەندىمۇ بۇ قاراشنى تەكشۈرمىگەندەك قىلىدۇ.

③ ماچاڭشۇ ئەپەندى «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئىستەمى — ئېفتالىتلارنى بويسۇندۇرۇشتا ئالدى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىن ئىلى ۋە تالاس دەريا ۋادىسىدىكى «ئاسىيولارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرى»دىن باشلاپ، ئاندىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ دەسلەپ ئابداللار (Abdel)نى مەغلۇپ قىلغان. ئىككىنچى قېتىمدا ئېفتالىتلارنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى 562 - يىلى ۋە «بۇ يىلدىن كېيىنكى ئىشلاردۇر.» ئۆزى ئىزاھ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىستەمىنىڭ ئابدال ۋە ئېفتالىتلارنى بويسۇندۇرغان ۋەقەسى ئەسلىدە مېناندېر يازغان «گرېك تارىخىنىڭ پراگمېنتلىرى»دا خاتىرىلەنگەن. فېلىك چىڭجۇن تەرجىمە قىلغان، چاۋانىس يازغان «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»دا نەقىل ئېلىنغان دەيدۇ. مېناندېرنىڭ كىتابىدا، تۈركلەرنىڭ ئابداللارنى بويسۇندۇرغانلىق

ۋەقەسى ئەلى دەسلەپتە تۈرك قاغانى (چاۋانىس تاردۇش قاغان دەپ ئاتالغان) نىڭ مىلادى 598 ـ يىلى شەرقىي رىم پادىشاھى Maurce غا يازغان خېتىدە خاتىرىلەنگەن، بىز كۆزگۈر خەتتە تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن يات مىللەتلەرگە يۈرگۈزگەن ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشلىرىدا، ئاۋۋال ئابداللارنى، كېيىن ئاۋارلارنى، ئەڭ ئاخىرىدا بارلىق ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇر-غانلىقى بايان قىلىنغان. مىساندىر ئابداللار (Abdel) نى «ئېفتالىتلار بولۇشى كېرەك» دەپ ئىزاھلىغان. چاۋانىس ئاب-داللارنى Ararice (ئاۋارلار، يەنى جورجانلار) لاردىن بۇرۇن مەغلۇپ قىلغان، ئېفتالىتلارنى بولسا ئاۋارلاردىن كېيىن مەغلۇپ قىلغان دەپ، Abdel ئېفتالىتلار بىلەن تاردۇش قاغانىنىڭ دۆلەت خېتىدە بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ تەرتىپىگە ماس كەلمەيدۇ. بەلكى تۇرالار بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. چاۋانىس بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويغان تۇرالار يەنى تۈمەن قاغان تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن بويسۇندۇرغان، جۇڭغارىيە ئويمان-لىقىدىكى 50 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق تۇرالار ئىدى. فىلىق چېڭجۈن Abdel دېگەن سۆزنى ئوقۇلۇشىدىن قارىغاندا، «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن ئېتىل دەرياسىنىڭ بويىغا تارقالغان «诃咥» (ئاتېتىز) يەنى ئاتېتىزلار بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. فىڭچېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «غەر-بىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ» 224 ـ بېتىدى-كى بىرىنچى ئىزاھاتىغا قارالسۇن. سىن جوڭمىيەن Abdel نى «ئېفتا-لىتلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى» دەپ قارايدۇ، «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» ئىككىنچى كىتاب 669 ـ بەتكە قارالسۇن، قىسقىسى مىساندىر Abdel نى ئېفتالىت دەپ قارىغان؛ چاۋانىس Abdel نى تۇرا دەپ قارىغان؛ فىڭچېڭجۈن Abdel نى ئاتې-تىز دەپ قارىغان؛ سىن جوڭمىيەن بولسا ئۇنداق قارىمىغان، بەلكى مىساندىرنىڭ قارىشىنى ئاساس قىلغان. بۇلارغا ئاساسلانغاندا،

تاردۇشنىلىق دۆلەت خىزمىتىدە تىلغا ئېلىنغان Abdel نىڭ قايسى مىللەت، قايسى قەبىلە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تولۇق قاراشلارنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

④ ⑤ چاۋانىس يازغان، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «غەربىي تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دىن نەقىل كەلتۈرۈلدى، 221 ـ، 206 ـ بەتلەر.

⑥ ⑦ «غەربىي تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» 222 ـ 225 ـ بەتكە قارالسۇن.

⑧ سېن جوڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» ئىككىنچى قىسىم، 959 ـ بەت.

⑨ دىڭ چيەن: «سۈينامە يات قوۋملار تەزكىرىسىدىكى جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش» دا: «مىڭچىن تۇرغۇيۇش، قىرغىز (纥结斯)» لارنىمۇ تىلغا ئالغان. «سۈينامە. تۈرالار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، بۇلار تۈرا قەبىلىسىنىڭ نامىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم قەبىلىلەرنىڭ نامىرى «سۈينامە» نىڭ ئەسلى خاتىرىلىرىدە كۆرۈلمىسىمۇ، باشقا كىتابلاردىن پايدىلىنىپ ئىزاھلاشقا بولمىغاچقا ئوقۇملۇق ئەمەس. نۆۋەتتە دۆلەت ئىچىدە تىنىش بەلگىسى قويۇلمىغان ئىلگىرىدىن يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن دىڭ چيەننىڭ كىتابىدىن سىرت يەنە سېن جوڭمىيەننىڭ «سۈينامە. تۈرالار ھەققىدە قىسسە گە ئىزاھ» («تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ ئىككىنچى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن)، ماچاڭشۇنىڭ «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى تۈزگەن تىنىش بەلگىسى قويۇلغان «سۈينامە» قاتارلىقلار بار بولۇپ، ھەر قايسىسىنىڭ تىنىش بەلگىسىنى قويۇش ئەھۋالى پۈتۈنلەي بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بۇ يەردە جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى تۈزگەن، تىنىش بەلگىسى قويۇلغان «سۈينامە» دىكى تىنىش بەلگىسى قويۇش ئۇسۇلى قوبۇل قىلىنىدى.

⑩ سېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار تۈپ-
لىمى» دا «تۈرالارنىڭ توققۇز جەمەتى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەس-
لەپكىدىلا مەۋجۇت ئىدى، «توققۇز جەمەت» دېگەن بۇ نام جىن-
گۈەننىڭ تۆتىنچى يىلى خاتىرىلىنىشكە باشلىغان. «كونا تاڭنامە.
لى جىنىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ. «كونا تاڭنامە. تۈرالار ھەق-
قىدە قىسسە» دە ئۇيغۇر قاتارلىق ئالتە قەبىلە ئۆتۈكەن تېغىغا
جايلاشقان بولۇپ، شەرقتىكى شىبى قاغانىغا تەۋە ئىدى، كېيىن
سىرتاردۇشلار كۈللەنگەندە ئۇيغۇر، بايىرقۇ، ئادىز، تۇڭرا، ئاقشىد
قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا تەۋە بولدى دېيىلگەن. «تاڭنامە.
سىرتاردۇشلار ھەققىدە قىسسە» دە بۇلارنى شىبى قاغانغا قاراشلىق
ئالتە قەبىلە دەپ قارىغان، بۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇ. تۈرالارنىڭ
قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرى ئۇيغۇر، بايىرقۇ، تۇڭرا، 11
بازغۇت، تۆلەنفۇت، ئىزگىل، ئاتېمىز، چۇبەي، قۇمۇق، قۇن،
قوشۇرلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاقشىدلار يوق، ئۇنىڭدا 13
ئايماقمۇ بار. ھالبۇكى، سانى توققۇزدىن ئېشىپ كەتكەن، ئومۇ-
مەن تېلىلارنىڭ توققۇز قەبىلىسى ئۇنىڭ ئىچىدە كۆرسىتىلگەن،
قايسىسىنىڭ توغرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر
ئەمەلىي بىر نەرسە دېمىگەن. ھازىر ئۇلارنى ئېنىق ئايرىپ
چىقىش تەس. «ئادالەتلىك ئۇلۇغ دۇنيا خاتىرىسى» دا كۆرسى-
تىلگەن توققۇز جەمەت «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»
دە سەككىز ياكى توققۇز دەپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئاخىرقى
دىكى ئىككىسىنىڭ نامى ئابۇس بىلەن ئاۋارىس ئىدى. «تاڭ
سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دە يەنە «بۇ ئىككى جەمەت
تيەنباۋ يىللىرىدىن كېيىن يەرتە جەمەت بىلەن بىرگە تىلغا ئې-
لىنىشقا باشلىدى، ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكىدىكى توققۇز
جەمەتلىك ئىچىدە ئەمەس» دېيىلگەن.
⑪ فېڭ چېڭجۈن تۈزگەن، لو جۇنلىڭ تولۇقلىغان «غەربىي

يۈزلىنىگى يەر - جاي ناملىرى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى
1980 - يىللىق تولۇقلانغان ئىككىنچى نەشرى 43 - بەتكە قارالسۇن.

⑫ «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا - ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە»
3 - جىلد.

⑬ دېڭ چيەن «سۇينامە. يات قوۋملار تەزكىرىسىدىكى جۇغ-
راپىيىلىك مەلۇماتلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش».

«كىتابلار جەۋھىرى» 996 - جىلدتا مۇنداق دېيىلگەن:
«ۋەزىرلەرنىڭ تەكشۈرۈشچە: خاندانلىقلارنىڭ تارىخنامىلىرىدە
تىلغا ئېلىنغان تۇرالارنىڭ ئومۇمىي سانى مۇنداق كۆرسىتىلگەن:
ئۆزىرغولنىڭ غەربىي، كىنگىتىنىڭ شىمالىدىكى ئاقتاغنىڭ ئەتراپىدا
چۇبە، ئوغۇز، خاككاس قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىكى چۇبە (契苾)
يەنى 乌纥 (چۇبە) دەپ، ئوغۇز (乌护) يەنى 契秘 (ئۇي-
غۇر) دەپ ۋە كېيىن 回鹘 (ئۇيغۇر) دەپ ئاتالغان» «ۋە-
زىرلەرنىڭ تەكشۈرۈشچە» دېگەن سۆزدىن كېيىنكىلىرى، تاڭ سۇلا-
لىسىنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ مەكتۇپلىرىدىكى سۆزلەر بولۇپ، بۇنىڭدىن
ئوغۇز (乌护) لارنىڭ يەنى ئۇيغۇر (乌纥) ۋە 回鹘 (ئۇي-
غۇر) لار ئىكەنلىكىنى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇلاردا تارىخچى-
لىرى تەرىپىدىن پەرقلەندۈرۈلۈپ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ.

⑭ «جاڭ شۇجى ئەسەرلىرى توپلىمى» 66 - جىلد، بۇ
ۋەقە «كونا تاڭنامە. ۋاڭ فاڭيىنىڭ تەرجىمىھالى» دا خاتىرىلەن-
گەن. «يېڭى تاڭنامە. ۋاڭ فاڭيىنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق
دېيىلگەن: «يەنمىيەنلەرنىڭ ئۈچ قەبىلىسىنىڭ 100 مىڭ ئەسكىرى
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يېتىپ كەلدى، ۋاڭ فاڭيى ئىسسىقكۆل
بويىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ ئۇرۇش قىلدى. ...... يەنى ئاتلىق
قوشۇنلارنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، يەنمىيەنلەرگە ھۇجۇم قىلدى،
ئۇلار دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى يوللارغا
بۆلۈپ يەنمىيەنلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، ھەممىسى تارمار

بولدى، ئۇيغۇر (乌鹘) ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قېچىپ كەتتى». ۋاڭ فاڭيى بىلەن ئورۇش قىلغانلار غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۈچ قەبىلىسىدىكى يەنمىيەنلەر بولۇپ، ئۇيغۇر (乌鹘) مىللەت نامى ئەمەس. يەنمىيەنلەرنىڭ ھەربىي قوماندانىدەك قىلىدۇ. «جاڭشۈجى ئەسەرلىرى توپلىمى» دا باشقىچە يېزىلغان.

⑮ ئاقتاغدىكى تۈرا قەبىلىلىرىدىن چۈبە قەبىلىسىدىن باشقىلىرى ئۈستىدە توختالماسلىقىمىزدىكى سەۋەب. تارىخىي كىتابلاردا ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئىزدەپ تېپىشقا بولمايدۇ. مەن قەبىلىلەر ئارا قوشۇۋېلىشنى بولۇپمۇ، كىچىكرەك تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ چوڭراق تۈرا قەبىلىلىرىگە قوشۇلۇپ كېتىشىنى، بەلكىم بىر مۇھىم سەۋەب دەپ قارايمەن. چۈبەلەر ئاقتاغدىكى تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ قەبىلىلەردىن بىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى چۈبە غالىبى ئۆزۈش باغا قاغانلىققا سايلانغان. شىمالدىكى يايلاق كۆچمەنلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ باتۇرلۇق ناملىرى كۆپىنچە، جەمەت ئادەتلىرى بويىچە ئاتىلاتتى، چۈبە ـ سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدە ئاقتاغدىكى تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى، چۈبە قەبىلىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇشى، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ ناملىرىنى چۈبەگە ئۆزگەرتكەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى دەل چۈبە ـ سىرتاردۇش خانلىقىدىن كېيىن، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى تارىختىن يوقالغان. تارىخلاردا پەقەت چۈبەنىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

⑯ دىڭچيەن «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇر قاتارلىق ئەللەرنىڭ قىسسەلىرىدە خاتىرىلەنگەن جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش».

⑰ سېن جوڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار تىزىپ لىمى» 2 ـ قىسىم 872 ـ بەت.

⑱ ل. پوتاپوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى): «جەنۇبىي ئالتايلىقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ئۇچېرك». (جۇڭگو ئىجتىمائىي

پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان، «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر توپلىمى»غا بېسىلغان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى جەنۇبىي ئالتايلىقلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغان مىللەت نامى ‹تۇرا› — تۆلۆس ۋە قىپچاق، جەنۇبىي ئالتايلىقلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ مىللەت نامىنىڭ ھەممىسى ‹تۇرا› (铁勒) دېگەن ئىككى خەتنى ئاساس قىلغان. مەسىلەن، تېلەڭگىت، تۆلۆس، تۆلەڭگۇت قاتارلىقلار». بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى ئالتايلىقلارنىڭ سۇيى، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تۇرالار بىلەن مەلۇم ئېتنىكلىق مۇناسىۋىتى بار. سىرتاردۇشلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپتە شىمالغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئالتاي رايونىدا يەنىلا ئورغۇنلىغان تۇرالار قېپقالغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار ئېھتىمال ھازىرقى تۇرا نامىنى مىللەت نامى قىلغان جەنۇبىي ئالتايلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى بولۇشى مۇمكىن.

⑲ فېڭ چېڭجۈن تۈزگەن، لوجۇنلىڭ تولۇقلاپ تۈزەتكەن «غەربىي يۇرتتىكى يەر - جاي ناملىرى» 26 - بەت.

⑳ دىڭ چيەن: «شۈيىنامە. يات قوۋملار تەزكىرىسىدىكى جۇغراپىيەلىك مەلۇماتلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش».

㉑ ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۇلۇك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». خەلق نەشرىياتى 1957 - يىلى نەشرى، 157 - بەت.

㉒ ئوناگاۋا خېدىمى (ياپونىيە): «تۇرالار توغرىسىدا مۇھاكىمە».

㉓ ۋ. تومسون شىنجاڭدىنىڭ تېپىشى دەپ قارايدۇ، ۋ. تومسون يازغان، خەن رولىن تەرجىمە قىلغان «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارغا مۇقەددىمە»، «يۇيېگولىن يېرىم ئايلىق مەجمۇئەسى» VII توم 1، 2، 3 - بىرلەشمە سانلىرى.

㉔ شېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار

توپلىمى» 2 ــ قىسىم 882 ــ بەت.

㉕ ماچاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» 26 ــ بەت.

㉖ سېن جوڭمىيەن «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى «دايې يىللىرىدا چۇلۇق قاغان تۇرا قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال ــ مۈلكىنى بۇلاپ ــ تالىدى. ئۇلارغا ئاداۋەت ساقلاپ، قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن نەچچە يۈز كىشىنى يىغىپ، ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يەنى بارغۇت، توڭرا، بايىرقۇ، بۇلاغلار بىراقلا قوزغىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئىركىن دەپ ئاتىدى» دېگەنگە ئىزاھ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا «تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدا بارغۇت، توڭرا، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، بۇلاغ قاتارلىق قەبىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى ئىركىن ئىدى» دېگىنى ئەزەلدىنلا ئۇلار ئىركىن دەپ ئاتالغان دېگەنلىك بولۇپ، بۇ قىسسەدىكى باياندا ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن ئاندىن ئىركىن دەپ ئاتالغان دېيىلىپ بۇرۇنقى تارىخلاردىكى ئەسلى مەتىنىنى يوقىتىپ قويغان» «سۈينامە تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دىكى «نامى ئىركىن ئىدى» دېگەنىنىڭ ھەقىقەتەن ئېنىقسىز يېرى بار. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، «كونا تاڭنامە. جاڭ گۇڭجېننىڭ تەرجىمىھالى»، «يېڭى تاڭنامە» لەردىكى «ئۆزلىرىنى ئىركىن دەپ ئاتىدى» دېگەنلەر ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» نى ئىسپاتلاش رولىغا ئىگە. ماچاڭشۇ «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» دا مۇنداق دەيدۇ: «شىبى، چۇلۇق، ئىللىكتىن ئىبارەت ئۈچ قاغاننىڭ دەۋرى (609 ــ 630 ــ يىللار) دا شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا روشەنكى، ئىلگىرىكى خانلىقلار-نىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان بىر قانچە ئالاھىدە پەرقلىق تەرەپلەر بار ئىدى. ئىككىنچىدىن، سىياسىي تەشكىل جەھەتلەردىكى ئىسپا-دىسى شۇكى، غەيرىي تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىدىنمۇ ئىركىن، ئىلتەبەر دېگەن ئەمەل ناملىرىغا ئېرىشكەنىدى. مەسىلەن، 605 ــ يىلدىن بۇيان تۇرا دەرياسى ۋادىسىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قەبىلە

ئاقساقاللىرى ئېركىن دەپ ئاتالغاندىن سىرت، يەنە ئېلتەبىر دەپمۇ ئاتالغانىدى»، ماچاكشۇ ئەپەندى بۇنى تۈرك ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ، يەنى «تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۈرالارنىڭ ئارىسىدىكى بەگلەرنى كۆپەيتكەن» لىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ. ماچاكشۇ ئەپەندىنىڭ بۇ مۇلاھىزىسى بىلەن ئۇ ئۆزى (مەزكۇر كىتابنىڭ 40 - بېتىگە قاراڭ) نەقىل ئالغان ماتېرىياللار زىت كېلىپ قالىدۇ، چۈنكى ئۆزى نەقىل ئالغان ماتېرىياللاردىن باشقا «سۈينامە. تۈرالار ھەققىدە قىسسە» دىكى «نامى ئېركىن» دېگەندە تېخىمۇ ئېنىق بولمايلا قالماي، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىدە چۈشىنىشلىك ھالدا بىزگە تېلىلارنىڭ «ئېركىن»، «ئېلتەبىر» دېگەن ناملىرىنىڭ ئۇلارنىڭ تۈركلەرگە قارشى كۆرەش جەريانىدا ئۆزلىرىگە بەرگەن نام ئىكەنلىكىنى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن تەيىنلەنمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنىداق يەكۈن چىقىرىشقا بولمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپى، يەنى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى تۈرالارنىڭ ئارىسىدىكى بەگلەرنى كۆپەيتكەنىدى.

㉗ مىلادى 581 - يىلىدىكى خانلىق تەختكە قارشىلىق قىلىش ماجىراسى تۈرك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈشنى روشەنلەشتۈرۈۋەتكەن. ئەمما دەرھاللا جىددىي بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارمىغان. تۈرك خانلىقىنىڭ رەسمىي غەرب، شەرق ئىككىگە بۆلۈنگەن ۋاقتى، مىلادى 583 - يىلى (كەيخۇاڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) بولۇپ نىۋار (شىتۇ) ئاپانىڭ شىمالىدىكى ئوردىغا ھۇجۇم قىلىپ ئاپا قاغانىنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، تاردۇش قوشۇنلىرى بىلەن ئاپا قاغانىنىڭ زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ياردەملەشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى گۇرۇھنىڭ ئەسكەرلىرى داۋاملىق توقۇنۇشۇپ بىرەر كۈنمۇ تىنچ ئۆتمىگەن.

㉘ بارغۇت، توڭرا قەبىلىلىرىنىڭ شىمالىدا كۆتۈرگەن «ئىسيانلىرى» ھەققىدە دەسلەپتە «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە

قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، سۈي ۋېندىنىڭ يارلىقىدا توغرا (乐纥罗) لار «東纥罗» (توغرا) دەپ يېزىلغان، بۇ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىكىسىدىن پەرق قىلىندۇ. «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە: «پەغبۇر (سۈي ۋېندى) قاتتىق غەزەپلىنىپ، يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى: ......... ئىشبارا جۇپەنگە يورۇش قىلىپتۇ، ئۇنىڭ قوۋملىرىنىڭ ئىچىدىكى بارغۇت، توغرالار، ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ» دېيىلگەن. ئىشبارا جۇپەنگە كەيخۇاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 582 - يىلى) ئېيسىپ كىرگەن، سۈي ۋېندى كەيخۇاڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى يارلىق چۈشۈرگەنىدى. «سۈينامە. جاڭسۇنشېڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «كەيخۇاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى، نۇۋار (ئىشبارا) 400 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن لەنجۇغا باستۇرۇپ كىرىپ، جۇپەندە داشى چاڭرۇيىنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ داۋاملىق جەنۇبقا ئېيسىپ كىرمەكچى بولغان،... دەل بۇ ۋاقىتتا جاڭسۇنشېڭ زامخانغا دەپ يالغاندىن ئىشبارىغا «تۇرا قاتارلىقلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئوردىغا ھۇجۇم قىلىماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى، ئىشبارا قورقۇپ كېتىپ، دەرھال ئەسكەرلىرىنى سەددىچىندىن قايتۇرۇپ كەتتى» بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە دېيىلگەن بارغۇت، توغرالارنىڭ «ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغان» لىقى بىلەن «جاڭسۇنشېڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى تۇرا قاتارلىقلار ئىسيان كۆتۈرمەكچى» دېگىنى ئەمەلىيەتتە بىر ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىمالدىكى تۇرالارنىڭ تارىخىدا «薄孤»، «東纥罗» قەبىلىلىرى يوق. بۇ ئىككى قەبىلە بارغۇت (仆骨)، توغرا (同罗) نىڭ خاتا يېزىلىپ قېلىنىشى بولسا كېرەك. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، «東纥罗» (توغرا) لار «东纥罗» (توغرا) دەپ يېزىلىشى كېرەك ئىدى.

㉙ «جاڭ سۈگشىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى «تۈرا قاتارلىقلار
ئىشىيان كۆتۈرۈپ، ئۇردىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېگەن
سۆزى «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن
سۇي ۋېيدىنىڭ يارلىقىدىكى «تۈرا قاتارلىقلار ئىسيان كۆتۈرمەكچى»
دېگەن سۆز بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر ۋەقە بولۇپ،
يالغان بولماسلىقى كېرەك؛ ئېھتىمال «ئۇردىغا ھۇجۇم قىلماقچى
بولۇۋاتىدۇ» دېگەن سۆزلەر يالغان بولۇشى مۇمكىن. «جاڭ سۈگشىڭ
نىڭ تەرجىمىھالى» دىكى ئىككى جۈملە سۆزگە «يالغان» دېگەن
سۆز كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، باشقىلار خاتا ھالدا «تۈرا قاتار
لىقلار ئىسيان كۆتۈرمەكچى» دېگەن سۆزنىمۇ يالغان دەپ چۈشىنى
ۋېلىپ قالغان.

㉚ سېن جوڭمىيەن «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» گە
ئىزاھ» («تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 2 -
قىسمىغا بېسىلغان) دا «سۇينامە. جاڭ سۈگشىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا
«斜薛» (قوشۇر) خاتا يېزىلىپ قالغان، «شىمالىي سۇلالىلەر
تارىخى» نىڭ 22 - جىلدى بىلەن «سۇينامە. تۈركلەر ھەققىدە
قىسسە» دە «斛薛» (قوشۇر) دەپ يېزىلغان. 斜薛
بىلەن 斛薛 نىڭ قەدىمكى شەكلىدە ھېچقانداق پەرق
يوق» دەيدۇ. بۇ ھەققىدە سېن جوڭمىيەن ئەپەندى «يەنە
بۇللاغ (覆罗) نىڭ باشقىچە تەرجىمىسى» دەپ قارايدۇ. يەنە
چاۋالىسمۇ «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دا
مۇنداق دەيدۇ: «بۇيايان («سۇينامە. جاڭ سۈگشىڭنىڭ تەرجىمىھالى»
دا كۆرسىتىلىدۇ) دېگەن قوشۇر (斜薛) بىلەن ئاپا (阿跋)،
«يېڭى تاڭنامە» دىكى قوشۇر (角薛) لار بىلەن ئاتىز (阿跌)
لار بولۇشى كېرەك. بۇلار (伏利具) لەرنىڭ قايسى ئۇرۇقىغا
تەۋە ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي دەلىللەشكە بولمايدۇ». بۇ يەردە
سېن جوڭمىيەن ئەپەندى بىلەن چاۋانسىنىڭ كۆز قارىشى نەقىل
قىلىندى.

㉛ بۇ پاشتىكى ۋە ئاخىرىدىكى نەقىللەردىن قارىغاندا ئىللى قاغاننىڭ قىرىمقىدىكى يابغۇ بولۇشى كېرەك. بەزىلەر تاردۇش قاغاننىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولغان، تۇن يابغۇ دەپ قارايدۇ. بەلكىم بۇ خاتا بولسا كېرەك.

㉜ ماچاڭشۇ «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى»دا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ۋاقىتتا ئىللى قاغان تۇرا قەبىلىلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان قاغان نىزوك قارا قاغان»، ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «605 ـ يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ چۇلۇق قاغان (يەنى نىزوك قارا قاغاننى كۆرسىتىدۇ) نى ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ بېرىلىپ تۇرالارغا ھۇجۇم قىلغان»، ئىللى قاغان تۇرالارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەندەك قىلىدۇ. «سۈينامە. غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نى تەكشۈرسەك «تالاچ چۇلۇق تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇلغاندىن كېيىن ياڭسۇ تېكىننىڭ ئوغلىنى تەختكە چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئېلىگە ئىللى قاغان قىلغان، ئۇ ئۆلگەندە، ئوغلى تارمان تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى نىزوك قارا قاغان دەپ ئاتىغان» بۇ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىكىسى بىلەن ئوخشايدۇ. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىكىسىدىن ئازراق پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭدا «تاردۇش قاغان قاچقاندا، ئىللى قاغان مەغلۇپ بولۇپ ئۆلدى. ئوغلى تارمان تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى نىزوك قارا قاغان دەپ ئاتىدى» دېيىلگەن. چىياۋانىس «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» بىلەن سېن جوڭمىيەننىڭ «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارغا تولۇقلىما ۋە تۈزىتىش» تە «سۈينامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىكى بايانلارغا ھۆرمەت قىلغان بولسىمۇ، ئىللى قاغاننىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى تىلغا ئالمىغان. ماچاڭشۇ ئەپەندىنىڭ نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دېگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

㉝ قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغۇر قەبىلىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ

ھەربىگە كۆچكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى ئاپۇرغۇر بىلەن چوڭچى «ئىككىسى ھەمكارلىشىپ قەبىلىلەرنى بۆلۈپ ئىدارە قىلغان، ئاپۇرغۇر شىمالدا، چوڭچى جەنۇبتا تۇرغان.» ئاپۇرغۇر «ئۆزىنى كۆل بىلگە دەپ ئاتىغان، ۋېي خانلىقىدىكىلەر ئۇلۇغ تەگرىقۇت دەپ ئاتىغان، چوڭچى ئۆزىنى كۆدبەگ دەپ ئاتىغان. ۋېي خانلىقىدىكىلەر نائىب دەپ ئاتىغان» («ۋېينامە. قاڭقىلار ھەققىدە قىسسە») چۈبەلەر بىلەن سىرتاردۇشلارنىڭ قوزغىلىڭى مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ قەبىلىلەرنى بۆلۈپ ئىدارە قىلغان. چۈبەلەر جەنۇبقا ئورۇنلاشقان. ئۇلارنىڭ ئاقسا-قىلى «ئۇلۇغ قاغان» دەپ ئاتالغان. سىرتاردۇشلار جەنۇبقا ئورۇنلاشقان. ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى «كىچىك قاغان» دەپ ئاتالغان. چۈبە ـ سىرتاردۇش خانلىقىمۇ خۇددى قاڭقىل دۆلىتىگە ئوخشاش ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى تەشكىل بولۇپ، سىنىپىي مەنىدىكى دۆلەت ئەمەس ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىك-كىسىنىڭ ئوخشاشلىق تەرەپلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(94) دايىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قىيجۈي تەرىپىدىن تاما-لانغان «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن خاتىرىلەر» دە دۇنخۇاڭدىن غەربىي كۆلگە بارىدىغان ئۈچ يول بار دېيىلگەن: شىمالىي يول ئىۋۇرغولدىن، ئوتتۇرا يول قوچۇدىن، جەنۇبىي يول پىشامشاندىن باشلىنىدۇ، «ئىۋۇرغول، قوچۇ، پىشامشان غەر-بىي يۇرتنىڭ دەرۋازىسى ھېسابلىنىدۇ». ئىۋۇرغولدا تۇدۇن شاد بار. ماچاڭشۇ «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» دا: چۈبە قەبىلىسى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان دەپ كۆرسەتكەن. ئىۋۇرغولدىكى تۇدۇننىڭ تۈركلەر ياكى تۇرالار تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقى توغرىسىدا، تارىخلاردا ئېنىق بىر نەرسە يوق. خۇسەنشىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 181 ـ جىلدىدا سۈي ياڭدىنىڭ دايى بەشىنچى يىلىدىكى يارلىقىغا ئىزاھ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «تۇدۇن شاد

تۈركلەر تەرىپىدىن قويۇلغان بولۇپ، ئېھۋۇرغولنى ساقلايتتى.

㉟ چاۋانىس «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» 20 - بەت.

㊱ «سۈينامە. پەن زىننىڭ تەرجىمھالى» غا ئاساسلانغاندا، ئىنزۇك قارا قاغان دايىنىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادى 610 - يىلى) «سۈي سۇلالىسىگە كېلىپ ئەل بولغان»، يەنە «سۈينامە. ياگدى ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسلانغاندا، ئۇ دايىنىڭ يەتتىنچى يىلى (مىلادى 611 - يىلى) ئوردىغا كېلىپ ياگدى بىلەن كۆرۈشكەنىدى، ئىنزۇك قارا قاغاننىڭ سۈي سۇلالىسىگە ئەل بولغانلىق ھەققىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى، قاملاشمىغان ماقالەم «غەربىي تۈركلەر ۋە غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى تارىخىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا» دىن كۆرۈڭ. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 - يىللىق 3 - سان.

㊲ «كونا تاڭنامە. ئاشناشېرنىڭ تەرجىمھالى» دا: چۈلاۋكىنىڭ شىمالىدىكى سىرتاردۇشلار، ئۇيغۇرلار قوزغىلىڭى ۋۇدېنىڭ توققۇزىنچى يىلى (مىلادى 626 - يىلى) يۈز بەرگەن دېيىلگەن؛ «يېڭى تاڭنامە. ئاشناشېرنىڭ تەرجىمھالى»، «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» قاتارلىق كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى جېنگۇەننىڭ توققۇزىنچى يىلى (مىلادى 627 - يىلى) يۈز بەرگەن دېيىلگەن. بۇ يەردە «يېڭى تاڭنامە» قاتارلىقلاردىكىلەرنى ئاساس قىلىندى.

㊳ ئۆتۈكەن تېغىنىڭ يەنە بىر نامى تەڭرى تېغى دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدە سېن جوڭمىيەننىڭ «تاشقى موڭغۇلدىكى ئۆتۈكەن تېغى ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىغا قارالسۇن، «تارىخ، تىل، تەتقىقات يۇرتىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى» 8 - توم 3 - قىسمىغا بېسىلغان.

يەنە دە (39) «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە: جىڭگۇەنىڭ تۇنجى يىلى ئېلىك «قوشۇنلىرىمىز نىڭ قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، بۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، سۇجۇ ئايمىقىغا باستۇرۇپ كىرىشىدىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ شىكار قىلىدىغانلىقىنى پەش قىلغان، ئەمەلىيەتتە ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلانغانىدى» دېيىلگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ئېلىكنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرىشى ئاساسلىق تۇراپ قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئېلىك قاغان يۇقۇق شادنى ئەۋەتكەن، تۇتۇقشاد ھەم تولشاد قوشۇن باشلاپ يۇرۇش قىلىپ چېقىپ كەتكەن بولغاچقا، ئېلىك ئۆزىنى قوغداپ قالالمىغان ئەھۋالدا، قانداقلارچە جەنۇبقا قوشۇن باشلاپ بېرىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى توسىيالىسۇن؟

يەنە (40) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي يۈرنەك» دە يانۇن جىڭگۇەنىڭ تۇنجى يىلى شەرققە كۆچكەن دېيىلگەن؛ سىماگۇاڭ «غەربىي ئىشلار» دا توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «كونا تاڭنامە. تۈرالار ھەققىدە قىسسە» دە «جىڭگۇەنىڭ ئىككىنچى يىلى يابغۇ قاغان ئۆلدى، ئۇنىڭ ئېلى قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، يانۇن ئېلىك قاغانغا بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى» دېيىلگەن. «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، جىڭگۇەنىڭ تۇنجى يىلى سىرتاردۇشلار ئېلىك قاغانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، يۇقۇق شادنى مەغلۇپ قىلغانىدى. «ئۇنداقتا، قانداق قىلىپ ئىككىنچى يىلى ئېلىك قاغانغا بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسۇن!» سىرتاردۇشلار سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقانىدى؛ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى يىلىنىڭ باشلىرى (618 ـ يىلى) دا، سىرتاردۇشلار، ئالاندىن شىمالدا پەيدا بولغان. «قانۇنلار قامۇسى. سىرتاردۇشلار» دا دېيىلىشىچە ئۇلارنىڭ «قەبىلىلىرى بۆلۈنۈپ كەتكەن»: شەرقىي قىسمى «شىبى قاغانغا تەۋە»، غەربىي قىسمى «يابغۇغا تەۋە» ئىدى؛

روشەنلىكى، بۇ قەبىلە سۈيى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئالتە
يۇرۇن ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاشقانىدى. «يېڭى تاڭنامە. تۈرك
لەر ھەققىدە قىسسەنىڭ بىرىنچىسى»دە «ئېلىك ئەختەكە چىققاندا
ئىككىنچى ئىنىسىنى تاردۇشلارغا شاد قىلدى» دېيىلگەن. ئېلىك
ۋۇدېنىڭ ئۈتىنچى يىلى (621 ـ يىلى) ئەختەكە چىققانىدى. بۇ
تاردۇش شاد باشقۇرغان سىرتاردۇشلار، شۈبھىسىزكى، شىمالدىكى
سىرتاردۇشلار ئىدى. ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يانتون
نىڭ باشقۇرۇشىدىكى سىرتاردۇشلار يەنىلا غەربىي تۈرك خانلىقى
نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغانىدى. سىما گۇاڭ سىرتاردۇشلارنىڭ
سۈيى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىلا
«بۆلۈنۈپ كەتكەن»لىكىنى چۈشەنمەي، مۇشۇنداق گۇماندا بولغان
بولۇشى مۇمكىن. تونيابغۇ قاغاننىڭ ئۆلگەن يىلى توغرىسىدىمۇ
ئىككى خىل قاراش بار. بىرى جېنگۇەننىڭ تۇنجى يىلى بولۇپ،
«كىتابلار جەۋھىرى»نىڭ 924 ـ جىلدىدا خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭدا
مۇنداق دېيىلگەن: «تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن تۇنجى يىلى تونيابغۇ
تاغىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا
ھازا تۇتتى. ئۇنىڭ ئەزىز ـ چىراغ ئىشلىرىغا ئاتاپ يىپەك
بۇيۇملارنى ئەۋەتىشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئېلىدە قالايمىقانچىلىق
يۈز بەرگەچكە، بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىدى». يەنە بىرى، «يېڭى
تاڭنامە. سىرتاردۇشلار ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرىلەنگەن بولۇپ،
ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «جېنگۇەننىڭ ئىككىنچى يىلى تونيابغۇ
قاغان ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ئېلىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى؛
ئىشباراننىڭ نەۋرىسى يانتون 70 مىڭ ئۆيلۈك ئادىمىنى باشلاپ،
ئېلىك قاغانغا ئەل بولدى. كېيىن تۈركلەر زەئىپلەشكەندە،
يانتون ئېلىك قاغانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى».
ئىككى خىل قاراشقا ئائىت باياندىكى مەزمۇنلارنى ئومۇملاشتۇر-
ساق، تونيابغۇ قاغان جېنگۇەننىڭ تۇنجى يىلى ئۆلگەنىدى.
«سىرتاردۇشلار ھەققىدە قىسسە» دە دېيىلگەن «جېنگۇەننىڭ ئىك-

كىنچى يىلى» تونيابغۇ قاغان ئۆلگەندىن كېيىنكى غەربىي تۈرك-
لەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قالايمىقانچىلىق بىلەن يائۇن قەبىلى-
لىرىنى باشلاپ شەرققە قايتقان يىلى ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسلان-
غاندا، شىمالدىكى سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ جېنگۇەننىڭ تۇنجى
يىلىدىكى قوزغىلىڭى بىلەن جېنگۇەننىڭ ئىككىنچى يىلىدىكى
ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ
جېنگۇەننىڭ ئىككىنچى يىلىدىكى شەرققە قايتىشىنى ئارىلاشتۇرۇپ
سۆزلىگىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. چاۋانىس «غەربىي تۈركلەرنىڭ
تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دا مۇنداق دەيدۇ: «يېڭى تاڭنامە.
سىرتاردۇشلار ھەققىدە قىسسە» دە دېيىلگەن تونيابغۇ ئۆلگەن جېن-
گۇەننىڭ ئىككىنچى يىلى بىلەن «مېھىر ـ شەپقەتلىك بۇددا ئىبا-
دەتخانىسى تەزكىرىسى» نىڭ 2 ـ جىلدىدا خاتىرىلەنگەن شۇەن-
زاڭنىڭ 630 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا تونيابغۇ قاغان بىلەن كۆرۈش-
كەنلىكى ھەققىدىكى قاراشقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا يابغۇ قاغان
پەقەت 630 ـ يىلىدىلا ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن». چاۋانىس
ئاساسلانغان «مېھىر ـ شەپقەتلىك بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ تەزكى-
رىسى» دە شۇەنزاڭنىڭ جېنگۇەننىڭ تۆتىنچى يىلى مىلادى (630 ـ
يىلى) تونيابغۇ بىلەن كۆرۈشكەن دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن ئەمەس،
ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇەنزاڭنىڭ جېنگۇەننىڭ تۇنجى يىلى ياكى
ئۈچىنچى يىلى چاڭئەندىن يولغا چىققانلىقى ھەققىدىمۇ
مۇقىم قاراش يوق. شۇڭا چاۋانىسنىڭ قارىشىدىن گۇمانلىنىشقا
بولىدۇ.

# XII باب سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ باش - ئاخىرى

**(مىلادى 629 - يىلدىن — 646 - يىلغىچە)**

سىرتاردۇش خانلىقى ئالدىنقى تۈرك خانلىقىنىڭ خارابىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان تۇرالار دۆلىتى ئىدى. دىڭلىڭ، قاڭقىللار تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەندىن تارتىپ، تۇرالارنىڭ ئەجدادلىرى 16 پادىشاھلىق مەزگىلىدە بۈيۈك ۋېي دۆلىتىنى قۇرغان. شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدە قاڭقىل دۆلىتىنى قۇرغان. سۇي سۇلالىسىنىڭ دايى يىللىرىدا چۇبە - سىرتاردۇش خانلىقىنى قۇرغان. بىراق، مەيلى بۈيۈك ۋېي دۆلىتى بولسۇن، قاڭقىللار دۆلىتى بولسۇن ياكى چۇبە - سىرتاردۇشلار خانلىقى بولسۇن، ھەممىسى پەقەت تۇرالارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىر قىسىم قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسىم تۇرا ئەجدادلىرىنىڭ قەبىلىلىرى بۇ دۆلەتنىڭ تەركىبىگە قاتناشمىغان. سىرتاردۇشلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى تۇرالار تارىخىدا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئۆزگىرىشلەرنى نامايان قىلغان، يەنى ئەينى دەۋردىكى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن بارلىق تۇرا قەبىلىلىرى① «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، جەمئىي 15 قەبىلە «1 مىليوندىن ئارتۇق تۈتۈن» نىڭ ھەممىسى بۇ خانلىقنى

قۇرۇشقا قاتناشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن سىرتاردۇشلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى — تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىشىپ شۇنداقلا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۇرا دۆلىتىنى قۇرغانلىقىنىڭ نامايەندىسى، تۇرالار تارىخىدىكى مۇھىم بىر سەھىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ بابتا سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى، ئىچكى سىياسىتى، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇنداقلا ئۇنىڭ يىمىرىلىش جەريانى، سەۋەبى قاتارلىقلار ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىمىز.

## 1. سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

سىرتاردۇشلار تۇرالارنىڭ ئاساسلىق قەبىلىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ نامى ئەڭ دەسلەپتە «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن. «سۇينامە» دىن ئىلگىرىكى «ۋېينامە»، «شىمالىي چىنامە»، «جۇنامە» لەرنىڭ ھەممىسىدە بۇ نام خاتىرىلەنمىگەن. سىرتاردۇشلار سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە ئاندىن چۆللۈكنىڭ شىمالىدا پەيدا بولغان تۇرا قەبىلىلىرى بولۇشى مۇمكىن.

سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ئىككى خىل كۆز قاراش بار. بىر خىلى «قانۇنلار قامۇسى · سىرتاردۇشلار»، «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر · سىرتاردۇشلار»، «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» شۇنداقلا «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دا خاتىرىلەنگەن. يەنە بىر خىلىنى دۇيۇ «قانۇنلار قامۇسى · سىرتاردۇشلار» ئۈچۈن يازغان ئىزاھاتىدا ئوتتۇرىغا قويغان؛

تۆۋەندە ئۇلارنى ئايرىم- ئايرىم بايان قىلىمىز.
«قانۇنلار قامۇسى. سىرتاردۇشلار»دا: «سىرتاردۇش-
لار- تۇرالارنىڭ ئايرىم بىر قەبىلىسى. ئۇلار سىر قەبىلىسى
بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، سىرتاردۇشلار دەپ
ئاتالغان» دېيىلگەن. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر.
سىرتاردۇشلار» («كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىس-
سە»)دا: «سىرتاردۇشلار ئۆزلىرىنى سىر ئۇرۇقىدىن دەيدۇ،
ئۇلار دەسلەپتە تاردۇش قەبىلىسىنى يېڭىپ، ئۇنىڭ ئاھالىسىنى
ئۆزىگە قوشۇۋالغانلىقتىن تاردۇشلار دەپ ئاتالغان» («كونا
تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»دە 陀 خېتىنىڭ كەي-
نىدە «قەبىلە» سۆزى بار) دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇر-
لار ھەققىدە قىسسە، نىڭ داۋامى» دا: «سىرتاردۇشلار
دەسلەپتە سىر ئۇرۇقى② بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ،
كېيىنچە تاردۇش قەبىلىسىنى يېڭىپ ئۇنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان-
لىقتىن، سىرتاردۇشلار دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن. يۇقىرىقى
كىتابلاردا دېيىلگەنلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، «قانۇنلار
قامۇسى» دا قايسى قەبىلىنىڭ «سىر قەبىلىسى بىلەن ئارىلىشىپ
ئولتۇراقلاشقانلىقى» ئېنىق ئەمەس. يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن
قارىغاندا، سىرتاردۇش قەبىلىسى بىلەن سىر قەبىلىسى ئارى-
لىشىپ ئولتۇراقلىشىپ سىرتاردۇشلار دەپ ئاتالغانلىقىغا
ئوخشاش مەسىلىلەرنىڭ ئەدەبىيلىكى راۋان ئەمەس. بەزى جاي-
لاردا سۆزلەر چۈشۈپ قالغاندەك قىلىدۇ. «يېڭى تاڭنامە» دە
گەرچە «كېيىنچە تاردۇش قەبىلىسىنى يوقاتقان» دەپ تولۇقلان-
غان بولسىمۇ، بىراق، يەنىلا قايسى قەبىلىنىڭ سىر قەبىلىسى
بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى، قايسى قەبىلىنىڭ تار-
دۇش قەبىلىسىنى يەڭگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭدىكى مۇجە-
مەللىكمۇ «قانۇنلار قامۇسى» بىلەن ئوخشاش. پەقەت «تاڭ
سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. سىرتاردۇشلار»، «كونا

تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دىكى قاراش بىر قەدەر
ئېنىقراق. شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ «قانۇنلار قامۇسى»،
«يېڭى تاڭنامە» دىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ.
يۇقىرىقى كىتابلاردىكى قاراشلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا،
سىرتاردۇشلار سىر ئۇرۇقى بىلەن تاردۇش ئۇرۇقى ئارىلىـ
شىپ ئولتۇراقلىشىش ۋە بويسۇندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزئارا
قوشۇلۇپ شەكىللەنگەن تۇرا قەبىلىسى. سىرتار-
دۇش دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ ئىككى ئۇرۇقىنى ئۆزئىچىگە ئالغان-
لىقىغا ئاساسەن قويۇلغان.

يەنە بىر خىل قاراش دۇيۇنىڭ «قانۇنلار قامۇسى» نىڭ
199 - جىلدتىكى «سىرتاردۇشلار» ئۈچۈن يازغان ئىزاھا-
تىدا: «ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى مورۇڭجۇن
دەۋرىدە، ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتى قالاتو ئۆز قەبىلىسىدىن
35 مىڭ ئادەمنى باشلاپ تەسلىم بولغىلى كەلگەندە، تاردۇش-
لارمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەن.
دۇيۇنىڭ ئېيتقىنىغا ئاساسلانغاندا، قالاتو قەبىلىسى «جىننامە.
شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە» دىكى قالا ئۇرۇقى، جىن
سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە كىرگەن ھونلار-
نىڭ 19 ئۇرۇقىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. 16 پادىشاھلىق
مەزگىلىدە، بۇ قەبىلىنىڭ ئولتۇراق جايى تەخمىنەن خېتاۋ
رايونى ئىدى. ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى قالاتونىڭ قەبىلىسىنى
باشلاپ ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى مورۇڭجۇنگە
ئەل بولغانلىق ۋەقەسى، «جىننامە. مورۇڭجۇن ھەققىدىكى
خاتىرىلەر» دە خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا: «ھون تەڭرىقۇتى قالاتو
قەبىلىسىدىن 35 مىڭ كىشىنى باشلاپ مورۇڭجۇنگە تەسلىم
بولغىلى كەلگەن. مورۇڭجۇن ئۇنىڭغا غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى
سانغۇن، يۇنجۇڭ ۋىلايىتىنىڭ بېگى دېگەن ئۇنۋانىنى بېرىپ،
دەي ۋىلايىتىنىڭ پىڭشۇ ناھىيىسىدە تۇرۇشقا بۇيرۇغان»

دېيىلگەن. پېنشو ناھىيىسى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭلىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىگە ئون كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا. ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، بۇ قەبىلە يەنە كۆچۈپ، چوغاي تاغلىرىنىڭ شىمالى (يەنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى داچىڭشەن تېغىنىڭ شىمالى) غا بارغان، ھونلارنىڭ قالا قەبىلىسى دەپ ئاتالغان. پۈتكۈل 16 پادىشاھلىق مەزگىلىدە، بۇ قەبىلە باشتىن ـ ئاخىر سيانپېلارنىڭ توغبات قەبىلىسى بىلەن بىرقەدەر قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، توغبات قەبىلىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن ئاساسلىق ئۇرۇقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋ ۋېندى پايتەختنى لوياڭغا يۆتكىگەندىن كېيىن قالا ئۇرۇقى دەپ ئاتىلىپ، شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە خەنزۇلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، قالا ئۇرۇقىنىڭ ھون مىللىتى ئىكەنلىكىدە شەك يوق، بەلكى ئۇ 16 پادىشاھلىق مەزگىلىدىلا، ئاللىقاچان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كىرگەن ھەمدە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە خەنزۇلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا، تۇرالارنىڭ سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى بولالمايدۇ. دۇيۇنىڭ بۇ قارىشى ئۇنىڭ ئىزاھاتىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى ياكى پاكىتى يوق بولۇپ، ئۇنىڭ شەخسىي قارىشىغا مەنسۇپ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇيۇدىن ئىلگىرىكى ھۆججەتلەردىمۇ ھېچقانداق قوشۇمچە دەلىل ماتېرىياللارنى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا ناھايىتى تەستە پۈت تىرەپ تۇرىدىغان بىر خىل قاراش ھېسابلىنىدۇ. سېن جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ بۇ قاراشنى تەنقىد قىلىپ «دۇ يۇنىڭ ئويدۇرمىسى»③ دەپ ئاتىغانلىقى قىلچىمۇ ئاساسسىز ئەمەس.

قىسقىسى ئىككى خىل قاراشنى سېلىشتۇرغاندا، «قانۇنلار

قامۇسى. سىرتاردۇشلار»، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. سىرتاردۇشلار» قاتارلىقلاردىكى قاراش بىرقەدەر ئىشەنچلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سىرتاردۇشلارنىڭ قاغانى «ئىلتېرىش تۇرۇقىدىن» ئىدى («قانۇنلار قامۇسى. سىرتاردۇشلار»). ئىلتېرىش يەنە ئىلدىر («كىتابلار جەۋھىرى» 964 ـ جىلد)، ئىلتېرىش («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى») دەپمۇ تىلغا ئېلىنغان. سېن جوڭمىيەن ئەپەندى يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ئاھاڭ تەرجىمىسىنى سېلىشتۇرغاندىن كېيىن «‹壹利咥› يەنى elters نىڭ قىسقارتىلغان ئاھاڭ تەرجىمىسى، 咥 دەپ تەرجىمە قىلىنغاندا، ئۇنىڭغا يېقىنسىن كېلىدۇ»④ دەيدۇ. 壹利咥 ئۇنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدەك قىلىدۇ. چۇبە ـ سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدە، سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ سەركەردىسى ئىلدىر⑤ ئۆزىنى كىچىك قاغان دەپ ئاتىغانىدى، بۇنىڭدىكى ئىلدىر ئىلتېرىشنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن ئىلتېرىش (ئىلتېرىش، ئىلدىر، ئىلدىر) ئەسلىدە سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ سەركەردىسىنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى، كېيىن سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ تۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ جەمەتىگە ئايلانغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، سىرتاردۇشلار تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن مەزگىللەردە، ئۇلار ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقانىدى. سۇي سۇلالىسىنىڭ دايې يىللىرىدا، ئاقتاغدىكى تۇرالارنىڭ چۇبە قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، چۇبە ـ سىرتاردۇش خانلىقىنى قۇرغان. چۇبە ـ سىرتاردۇش خانلىقى دەۋرىدە، سىرتاردۇشلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تۇرالارنىڭ جەرۇق، زابەندېر، داخ قاتارلىق قەبىلىلىرى بار ئىدى. چۇبە ـ سىر-

ئاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، سىرتاردۇشلارنىڭ «قەبىلىلىرى بۆلۈنۈپ» («كونا تاڭنامە. سىرتاردۇشلار ھەققىدە قىسسە»)، ئايرىم - ئايرىم ھالدا شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان. مىلادى 627 - يىلى غەربىي تۈرك خانلىقىدا ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە، ئىككىنچى يىلى ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سىرتاردۇشلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە باشلىقى ياتۇننىڭ باشچىلىقىدا شەرققە كۆچۈپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا بارغان. بۇ ۋاقىتتا شىمالدىكى سىرتاردۇشلار قەبىلىسى ۋە باشقا تۇرا قەبىلىلىرى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى ئىللىك قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇۋاتقانىدى. يانۇن قەبىلىسىنى باشلاپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتنىشىپ، «ئىللىك قاغانغا ھۇجۇم قىلغان». ئىللىك قاغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا قېچىپ كەتكەن. سىرتاردۇش قەبىلىسى «تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكى» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى»)، «كۈچلۈك قوۋملەرنىڭ ئورنىنى ئالغانلىقى» («قانۇنلار قامۇسى. سىرتاردۇشلار») ئۈچۈن، شىمالدىكى قوۋملىرىنىڭ ئىچىدە ئالدى بىلەن قوزغىلىپ ئىللىك قاغانغا قارشى چىقىپ، قوزغىلاڭنى باشلاپ بەرگەن تۆھپىسى بولغانلىقى («كونا تاڭنامە. ئاشنا شېرنىڭ تەرجىمىھالى») ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى يانۇن شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرى تەرىپىدىن قاغان قىلىپ تىكلەندى.

سىرتاردۇشلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى. يەنى ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى يانۇننىڭ قاغان بولغان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. يانۇننىڭ قاغان بولغان ۋاقتى توغرىسىدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەردە زور پەرق بار. يېقىنقى يىللاردىكى تارىخچىلاردىن بەزىلىرى، جېنگۇەن ئۈچىنچى يىلى⑥، بەزىلىرى جېنگۇەن ئىككىنچى يىلى⑦ دەپ

قارايدۇ. جىنگۇەن تۇنجى يىلى دېگەن قاراش ئەسلى «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. سىرتاردۇشلار» دا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «تاردۇشلار جىنگۇەن يىللىرىنىڭ باشلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئوردا قۇرغان». جىنگۇەن يىللىرىنىڭ باشلىرى، ئەلۋەتتە جىنگۇەننىڭ تۇنجى يىلىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ يىلى شىمالدىكى سىرتاردۇشلار قەبىلىسىنىڭ ئىلىك قاغانغا قارشى چىققان يىلى بولسىمۇ. بىراق، ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سىرتاردۇشلار قەبىلىسى تېخى شەرققە قايتمىغانىدى، ئىلىك قاغاننىڭ شىمالدىكى تەسىر كۈچى تېخى يىمىرىلمىگەن بولۇپ، جىنگۇەننىڭ دەسلەپكى يىلىنى يانۇن خان بولغان ۋە سىرتاردۇشلار خانلىقى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى دەپ قاراش ئەلۋەتتە خاتا. «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» دە دېيىلگەن جىنگۇەننىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغان تاردۇشلارنىڭ ئوردىسىنى، شىمالدىكى سىرتاردۇش قەبىلىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئىلىك قاغانغا قارشى چىققاندىن كېيىن قۇرغان سىرتاردۇشلار قەبىلىسىنىڭ ئوردىسى دەپ قاراش ھەقلىق. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر قەبىلىسى قوزغالغاندىن كېيىن، «سىرتاردۇشلارغا بېقىندى بولۇپ. سىرتاردۇشلار بىلەن خۇددى چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۆزلىرىنى كۈچ ئىلتەبىر دەپ ئاتاپ، تۇرا دەرياسى بويىدا بارگاھ قۇرغان» ئىدى («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، نىڭ داۋامى»). سىرتاردۇشلارنىڭ «چۆللۈكنىڭ شىمالىدا» قۇرغان «ئوردىسى»، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ تۇرا دەرياسى بويىدا قۇرغان «ئوردىسى» بىلەن ئوخشاش خاراكتېردە بولۇپ، ھەممىسى قەبىلە ئوردىلىرى ئىدى. سىرتاردۇشلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى، ئەلۋەتتە سىرتاردۇشلار قەبىلىسىنىڭ ئۆزىنىڭ قەبىلە ئوردىسىنى قۇرغان يىلىدىن باشلانمايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. جىنگۇەننىڭ ئىككىنچى يىلى دېگەن قاراش

ئەسلىدە «كونا تاڭنامە. تۈرالار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرى-
لەنگەن بولۇپ. مەزكۇر قىسسەنىڭ جېڭگۇەننىڭ ئىككىنچى
يىلىدىكى ماددىسىدا: «يانۇن ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ، ئىلىك
قاغانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىلىك قاغاننى مەغلۇپ قىلغان. شۇنىڭ
بىلەن ئىلىك قاغاننىڭ قەبىلىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئىلىك قاغانغا
قارشى چىقىپ، يانۇنغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ، ئۇنى قەبىلە
ئىتتىپاق باشلىقى قىلىپ سايلىغان. بىراق يانۇن تۇزۇت قىلىپ
باش تارتقان، ئەينى ۋاقىتتا تاڭ تەيزۇڭنىڭمۇ ئىلىك قاغاننى
يوقىتىش نىيىتى بولغانلىقتىن، سەييارە سانغۇن جياۋ شىۋاڭنى
ئوتۇغات دەستىكىنى يانۇنغا ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتكەن.
يانۇنغا ئىنچى بىلگە قاغان دېگەن نامنى بېرىپ، ناغرا، دۇم-
باق ۋە تۇغ - سۇتۇق تارتۇق قىلغان» دېيىلگەن. لېكىن
شۇ كىتابتىكى «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە: «جېنگۇەننىڭ
ئۈچىنچى يىلى، سىرتاردۇشلار شىمالدا ئۆزلىرىنى قاغان دەپ
جاكارلاپ، ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلغان» دېيىلگەن.
«قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر» دىمۇ: «ئۈچىنچى يىلى سىرتار-
دۇشلار شىمالدا ئۆزلىرىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، ئەلچى
ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلغان» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا
«قانۇنلار قامۇسى. سىرتاردۇشلار»، «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر
ھەققىدە قىسسە» نىڭ ھەممىسىدە جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى
سىرتاردۇشلارنىڭ باشلىقى يانۇن شىمالدا ئۆزىنى قاغان دەپ
جاكارلىغان، دېيىلگەن. مەسىلەن، تاڭ تەيزۇڭ يانۇنغا جېنگۇەن-
نىڭ ئىككىنچى يىلى ئوتۇغات نامىنى بەرگەن بولسىمۇ،
تارىخلاردا يانۇن يەنىلا جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى
«ئۆزىنى شىمالدا قاغان دەپ جاكارلىغان» دېمەسلىكى كېرەك
ئىدى. يەنە «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 964 جىلدى ھەم
«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» نىڭ
ھەممىسىدىلا تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى

جيالۇ شىۋاڭنى ئەۋەتىپ يانۇنغا ئوتتۇغات نامىنى بەرگەنلىكى، يېزىلغان. يۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يانۇنغا ئوتتۇغات نامىنى بەرگەنلىكى ھەرگىزمۇ جېنگۇەننىڭ ئىككىنچى يىلى بولماسلىقى كېرەك؛ «كىتابلار جەۋھىرى»، «يېڭى تاڭنامە» دىكى قاراشقا ئاساسەن جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى⑧ دېيىش كېرەك. يانۇننىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان ۋاقتى، ئەلۋەتتە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئوتتۇغات نامى بېرىشىدىن ئىلگىرى بولۇشى كېرەك. بىراق جېنگۇەننىڭ ئىككىنچى يىلى ئەمەس. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «كونا تاڭنامە. تۈرالار ھەققىدە قىسسە» دىكى جېنگۇەننىڭ ئىككىنچى ماددىسىنىڭ داۋامىدا پەقەت «ھەممىسى ئۇنى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىغان. بىراق يانۇن تۇزۇت قىلىپ، باش تارتقان» دېيىلگەن. «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. شىمالىي تۈركلەر» نىڭ جېنگۇەننىڭ ئىككىنچى يىلىدىكى ماددىسىدىمۇ: «ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئېركىسى يانۇننى قاغان قىلىپ سايلىغان. بىراق يانۇن تۇزۇت قىلىپ باش تارتقان» دېيىلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت باشقا تارىخىي كىتابلاردا جېنگۇەننىڭ ئىككىنچى يىلى يانۇننىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغانلىقى خاتىرىلەنمىگەن. شۇڭا يانۇننىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان ۋاقتى گەرچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇغات نامى بېرىشىدىن ئىلگىرى بولسىمۇ بىراق جېنگۇەننىڭ ئىككىنچى يىلىدا بولۇشى كېرەك. ئىككىسى ئوخشاش يىلدىكى ۋەقەدۇر. يانۇننىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغانلىقى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇنىڭغا قاغان نامىنى بەرگەنلىكى ھەرگىزمۇ جېنگۇەننىڭ ئىككىنچى يىلىدا بولغان ئەمەس. سىر تاردۇش دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىنى جېنگۇەننىڭ ئىككىنچى يىلى دېيىش، شۈبھىسىزكى خاتا. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، «كونا

تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: دېيىلگەن «جېنگۇەننىڭ
ئىككىنچى يىلى» تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ «ھەممىسى بىردەك يانۇن
نى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى قىلىپ سايلىغاندا، يانۇن
تۇزۇت قىلىپ باش تارتقان» ۋاقتىدۇر. شۇڭا جېن
گۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى يانۇننىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلى
غانلىقى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ يانۇنغا قاغان نامىنى بەرگەن
لىك ۋاقتى بولماسلىقى كېرەك. «كونا تاڭنامە. تۇرالار
ھەققىدە قىسسە» نىڭ جېنگۇەننىڭ ئىككىنچى يىلىدىكى ماددى
سىدا تۇرالارنىڭ ئاساسلىق قەبىلىلىرىنىڭ «ھەممىسى بىردەك
يانۇننى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى قىلىپ سايلىغان، يانۇن
نىڭ تۇزۇت قىلىپ باش تارتقانلىقى»نى بايان قىلىنىپ ئايىغىغا
ئۇلاپلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ يانۇنغا ئوتتۇغات نامىنى بەرگەنلىك
ۋەقەسىنى خاتا ھالدا بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ
كىتابخانلارنى دەر گۇمانغا سېلىپ قويغان. بۇ ناھايىتى
ئېنىقتۇر.

يانۇننىڭ «شىمالدا ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلى
غان» لىقى جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلىنىڭ قايسى ئېيىدا
ئىكەنلىكى توغرىسىدا تارىخىي كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە بىرەر
ئېنىق ماتېرىيال يوق. «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 964 ـ
جىلدىدا «تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن ئۈچىنچى يىلى 8 ـ ئايدا،
سىرتاردۇشلارنىڭ قاغانى، ئىلتېرىش يانۇن ئەلچى ئەۋەتىپ
تولپان تەقدىم قىلدى. تاڭ تەيزۇڭ سەييارە سانغۇن جياۋ
شىۋاڭنى ئوتتۇغات تەمتىكىنى ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتىپ،
يانۇننى بىلگە قاغان قىلىپ تەيىنلىدى» دېيىلگەن. بۇنىڭغا
ئاساسەن، يانۇننىڭ ئەڭ كېچىككەندىمۇ جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى
يىلى 8 ـ ئايدىن ئىلگىرى شىمالدا ئۆزىنى قاغان دەپ
ئاتىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. يىراق، «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت
مۇھىم خاتىرىلەر. شىمالىي تۈركلەر»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغ

مۇلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى»، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى 9 - ئايدا تۇرالارنىڭ بايىرقۇ، بارغۇت، تۇڭرا قاتارلىق قەبىلىلىرىنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ «بىرلىكتە تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغىلى كەلگەن» لىكى يېزىلغان. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى جېنگۇەننىڭ 20 - يىلى (مىلادى 646 - يىلى) سىرتاردۇش خانلىقى يىمىرىلگەنگە قەدەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخ كىتابلاردا «سىرتاردۇشلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن» لىكىلا تىلغا ئېلىنىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنى بەيئەت قىلغانلىقى كۆرۈلمەيدۇ. جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى 9 - ئايدا سىرتاردۇشلارنىڭ قەبىلە باشلىقى يانۇن تېخى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قاغانى بولمىغاندەك تۇرىدۇ. جياۋ شۈاڭنىڭ 8 - ئايدا پايتەختتىن يولغا چىققان ۋاقتىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلۇغ قاغاننىڭ قەبىلىلىرى تېخى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا ئۆتكە بولالمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ چىغىر يول ئارقىلىق شىمالغا يېتىپ بارغان ۋاقتى 9 - ئايدا بارغان بولۇشى كېرەك. بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ سەركەردىلىرى 9 - ئايدا تاڭ سۇلالىسىنى بەيئەت قىلغىلى بارغاندا، ئۇلار شىمالدىن 8 - ئايدا يولغا چىققان بولغاچقا، يولغا چىققان ۋاقتىدا تېخى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يانۇنغا ئۇتتۇغات نامىنى بەرگەنلىك خەۋىرىگە ئىگە بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار سىرتاردۇشلارنىڭ يانۇن قاغاندىن يوشۇرۇن ھالدا ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئولپان تەقدىم قىلىش مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشقا جۈرئەت قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە تايىنىپ، تېخى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئۇتتۇغات نامى بېرىلمىگەن يانۇن قاغاننىڭ ھوقۇقىغا بەكمۇ ھۆرمەت قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر. بۇ نۇقتا

تاڭ سۇلالىسىگەمۇ ناھايىتى ئايان بولغاچقا، يانۇنغا ئۇتۇغات نامى بەرگەن يىلى يانۇننىڭ ئىنىسى تۇتقا تېكىنمۇ تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەن ۋاقىتتا، تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭغا شەمشەر ھەم قامچا تەقدىم قىلغان ھەم يانۇنغا «رەئىيەڭىز ئىچىدە گۇناھى ئېغىرلارغا ئۆلۈم جازاسى، گۇناھى يېنىكلىرىگە قامچا جازاسى بەرگەيسىز» دەپ بۇيرۇق قىلغان. كېيىنچە تاڭ تەيزۇڭ يەنە شىمالدىكى تۈرالارنىڭ توقرا، بارغۇت قاتارلىق قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ زور ئەسكىرىي كۈچى بار بولسىمۇ، بىراق ئۇلار سىرتاردۇشلارغا قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمىغان، چۈنكى «تاردۇشلار بىز تەرىپىدىن تىكلەنگەن، ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئېلىدىن تەپ تارتىدۇ» («قانۇنلار قامۇسى. سىرتاردۇشلار») دېگەنىدى. شۇڭا جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى 9 - ئايدا بايىرقۇ، بارغۇت، توقرا قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يانۇنغا ئۇتۇغات نامى بەرگەنلىك ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئەھۋال ئاستىدا چاڭئەنگە كېلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشى، يانۇننىڭ جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى 8 - ئايدا ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغانلىقى بىلەن قىلچىمۇ زىت كەلمەيدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى كىتابلارغا ئاساسلىنىپ ۋە ئۇنى ئەينى دەۋردىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە باغلاپ، يانۇننىڭ ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇنىڭغا قاغان نامىنى بەرگەنلىكى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىرالايمىز: جېنگۇەننىڭ ئىككىنچى يىلى شىمالدىكى تۈرالارنىڭ قوزغىلىڭى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ھەممىسى بىردەك يانۇننى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى قىلىپ سايلىغان، يانۇن ئېلىك قاغاننىڭ شىمالدا قۇدرەتلىك تەسىر كۈچكە ئىگە بولغانلىقتىن، قايتىپ كېلىپ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، ئالدىراپ قوبۇل قىلمىغان. جېنگۇەننىڭ

ئۈچىنچى يىلى تۇرا قەبىلىلىرى ئۇلۇك قاغاننىڭ شىمالدىكى تەسىر كۈچىنى پۈتۈنلەي تازىلاپ بولدى. جەنۇبقا قېچىپ كەتكەن تۈركلەرنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ شىمالغا قايتىپ كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇرا قەبىلىلىرى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك بىر ئەر يول-باشچىغا ئېھتىياجلىق بولغانىدى، بۇ ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئىلگى-رىلىگەن ھالدا بىرلىشىشكە پايدىلىق ئىدى. ۋەزىيەتتىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش يانۇننىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ «بىردەك سايلىشىنى» قوبۇل قىلىپ، قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقىغا ئايلاندى. بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا ئېيتىلغان «يانۇن چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان» ۋاقىت جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى 8 - ئايدىن ئىلگىرىكى ۋاقىت ئىدى. «بىردەك قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى قىلىپ سايلىغان» لىقى بىلەن «ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان» لىقى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىددىيەت يوق. «بىردەك قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى قىلىپ سايلىغان» دېگۈچىلەر «يانۇن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلى-غان» لىقى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرغانلىقى بولماستىن، بەلكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ ئورتاق سايلىغان-لىقىنىڭ نەتىجىسى دەيدۇ؛ «ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان» دېگۈچىلەر ئەينى ۋاقىتتىكى يانۇن قاغاننىڭ نامى تاڭ سۇلا-لىسى تەرىپىدىن ئوتۇغات قىلىنمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئىككى خىل قاراش شەكىل جەھەتتە پەرق قىلسىمۇ ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاش. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بەر-گەن ئوتۇغاتى جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى 8 - ئايدا، يەنى يانۇن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغانلىقىغا ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىتتا بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىقى بايانلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، يانۇننىڭ ئۆزىنى

قاغان دەپ جاكارلىغانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ يانۇنغا تىنچو بىلگە قاغان نامىنى بەرگەنلىكىنىڭ ھەممىسى جېنگۇەننىڭ ئۇچىنچى يىلى بولغانىدى. بۇ يىل ئەلۋەتتە سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان يىلى دەپ قارىلىشى كېرەك.

## 2. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئوردىسى جايلاشقان ئورۇن ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنلىرى

سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئوردىسى قايسى جايدا؟ بۇ مەسىلە تارىخلاردا ھەر خىل خاتىرىلەنگەن، ئىلىم ساھەسىدە تاكى ھازىرغا قەدەر ناھايىتى ياخشى ھەل قىلىنمىغان يەنە بىر مەسىلىدۇر.

سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئورنى ئەڭ دەسلەپتە «قانۇنلار قامۇسى. سىرتاردۇشلار» دا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۇلارنىڭ باشلىقى يانۇن ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن يىللىرىدا (دۇيۇئىزاھلاپ «ئۇچىنچى يىلى» دەيدۇ) ئەلچى ئەۋەتىپ بەيئەت قىلغان ھەم بىلگە قاغان دېگەن نامغا مۇشەررەپ بولغان، ئۇلار شىمالدىكى كېرولىن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلىشىشنى بۇيرۇلغان. ئۇلارنىڭ ئوردىسىدىن چاڭئەنگە 14 مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلەتتى» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى «ئۇلۇغ ئادالەتلىك دۇنيا خاتىرىسى. سىرتاردۇشلار» دىمۇ «قانۇنلار قامۇسى» دىكى ئەسلى تېكىستكە پۈتۈنلەي ۋارىسلىق قىلىنغان، پەقەت «كىتابلار جەۋھىرى. سىرتاردۇشلار» دا ئازراق پەرق بولۇپ، ئۇنىڭدا «تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن ئۇچىنچى يىلى 8 - ئايدا ...... يانۇنغا بىلگە قاغان نامىنى ئوتتۇغات قىلىپ، شىمالدىكى كىرولىن دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئوردىسىدىن چاڭئەنگە بېرىش ئۈچۈن 4000 چاقىرىم يول يۈرۈشكە

تۇغرا كېلەتتى» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى كىرولىن دەرياسى شۇبھىسىزكى يۇقىرىدا «قانۇنلار قامۇسى. سىرتاردۇشلار» دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن كىرولىن دەرياسى بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئوردىسىدىن چاڭئەنگىچە بولغان ئارىلىق يۇقىرىقى ئىككى قىسسەدە 10 مىڭ چاقىرىم پەرقلىنىدىغان بولۇپ، چوقۇم بۇنىڭ بىرى خاتا. گۇدەن يازغان «يوللار خاتىرىسى» («يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»، داۋامى، 7 - ») دېگەن كىتابتا تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى باۋتو شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا) بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردىسى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى مىلادى 745 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئوردىسى ئۆتۈكەن تېغى بىلەن ئورقۇن دەرياسى ئارىلىقىدا يەنى ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى قارابالغاسۇندا ئىدى. ئۇنىڭ ئارىلىقى 2090 چاقىرىم ئىدى؛ يەنە «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت - ناھىيىلەر تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنىڭ 4 - جىلدىغا ئاساسلانغاندا، تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ شەرقىي پايتەخت لوياڭغا بېرىشتا. تەڭرىقۇت يولى ئارقىلىق (يەنى تەڭرىقۇت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىن ئۆتۈدىغان يولنى كۆرسىتىدۇ. تەڭرىقۇت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى يۇنجۇڭنى يەنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ھۆرۈنگېر ناھىيىسىنىڭ شىمالىنى باشقۇراتتى) ماڭغاندا 2110 چاقىرىم كېلەتتى»، قوشۇپ ھېسابلىغاندا. شەرقىي ئاستانىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردىسى جايلاشقان ئۆتۈكەن تېغىغا تەخمىنەن 4200 چاقىرىم كېلەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن بىلەن شەرقىي ئاستانە لوياڭ شەرق ھەم غەربكە جايلاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردىسى بىلەن ئارىلىقى تەخمىنەن 4000 چاقىرىم

ئەتراپىدا ئىدى. ئەگەر «قانۇنلار قامۇسى» دا دېيىلگەن-
دەك، كېرۇلېن دەرياسىنىڭ چاڭئەن بىلەن ئارىلىقى 14 مىڭ
چاقىرىم بولسا، ئۇنداقتا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى ئۇي-
غۇرلار ئوردىسىغىچە بولغان ئارىلىقنى ھېسابلاپ كۆرسەك،
ئۇنىڭ ئورنى ئەلۋەتتە ھازىرقى شىمالىي مۇز ئوكياندا بولۇشى
كېرەك. بىراق ئەينى ۋاقىتتا موڭغۇلىيە يايلاقلىرىنى پائالى-
يەت مەركىزى قىلغان سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ ئۆز ئوردىسىنى
ھەرگىزمۇ ئۇ يەرگە قۇرمايدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا تاڭ سۇلا-
لىسىنىڭ پايتەختى بىلەن سىرتاردۇشلار ئوردا قۇرغان كېرۇلېن
دەرياسى بويىنىڭ ئارىلىقىنى «كىتابلار جەۋھىرى» دە خاتىرى-
لەنگەن 4000 چاقىرىم دەپ بىلىش كېرەك. «قانۇنلار قامۇسى» دىكى
«14 مىڭ چاقىرىم» دېگەن سۆزدىكى «万» (ئون مىڭ) خېتى
ئەمەلىيەتتە ئارتۇق سۆز. كېرۇلېن دەرياسى ھازىرقى قايسى
دەريا؟ دېمەك چىيەن كېرۇلېن كۆلىنى كېرۇلېن دەرياسى دەپ
قارايدۇ⑨. «كونا تاڭنامە: سىۋىرلار ھەققىدە قىسسە» دە
كېرۇلېن كۆلى بار، «تۇلار (بۈيۈك سىۋىرلار) نىڭ قەبىلىلىرى
ئېرغونا دەرياسى بويىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ دەريانىڭ
مەنبەسى تۈركلەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېگرىسىدىكى كېرۇلېن
كۆلىدە» دېيىلگەن. يەنە «ھازىرقى سىۋىرلارنىڭ ئەڭ غەربىدە
ئۇيغۇرلار بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئۇرسات قەبىلىسى بار بو-
لۇپ، كېرۇلېن دەرياسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان»
دېيىلگەن. ئارگۇنا دەرياسى يەنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ
خۇلۇنبىر خوشۇنىدىكى ئېرغۇنا دەرياسىدۇر. كېرۇلېن كۆلىنى
ئېلىمىز ئالىمى سىن جوڭمىيەن، ياپونىيە ئالىمى شىراتورى كۇ-
راكىچى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھۆرۈنگىر كۆلىنىڭ دەل
ئۆزى دەپ قارايدۇ⑩. يۇقىرىقىلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى
ئېنىقلاشتۇرۇپ كۆرگەندە، بۇ قاراش بىرقەدەر ئەمەلىيەتكە
ئۇيغۇن. «قانۇنلار قامۇسى» غا ئاساسلانغاندا، كېرۇلېن دەر-

ياسى «چوڭ قۇملۇق» نىڭ شىمالىدا، ھالبۇكى، بۇ يەردىكى «كىرولىن كۆلى بولسا چوڭ چۆللۈكنىڭ شەرقىدە. كىرولىن دەرياسى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق 4000 چاقىرىمدىن ئارتۇق بولۇپ، كىرولىن كۆلىنىڭ ئارىلىقى بۇ ساندىن ئېشىپ كېتىدۇ. يەنە «سۇيرلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، كىرولىن كۆلى ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى سۇيرلار قەبىلىسى بولۇپ، تۇرا قەبىلىلىرى ئەمەس. يۇقىرىقى خىلمۇخىل قاراشلارنىڭ ھەممىسى كىرولىن كۆلىنىڭ كىرولىن دەرياسى ئەمەسلىكىنى، سىرتاردۇشلارنىڭ ئوردىسى قۇرۇلغان جاي چوڭ چۆللۈكنىڭ شەرقىدىكى كىرولىن كۆلى ياكى ئۇنىڭ ئەتراپى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كىرولىن دەرياسى ئۇيغۇرلار ئوردا قۇرغان ئۆتۈكەن تېغىغا ئوخشاشلا شىمالغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئوخشاشلا 4000 چاقىرىم كېلىدۇ. شۇڭا كىرولىن دەرياسى ئۇيغۇرلار ئوردىسى جايلاشقان ئۆتۈكەن تېغىدىن يىراق ئەمەس ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك. سېن جوگمىيەن ئەپەندى موڭغۇل — يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاراقۇرۇم دەرياسىنى كىرولىن دەرياسى دەپ قارايدۇ. قاراقۇرۇم دەرياسىنىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا - ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» دە چورماتەي دەرياسى دەپ تىلغا ئېلىنغانلىقىغا ئاساسلانغاندا، موڭغۇلىيەنىڭ خانگاي تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ (يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردىسى جايلاشقان جاي ئۆتۈكەن تېغى) شىمالغا قاراپ ئېقىپ قاراقۇرۇم ئارقىلىق ئورقۇن دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. سېن جوگمىيەنىڭ بۇ خىل كۆز قارىشى بىلەن يازما مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن كىرولىن دەرياسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى (چوڭ قۇملۇقنىڭ شىمالى) ئاھاڭ تەرجىمىسى (سېن جوگمىيەن «كىرولىن» بىلەن «قۇرۇم»

يوختاش ئاماگىنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ) تاڭ
سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بىلەن بولغان ئارىلىقى (4000 چاقىرىم)
قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ماس كېلىدۇ. دېمەك چيەن-
نىڭ قارىشىغا قارىغاندا خېلى ئۈستۈنلۈككە ئىگە. قىسقىسى،
سىرتاردۇشلار ئوردا قۇرغان جاي ئەلۋەتتە شىن جوڭمىيەننىڭ
كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى خانگاي تېغىنىڭ
شەرقىي ئېتىكى، ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى مەلۇم
بىر جايى بولۇشى كېرەك.
كېيىن «قانۇنلار قامۇسى»، «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەق-
قىدە قىسسە» دە يەنە بىر خىل قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.
بۇ قاراشتىكىلەر سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئىلگىرى - ئاخىرى
بولۇپ ئىككى ئوردىسى بولغان دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى
ئوردىسىنىڭ ئورنى مەزكۇر «قىسسە» جېنگۇەننىڭ ئىككىنچى يىلى دې-
گەن سۆز تۈزىتىلىپ ئۈچىنچى يىلى دېيىلىشى كېرەك) نىڭ داۋا-
مىدا «ئەينى ۋاقىتتا تاڭ تەيزۇڭ ئېلىك قاغاننى يوقىتىشنى
نىيەت قىلىپ سەييارە سانغۇن جياۋ شىۋاڭنى چىغىر يول
ئارقىلىق ئوتتۇغاتنامە ئەۋەتىپ، يانۇنغا ئىنچۇبىلگە قاغان
دېگەن نامنى بەرگەن...... يانۇن قاتتىق خۇشال بولۇپ،
ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سوۋغا قىلغان ھەمدە
شىمالدىكى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ باغرىدا يەنە بىر ئوردا قۇر-
غان. ئۇ چاڭئەننىڭ غەربىي شىمالىغا 6000 چاقىرىم كېلىدۇ»،
دېيىلگەن. ئۇنىڭ يەنە بىر ئوردىسىنىڭ ئورنى، مۇشۇ قىسسە-
نىڭ جېنگۇەننىڭ تۆتىنچى يىلىنىڭ داۋامىدا: «تۆتىنچى
يىلى تۈركلەرنىڭ ئېلىك قاغانى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، شى-
مالدىكى قورۇللار قالدى. يانۇن ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ
شەرقتىكى ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىغا قايتىپ، ئۆتۈكەن تېغىنىڭ
شىمالى، تولا دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئوردا قۇردى. ئۇ پاي-
تەختتىن 3300 چاقىرىم شىمالغا جايلاشقان» دېيىلگەن.

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دە بۇ
«كونا تاڭنامە» گە ۋارىسلىق قىلىنىپ، بۇ خىل كۆز قاراشنى
تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭدا «ياندۇرقى يىلى (جېنگۇۋەننىڭ
ئۈچىنچى يىلى)، تاڭ تەيزۇڭ ئېلىك قاغاننى يوقىتىشنى نىيەت
قىلىپ شەييارە سانغۇن جياۋ شۇاڭنى چىغىر يول ئارقىلىق
يارلىق. دۇمباق، توغ - ئەلەم قاتارلىقلارنى ئاپىرىپ بېرىشكە
ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئىنچۇ بىلگە قاغان دېگەن نامنى بەردى.
يانتۇن بۇيرۇقنى قوبۇل قىلدى..... شۇنىڭ بىلەن پايتەختنىڭ
غەربىي شىمالىغا 6000 چاقىرىم كېلىدىغان ئۆتۈكەن تېغىدا
ئوردا قۇردى» دېيىلگەن. يەنە «ئېلىك قاغان يوقىتىلغاندىن
كېيىن شىمالدىكى قورۇللار بوش قالدى. يانتۇن ئۆز قەبىلە-
لىرىنى باشلاپ شەرققە سۈرۈلۈپ، پايتەختكە ئاران 3000
چاقىرىم كېلىدىغان ئۆتۈكەن تېغى ۋە تۇرا دەرياسىنىڭ شى-
مالىدا غەلىبە قىلدى، دېيىلگەن. ⑬ «كونا تاڭنامە» بىلەن
ئوخشىمايدىغان يېرى «يېڭى تاڭنامە» دە «كونا تاڭنامە» دىكى
جېنگۇۋەننىڭ ئۈچىنچى يىلى «يانتۇن ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ
شەرقتىكى ئۆز زېمىنىغا قايتتى» دېگەن سۆز چىقىرىۋېتىلگەن.
چۈنكى جېنگۇۋەننىڭ ئىككىنچى يىلىدىلا يانتۇن سىرتاردۇش
قەبىلىسىنى باشلاپ شەرققە كۆچكەن. شۇنداقلا ئېلىك قاغاننى
مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، جېنگۇۋەننىڭ ئۈچىنچى يىلى تۇرا
قەبىلىلىرى تەرىپىدىن قاغان قىلىپ تىكلەنگەن. «كونا تاڭ-
نامە» جېنگۇۋەننىڭ تۆتىنچى يىلىنىڭ داۋامىدا «يانتۇن ئۆز
قەبىلىلىرىنى باشلاپ شەرقتىكى زېمىنىغا قايتقان» دېگىنى
ئەمەلىيەتتە خاتا. «يېڭى تاڭنامە» دە بۇ سۆزنىڭ چىقىرىۋېتىل-
گەنلىكى ناھايىتى توغرا. «يېڭى تاڭنامە» نىڭ باشقا جاي-
لىرى «كونا تاڭنامە» بىلەن پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشاش،
پەقەت يېزىق جەھەتتە بەزىبىر پەرقلەر بار.

ئاۋۋال يېڭى، كونا «تاڭنامە» دە ئېيتىلغان يانتۇننىڭ

بىرىنچى ئوردىسىنىڭ ئورنىنى مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى. يۇ-
قىرىدا بايان قىلىنغاندەك «قانۇنلار قامۇسى»، «كىتابلار
جەۋھىرى» دە: «جېڭگونىڭ ئۈچىنچى يىلى تاڭ
سۇلالىسى يانۇنغا بىلگە قاغان نامى ئۇتۇغات
بەرگەندىن كېيىن «چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى كىرولېن
دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقان، بۇ يەر-
نىڭ چاڭئەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 4000 چاقىرىم
كېلەتتى» دېيىلگەن. يېڭى، كونا «تاڭنامە» لەردە، «جېڭگونە-
نىڭ ئۈچىنچى يىلى يانۇنغا بىلگە قاغان نامى ئۇتۇغات قى-
لىنغاندىن كېيىن، ئۇ پايتەختتىن غەربىي شىمالغا 6000
چاقىرىم كېلىدىغان شىمالدىكى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ باغرىغا
ئوردا سالدۇرغان» گەرچە ھەر ئىككىسىدە جېڭگونىڭ ئۈ-
چىنچى يىلى دېيىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئوردىنىڭ ئورنى توغ-
رىسىدىكى قاراش ئىككى خىل: بىرى كىرولېن دەرياسىنىڭ
جەنۇبىدا، يەنە بىرى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ باغرىدا ئىدى. بىز يۇ-
قىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك كېيىنكى مەزگىلدىكى ئۇرقۇن،
ئۇيغۇر خانلىقى ئوزىنىڭ ئوردىسىنى ئۇرقۇن دەرياسى بىلەن
ئۆتۈكەن تېغى ئارىلىقىغا قۇرغان بولۇپ، سىرتاردۇشلار ئوردا
قۇرغان جاي يەنى كىرولېن دەرياسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردىسى
جايلاشقان ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئەتراپىدا ئىدى. ھالبۇكى
تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخلارغا ئاساسلانغاندا،
ئۆتۈكەن تېغى (乌德鞬山) نى تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر
يەنە 郁督军山 (ئۆتۈكەن تېغى) دەپمۇ تەرجىمە قىلغانىدى.
«دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»-
دىكى غەيرىي ئىشلار» نىڭ 10 - جىلدىدا «لى شىجى ئۆ-
تۈكەن تېغى (郁督军山) غا بارغان.» «لى شىجىنىڭ تەر-
جىمىھالى» دا 乌德鞬山 (ئۆتۈكەن تېغى) دەپ يېزىلغان.
«تاڭ كالېندارى» دىمۇ 郁督军山» (ئۆتۈكەن تېغى) دەپ

تىلغا ئېلىنغان. قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردىمۇ ötükan ياكى ütükan دەپ يېزىلغان. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا بۇ 郁督军，乌德健 دېگەنلەرنىڭ سىلىشتۇرما ئاھاڭدۇر.⑭ بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، كىرولىن دەرياسىنىڭ جەنۇبى بىلەن ئۆتۈكەن تېغىنىڭ باغرى ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بىر جاينى كۆرسىتىدۇ. ئوخشاشمايدىغان يېرى «قانۇنلار قامۇسى» دا دەريانى جۇغراپىيىلىك ئورۇننىڭ ئۆلچىمى قىلىنغان. «تاڭنامە» دە تاغنى جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئۆلچىمى قىلغان، پەرق پەقەت مۇشۇنچىلىكلا. ئارىلىقتىكى چاقىرىم پەرقىگە كەلسەك، سەل قارىمىساقمۇ. بەكمۇ ئېتىبار قىلىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. چۈنكى قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئارىلىقنى ھېسابلاش، ھېسابلانغان يولنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئىلمىي بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، دائىم دېگۈدەك بىرقەدەر زور پەرقلەر بولىدۇ. گۈدەنىڭ «يوللار خاتىرىسى» ۋە «يۈەنخې يىلىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەر تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن لويالىڭدىن ئۆتۈكەن تېغىغىچە بولغان پۈتۈن ئارىلىقتىن قارىغاندا «قانۇنلار قامۇسى» دا دېيىلگەن 4000 چاقىرىم ئەلۋەتتە بىرقەدەر ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك.

يېڭى، كونا «تاڭنامە» لەردە ئېيتىلغان يانۇننىڭ ئىككىنچى ئوردىنى قۇرغان ئورنى ئۆتۈكەن تېغى، قۇرغان ۋاقتى جېڭگۈەننىڭ تۆتىنچى يىلى بولۇپ، بىرىنچى ئوردىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىدىن (يەنى جېڭگۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلىدىن)، بىر يىل پەرق قىلىدۇ. ئوردىنى ئۆتۈكەن تېغىدىن دۆۋىكەن تېغى (都尉犍山) غا كۆچۈرۈشنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا «كونا تاڭنامە» دە: «ئىلىك قاغاننى تىنچىتقاندىن كېيىن شىمالدىكى قورۇللار بوش قالدى» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە»

ده «ئىلىك قاغان يوقىتىلغاندىن كېيىن شىمالدىكى تۇزلار بوش قالدى» دېيىلگەن. بىراق تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلارغا ئاساسلانغاندا، جىنگۇەن ئۈچىنچى يىلى ياتۇن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان ۋاقىتتىلا. ئىلىك قاغان ۋە ئۇنىڭ قەبىلىلىرى بىر - بىرلەپ شىمالغا قېچىپ كەتكەندە «شىمالدىكى قوززىلار» بىلەن «شىمالدىكى تۇزلار» ئاللىقاچان بوش قالغان، چۆللۈكنىڭ شىمالدىكى جايلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك سىرتاردۇشلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا چۈشكەن بولۇپ. سىرتاردۇشلارنىڭ جېنگۇەننىڭ تۆتىنچى يىلى، يەنى ئىلىك قاغان چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن قېچىپ بىر يىل ئۆتكەندە ئاندىن ئوردىنى دۆۋىكەن تېغىغا يۆتكىشىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، شۇڭا بۇ خىل قاراشتا كېتىپ قالغان جايلار بار. يەنە بىرى، ھازىرقى زاماندىكى تۈرك تارىخى ئالىملىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى دۆۋىكەن تېغى (乌德鞬山) يەنى ئۆتۈكەن تېغى (都尉楗山 ھەم 郁督军山 (ئۆتۈكەن تېغى) نىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىگە قوشۇلىدۇ.⑯ شۇڭا «كونا تاڭنامە» دىكى «ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شىمالىدا ئوردا قۇرغان» دېگىنى، ئەمەلىيەتتە ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شىمالىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ «قانۇنلار قامۇسى» دىكى «كىرۇلىن دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان» شۇنداقلا يېڭى، كونا تاڭنامەلەردە ئېيتىلغان ياتۇن بىرىنچى ئوردىنى «ئۆتۈكەن تېغى باغرىغا سالغان» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر جاينى كۆرسىتىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، «كونا تاڭنامە» دە «ياتۇن ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ شەرققە قاراپ يۆتكىلىپ «كونا زېمىنغا كەلگەن» (يەنى ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبى ئارقىلىق شەرققە كۆچۈپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا بارغان) لىكىنى خاتا ھالدا جېنگۇەننىڭ تۆتىنچى يىلى قىلىپ قويۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دۆۋىكەن تېغى (ئۆتۈكەن) نىڭ شىمالىدا

ئوردا قۇرغانلىقىنىمۇ خاتا ھالدا جىنگۇەنىڭ تۆتىنچى
يىلى قىلىپ قويغان. بۇ خاتالىقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سە-
ۋەب «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»دە ئۆتۈكەن
تېغى بېسەن دۆۋىكەن تېغى (ئۆتۈكەن) نى خاتا ھالدا ئىككى
تاغ دەپ قارىغانلىقى، شۇنداقلا جىنگۇەنىڭ ئۈچىنچى يىلى
دۆۋىكەن (ئۆتۈكەن) تېغىدا ئوردا قۇرۇلغانلىقىنى خاتا ھالدا
جىنگۇەنىڭ تۆتىنچى يىلى دەپ قارىغانلىقىدىن قارىغاندا،
بۇ قىسسە ئەڭ دەسلەپتە ئىككى خىل تارىخىي ماتېرىيالنى ئا-
رىلاشتۇرۇپ يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى مۇئەللىپ ئۆتۈكەن
تېغى بىلەن دۆۋىكەن (ئۆتۈكەن) تېغىنىڭ بىر تاغ ئىكەنلىكى-
نى بىلمىگەنلىكتىن ئۆتۈكەن تېغىدا ۋە دۆ-
ۋىكەن (ئۆتۈكەن) تېغىدا ئوردا قۇرغانلىقتىن ئىبارەت ئىككى
خىل كۆز قاراشنى ئوخشاشلا جىنگۇەنىڭ ئۈچىنچى يىلى قى-
لىپ قويۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ئىلىك قاغاننىڭ يوقىتىلىشىنى
مۇھىم ھالقا قىلىپ، دۆۋىكەن (ئۆتۈكەن) تېغىدا ئوردا قۇرغان
ۋەقەنى جىنگۇەنىڭ تۆتىنچى يىلى قىلىپ قويغان، شۇنىڭ
بىلەن سىرتاردۇشلار دەسلەپتە ئۆتۈكەن تېغىدا ئوردا قۇرۇپ
ئاندىن دۆۋىكەن (ئۆتۈكەن) تېغىغا يۆتكىگەن دېگەن خاتا
قاراشنى پەيدا قىلغان. «يېڭى تاڭنامە» دە «كونا تاڭنامە»
دىكى خاتالىقلار تۈزىتىلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە كىشىلەر ئو-
چۇق كۆرۈۋالالايدىغان «شەرقتىكى ئۆز زېمىنىغا قايتتى» دې-
گەن جۈملىنى چىقىرىپ تاشلىغان. ھەمدە يەنىمۇ بىر قەدەم
ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيەتتە بولۇپ ئۆتمىگەن يانۇنىڭ
ئۆتۈكەن تېغىدىن «ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ شەرققە كۆچۈپ
دۆۋىكەن تېغى (ئۆتۈكەن تېغى) ۋە تۇرا دەرياسىنىڭ شىما-
لىغا بارغان»لىقىنى قىستۇرۇپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى
قىيىنلىقىنى چوڭايتىۋەتكەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەندەك، جىنگۇەنىڭ بې-

رىنچى يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى سىرتاردۇشلار ئىلىك قاغانغا قارشى قوزغالغاندا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئوردىسى بارئىدى. لېكىن بۇ ئوردا (ھازىرقى ئورنى ئېنىقلانمىغان) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى سىرتاردۇشلارنىڭ ئوردىسى بولۇپ، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئوردىسى ئەمەس ئىدى. «قانۇنلار قامۇسى» «يېڭى، كونا تاڭنامە» دە خاتىرىلەنگەن سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئوردىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى، مەيلى ئۇلارنىڭ يازما مەنبە جەھەتتىن قانداق ئىختىلاپلىرى بولسۇن، ئەمەلىيەتتە ھەممىسى ئۆتۈكەن تېغى باغرىنى كۆزدە تۇتقان. بۇنىڭدا قىلچىمۇ گۇمان يوق. سىماگۇاڭ «قانۇنلار قامۇسى» «يېڭى، كونا تاڭنامە» لەردىكى ئوخشاش بولمىغان قاراشلاردىن قايمۇقۇپ قالمىغان. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 193 - جىلد جىنگۇەننىڭ 2 - يىلى (ئىككىنچى يىلى دېگىنى خاتا، ئۈچىنچى يىلى بولۇشى كېرەك) دىكى ماددىسىدا توغرىدىن - توغرا سىرتاردۇش خانلىقى «چوڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۆتۈكەن تېغى باغرىدا ئوردا قۇرغان» لىقىنى كېسىپلا ئېيتقان. بۇ مۇئەللىپنىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى پەرقلەندۈرۈش ۋە تاللاپ قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى خاتا قارىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى تاكى ھازىرغىچە تېخى ئۆتۈكەن تېغى باغرى ۋە ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلاردىن سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ چىققىنى يوق. ئۇلارنىڭ ئوردىسىنىڭ ئۆتۈكەن تېغىنىڭ زادى قايسى جايىغا قۇرۇلغانلىقىنى ئېنىقلاش تەس.

سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ زېمىنى «قانۇنلار قامۇسى» «سىرتاردۇشلار» دا خاتىرىلەنمىگەن. «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە خۇددى سىرتاردۇش خانلىقى ئوردىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى توغرىسىدا ئىككى خىل كۆز قاراشنى ئوتتۇ-

رىغا قويغانلىغا ئوخشاش، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ زېمىنى توغ-
رىسىدىمۇ ئىككى خىل كۆز قاراش بار. ئۆتۈكەن تېغىدا
ئوردا قۇرغان مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ زېمىنى «شەرقتە موغاللار-
غا، غەربتە يابغۇلارغا تۇتىشاتتى، جەنۇبتا چۆللۈك بىلەن چېگ-
رىلىناتتى، شىمالدا كىرۇلىن تېغىغا تۇتىشاتتى. ئۇيغۇر،
بايىرقۇ، ئاتىز، بارغۇت، توگرا، ئەقشىد قاتارلىق ئاساسلىق
چوڭ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا قارايتتى.» دۆۋىكەن (ئۆ-
تۈكەن) تېغىدا ئوردا قۇرغان مەزگىلدە ئۇلارنىڭ زېمىنى
«شەرقتە سىۋىرلارغا، غەربتە ئالتۇنتاغقا، غەربتە تۈركلەرگە،
شىمالدا خانگايغا تۇتىشاتتى، يەنى قەدىمكى ھونلارنىڭ
ئانا زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى». «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار
ھەققىدە قىسسە»، نىڭ داۋامى» دىكىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوخ-
شاش ئىدى. خۇلۇن تېغى خۇلۇن دەرياسى دەپ ئېلىنغانىدى.
«كونا تاڭنامە. موغاللار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلان-
غاندا، موغاللار «قەدىمكى سۇ جېنلار»نىڭ جايلاشقان ئورنى
«تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6000 چا-
قىرىم كېلىدىغان، شەرقتە دېڭىزغا، غەربتە تۈركلەرگە تۇتى-
شىدىغان، جەنۇبتا كورىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان، شىمالدا
سىۋىرلار بىلەن قوشنا بولغان جاي» بولۇپ تەخمىنەن ھازىرقى
خېيلوڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن ئېقىنى،
سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ غەربىدىكى تاۋئېرخې
دەرياسى، گۈيليۇخې دەرياسى ئەتراپىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ
تارقالغان جايى ئىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى،
ئۇنىڭ سىۋىرلار ۋە تۈركلەرنىڭ نىسپىي تارقىلىش ئورنى
بىلەن ئوخشاشلىقى، «شىمالدا سىۋىرلار بىلەن قوشنا» دېگەن-
لىكى ئۇنىڭ سىۋىرلارنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىغا جايلاشقان-
لىقىنى، يەنى موغاللارنىڭ جەنۇبقا، سىۋىرلارنىڭ شى-
مالغا جايلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «غەربتە تۈركلەر

بىلەن تۇتىشىدۇ» دېگىنى تۈركلەرنىڭ شەرقىي تۈرك خانلىقىغا
قارىتىلغان بولۇپ بۇ يەردە شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈم-
رانلىقى ئاستىدىكى تۈرالارنىڭ ئەقشىد قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ.
ئەقشىد قەبىلىسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىدىكى
ئۇجۇمۇچىن خوشۇنى ئەتراپىغا جايلاشقان. ئىلىك قاغان مەغ-
لۇپ بولۇپ يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئەقشىدلەر سىرتاردۇش خان-
لىقىغا تەۋە بولغان. شۇڭا جېڭگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى تۈرك
خانلىقى بىلەن سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئال-
مىشىش مەزگىلى بولۇپ، «غەربتە تۈركلەر بىلەن چېگرىلى-
ناتتى» دېگەننى يەنە غەربتە سىرتاردۇش بىلەن چېگرىلىناتتى
دەپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. «كونا تاڭنامە» دىكى سىرتاردۇش
خانلىقى «شەرقتە موغاللار بىلەن چېگرىلىناتتى» دېگەن قاراش-
مۇ پۈتۈنلەي توغرا. يەنە «يېڭى تاڭنامە. سىۋىرلار ھەققىدە
قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، سىۋىر قەبىلىسى جەمئىي 20 دىن
ئارتۇق بولۇپ، ئەڭ غەربىدىكى قەبىلە بولغان ئۇرسا قەبىلە-
سى «خۇلۇمبېر كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقانىدى.
خۇلۇمبېر كۆلىنىڭ شەرقىدە يىساۋۇ قەبىلىسى، شىمالىدا (ھا-
زىرقى ئېرغۇنا دەرياسى) تۈلۈغ سىۋىرلار بار ئىدى. بۇنىڭ-
دىن سىۋىر قەبىلىلىرىنىڭ ئاساسلىق ھازىرقى خۇلۇمبېر كۆ-
لىنىڭ ئەتراپى شۇنداقلا ئۇنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىدىكى يەر-
لەرگە تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. سىۋىرلار غەربتە
«تۈركلەر» بىلەن قوشنا بولۇپ بۇ يەردە دېيىلگەن «تۈرك»
شەرقىي تۈرك خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىلىك قاغان مەزگىلىدە
ھازىرقى كىرۇلېن دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا تارقالغان
تۈرالارنىڭ بايىرقۇ قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. شەرقىي تۈرك
خانلىقى يوقىتىلغاندىن كېيىن، بايىرقۇ قەبىلىسى سىرتار-
دۇش خانلىقىغا تەۋە بولغانىدى. بۇنىڭدىن «كونا تاڭنامە»
دىكى «سىرتاردۇش خانلىقى شەرقتە سىۋىرلار بىلەن تۇتىشات-

تى» دېگەن قاراشنىڭ خاتا ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قىسقىسى، سىرتاردۇش خانلىقى شەرقتە موغال ۋە سىۋىرلار (موغاللار جەنۇبتا، سىۋىرلار شىمالدا) بىلەن قوشنا ئىدى. «كونا تاڭنامە. تۈرالار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن سىرتاردۇش خانلىقى شەرقتە موغاللار بىلەن تۇتىشاتتى، «شەرقتە سىۋىرلار بىلەن تۇتىشاتتى» دېگەنلەرنىڭ ئېيتىلىشى ئوخشاش ئەمەس بولۇپ، ماھىيەتتە ھېچقانداق پەرق يوق.

سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بايانلارنىڭ بەزىلىرىدە «غەربتە يابغۇلارغا تۇتىشاتتى»، بەزىلىرىدە «غەربتە ئالتۇنتاغقا تۇتىشاتتى» دېيىلگەن. چاۋانىس دېگەن فرانسۇز تاڭ سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىنى دائىم دېگۈدەك «يابغۇ» ياكى «يابغۇ دۆلىتى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بۇرۇنلا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى. ئېلىمىز ئالىمى سېن جوڭمىيەنمۇ بۇلارنى تەكشۈرۈپ ئىزاھلىغان. ھازىر ئۇ بىرلىككە كەلگەن يەكۈنگە ئايلاندى. بۇ يەردىكى «يابغۇ» شۈبھىسىزكى، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ باشقا نامىدۇر. يەنە يېڭى ۋە كونا «تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسەن، سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادى 583 - يىلى) تۈرك خانلىقى شەرق ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى دەپ بۆلۈنگەندىن كېيىن، غەربىي تۈرك خانلىقى ئالتۇنتاغنى شەرقىي چېگرا قىلدى. شۇڭا سىرتاردۇش خانلىقى «غەربتە ئالتۇنتاغقا تۇتىشاتتى» دېيىش بىلەن «غەربتە يابغۇغا تۇتىشاتتى» دېيىش يېزىق جەھەتتىكى ئازراق پەرقتىنلا ئىبارەت، خالاس.

سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى «يېڭى، كونا تاڭنامە» دە، بەزىدە «چۆللۈك بىلەن تۇتىشاتتى» دېيىلگەن بولسا، بەزىدە «تۈركلەرگە تۇتىشاتتى» دېيىلگەن. شەرقىي تۈركلەر جېنگۇەننىڭ تۆتىنچى يىلى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن،

ئىلىك قاغاننىڭ قەبىلىلىرى ياكى سىرتاردۇشلارغا ئەسىرگە چۈشكەن، بەزىلىرى غەربنى يۇرتقا قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ جەنۇبقا بېرىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغانلىرى 10 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. تاڭ تەيزۇڭ ئىشىكئاغىسى ۋېن يەنبونىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، «سوفاڭ زېمىندىكى يوجۇ ئايمىقىدىن لىڭجۇ ئايمىقىغىچە بولغان ئارىلىقتا، شۈن، يۇ، خۇا، چاڭدىن ئىبارەت تۆت ئايماقتا تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. ھەمدە ئىلىك قاغاننىڭ زېمىنىنى ئالتە ئايماققا بۆلۈپ، سول تەرەپتە دىڭشياڭ تۇتۇق مەھكىمىسىنى، ئوڭ تەرەپتە يۈنجۇڭ تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ قەبىلىلىرىنى باشقۇرغان» («كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»). يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈرك ئايماقلىرىنىڭ كۆدپىنچىسىنىڭ ئورنى ئېنىقلانمىغان بولسىمۇ، خېتاۋ ۋە سەددىچىننىڭ جەنۇبىدىكى تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ. مىلادى 639 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 13 - يىلى) چاڭئەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان تۈرك ئاقسۆڭەكلىكى كورشات يۈز جەمەتىنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ جيۇ چېڭگوڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، تاڭ تەيزۇڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنغان، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شىمالغا قېچىپ، خېتاۋنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركلەر بىلەن بىرلىشىشكە ئۇرۇنغان. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، تاڭ تەيزۇڭ تۈركلەرنى پايتەختكە يېقىن بولغان خېتاۋنىڭ جەنۇبىدا تۇرغۇزۇشنىڭ بىر خەتەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئىلىك قاغان جەمەتىدىن بولغان ئاشىناسىمۇنى ئىل مىرىنشۇر ئالىپ بىلگە قاغان قىلىپ تىكلەپ، ئۇنىڭغا تۈركلەرنىڭ تەسلىم بولغان 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ، شياجۇ ۋە شېڭجۇ ئىككى ئايماق ئارقىلىق خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ شىمالغا بېرىشنى بۇيرۇغان، ئاشىناسىمۇ دىڭشياڭدا ئوردا قۇرغان. ئۇنىڭ قەبىلىلىرى

چوڭ چۆللۈك بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئاشىناسىمۇنىڭ قەبىلىلىرى چوڭ چۆللۈك بىلەن سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئارىلىقىدا ئۆزئارا قارىشىپ تۇرغان. تاڭ تەيزۇڭ دېھقانچىلىق مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىرى گو سېنىنى سىرتاردۇشلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، يانۇنغا: «سىز چۆللۈكنىڭ شىمالىدا، تۈركلەر چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشتى. ھەرقايسىڭلار ئۆز زېمىنىڭلارنى ساقلاڭلار. ئەگەر كىمدە - كىم قەستەنگە چېگرىدىن ئۆتۈپ ئۆزئارا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىكەن، شۇ كىشى تەخىرسىز جازاغا تارتىلغاي» («قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر») دېگەن. كېيىن يەنە سىرتاردۇشلارنىڭ ئەلچىسىگە: «مەن چۆللۈكنىڭ شىمالىنى سىرتاردۇشلار، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىنى تۈركلەر ئىدارە قىلسۇن دەپ بەلگىلىدىم. كىمدە - كىم قارشى تەرەپنى بۇلايدىكەن، پۈتۈن جەمەتى قىرىپ تاشلىنىدۇ» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى») دېگەن. ناھايىتى ئېنىقكى، سىرتاردۇش خانلىقى ئاشىناسىمۇنىڭ قەبىلىسىدىكى تۈركلەر بىلەن چۆللۈك (يەنى قۇملۇق) ئارقىلىق چېگرىلانغانىدى. شۇڭا «يېڭى. كونا تاڭنامە» لەردىكى تۈرك خانلىقىنىڭ جەنۇبى چېگرىسى توغرىسىدىكى ئىككى خىل قاراش (قۇملۇققا تۇتىشىدۇ، تۈركلەرگە تۇتىشىدۇ). ماھىيەت جەھەتتە بىردەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ شىمالى چېگرىسى، «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە بەزىدە «شىمالدا خۇلۇن ئېقىنغا تۇتىشاتتى» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دا خۇلۇن دەرياسى دەپ تىلغا ئېلىنغان) دېيىلسە، بەزىدە «شىمالىدا خانگايغا تۇتىشاتتى» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» بىلەن ئوخشاش) دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۈمۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 193 - جىلدى (تاڭ تەيزۇڭ جىنگۇەن

ئىككىنچى يىلىدىكى) دىكى ماددىسىدا «شىمالدا خۇلۇن دەرياسىغا تۇ-
تىشىدۇ» دېيىلىپ، «شىمالدا خانگايغا تۇتىشىدۇ» دېيىل-
گەن. خۇلۇن تېغى «قانۇنلار قامۇسى. سىرتاردۇشلار» دا
خۇلۇن دەرياسى» دەپ يېزىلغان بولۇپ، سىرتاردۇش خانلىقى-
نىڭ ئوردا قورغان جايى ئىدى. «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەق-
قىدە قىسسە» دە ئۆزگەرتىلىپ «خۇلۇن تېغى» دەپ يېزىلغان
بەلكى سىرتاردۇشلار خانلىقىنىڭ شىمالى چېگرىسى دەپ قا-
رالغان. كېيىن يېزىلغان «يېڭى تاڭنامە» بىلەن «ئەلنى ئى-
دارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە قايتا ئۆز-
گەرتىلىپ «خۇلۇن دەرياسى» دەپ تىلغا ئېلىنغان. لېكىن يە-
نە «قانۇنلار قامۇسى» نىڭكىدىن پەرقلەندۈرۈلۈپ، خۇلۇن
دەرياسىنى خانلىقىنىڭ شىمالىي چېگرىسى دەپ قارىغان. بۇنداق
قايتا - قايتا ئۆزگەرتىشنىڭ سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ شىمالىي
چېگرىسىنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە
ھېچقانداق پايدىسى يوق. بىز خۇلۇن تېغى ۋە خۇلۇن دەر-
ياسىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت جايلار بولۇشى كې-
رەك دەپ قارايمىز. يۇقىرىدا سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئوردى-
سىنىڭ جايلاشقان ئورنى بايان قىلىنغان ۋاقىتتا خۇلۇن دەر-
ياسىنىڭ ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ خانگاي تېغىنىڭ شەرقىي
تىزمىسى بولغان چورماتەي دەرياسىدىن باشلىنىدىغانلىقىنى
دەلىللىگەندۇق. خۇلۇن تېغى ئەمەلىيەتتە خۇلۇن دەرياسىنىڭ
باشلىنىش مەنبەسىدىكى تاغ. يەنى خانگاي تېغىنىڭ شەرقىي
ئېتىكىدىكى مەلۇم بىر تاغ بولۇشى كېرەك. «يېڭى، كونا تاڭ-
نامە» دە ئېيتىلغان سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ شىمالىي چېگرى-
سى ئەمەلىيەتتە مۇشۇ تاغ بىلەن مۇشۇ دەريانى كۆرسىتىشى
كېرەك. «خانگاي» (瀚海) يەنە «翰海» دەپمۇ
يېزىلغان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار
ھەققىدە قىسسە» دە كۆرۈلگەن. ئۇنىڭدا خەن ۋۇدى دەۋرىدە قىران

چەۋەندازلار سانغۇنى خوچۇبىڭ «دەي ۋىلايىتىدىن 2000
چاقىرىم يىراقلىقتىكى» «دەشتى ـ ماكانغا يېقىن جايغا بېرىپ
قايتقانلىقى» ئېيتىلغان. خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى تىزاھشۇ‐
ناسلارنىڭ ئىچىدە «شىمالىي دېڭىز» (ھازىرقى بايقال كۆلى)
دەپ تەبىر بەرگۈچىلەرمۇ «چوڭ قۇملۇق» دەپ تەبىر بەرگۈ‐
چىلەرمۇ بولغان بولۇپ ھەممىسى مەقسەتكە يېتەلمىگەندەك
قىلىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە دەيجۇن ۋىلايىتى ساككەن
(ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋېيشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي
شىمالىدا) نى ئىدارە قىلغان بولۇپ، بۇ يەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ
تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىنىڭ دەل شەرقىگە
جايلاشقان، گۇدەنىڭ ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن، تەسلىم بول‐
غانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردى‐
سى جايلاشقان ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئارىلىقىنىڭ 2090 چاقى‐
رىملىق يول ئىكەنلىكىگە ئاساسەن، دەيجۇن ۋىلايىتىنىڭ شى‐
مالىغا 2000 چاقىرىم كېلىدىغان جاي. خانگاي تېغى‐
نىڭ شەرقىي تىزمىسىدىن خۇلۇن دەرياسى ئەتراپىغىچە بولۇشى
كېرەك. بۇ يەردە دېڭىز يوق. جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى بايقال
كۆلى بىلەن بولغان ئارىلىق 1000 چاقىرىم بولۇپ، «شىمالىي
دېڭىز» دەپ يېزىلسا روشەن ھالدا خاتا بولىدۇ. جۇغراپىيە‐
لىك جايلاشقان ئورنىدىن قارىغاندا، بۇ جاي چۆللۈكنىڭ شىما‐
لىدا بولۇپ، «چوڭ چۆللۈك» دەپ تەبىر بېرىلىشىمۇ خاتا
بولىدۇ. دىڭ چيەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قۇلان دەرياسى
ۋادىسىدىكى قۇماۋقنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ[21]. بىراق
چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قۇلان دەرياسى ۋادىسىدىكى چۆللۈك
قانداقسىگە دەشتى ماكان دەپ ئاتالسۇن؟ دىڭ چيەننىڭ بۇ كەپىنىڭ
باش ـ ئاخىرى زىددىيەتلىك بولغاچقا بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. سېن جوڭ‐
مىيەن: «دەشتى ماكان» يەنى خانگاي تېغىنىڭ ئۆزى بولۇپ،
ئەسلى خانگاي تېغىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىدۇر. تىزاھشۇناسلار

تەرىپىدىن خاتا ھالدا «دەشتى ماكان» دېيىلگەن» دەپ قا-
رايدۇ. بۇ قاراشنىڭ ناھايىتى جىق بار. تاڭ سۇلالىسى
سىر تاردۇش خانلىقى يوقىتىلغاندىن كېيىن، سىر تاردۇش خانـ
لىقىنىڭ ئورادىسىنىڭ كونا ئورنى يەنى خانگاي تېغىنىڭ شەر-
قىي تىزمىسىنىڭ شىمالىدا دەشتى ماكان تۇتۇق ھىراۋول مەھكىـ
مىسىنى تەسىس قىلغان. بۇ يەردىكى دەشتى ماكان تۇتۇق ھىراۋول
مەھكىمىسى ئەلۋەتتە خانگاي تېغىنىڭ نامى بولۇشى كېرەك.
يۇمبۇ دەشتى ماكان- خانگاي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، قىسقىـ
سى، يول ئارىلىقى جۇغراپىيىلىك جايلاشقان ئورۇن نامىنىڭ
ئۆزگىرىشىدىن قارىغاندىمۇ دەشتى ماكانغا خانگاي دەپ تە-
بىر بېرىش بىر قەدەر ئورۇنلۇق. بۇنىڭدىن بىز «يېڭى، كونا
تاڭنامە» لەردە خاتىرىلەنگەن سىر تاردۇش خانلىقىنىڭ شىما-
لىدىكى چېگرىسى بولغان «خۇلۇن تېغى» بىلەن «خۇلۇن دەر-
ياسى» دېگىنىنىڭ خانگاي تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىنى كۆرسـ
تىدىغانلىقىنى، دەشتى ماكانىنىڭمۇ خانگاي تېغىنى كۆرسىتىـ
دىغانلىقىنى، ئىككىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بىر جاي ئىـ
كەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىراق بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈشـ
كە تېگىشلىكى شۇكى، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسـ
سە»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىن قارىغانـ
دا، خانگاي تېغىنىڭ شەرقىي تىزمىسى سىر تاردۇش خانلىقىـ
نىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چېگرىسى ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتا
سېلېنگا دەرياسى بويىدا چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان تۇرالارنىڭ
ئۇيغۇر قەبىلىسى، سىر تاردۇش خانلىقىنى قۇرۇش خىزمىتىگە
قاتنىشىپلا قالماستىن، بەلكى سىر تاردۇش خانلىقى قۇرۇلغانـ
دىن كېيىن، يەنە سىر تاردۇش خانلىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي
قىسمىغا ئايلانغان. سىر تاردۇش خانلىقىنىڭ شىمالىي چېگرىسى
بولسىدى دېگەندىمۇ ھازىرقى سېلېنگا دەرياسىنىڭ شىمالىدا
بولۇشى كېرەك. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خۇلۇن تېغى بىلەن

خانگاي ئەلۋەتتە سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسـ
مىدىكى سىرتاردۇشلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىـ
دىغان يېرىنىڭ چېگرىسى بولۇشى لازىم. بۇرۇنقىلار بۇنى
بىلمىگەنلىكتىن، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ شىمالىي چېگرىسى
بىلەن سىرتاردۇش قەبىلىسى چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونـ
نىڭ شىمالىي چېگرىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ بىر قىلىپ قويۇپ،
بۇ خىل خاتالىقنى سادىر قىلغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، سىر-
تاردۇش خانلىقى شەرقتە موغاللار ۋە سىۋىرلار بىلەن قوشنا
ئىدى. جەنۇبتا چوڭ چۆللۈككە تۇتاش بولۇپ، قۇملۇق ئارقىـ
لىق تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن
ئۆزئارا ئايرىلىپ تۇرغان؛ غەربتە ئالتۇنتاغ بىلەن چېگرىـ
داش بولۇپ، ئالتۇنتاغدىن ئۆتۈپ يابغۇ تۈركلىرى (غەر-
بىي تۈرك خانلىقى) بىلەن چېگرىدلانغان؛ شىمالدا سېلىنگا
دەرياسىنىڭ شىمالىغىچە باراتتى. يېڭى، كونا «تاڭنامە»لەر-
نىڭ ھەممىسىدە سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ زېمىنى «قەدىمكى
ھونلارنىڭ ئانا زېمىنى» دېيىلگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر، ھونـ
لار تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، ھونلار دۆلىتى تەڭ قۇد-
رەت تاپقان مەزگىلدە (باتۇر تەڭرىقۇت، ئاغا تەڭرىقۇت ۋاقتىدا)،
شەرقتە تۇڭغۇسلار (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقى قىسمىدىكى
لاۋخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يەرلەر) نى بويسۇندۇرغان،
غەربتە غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنى بويسۇندۇرغان، جەنە-
ۇبتا چوغاي تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ خۇاڭخېنىڭ جەنە-
ۇبىدىكى جايلار (ھازىرقى خېتاۋنىڭ جەنۇبى) نى ئىشغال
قىلغان، شىمالدا دىڭلىڭلارنى ئەل قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىـ
گە قوشۇۋالغان. ئۇنىڭ زېمىنى ۋە تەسىر كۈچى سىرتاردۇش
خانلىقىنىڭ زېمىنىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنىدى.

شۈبھىسىزكى يېڭى، كونا «تاڭنامە» دىكى قاراشلاردا ئەمەلىيەتتە كە ئۇيغۇن بولمىغان تەرەپلەر بار.

## 3. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى

سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىكى چارۋىچىلىق ئىدى. خانلىقتا قاراشلىق 15 تۇرا قەبىلىسىنىڭ ھەممىسى «مۇقىم ئولتۇراق جايى بولمىغان، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ يۈرىدىغان» («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۇرالار ھەققىدە قىسسە») چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرەتتى. ئالدىنقى تۈرك خانلىقى مەزگىلىدە، ئاقتاغدىكى تۇرالارنىڭ چۆبە قاتارلىق قەبىلىلىرى ۋە شىمالدىكى تۇرالارنىڭ بايىرقۇ قەبىلىسى ئاللىبۇرۇن ئاز ساندىكى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى. سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدە چۆبە قاتارلىق قەبىلىلەر ئاللىبۇرۇن شىمالدىكى موڭغۇل دالاسىغا كۆچۈپ كەتكەن. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى زىرائەت ئۆسۈشكە مۇۋاپىق بەزى جايلاردا بىر قىسىم تۇرالارنىڭ ئاۋۋالقىدەك قوشۇمچە كىچىك كۆلەمدىكى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، چارۋىچىلىقنىڭ مۇھىم تولۇقلىمىسى بولغان ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى مەركەز قىلغان ئائىلە قول سانائىتى شۇنداقلا مېتال تاۋلاش كەسپى ۋە ياغاچچىلىق كەسپى قاتارلىقلار ئەينى ۋاقىتتا مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنىدى.

تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدە شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى تەكشىسىزلىك كۈچەيگەنىدى. سىرتاردۇش، ئۇيغۇر قاتارلىق

قەبىلىلەر ئەينى دەۋردە شىمالدىكى ئەڭ قۇدرەت تاپقان تۇرا قەبىلىلىرىگە ئايلانغانىدى.

سىرتاردۇش خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا، تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ باي - كەمبەغەللىك بۆلۈنۈشى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان بولۇپ، سىنىپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ھادىسىلىرى پەيدا بولغانىدى. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىدىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

سىرتاردۇش خانلىقى دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرەققىي قىلمىغان قۇللۇق تۈزۈمىدىكى بىر دۆلەت ئىدى. «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە سىرتاردۇشلارنىڭ «ھۆكۈمەت شەكلى، قورال - ياراقلىرى، شۇنداقلا ئۆرپ - ئادىتى ئاساسەن تۈركلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاپ كېتەتتى» دېيىلگەن. «ھۆكۈمەت» بىلەن «ئۆرپ - ئادىتى» سىياسىي تۈزۈم بىلەن ئىجتىمائىي تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ. تۈركلەر قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت ئىدى. «ئاساسەن تۈركلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاپ كېتەتتى» دېيىلگەنگە قارىغاندا، سىرتاردۇش خانلىقىمۇ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولۇشى كېرەك. يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىنچۇ بىلگە قاغان يانتۇن قۇللۇق تۈزۈمىنى ھەربىي قوشۇن ئىچىگىچە كېڭەيتكەنىدى، ئۇ جەڭ مەيدانىدىن «باش تارتقانلار»غا «ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، باشقا جەڭچىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش» («كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە») نى بەلگىلەپ چىققانىدى. شۇنداق قىلىپ، ھەر قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن، بولۇپمۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، دائىم دېگۈدەك خېلى سانىدىكى «جىنايەت» ئۆتكۈزگەن تۇرا جەڭچىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلەتتى، بۇ ئۆلتۈرۈلگەن جەڭچىلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئات-

لەردىن ئۇنىڭ تۆت ياكى بەش ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان
ئادەملەر مەجبۇرىي يوسۇندا يەنە بىر قېتىم تۇرا جەڭچىلىرى-
نىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي،
ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قۇللۇققا چۈشۈرۈلگەنلەرنى
قوشقاندا، سىرتاردۇش خانلىقىدا خېلى ساندىكى تۇرالار
ئەركىن چارۋىچى سالاھىيىتىدىن ئايرىلىپ ئۆز مىللىتىنىڭ
ئەمەلدار - بايلىرىنىڭ يەنى قۇلدارلار سىنىپىنىڭ قۇللىرىغا
ئايلىنىپ قالاتتى. شەرقىي تۈرك خانلىقى يىمىرىلگەن ۋاقىتتا،
كۆپلىگەن تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى شىمالدىن قېچىپ كەتكەچكە
ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى قۇللار (ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇلاپ
كېتىلگەن ۋە ئەسىرگە چۈشكەن خەنزۇ ئاھالىلىرىمۇ بار) نىڭ
كۆپچىلىكى سىرتاردۇشلار شۇنداقلا باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ
قۇلدارلىرى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. جېن
گۈەن 21 - يىلى (647 - يىلى) يەنى سىرتاردۇش خانلىقى
مۇنقەرز بولۇپ، ئىككىنچى يىلى تاڭ سۇلالىسى «تۇرا قەبى-
لىلىرىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلىك ئەسىرلەرنى
سېتىۋېلىپ قايتۇرۇپ كەلگەن» («يېڭى تاڭنامە. تاڭ تەيزۇڭ
ھەققىدە خاتىرە»). بۇ توغرىدا تاڭ تەيزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ
«سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى قالايمىقانچىلىق يۈز
بېرىپ، چېگرا رايونلار كۆپ قېتىم بۇلاڭ - تالاڭغا
ئۇچرىغان. ھازىر تۇرالار خاندانلىقىمىزغا رەئىيەت قىلىندى.
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلىك ئەسىرلەرنىڭ ۋاسسال ئەللەردە تۇرۇ-
ۋاتقانلىرى بىر كۆزىدىن قان، بىر كۆزىدىن ياش تامغان
ھالدا جەنۇبقا تەلمۈرۈپ ئەزىز يۇرتلىرىغا قايتىشنى ئويلاش-
ماقتا ئىكەن، بۇلارنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، ئۇلارغا
ئىچ ئاغرىتماي تۇرالمىدىم. يەنرەن قاتارلىق ئايماقلارغا
ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ
يەنرەن تۇتۇقى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مال - دۇنيا بېرىپ،

ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار ھەمدە ئۇلارغا يول راسخوتى بېرىپ، يۇرتىغا قايتۇرۇڭلار، دېدىم» («كىتابلار جەۋھىرى» 42 - جىلد) دېيىلگەن. يارلىقتا دېيىلگەن «سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، چېگرا رايون كۆپ قېتىم بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغان» دېگىنى. ناھايىتى روشەنكى، بۇ ۋاقىتلاردا ئەسىرگە چۈشكەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلىكلەر دەسلەپتە تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن بۇلاپ شىمالغا ئېلىپ كېتىلگەنلەر ئىدى. يارلىقتا ئېيتىلغان «يەنزەن قاتارلىق ئايماقلار» سىرتاردۇش خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىدىكى تۈرا قەبىلىلىرى رايونىدا قۇرغان يەنزەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق مەھكىمە بولۇپ، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»گە ئاساسلانغاندا، مەھكىمىگە تۇتۇق، ئايماققا ئايماقبېگى قويۇلغانىدى. تۇتۇق، ئايماقبېگى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى تەيىنلەنگەنىدى. «تۇتۇق بىلەن مەسلىھەتلىشىپ» دېگىنى تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۇتۇقلارنىڭ ھەممىسى تۈرا قەبىلىلىرى ئىچىدىكى چوڭ قۇلدارلار بولۇپ، ئۇلار بىلەن «مەسلىھەتلىشىپ» دېگىنى، بەلكىم پۇل تۆلەپ ياندۇرۇۋېلىنىدىغان خەنزۇلارنىڭ باھاسى بولۇشى مۇمكىن. ۋاقىتلىقلارغا قىتىلىپ قالغان خەنزۇلارغا نىسبەتەن، تاڭ سۇلالىسى ئەلچى ئەۋەتىپ تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ باھاسى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ، يەنە شايى رەخت قاتارلىق «ماللار» ئارقىلىق ئۇلارنى پۇل تۆلەپ ياندۇرۇۋالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاللىبۇرۇن تۈرك قۇلدارلىرىنىڭ قولىدىن [23] تۆتۈپ، تۈرا قۇلدارلىرىنىڭ خۇسۇسىي قولىغا ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا

بۇ پۇل تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىنغان «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلىكلەر» نىڭ زادى قانچە ئىكەنلىكى خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، بىراق تۇرا قولدارلىرىنىڭ خېلى ساندىكى خەنزۇ قوللارغا ئىگە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. سىرتاردۇش قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قولدارلىرى يەنە ئۆزلىرىگە قوشنا بولغان ئاجىز مىللەتلەرگە ئۇرۇش قوزغاش ئارقىلىق قوللارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى كېڭەيتكەنىدى؛ مەسىلەن، يۇقىرىقى يارلىقتا يەنە «سۆر، ئۇرقۇن خاتۇن، موغال قاتارلىق ئۈچ قەبىلىنىڭ سىرتاردۇش قاتارلىقلار تەرىپىدىن بۇلىنىپ، ئائىلىدىكىلەرنىڭ پۇل تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىشى بۇيرۇلغان» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، شەرقىي تۈرك خانلىقى ھۆكۈمران بولغان چاغدا، سىر تاردۇش، ئۇيغۇر قاتارلىق تۇرا قەبىلىلىرى كۆپ قېتىم تۈركلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان؛ ئېلىك قاغان مەغلۇپ بولغان ۋاقىتتا، ئۇ باشچىلىق قىلغان تۈركلەرنىڭ «بەزىلىرى سىرتاردۇشلاردىن ئايرىلىپ كېتىپ قالغان» («كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»). ناھايىتى ئېنىقكى، خېلى كۆپ ساندىكى تۈركلەر سىرتاردۇش قاتارلىق تۇرالار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ قول قىلىنغان. قىسقىسى، سىرتاردۇش خانلىقى ئىشقا سالغان قۇللار، ھېچبولمىغاندىمۇ تۇرالار، خەنزۇلار، سۆرلەر، ئۇرقۇن خاتۇنلار، موغاللار ۋە تۈركلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. سىرتاردۇش خانلىقى تېلى قولدارلار سىنىپىنىڭ قۇللارنى ئۈستىدىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە ئېزىشى ئاساسىغا قۇرۇلغان قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت ئىدى.

لېكىن، تۇرا قولدارلىرى سىنىپىنىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن كۆپلىگەن خەنزۇلارنى ۋە باشقا ئۇرقۇن خاتۇن، سۆر، موغال قاتارلىق مىللەت قۇللىرىنى پۇل تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقىدىن قارىغاندا، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمى دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرەققىي

قىلمىغان باسقۇچتا ئىدى. تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قۇلدارلىرىدا، ئالاھازەل ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىر قەدەر قالاقلىقى، قۇللارنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە سېلىشى ئۇلارغا تېخى روشەن ھەم تۇراقلىق ماددىي مەنپەئەت ئېلىپ كېلەلمىگەنلىكتىن، ئارتۇقچە قول قىلىنغان ئاھالە بارلىققا كەلگەن. سىرتاردۇش خانلىقىدىن ئاۋۋالقى شىمالنىڭ تارىخىدا. مەيلى ھون دۆلىتىنىڭ قۇلدار-لىرى بولسۇن ياكى جورجان خانلىقى، تۈرك خانلىقىنىڭ قۇلدارلىرى بولسۇن ھەممىسى قۇللارنى كەڭ كۆلەمدە سېتىش ئىشى بولمىغان. پەقەت سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇلدارلىرىلا مۇشۇنداق قىلغان. بۇ ئېھتىمال سىرتاردۇش خانلىقى قۇلدار-لىق تۈزۈمىنىڭ ھون، جورجان، تۈركلەرنىڭ قۇللۇق تۈزۈ-مىگە قارىغاندا، تېخىمۇ قالاق ۋە تەرەققىي قىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 4. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئىچكى سىياسىتى

### (1) قاغانلارنى «ئورتاق سايلاش» تۈزۈمى

سىرتاردۇش خانلىقى شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق ھالدىكى شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا تىكلەنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى شەكىل جەھەتتە تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىتتىپاق خا-راكتېرىنى روشەن ساقلاپ قالغانىدى.

سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى قاغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى جورجان خانلىقى ۋە تۈرك خانلىقى بىلەن بىردەك ئىدى. بىراق قاغاننىڭ بارلىققا كېلىشى جورجان خانلىقى ۋە تۈرك خانلىقىدىكى ئۆز مىللىتىنىڭ

ئاقسۆڭەكلەر يىغىنىدا، قاغاننىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن سايلاپ بەلگىلەش ئەھۋالى بىلەن ئوخشاشمايتتى، ئۇ سىرتاردۇشلار بىلەن بىللە، ھەم «يەرگە ئىگە» ھەم قوراللىق كۈچكە ئىگە تۆرا قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى ئورتاق سايلاش ئارقىلىق بەلگىلىنەتتى. سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ قولدار ئاقسۆڭەكلىرى شۈبھىسىزكى كېيىنكى ئەۋلاد قاغانلىقتا تەيىنلىنىشتەك ئالاھىدە ھوقۇققا ئىگە بولسىمۇ، بىراق سىرتاردۇشلار ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدىكى كىمنىڭ قاغانلىققا تەيىنلىنىشىدا، سىرتاردۇشلار قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى يالغۇز قارار چىقىرىشقا ھوقۇقسىز ئىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قاغانى يانۇن، مىلادى 629 - يىلى (جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) تۆرا قەبىلىلىرىنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ «ئورتاق سايلىشى» ئارقىلىق تىكلەنگەنىدى. مىلادى 645 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 19 - يىلى) يانۇن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى بايچور تۆرا قەبىلىلىرىنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ قاغاننى ئورتاق سايلاش تۈزۈمىنى كۆزگە ئىلماي، قەبىلىلىرىنى باشلاپ، «ئاكىسى تولشاد قاغانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى قاغان بولغان» («كونا تاڭنامە. تۆرا ھەققىدە قىسسە»). بايچور ئۆزىنى ئىل كۆلۈگ ئىستەمى قاغان دەپ جاكارلىغان، نەتىجىدە سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئاشۇنداقلا ئۇيغۇر، بارغۇت، توڭرا قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىدى. دۆلەت ئىچىدىكى قارشىلىق كەيپىياتىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، تارىخىي كىتابلاردا بايچورنىڭ «دادىسى دەۋرىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ يېقىنلىرىنى قويغان» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى») لىقى خاتىرىلەنگەن. بەلكىم بايچورغا

قارشى، بىر قىسىم تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ سەركەردىلىرى ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ نەتىجىسىدە، «قول ئاستىدىكىلىرى قايىل بولماي» سىرتاردۇش خانلىقىغا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىتتىپاقىسىنىڭ ئاساسى تەۋرەپ قالغان. تۇرا قەبىلىلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن بايچور تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە سىرتاردۇش قەبىلىسى ۋە ئەينى ۋاقىتتا تېخى ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلايدىغان بىر قىسىم تۇرا قەبىلىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ تاڭ سۇلالىسىگە تاجاۋۇز قىلغان. نەتىجىدە تۇرالارنىڭ سانغۇن جى شىسىلى باشچىلىقىدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان بىرتارمىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانىدى. ئۇيغۇر، بارغۇت، تۇگرا قاتارلىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىمالدا قوزغالغان. بايچور غەزەپلەنگەن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ جەمەتىمۇ قىرىپ تاشلانغانىدى. بايچورنىڭ ئورۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلۈشى، تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ قاغانىنى سايلاش تۈزۈمىنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بايچور ئۆلگەندىن كېيىن، «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»دە: «ئۇنىڭ قېپ قالغان 50 — 60 مىڭ ئادىمى، غەربىي يۇرتقا قېچىپ كەتتى»، «غەربكە قاچقانلىرى بىردەك يانۇنىنىڭ ئاكىسى دومۇجىنى ئىتىيوس قاغان قىلىپ سايلىدى» دېيىلگەن! دومۇج تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بۇ 50 — 60 مىڭ قالدۇق ئەسكەرلەر («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، نىڭ داۋامى») گە («ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياشانغانلار بىلەن بالىلاردىن 30 مىڭى بار») باشچىلىق قىلىپ ئوڭۇشلۇق ھالدا. ئۆتۈكەن تېغىدىكى كونا ئوردىسىغا قايتىپ بارغان. ئەسلىدە ئىسيان كۆتۈرگەن ئۇيغۇر قاتارلىق

قەبىلىلەر ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگە قارشى تۇرمىغان، ئەكسىچە ئاساسلىق تۇرا قەبىلىلىرى بۆرۈندىنلا تاردۇشلارغا بويسۇنۇپ كەلگەچكە دومۇجىنىڭ كۈچى بولسىمۇ، باشقا قەبىلىلەر داۋاملىق ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، نىڭ داۋامى») ئەھۋال بارلىققا كەلگەن. تارىخلاردا «دومۇج كەلگەندە توققۇز قەبىلىدىكى سەركەردىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن ئەيمەنمەيدىغىنى يوق ئىدى» («كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»). ناھايىتى ئېنىقكى، شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ سىرتاردۇشلار بىلەن ئاداۋىتى بولمىغان ئاشۇ قەبىلە ئاقساقاللىرى دومۇج ۋە ئۇنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ شىمالغا قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئالاتتى. ھالبۇكى، سىرتاردۇشلارنىڭ جەمەتىنى قىرغان ئاشۇ تۇرا «سەركەردىلىرى» دومۇجىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئۆزىگە تەھدىت دەپ ھېسابلايتتى. دومۇج شىمالغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى سۇسىيپ ئۇنى چاڭئەنگە ئاپىرىپ قويدى. بىراق چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ئاۋۋالقىدەكلا ئۇنىڭغا ساداقەتمەنلىكىنى ساقلىغان. «دومۇج ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ سەركەردىلىرى ئۇنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرغاچقا يەنىلا ئىككى خىل ھالەتنى ساقلاپ قالغان» («كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»). تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەسكەر، سەركەردىلىرى كۆپ بولغان بايچۇر بىلەن ئاران 50—60 مىڭ قېرى، ئاجىز قالدۇق قوۋمى بار بولغان دومۇجغا نىسبەتەن قوللانغان ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيىسى، بەلكىم ئۇنىڭ بىرىنىڭ «ئۆزىنى قاغان قىلىپ تىكلىگەنلىكى»، يەنە بىرىنىڭ «ئورتاق سايلانغان قاغان» بولغانلىقى تۈپەيلىدىن

بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئۇستىگە، شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ دومۇجىنى قوللىغانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇ بەلكىم تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق سايلىشى بىلەن قاغان بولغان بولساكېرەك. «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە دومۇجىنىڭ «غەربكە قاچقان تاردۇش قەبىلىلىرى» تەرىپىدىن قاغانلىققا سايلانغانلىقى ئېيتىلغان. بۇ يەردىكى «غەربكە قاچقان تار- دۇش قەبىلىلىرى» سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ غەربكە قاچقان قەبىلىسى دەپ تەبىر بېرىلىشى، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم سىرتاردۇش قەبىلىلىرىدىن سىرت تۇراقەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى بولۇشى كېرەك. قىسقىسى، ھازىر بار بولغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، سىرتاردۇش خانلىقىدا يۈرگۈزۈلگىنى ئاساسەن تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ سەركەردىلىرى قا- غانلارنى ئورتاق سايلايدىغان تۈزۈمدۇر.

### (2) ھەربىي - مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ ئايرىلىشى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىش

سىرتاردۇش خانلىقى ئۆز زېمىنىنى بىرنەچچە ھەربىي - مەمۇرىي رايونغا ئايرىغان. يانۇن قاغان ئۆزىنىڭ پەرزەنت ۋە ئىنىلىرىنى بۇ ھەربىي - مەمۇرىي رايونلارنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، ئەۋەتىش ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنىدى. «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: جېنگۇەننىڭ تۆتىنچى يىلىدىكى «ئېلىك قاغان تىنچىتىلغاندىن كېيىن» نىڭ داۋامىدا «يانۇننىڭ 200 مىڭ يارامىلىق ئەسكىرى بار، ئىككى ئوغلىنى جەنۇب ھەم شىمالنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دا ئېلىك قاغان مەغلۇپ بولۇپ ئۆل- گەندىن كېيىن، يانۇن «200 مىڭ يارامىلىق ئەسكىرىنى

ئىككى ئوغلى تاردۇشاد بىلەن تولشادنى تۆلارغا ئايرىم قو-
ماندان قىلىپ تەيىنلىگەن ۋە قوشۇننى جەنۇب ھەم شىما-
لىي قوشۇن دەپ ئاتىغان» دېيىلگەن. بۇ يەردە يانۇن قاغانىغا
بىۋاستە قاراشلىق قەبىلىلەرنىڭ ئورنى ئېيتىلمىغان بول-
سىمۇ، بىراق، شۇبھىسىزكى، ئۇلار جەنۇب، شىمال ئىككى
تەرەپ ئوتتۇرىسىدا، يەنى خانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا
ئولتۇراتتى. روشەنكى، سىرتاردۇشلار دۆلەت قۇرغان دەسلەپكى
مەزگىلدە، ئۆز زېمىنىنى جەنۇب، شىمال، ئوتتۇرا دەپ ئۈچ
ھەربىي - مەمۇرىي رايونغا بۆلگەنىدى. ھون دۆلىتىدىن تار-
تىپ، ئومۇمەن شىمالدا دۆلەت قۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز
دۆلىتىنىڭ زېمىنىنى ئوڭ، ئوتتۇرا، سول ياكى شەرق، ئوتتۇرا،
غەرب دەپ ئۈچ ئوققا ئايرىغان بولۇپ، جەنۇب، ئوتتۇرا،
شىمال دەپ بۆلگەنلەر كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. مەسىلەن،
ھونلارنىڭ سول باتىسقانلىرى شەرق تەرەپكە جايلاشقان
بولۇپ، شاڭگو ۋىلايىتىگە ئۇدۇل كېلەتتى، ...... ئوڭ
باتىسقانلىرى غەرب تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، شاڭجۈن
ۋىلايىتىگە ئۇدۇل كېلەتتى، ...... تەڭرىقۇتنىڭ
ئوردىسى بولسا دەيجۈن، يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىگە ئۇدۇل جاي-
لاشقانىدى» («تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە»).
سىيانپىلاردىن تان شىخۇاي موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەل-
تۈرگەندىن كېيىن، «ئۆزىنىڭ زېمىنىنى ئۈچ قىسىم» غا يەنى
شەرق، ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئوققا بۆلگەن («كېيىنكى خەننامە.
ئوغان، سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە»). جورجان ۋە تۈرك خان-
لىقىمۇ شۇنداق قىلغانىدى. سىرتاردۇشلار دۆلەت قۇرغان
دەسلەپكى مەزگىلدە نېمىشقا ھونلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ
ئۆز زېمىنىنى شەرق، ئوتتۇرا، غەرب دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆل-
مەي، بەلكى جەنۇب ئوتتۇرا. شىمال دەپ ئۈچ ئوققا بۆ-
لىدۇ؟ تارىختا بىر دۆلەتنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي رايون

ئايرىمىسى، مۇئەييەن دەرىجىدە بۇ دۆلەتنىڭ غەربىي نىشانى ۋە دۈچ كېلىۋاتقان تاشقى ۋەزىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ. ھون قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ غەربىي - مەمۇرىي رايونلىرىنى شەرقتىن غەربكە قاراپ بۆلۈشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى خەنزۇلار ھاكىمىيىتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش ئوبيېكتى دەپ قارىغانلىقىدىن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارمىيىسى ۋە خەلقىنى سول، ئوتتۇرا، ئوڭ (يەنى شەرق، ئوتتۇرا، غەرب) دەپ ئۆزئارا ماسلىشالايدىغان ئۈچ تارماق كۈچ قىلىپ تەشكىللەپ، ھۇجۇمغا ئۆتكەندە چاقماق تېزلىكىدە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ، خەنزۇلار زېمىنىدىكى ئاھالە ۋە بايلىقىنى بۇلاشقا، چېكىنگەن ۋاقىتتا خەنزۇ قوشۇنلىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىدىن ئوڭۇشلۇق قۇتۇلۇشقا پايدىلىق شارائىت يارىتقانىدى. سىر تاردۇشلار خانلىقى دۆلەت قۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، تاڭ سۇلالىسىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاڭ سۇلالىسىگە بېقىندى دۆلەت بولغاچقا، ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارىتا بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغۇدەك كۈچى يوق ھەم تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ كېلىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇڭا زېمىنى، خەلقى ۋە قوشۇنلىرىنى شەرق، ئوتتۇرا، غەرب دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ، تاڭ سۇلالىسىگە قارىتا ئۇرۇش قىلىسىمۇ ياكى مۇداپىئە كۆرسىمۇ بولاتتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا ئاساسەن ئۈچ تەرەپتىن خەۋپ كېلەتتى: بىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سوفاڭ قاتارلىق ئايماقلىرىدىكى تۈركلەرنىڭ تەسلىم بولغان قەبىلىلىرى؛ ئىككىنچىسى، «ئالتۇن تاغنىڭ شىمالىدا ئوردا قۇرغان» (ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى قوبدو دەرياسىنىڭ ئەتراپى) تۈركلەرنىڭ چۇبە قاغانىنىڭ قەبىلىسى ㉕؛ ئۈچىنچىسى، شەرقىي

تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولۇش ھارپىسىدا جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قاغانبۇت شەھىرى (ھازىرقى شىنجاڭدىكى جىمسار) گە قېچىپ بارغان تۇتۇقشاد ئاشىناشىرنىڭ قەبىلىسى ئىدى. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان تۈركلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان قەبىلىسىنىڭ ئاھالىسى 100 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، سىرتاردۇشلارنىڭ نەزەرىدە، پۇرسەت تاپسىلا چۆللۈكنىڭ «شىمالىغا قايتىپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردىغان» قۇدرەتلىك كۈچ ئىدى («كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»). سىرتاردۇشلار خانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان چۆبە قاغان «30 مىڭ ياراملىق ئەسكەر» گە ئىگە بولۇپ، بىر تەرەپنى بۆلۈپ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، ئىلىك قاغان يوقىتىلغاندىن كېيىن، شىمالدىكى قەبىلىلەرنىڭ سەركەردىلىرى ئۇنى چوڭ قاغانلىققا سايلىغانىدى، ئۇ «باتۇر، جاسارەتلىك، تەدبىرلىك بولۇپ، قوۋملىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلاتتى» («قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر»). سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالى چېگرىسىغا ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلغانىدى. خانلىقنىڭ غەربىنى ئىگىلەپ ياتقان ئاشىناشىر قەبىلىسىنىڭ «100 مىڭدىن ئوشۇق ئاھالىسى بار» بولۇپ، ئاشىناشىر ئۆزىنى دۇب قاغان دەپ جاكارلاپ، «ئېلىمىزنى ھەممىدىن ئاۋۋال مۇنقەرز قىلماقچى بولغانلار سىرتاردۇشلاردۇر. مەن ئەلۋەتتە ئالدىنقى قاغاننىڭ ئۆچىنى ئېلىپ ئۇلارنى يوقاتماي قويمايمەن» دەپ داۋراڭ سېلىپ («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 194 - جىلد جېنگۇەننىڭ 10 - يىلى»)، ھەر ۋاقىت قىساس ئېلىپ، دۆلەتنى تىرىلدۈرۈشكە تەييارلىق كۆرۈۋاتقان قورقۇنچلۇق كۈچ بولۇپ، غەرب تەرەپتىن سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالاتتى. تۈركلەرنىڭ قالدۇق قوۋملىرى-

نىڭ جەنۇب، غەرب، شىمال ئۈچ تەرەپتىن سالغان تەھدىتى-
گە نىسبەتەن، سىرتاردۇش خانلىقى دۆلەت قۇرغان دەسلەپكى
مەزگىلدە ئۆز زېمىنىنى ۋەخەلقىنى جەنۇب، ئوتتۇرا، شىمالدىن
ئىبارەت ئۈچ ھەربىي - مەمۇرىي رايونغا بۆلگەنىدى. شۇنداقلا
يانۇنىنىڭ ئوغۇللىرىدىن تاردۇشاد بىلەن تولشادنى ئايرىم -
ئايرىم جەنۇب ھەم شىمالى رايوننى ساقلاشقا ئەۋەتىپ، تۈرك-
لەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىن ساقلانغان. بۇ ئەمەلىي قۇرۇلغان
سىرتاردۇش خانلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەمەلىيەتتە ناھا-
يىتى مۇھىم ئىش ئىدى.

سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ كۈنسېرى مۇستەھكەملىنىشى
ۋە كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، چۇبە قاغان قەبىلىلىرىنى باشلاپ
سىرتاردۇش خانلىقىغا تەسلىم بولدى. مىلادى 636 - يىلى
(جېنگۇەنىنىڭ 10 - يىلى) ئاشىناشىرنىڭ قەبىلىسىمۇ مەغلۇپ
بولۇپ، تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى، ئاشىناشىر ئۆزى قالدۇق
قوۋملىرىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى. شىمال ۋە
غەرب تەرەپتىن سىرتاردۇشلار خانلىقىغا كېلىدىغان خەۋپ
يوقىتىلدى. بۇ ۋاقىتتا، قۇللۇق تۈزۈمنى يۈرگۈزۈۋاتقان
سىرتاردۇش خانلىقى ئۇنىڭ قوشنا مىللەتلەرنىڭ ئاھالە ۋە
بايلىقلىرىغا نىسبەتەن ئاچكۆزلۈكىنى ئاشكارىلاپ قويىدى.
شەرقتە، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن تاڭ تەيزۇڭنىڭ يار-
لىقىدا ئېيتىلغان «سەۋىر، ئۇرقۇن خاتۇن، موغال قاتارلىق
ئۈچ قەبىلىنىڭ ئاھالىلىرى سىرتاردۇشلار تەرىپىدىن بولاپ
كېتىلگەن» لىكىدىن قارىغاندا، سىرتاردۇشلار ئىلگىرى
ئۇرۇش ۋاسىتىسى ئارقىلىق، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئاھالە ۋە باي-
لىقىنى بۇلاپ - تالىغانىدى. موغاللار، قۇمۇقلار، سىرتاردۇشلار
دۆلەت قۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئەسلىدە سىرتاردۇشلار
خانلىقىغا تەۋە قەبىلە ئەمەس ئىدى. بىراق، مىلادى 641 -
يىلى (جېنگۇەنىنىڭ 15 - يىلى) بۇ ئىككى قەبىلە سىرتاردۇش-

لارغا تەۋە بولغان («كىتابلار جەۋھىرى» 985 - جىلد).
رۇشەندى سىرتاردۇشلار خانلىقى ئۇلارغا نىسبەتەن بويسۇندۇ-
رۇش ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. جەنۇبتا، يانۇن قاغان باشچىلى-
قىدىكى سىرتاردۇشلار خانلىقىنىڭ قولدارلىرىمۇ ھەيۋە ھەم
كىبىر كۆرسىتىشىپ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوغدىشى ئاستىدىكى
تۈركلەرنىڭ تەسلىم بولغان قەبىلىلىرىنى ئۆزىنىڭ قول قەبىلىسى
دەپ قاراپ. «تۈركلەرنى ئاجىز كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى-
نى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئېغىر باج - سېلىق ئېلىپ، ئاقسا قىلىنى
كۆرۈگە تۇتتۇۋالغان» («دېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىس-
سە» نىڭ داۋامى). غەربتە، مىلادى 639 - يىلى (جېنگۇەننىڭ
13 - يىلى) سىرتاردۇش خانلىقى قوچۇغا يۈرۈش قىلىپ،
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاقتى - سوقتى قىلىشقا ئۇرۇنغان. قىس-
قىسى، سىرتاردۇش خانلىقى ئىچكى قىسمىنى مۇستەھكەملىگەن-
دىن كېيىن، كۈنسېرى شەرق، غەرب، جەنۇب تەرەپلەرگە كې-
ڭەيمىچىلىك قىلىش مەقسىتىنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى. بۇ
خىل ئەھۋال سىرتاردۇش خانلىقىدىن ھەربىي - مەمۇرىي را-
يونلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنى تەلەپ قىلدى. «تاڭ سۇلالىسىگە
ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر، سىرتاردۇشلار» دا: «دەسلەپتە تاردۇش
خانى تۇقالدىن تۇغۇلغان تۇنجى ئوغۇل شامانىنى تاردۇش
قاغان قىلىپ، شەرق تەرەپكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا، بەيبىنشە-
سىدىن تۇغۇلغان بايچۇرنى ئىل يابغۇ قاغان قىلىپ، غەرب
تەرەپكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى تەكلىپ قىلغان» دېيىلگەن.
«كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 964 - جىلدىغا ئاساسلانغاندا،
تاڭ تەيزۇڭ بايچۇر (拔灼) جېنگۇەننىڭ 12 - يىلى
(مىلادى 638 - يىلى) 9 - ئايدا ئىل يابغۇ قاغان دېگەن
نامنى بەرگەن بولۇپ، نەقىل كەلتۈرۈلگەن بايانىدىكى
«دەسلەپكى» دېگەن سۆز ئەلۋەتتە مۇشۇ يىلنى كۆرسەتسە
كېرەك. تولشاد قاغانغا نام بېرىلگەن يىلمۇ مۇشۇ يىل

بولۇشى كېرەك. تولشاد قاغان ئەسلىدە خانلىقنىڭ شىمالىي قىسمىغا باشچىلىق قىلىۋاتقان تولشاد بولۇشى، بۇ قېتىم شەرقىي قىسمىغا قاغان بولۇپ يۆتكەلگەن بولۇشى كېرەك. ئەسلىدە خانلىقنىڭ جەنۇبىدىكى قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل بولغان تاردۇشاد بىلەن «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 964 - جىلدىدىكى «تاردۇ باغادۇر شاد ئېلىك بىلگە» (达度莫贺咄设颉利苾) بىر ئادەم بولۇپ، ئاۋۋالقىدەك ئەسلى يېرىدە ۋەزىپە ئۆتەشكە قالدۇرۇلۇپ خانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا تۇرغۇزۇلۇپ، يانۇن قاغاننىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولغان، جېنگۇەننىڭ 12 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئۇنى يابغۇ قىلىپ تەيىنلىگەن[26] ئىدى. خانلىقنىڭ غەربىگە بولسا ئىس يابغۇ قاغان باشچۇر ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇنداق قىلىپ مىلادى 638 - يىلىغا كەلگەن ۋاقىتتا، سىرتاردۇش خانلىقى ئاندىن ئۆزىنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي رايونلىرىنى جەنۇب - شىمال قىلىپ بۆلۈشتىن، غەرب - شەرق دەپ بۆلۈشكە ئۆزگەرتكەن. يەنى جەنۇب، ئوتتۇرا، شىمال ئۈچ قىسمىنى شەرق، ئوتتۇرا، غەرب ئۈچ قىسمىغا ئۆزگەرتىپ، ھون، سىيانپى، جورجان، تۈركلەرنىڭ موڭغۇل دالاسىدا ئۆزىنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي رايونلىرىنى بۆلۈشتىكى كونا يولغا ماڭغانىدى.[27] ئۈچ رايوننىڭ باشقۇرىدىغان رايونى ھەم چېگرىسى تارىخلاردا ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن.

**(3) ھەربىي قوشۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ تەشكىل تېپىشى**

سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قوشۇنى مىلادى 630 - يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقىنى يوقاتقان مەزگىلدە «يارامىلىق ئەسكىرى 200 مىڭ» ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇن بىر يىل ئۆتۈپ، يەنى مىلادى 641 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 15 - يىلى)

چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ، كۆكخوت دەرياسىغا ھۇجۇم قىل-
غان ۋاقىتتا، ئاۋۋالقىدەكلا «200 مىڭ» ئىدى. («كونا تاڭنامە.
تۈرالار ھەققىدە قىسسە»). 200 مىڭ دېگەن سان، بەلكىم
سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئىگە بولغان دائىمىي تۇرۇشلۇق قو-
شۇنى بولسا كېرەك. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قوشۇنى سىرتار-
دۇشلارنىڭ ئۆز قەبىلىسىنىڭ قوشۇنى ھەم ئۇنىڭغا تەۋە بول-
غان باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قوشۇنلىرىدىن تەشكىل قىلىن-
غان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى
ئىدى. بۇ قوشۇن، شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇش
ھارپىسىدا، تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ سەركەردىلىرى يىغىپ توپلىغان،
شۇنداقلا شەرقىي تۈرك خانلىقىنى يوقىتىش كۈرىشىگە قاتناش-
قانىدى. سىرتاردۇش خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر
قايسى قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرى ساقلاپ قېلىنغان ھەمدە دا-
ۋاملىق ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ سەركەردىلىرى قوماندانلىق
قىلغان، ئۇرۇش ۋاقتىدا، يانۇن قاغان ياكى يانۇننىڭ پەر-
زەنت ئىنىلىرى ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلاتتى؛
لېكىن ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرى ناھايىتى زور
دەرىجىدىكى مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ
سەركەردىلىرىنىڭ ئارمىيىگە بولغان قوماندانلىقىدىمۇ، خېلى
زور دەرىجىدە ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە
ئىدى. مەسىلەن، مىلادى 641 - يىلى، سىرتاردۇشلار جەنۇب-
تا تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇرۇشقا قاتناشقان قو-
شۇنلار سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ بارلىق ساۋۇتلۇق ئاتلىق
قوشۇنىدىن باشقا «تۇڭرا، بارغۇت، ئۇيغۇر، موغال، ئەقشىد
قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ، جەمئىي 200 مىڭ ئەسكىرى
سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلگەن» ئىدى («كىتابلار جەۋھىرى» 985-
جىلد). ھالبۇكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ چېكىنگەندە، تاڭ
سۇلالىسى قوشۇنلىرى سىرتاردۇشلارنىڭ 80 مىڭ ئاتلىق

قوشۇنىغا قوغلاپ زەربە بېرىپ نوجىن دەرياسى بويىدا ئۇلار-
نى پۈتۈنلەي يوقاتتى، قالغان توگرا، بارغۇت، ئۇيغۇر قو-
شۇنلىرىنىڭ قارشىمۇ كۆرۈنمىگەن. بەلكىم ئۇلار سەركەردى-
لىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئالتۇن شىمالغا چېكىنىپ كەتكەن
بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ بىرلىككە
كەلگەن ھەربىي قوشۇنى يوق، بەلكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قو-
شۇنلىرىنى توپلاپ بىرلەشتۈرۈلگەن بىرلەشمە قوشۇنىدىنلا
ئىبارەت ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ھاكىمىيەت جەھەتتىكى
قەبىلە ئىتتىپاقى تۈزۈمىنىڭ قوشۇن تۈزۈلمىسىدىكى ئىنكاسىدۇر.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى كىتابلارغا ئاسا-
لانغاندا، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۇرا
قەبىلىلىرىنىڭ قولىدىكى قوشۇنلارنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە
ئىدى:

سىرتاردۇش: «ئاتلىق ئەسكىرى 80 مىڭ»
(«كونا تاڭنامە. لى جىننىڭ تەرجىمىھالى»)

ئۇيغۇر: «يارامىلىق ئەسكىرى 50 مىڭ»
(«قانۇنلار قامۇسى. ئۇيغۇرلار»، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار
ھەققىدە قىسسە» بىلەن «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار
ھەققىدە قىسسە» دە ئوخشاش)

بارغۇت: «يارامىلىق ئەسكىرى ئون مىڭدىن ئارتۇق»،
(«قانۇنلار قامۇسى بارغۇتلار»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار
ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دا ئەسكىرى 10 مىڭ»
دەپ يېزىلغان.

توگرا: «يارامىلىق ئەسكىرى 30 مىڭ»
(«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى»)
«قانۇنلار قامۇسى. توگرا» دا پەقەت «ئاھالىسى 15 مىڭ»

دەپ خاتىرىلەنگەن، توغرا تۇرالايدىغان چوڭ قەبىلىسى بولۇپ، نوپۇس ساندا خاتالىق بولۇشى مۇمكىن.

بايىرقۇ: «يارامىلىق ئەسكىرى 10 مىڭدىن ئارتۇق» («قانۇنلار قامۇسى. بايىرقۇ»، «دىيىگى تاگنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دا ئەسكىرى «10 مىڭ» دەپ يېزىلغان)

قوشۇر: «يارامىلىق ئەسكىرى 7000»
(«قانۇنلار قامۇسى. قوشۇرلار»)
«يارامىلىق ئەسكىرى 10 مىڭ»
(«دىيىگى تاگنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى»)

قۇمۇق: «ئىككى قەبىلىنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرى 20 مىڭ»
ئىزگىل: («دىيىگى تاگنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى»)

چۆبە: «يارامىلىق ئەسكىرى 3000»
(«قانۇنلار قامۇسى. چۆبە يۇركىنىڭ تەرجىمھالى»)
«ئومۇمىي ئەسكىرى 2000»
(«ئۇلۇغ ئادالەتلىك دۇنيا خاتىرىسى. چۆبە يۇركىنىڭ تەرجىمھالى»)

ئاتىئىز: «يارامىلىق ئەسكىرى 1700»
(«قانۇنلار قامۇسى. ئاتىئىزلار»)

قورىقان: «يارامىلىق ئەسكىرى 4500»
(«قانۇنلار قامۇسى. قورىقانلار»)
«يارامىلىق ئەسكىرى 5000»
(«دىيىگى تاگنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسەنىڭ داۋامى»)

تېلەنغۇت: «يارامىلىق ئەسكىرى 10 مىڭ»
(«قانۇنلار قامۇسى. تېلەنغۇتلار»)، «دىيىگى تاگنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسەنىڭ داۋامى»).

ئەقشىد: «يارامىلىق ئەسكىرى 3000»
(«قانۇنلار قامۇسى. ئەقشىدلەر»)
«يارامىلىق ئەسكىرى 10 مىڭ

(«ئۇلۇغ ئادالەتلىك دۇنيا خاتىرىسى. ئەقشىد دۆلىتى»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسەنىڭ داۋامى»). «ئۇلۇغ ئادالەتلىك دۇنيا خاتىرىسى» بىلەن «يېڭى تاڭنامە» دە ئەقشىدلار بىلەن شىدلارنى خاتا ھالدا بىر قىسسەگە قوشۇپ قويغان.[28] ھازىر ئۇنداق ئېلىنمايدۇ.

توباسلار: خاتىرىلەنمىگەن

ھونلار: خاتىرىلەنمىگەن

يۇقىرىدىكىلەردە توباسلار بىلەن ھونلارنىڭ قوشۇن سانى ئېنىقسىز بولغاندىن تىسىرت، قالغان تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قوشۇنىدا جەمئىي 229 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «كىتابلار جەۋھىرى» دا خاتىرىلەنگەن «يارامىلىق ئەسكىرى 200 مىڭ» دېگەن چوڭ سانغا ماس كېلىدۇ. توباس، ھون قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قوشۇن سانى گەرچە خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىككى قەبىلە بىرقەدەر كىچىك تۇرا قەبىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسكەر سانى ئانچە كۆپ ئەمەس، «200 مىڭ» دېگەن زور سانغا تەسىر كۆرسىتىپمۇ كېتەلمەيدۇ. يۇقىرىقى جەدۋەلدىن ئۇيغۇر، توڭرا، بارغۇت، بايئىرقۇ، تېلەنغۇت قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنىنىڭ ھەممىسىنىڭ 10 مىڭدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. سىرتاردۇشلاردىن باشقا تۇرا قەبىلىرى جەمئىي 150 مىڭغا يېقىن قوشۇنغا ئىگە بولۇپ، سىرتاردۇشلارنىڭكى 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىدىن زور دەرىجىدە كۆپ. تاڭ تەيزۇڭ ئىلگىرى ۋەزىرلىرىگە «توڭرا، بارغۇت قاتارلىق ئون نەچچە قەبىلىنىڭ ئەسكىرى 10 نەچچە مىڭدىن ئاشىدۇ، ئۇلار سىرتاردۇشلارنى بويسۇندۇرالايدۇ» («قانۇنلار قامۇسى. سىرتاردۇشلار») دېگەنىدى. ئون نەچچە تۇرا قەبىلىنىڭ ئەسكىرى نەچچە 10 مىڭدىن ئارتۇق دېيىشى بەلكىم خاتا بولۇشى مۇمكىن، «نەچچە 10 مىڭ»

«100 نەچچە مىڭ»نىڭ خاتا يېزىلىشى بولسا كېرەك. تاڭ تەيزۇڭنىڭ سۆزىدىن تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى سىرتاردۇشلارنىڭكىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا سىرتار-دۇش قەبىلىسىنىڭ 80 مىڭ ئەسكىرىنى بويسۇندۇرۇشقا ئىم-كانىيىتى يېتىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

(4) مالىيە، باج - سېلىق تۈزۈمى

تارىخلاردا خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللاردىن قارىغان-دا، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ بىرلىككە كەلگەن باج تۈزۈمى يوقتەك قىلىدۇ. ئوردىغا ئېھتىياجلىق بولغان ماددىي ئەشيالارنىڭ ھەممىسى تۇرا قەبىلىلىرىگە ئالۋان سېلىش يولى بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سانى پۈتۈنلەي ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ئېھتىياجىغا ئاساسەن بەلگىلىنەتتى. سىرتاردۇشلارنىڭ قاغانى يانۇن تاڭ سۇلالى-سىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، قاغان بولۇپ دۆلەت قۇرغان ۋاقتىتىن باشلاپ، ھەر يىلى تاڭ سۇلالىسىگە «يەرلىك مەھسۇلات تەقدىم قىلىپ تۇرغان». مىلادى 640 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 14 - يىلى) دىن كېيىن، يانۇن ئارقا - ئارقى-دىن ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىگە كەينى - كەينىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنى قۇدىلىششقا ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن مىلادى 642 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 16 - يىلى) بىر قېتىمدىلا تاڭ سۇلالىسىگە 3000 تۇياق ئات، 38 مىڭ پارچە بۇلغۇن تېرىسى سوۋغا قىلغان. كېيىنكى يىلى يەنە تاڭ سۇلالىسىگە 50 مىڭ ئات، 10 مىڭ تۇياق كالا، تۆگە، 100 مىڭ تۇياق قوي تەقدىم قىلغان. تاڭ سۇلالىسى قۇدىلىششقا قوشۇل-غاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «مەلىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن سوۋغا-سالام تەييارلاش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. تارىختا يانۇننىڭ «قوي، كالىلارنى ئاساسىي تويلۇق قىلغان» لىقى

خاتىرىلەنگەن («تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر، چۆل
تۇركلىرى») بولۇپ، ئۇنىڭ سانى گەرچە ئېنىق بولمىسىمۇ،
بىراق چوقۇم ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپ بولۇشى كېرەك.
بۇ سوۋغا قىلىنغان يەرلىك ماللار، تويلۇقلارنىڭ ھەممىسى
سىرتاردۇش ۋە باشقا تۇرا قەبىلىلىرىدىن ۋاقىتلىق يىغىۋېلىنـ
غان بولۇشى مۇمكىن. يانۇن تەييارلىغان «تويلۇق» نىڭ ئەھـ
ۋالى توغرىسىدا، «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە:
«يانۇنىڭ دەسلەپتە دۆلەت خەزىنىسى يوق ئىدى. ئۇ باشقا
دۆلەتلەردىن باج يىغىپ قايتىش يولىدىكى 10 مىڭ چاقىـ
رىملىق سەپەردە، قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتكەن، ئۇ يەردە
سۇ ۋە ئوت - چۆپ بولمىغانلىقتىن، قوي، ئاتلارنىڭ كۆپلىرى
ئۆلۈپ كەتكەن» دېيىلگەن، «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم
خاتىرىلەر. سىرتاردۇشلار» دا: «سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ دۆـ
لەت خەزىنىسى يوق بولۇپ، ئۇ پەقەت باشقا قەبىلىلەردىن
زورلۇق بىلەن باج يىغىپ، تويلۇق مېلىنى تولۇقلىغان» دېـ
يىلگەن. پۈتۈن مەملىكەتتە قەرەللىك تاپشۇرىدىغان باج تۈـ
زۈمى ۋە ماددىي بايلىقلارنى زاپاس ساقلاش تۈزۈمى يۈرگۈـ
زۈلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، سىرتاردۇش خانلىقى ئەمەلىيەتتە
ئىقتىسادىي ئاساسى كەمچىل دۆلەت ئىدى، ئۇنىڭ
ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى قاراتقان ھەر قانداق زور
ھەرىكىتىنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چەكلىمىگە
ئۇچرايتتى. بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئىچكى
قىسمىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ سەركەردىلىرى ھەر ۋاقىت
ئۆزىگە تەۋە بولغان قەبىلە خەلقىدىن ھەر خىل باجلارنى
يىغىپ، ئۆز قەبىلىسىنىڭ ھەربىي سىياسىي قاتارلىق جەھەتلەرـ
دىكى تەلىپىنى كاپالەتلەندۈرەتتى. سىرتاردۇشلار قاغاننىڭ
باج يىغىش تەلىپىگە بەزىدە بويسۇنسا، بەزىدە
قارشىلىق كۆرسىتەتتى، خۇددى ھەربىي

جەھەتتە خېلىلا زور دەرىجىدە ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش
هوقۇقى بولغانغا ئوخشاش. ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ نا-
هايىتى زور دەرىجىدە ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش هوقوقىغا
ئىگە ئىدى.

## 5. تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ «ئۆلۈش يەر» مەسىلىسى توغرىسىدا

سىرتاردۇش خانلىقى تۇرا قەبىلىلىرى ئارىسىدا «ئۆلۈش
يەر» تۈزۈمىنى يولغا قويغانىدى. تارىختا، هون دۆلىتى ئىلى-
گىرى تەڭرىقۇتىنىڭ ئوڭ قول بېلىكخان، سول قول بېلىكخان،
سول قول باتىسقان، ئوڭ قول باتىسقان قاتارلىق مەنسەپ - مەرتىۋى-
لەرگە ئېرىشكەن پەرزەنت - ئەۋلادلىرىغا ئۆلۈش يەر بۆلۈپ بېرىش
تۈزۈمىنى يولغا قويغانىدى. «هەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا
يەرلىرى بولۇپ، ئۇلار ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ
يۈرەتتى» («تارىخىي خاتىرىلەر. هونلار هەققىدە قىسسە»)،
تۈرك خانلىقى قاغانىنىڭ پەرزەنت - ئەۋلادلىرىغا سۇيۇرغاللىق
بەرگەن. بۇنداق ئۆلۈش يەر ياكى سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى
ئېلىمىزنىڭ غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدى-
كى بەگلىكلەردىكى سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىگە ئوخشاپ كېتەتتى.
سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئۆلۈش يەر تۈزۈمى، قەبىلىلەرنىڭ
ئۆلۈش يەر تۈزۈمى بولۇپ، ئۇ تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ سىرتار-
دۇشلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش هارپىسىدىكى جايلاشقان ئور-
نىنى ئاساس قىلغان هەرقايسى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ سەركەر-
دىلىرىنىڭ شۇ رايونغا بولغان كونتروللۇق هوقۇقىنى
ئېتىراپ قىلىدىغان بىر خىل تۈزۈم ئىدى.

تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئۆلۈش يېرىنىڭ بارلىقى، «كونا
تاڭنامە. تەيزۇڭ هەققىدە خاتىرە» نىڭ جېنگۇەننىڭ 20 -

يىلىدا خاتىرىلەنگەن. ئەينى دەۋردە سىرتاردۇش خانلىقى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن «تۇرالارنىڭ ئۇيغۇر، بايىرقۇ، توڭرا، بارغۇت، تېلەنغۇت، ئىزگىل، ئادىز، چۇبە㉙، قۇمۇق㉚، هون، قوشۇر قاتارلىق 11 جەمەتىنىڭ ھەرقايسىسى ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلپان تەقدىم قىلىپ: تاردۇشلارنىڭ قاغانى تاڭ سۇلالىسىدەك چوڭ دۆلەتكە بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن، قەبىلىلىرى قۇشتەك توزۇپ كېتىشتى. ئۇلار قەيەرگە بېرىشنى بىلمەي يۈرىدۇ. ھەر قايسىمىزنىڭ ئايرىم ئۈلۈش يەرلىرى بار. تاردۇشلارنىڭ كەينىدىن كېتىپ قالمايمىز، بىز تەڭرىقۇت بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ، يەرلىرىمىزگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىدەك ئەمەلدار تەسىس قىلىشنى ئىلتىجا قىلىمىز» دەپ مەلۇمات يوللىغان. تۇرالار جەمئىي 15 قەبىلە بولۇپ، بۇ يەردە 11 قەبىلە تىلغا ئېلىنغان. سىرتاردۇشلاردىن باشقا توباس، قۇرىقان، ئەقشىد قاتارلىقلار يوق. بىراق، نەقىل كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزىدىغان- بولساق، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئۈلۈش يەر تۈزۈمى ئەلۋەتتە 15 تۇرا قەبىلىسىنىڭ ھەممىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك يۈرگۈزۈلگەن بولۇشى كېرەك. توباس، قورىقان، ئەقشىد قاتارلىق قەبىلىلەر ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتمىگەن قەبىلىلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۈلۈش يېرى يوق دېيىشكە بولمايدۇ. نەقىلدىكى «ھەر قايسىمىزنىڭ» دېگەن سۆز، سەركەردىلەرنىڭ ئۆزىنى ئاتىشىدۇر. شۇڭا سىنىپىي نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، «ھەر قايسىمىزنىڭ ئايرىم ئۈلۈش يېرى بار» دېگىنى ئەمەلىيەتتە تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ باشچىلىقىدىكى قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئايرىم ئۈلۈش يېرى بار دېگەنلىكتۇر.

15 تۇرا قەبىلىسىنىڭ «ئۈلۈش يېرى» نىڭ شىمالىدا قانداق ئايرىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلە توغرىسىدا، تارىخ-

لاردا ئېنىق خاتىرە يوق. لېكىن يەنىلا قەبىلىلەرنىڭ سۈيۈرغال يېرىنىڭ نىسپىي ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى ماتېرىياللارنى قالدۇرغان. بىزنىڭ بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئۇلۇش يېرىنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشىمىز تۆۋەندىكىچە:㉛

سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇش يېرى. بۇ قەبىلىنىڭ ئۇلۇش يېرىنىڭ ئورنى تارىخىي كىتابلاردا ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن. بىراق، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۇلۇش يېرى بولغانلىقىدىن قارىغاندا سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ ئاھالىسى ھەرگىزمۇ موڭغۇل دالاسىغا تارقىلىپ كەتمىگەن، بەلكى چوقۇم موڭغۇل دالاسىنىڭ مەلۇم بىر جايىغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئوردىسى «ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شىمالى، تۇرا دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا» دېيىلگەن. خەرىتىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئورنى يەنى ھازىرقى تۇرا دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقى، ئورقۇن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىمى، خانۇي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى ئارقىلىق، جەنۇبتا خانگاي تېغى ئەتراپىغىچە باراتتى. بۇ جاينىڭ يېرى كەڭ، سۇ ۋە ئوت - چۆپى مول بولۇپ، ئەسلىدىكى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىسىنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان زېمىنى ئىدى. شەرقىي تۈرك خانلىقى يىمىرىلىش ھارپىسىدا، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئاھالىسى جەنۇبقا بېرىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان بولۇپ، ئۇ يەر سىرتاردۇشلار قەبىلىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ ئاھالىسى تارقالغان يەرگە ئايلانغان. «كونا تاڭنامە» دە تۇرا دەرياسىدىن ئۆتۈكەن تېغىغىچە بولغان بۇ بىر پارچە دائىرىدىكى نەچچە 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن 100 نەچچە مىڭ كۋادرات

كىلومېتىرغىچە بولغان جاينى سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئوردىسى جايلاشقان جاي دېيىش، ئەمەلىيەتتە بەكلا كۆپتۈرۈۋەتكەنلىك ئىدى. بەلكىم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئۇرۇش، قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوردىدىكى ئارخىپلار يوقاپ كېتىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى يازغاندا، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ جايلاشقان ئورنىنى ئانچە ئېنىق چۈشىنەلمىگەنلىكتىن، سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ جايلاشقان ئورنىنى ئوردىنىڭ ئۆزى دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىكى مەقسەت كېيىنكىلەرگە ئوردا جايلاشقان ئورۇننى تەخمىنەن كۆرسىتىپ بېرىش ئىدى. سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇش يېرى تۇرا دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شىمالىدىن باشقا يەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بولمىسا بىر تەرەپتىن ئۆتۈكەن تېغى باغرىدىكى سىرتاردۇشلار ئوردىنى ئۆز قەبىلىسىنىڭ كىشىلىرى مۇھاپىزەت قىلالمايدىغان ئەھۋال پەيدا بولۇپ قالاتتى. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ مۇستەقىل قوشۇنغا ئىگە بولغان ئەھۋالى ئاستىدا ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ ئاھالىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، باشقا تۇرا قەبىلىلىرى چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى كىچىكلىتىشى كېرەك ئىدى، بۇ مۇقەررەر ھالدا سىرتاردۇشلار بىلەن باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلاتتى ھەتتا ئىچكى توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ھالبۇكى، تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، سىرتاردۇش خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، شىمالىي تۇرا قەبىلىلىرى پۈتۈنلەي دېگەندەك ئىزچىل تۈردە سىرتاردۇشلارنى ھىمايە قىلغان. ھەتتا سىرتاردۇشلار بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇپ شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلغان. روشەنكى، سىرتاردۇشلار باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئۆز-

لىرىنىڭ ياياقلىرىغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغانلىقتىن بۇ قەبىلىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندى. بۇ ئېنىق ھەم ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان قائىدىدۇر. سىرتاردۇشلارنىڭ شەرققە كۆچكەندىن كېيىنكى ياياقلىرى يەنى ئۇلۇش يېرى، تۈرك قەبىلىلىرى جەنۇبقا كۆچكەندىن كېيىن ئۆتۈكەن تېغى بىلەن تۇرا دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى بوش بولغان جايلار دەپ بېكىتكەندىلا، ئاندىن تارىخلاردا خاتىرىلەنگەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بىلەن پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ.

تېلەنغۇت قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇش يېرى. تېلەنغۇتلار يەنە (多滥葛)(«قانۇنلار قامۇسى. تېلەنغۇتلار») ۋە (多腊葛)(«كىتابلار جەۋھىرى» 968 - جىلد) دەپمۇ يېزىلىدۇ. ئۇلار جېنگۇەننىڭ 20 - يىلىدىن باشلاپ، جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ ياياقلىرى «قانۇنلار قامۇسى. تېلەنغۇتلار» دا: «سىرتاردۇشلارنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا، توغرادەرياسىغا يېقىن جايغا جايلاشقان» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسەنىڭ داۋامى» دا: «سىرتاردۇشلارنىڭ شەرقىدە توغرا دەرياسىغا يېقىن» دېيىلگەن. ئىككى كىتابتىكى جۇغراپىيىلىك ئورۇننى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ياياقلىرى تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي قىسمىدىكى جايلاردا بولسا كېرەك. «سىرتاردۇشلارنىڭ شەرقىي چېگرىسىدا» دېگەنگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ غەربىي چېگرىسى ئەلۋەتتە تۇرا دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدا بولۇپ، دەريا ئارقىلىق سىرتاردۇشلارنىڭ ياياقلىرى بىلەن قوشنا بولۇشى كېرەك. تېلەنغۇتلارغا يېقىن تۇرا دەرياسىنىڭ زادى قايسى دەريا ئىكەنلىكى، تېلەنغۇتلارنىڭ ياياقلىرىنى ئېنىقلاشتا ھالقىلىق رولغا ئىگە، خې چيۇتاۋ توغرا دەرياسىنى بايقال كۆلىنىڭ شىمالىدىكى توڭگۇس دەرياسى دەپ قارايدۇ،[32] دېڭ چيەن تۇرا دەريا-

سىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قارا خارا دەرياسى دەپ قارايدۇ㉝ سېن جوڭمىيەن قاراخارا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى توغلى دەرياسى (ئۆلانباتۇرنىڭ شىمالىدىكى كېنتاي تېغىدىن باشلىنىدۇ) دەپ قارايدۇ.㉞ خې چيۇتاۋنىڭ قارىشى بىلەن «تاڭنامە» دە دېيىلگەن تېلەنغۇتلار «سىرتاردۇشلارنىڭ شەرقىي چېگرىسىدا» دېگەن سۆز بىر - بىرىگە زىت بولۇپ، بۇ قاراشنىڭ ئىشەنچىسىز ئىكەنلىكى تۇرغان گەپ. دىڭ چىيەننىڭ كۆز قارىشىدىمۇ توغرا بولمىغان جايلار بار. چۈنكى «سۈينامە» بىلەن «قانۇنلار قامۇسى» غا ئاساسلانغاندا، تۇرالار دەرياسىنىڭ شىمالى، تېلەنغۇتنىڭ جەنۇبىدا چۈبە ۋە خونلار («قانۇنلار قامۇسى. چۈبەلەر» «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە») بار ئىدى. ئىككى قەبىلىنىڭ بىرى چوقۇم تۇرا دەرياسىنىڭ باشلىنىش ئورنىدا جايلاشقان بولۇشى كېرەك. تېلەنغۇتلارنىڭ يايلاقلىرى نېمە ئۈچۈن تۇرا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا يېقىن بولىدۇ؟ سېن جوڭمىيەن توغلى دەرياسىنى توغرا دەرياسى دەپ قارايدۇ ۋە تارىخلاردا بايان قىلىنغان جۇغراپىيىلىك ئورۇن بىلەن ماس كېلىپلا قالماي، بەلكى 同罗 بىلەن 通勒 نىڭ ئاھاڭى ئوخشاش بولۇپ، 通勒 بولسا 同罗 نىڭ باشقىچە تەرجىمىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قارىشىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن سېن جوڭمىيەننىڭ تېلەنغۇتلار ئۆلانباتۇر بىلەن كېنتاي تېغى ئارىسىغا جايلاشقان دېگىنىدە، ئورنى ئازراق شەرققە سۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۆلانباتۇرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قاراخارا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىنى دەپ بېكىتىلىشى كېرەك. بەزىدە «دېيىگى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە، نىڭ داۋامى» دا: سىرتاردۇشلار شەرقتە موغاللار بىلەن قوشنا دېيىلگەن. بۇ يەر شەرقتە تېلەنغۇتلار بىلەن قوشنا دېيىلگەن، بۇ ئىككى قاراش زىت ئەمەسمۇ؟

دېيىلسە، ئۇلىنىڭ جاۋابى مۇنداق: زىت ئەمەس، شەرقتە موغاللار بىلەن قوشنا بولغىنى سىرتاردۇش خانلىقى، شەرقتە تېلەنغۇتلار بىلەن قوشنا بولغىنى سىرتاردۇشلار قەبىلىسى، ئىككىسىنىڭ روشەن پەرقى بار بولۇپ، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بىر دەپ قاراشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكى سۆزگە ئاساسلىنىپ تېلەنغۇتلارنى موغاللارغا يېقىن جايغا ئورۇنلاشقان دەپ قاراش خاتا.

هون قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇش يېرى. «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: «ھونلار تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدا» دېيىلگەن. «دېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دا: «ھون قەبىلىسى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدا» دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن ھون قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇش يېرىنى تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالى ھەم قىيپاش جەنۇبىدىكى جايلاردىن ئىزدەش كېرەك. ھازىرقى تۇرا دەرياسى كېنتاي تېغىدىن باشلانغاندىن كېيىن، ئۇلانباتۇردىن ئۆتكەندە بۇرۇلۇپ غەربىي جەنۇبقا قاراپ يەنە 100 كىلومېتر ئېقىپ، كېيىن غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ ئېقىپ ئۇلانباتۇردىن لوڭچىك(ئەجدەربالىق) شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا دائىرىسى تەخمىنەن نەچچە 100 كۋادرات كىلومېتر كېلىدىغان قاپ شەكىللىك رايون ھاسىل قىلىدۇ. تۇرا دەرياسى شىمالىدا. بۇ قاپ شەكىللىك جاي ئەڭ جەنۇبتا. ھون قەبىلىسىنىڭ يايلىقى مۇشۇ قاپ شەكىللىك جايدا ئىدى دېيىلسە، ئۇ ھالدا ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە بىر قەدەر ئۇيغۇن كېلىدۇ. دىڭ چيەن «لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ چېگرىسىدىكى چوغون تېغى» ئەتراپى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى باينچۇر ئايمىقىنىڭ ئالاشەن خوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالى) نى ھون قەبىلىسىنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان يېرى دەپ قارايدۇ ھەمدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھون قەبىلىسىدە تۇرغان لياڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىگە قاراشلىق گاۋلەن ئايمىقىنى ئىسپات

ئۈچۈن شىپى كەلتۈرىدۇ.㉟ سىرتاردۇش خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى ھون قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدا قۇرغان گاۋلەن ئايمىقى ئەسلىدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئىدى. خانىكە ۋۇزېتيەن دەۋرىدە شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئاقسۆڭەكلىكى قۇتلۇق چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇزۇن ئۆتمەي قۇملۇقتىن ئۆتۈپ شىمالىدىكى تۇرالارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى تارتىۋالغان. ھون قەبىلىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ خېشى ئارىلىقىدىكى لياڭجۇ ئايمىقى چېگرىسىغا كۆچۈپ بارغان. شۇڭا لياڭجۇ ئايمىقىدا ھون قەبىلىسىنىڭ گاۋلەن ئايمىقى بار ئىدى. دىڭ چيەن ئېيتقان چۈخۇن تېغى. ئەينى ۋاقىتتىكى ھون قەبىلىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى بولۇپ، ئەسلىدىكى شىمالدا تۇرغان ۋاقىتتىكى جايلاشقان ئورنى ئەمەس.㊱

چۇبە قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇش يېرى. چۇبەلەر يەنە 契弊 («سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە») ھەم 契苾羽 («قانۇنلار قامۇسى. چۇبەلەر») دەپمۇ يېزىلغان بولۇپ، سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇلار كىنگىتنىڭ شىمالىدىكى خانخورا تېغىغا جايلاشقانىدى. «قانۇنلار قامۇسى. چۇبەلەر» دە: «تېلەنغۇتنىڭ جەنۇبىدا» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دا بىرلەشتۈرۈپلا «كىنگىتنىڭ غەربىي شىمالىدا»، «تېلەنغۇتلارنىڭ جەنۇبىدا» دېگەن. كىنگىتنىڭ شىمالىدىكى چۇبەلەرنىڭ سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆچكەنلىكىگە ئاساسەن، تېلەنغۇتنىڭ جەنۇبىدىكى چۇبەلەرنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شىمالدىكى چۇبەلەر دېيىشكە بولىدۇ. «يېڭى تاڭنامە» دە سۇي سۇلالىسى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىلىقىدىكى چۇبەلەرنىڭ ئولتۇراق جايىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئېنىقلىيالماي تۇرۇپ، ئىككى خىل قاراشنى ئۆزئارا قوراشتۇرۇش، شۇبھىسىزكى خاتادۇر.

شىمالدىكى چۆبە قەبىلىلىرىنىڭ جايلاشقان ئورنى گەرچە تېلەنغۇتنىڭ جەنۇبىدا بولسىمۇ، بىراق تۇرا دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئەمەس ئىدى. چۈنكى «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» ۋە بىز يۇقىرىدا تەكشۈرۈپ تۈزەتكەنلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇرا دەرياسىنىڭ جەنۇبى بولسا، سىرتاردۇشلارنىڭ يايلىقى ئىدى. چۆبەلەرنىڭ يايلىقى ھون قەبىلىسىنىڭ شەرقىدە، تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدا، يەنى ھازىرقى ئۇلانباتۇر ئەتراپىدا ئىدى.

ئاتىئىز قەبىلىسىنىڭ ئولتۇرۇش يېرى: ئاتىئىزلار يەنى «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دىكى كانگىيسىنىڭ شىمالىدىكى ئىتىل دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان ئاتىئىزلار(诃咥) ئىدى. ئۇلارنىڭ شەرققە كۆچۈپ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئولتۇراقلاشقان جايى، «قانۇنلار قامۇسى. ئاتىئىزلار» دا: «تېلەنغۇتلارنىڭ غەربىي شىمالىدا» دېيىلگەن. تېلەنغۇتلارنىڭ غەربىدىكى تۇرا دەرياسى ئارقىلىق، سىرتاردۇشلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، غەربىي شىمالىدا بولسا ئورقۇن دەرياسى، ئورقۇن دەرياسىنىڭ غەربى يەنى شىمالىدىكى تۇرالارنىڭ چوڭ قەبىلىسى بولغان ئۇيغۇر قەبىلىسى جايلاشقان (سېلىنگا) دەرياسى بار ئىدى. ئاتىئىزلارنىڭ يايلىقى ئورقۇن دەرياسىدىن ھالقىپ سېلىنگا دەرياسىنىڭ يېنىغا تۇتىششى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئۇلارنىڭ يايلىقىنى ئورقۇن دەرياسىدىن تېلەنغۇت قەبىلىسىگىچە بولغان ئارىلىقتىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، بۇ تەخمىنەن ھازىرقى تۇرا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى ۋە ئورقۇن دەرياسى بىلەن قوشۇلىدىغان جاينىڭ شەرقىدىكى يەرلەر ئىدى. ئۇلار شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئاھالىسى ئەڭ ئاز قەبىلە بولۇپ («قانۇنلار قامۇسى» بىلەن «ئۇلۇغ ئادالەتلىك دۇنيا خاتىرىسى» دا ئۇلارنىڭ «يارامىلىق

ئەسكىرى 1700» دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تۇرا قەبىلە-
لىرى ئىچىدىكى ئەسكىرى ئەڭ ئاز قەبىلە ئىدى. بۇنىڭدىن
ئۇلارنىڭ ئاھالىسىنىڭمۇ ئەڭ ئاز ئىكەنلىكىنى قىياس قىلغىلى
بولىدۇ)، ئۇنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان يېرىمۇ ئەلۋەتتە ئەڭ
كىچىك بولۇشى كېرەك.

توڭرالارنىڭ ئۇلۇش يېرى. دىڭ چيەن «توڭرالارنىڭ
نامى دەريانىڭ نامىدىن كەلگەن. يەنى تۇرا دېگەن سۆزنىڭ
ئاھاڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، بۇ ھازىرقى تۇرا دەرياسىدۇر㊳.
قەبىلىنىڭ زېمىنى ھازىرقى تۇرا دەرياسى بىلەن ئۇرقۇن
دەرياسى (يەنى ئۇرخۇن دەرياسى)نىڭ ئۆزئارا قوشۇلىدىغان
يېرىدە» دەيدۇ. سېن جۇڭمىيەن تۇرا — «تۇرك يېزىقىدىكى
كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دىكى Tongro (同罗) دېگەن
سۆزنىڭ ئاھاڭى دەپ، دىڭ چيەننىڭ قارىشىغا قوشۇلمايدۇ.㊴
«سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دىكى توڭرالار تۇرا
دەرياسىنىڭ شىمالىدا دېگەنگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ چارۋىچى-
لىق قىلىدىغان ئورۇنلىرىنى ھازىرقى تۇرا دەرياسىنىڭ شى-
مالىدىن ئىزدەش كېرەك. يۇقىرىدا دېگەندەك سېن جۇڭمىيەن
قارا خارا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى توڭلى دەرياسى-
نى توڭرا دەرياسى دەپ قارايدۇ. بۇ يەر سىرتاردۇشلارنىڭ
ئوردىسى جايلاشقان ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شىمالىدا، تېلەنگۇت-
لارنىڭ شەرقىدە بولۇپ، «قانۇنلار قامۇسى» دىكى «توڭرالار
سىرتاردۇشلارنىڭ شىمالىدا»، «يېڭى تاڭنامە» دىكى «توڭرالار
سىرتاردۇشلارنىڭ شىمالىدا تېلەنگۇتلارنىڭ شەرقىدە» دېگەن
چۈشەنچە بىلەن پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلان-
غاندا توڭرالارنىڭ جايلاشقان ئورنى، ھازىرقى (قارا خارا)
دەرياسى بىلەن لويىخې دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى دەريا-
نىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇشى كېرەك. ㊵

بارغۇت قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇش يېرى. بارغۇتلار يەنە 仆固

دەپمۇ يېزىلغان، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلغان جاي-
لىرىنى دىلڭ چيەن «ھازىرقى تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى
كرۇلۇن شەھىرى (ئۇلانباتۇر) ئەتراپىدا» دەيدۇ. سېن جوڭ-
ميەن «بايقال كۆلىنىڭ شەرقى، بارغۇجىن دەرياسىنىڭ
بويىدا» دېگەندىن گۇمانلىنىدۇ. خې چيۇتاۋ «كېنتاي تېغى-
نىڭ شىمالى (چۇكوت) دەرياسىنىڭ ئەتراپىدا»⑭ دەيدۇ.
«سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا «تۇرا
دەرياسىنىڭ شىمالىدا بارغۇتلار بار.......» دېيىلگەن.
ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايلىرى ئەلۋەتتە ھازىرقى
تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدا بولۇشى كېرەك. يەنە «قانۇنلار
قامۇسى. بارغۇتلار» دا: «تېلەنغۇتلارنىڭ شەرقىي چېگرىسى-
دا ........ توگرا سۇدۇنلار بىلەن ياخشى قوشنىلاردىن بولۇپ،
ئەڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان» دېيىلگەن. ئۇلارنىڭ زېمىن-
لىرى تېلەنغۇتلارنىڭ شەرقىدە بولۇپ، توگرالار بىلەن قوشنا
ئىدى. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ
داۋامى» غا ئاساسلانغاندا، توگرالارمۇ تېلەنغۇتلارنىڭ شەر-
قىدە ئىدى. ئەمما «ئەڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان» دېيىلگەن
بولۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنى توگرالارنىڭ شەرقىي شىمالى
ھازىرقى كېنتاي تېغى بىلەن چۇكوت دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا
بولۇشى كېرەك. خې چيۇتاۋنىڭ قارىشىنى قوبۇل قىلىشقا
بولىدۇ.

قوشۇر قەبىلىسىنىڭ ئولۇش يېرى. «سۇينامە. تۇرالار
ھەققىدە قىسسە» دىمۇ تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدا دېيىلگەن.
«قانۇنلار قامۇسى. قوشۇلار» دا ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك
ئورنى توغرىسىدا توختىلىپ: «تېلەنغۇتلارنىڭ شىمالىي چېگرى-
سىدا» دېيىلگەن. تېلەنغۇتلارنىڭ غەربىي شىمالىدا ئاتېيىزلار-
نىڭ شەرقىدە، توگرالارنىڭ بولغىنىغا ئاساسلانغاندا، قوشۇر-
لار چوقۇم ئاتېيىزلارنىڭ شەرقىدە، توگرالارنىڭ غەربىدە،

يەنى ھازىرقى ئۇرقۇن دەرياسى بىلەن قاراخارا دەرياسىنىڭ
تۇۋەن ئېقىنىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلاشقانىدى.

قۇمۇق قەبىلىسىنىڭ ئولتۇرۇش يېرى. «دېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، نىڭ داۋامى» دا: «قۇمۇقلار توقۇزلارنىڭ شىمالىغا جايلاشقان» دېيىلگەن. سېن جوڭمىيەن بۇ جاينى «ئۇرقۇن دەرياسى بىلەن سېلىنگا دەرياسىنىڭ ئۇچراشقان ئېغىزى» دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشى توغرا.

ئىزگىل قەبىلىسىنىڭ ئولتۇرۇش يېرى. ئىزگىللەر يەنە (斯结) دەپمۇ يېزىلغان. «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايلىرىنى تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، دېيىلگەن. «دېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، نىڭ داۋامى» دا: «ئىزگىللەر تاردۇشلارنىڭ كونا ئوردىسىنىڭ ئورنىدا» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى «تاردۇشلارنىڭ كونا ئوردىسى» قايسى يەرنى كۆرسىتىدۇ؟ «كىتابلار جەۋھىرى» 986 - جىلد: «تاڭ گاۋزۇڭنىڭ لوڭسو 2 - يىلى» (مىلادى 662 - يىلى) دا تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنغان: «ئەينى ۋاقىتتا تۇرالارنىڭ ئىزگىل، تېلەنگۇت قاتارلىق قەبىلىلىرى دەسلەپتە تەڭرىتېغىنى ساقلىغان». «تەڭرىتېغى» ئۆتۈكەن تېغىدۇر. بۇ جايدىكى «تاردۇشلارنىڭ كونا ئوردىسى» ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئىبارى تېغىدىكى كونا ئوردىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى سىرتاردۇشلارنىڭ ئۆتۈكەن تېغى باغرىدا قۇرغان ئوردىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلاردىن قارىغاندا، «دېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، نىڭ داۋامى» دا خاتىرىلەنگەن «ئىزگىللار تاردۇشلارنىڭ كونا ئوردىسىنىڭ ئورنىدا» دېگەن سۆز، سىرتاردۇشلار خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ئىزگىللارنىڭ تارقالغان جايىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئىزگىللارنىڭ سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدىكى تارقالغان جايىنى (سۇيۇرغال

زېمىننى) كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. «كىتابـ
لار جەۋھىرى» نىڭ 985 ـ جىلدىدا «مۇشۇ ئايدا (جېڭگۇەنـ
نىڭ تۆتىنچى يىلى 3 ـ ئايدا). تۈركلەرنىڭ ئىزگىل قەبىـ
لىسىنىڭ ئېركىنى ئۆز قەبىلىسىدىن 40 مىڭ ئادەمنى باشلاپ
كېلىپ تەسلىم بولدى» دېيىلگەن. كېيىنكى يىلى. تاڭ
ئوردىسى ئۇلارنى شۇنجۇ ئايمىقىغا قاراشلىق خۇەيخۇا
ناھىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرغان. «كونا تاڭنامە. جاڭ جيەنىنىڭ
تەرجىمھالى» دا: «لى چىڭ شەرقىي تۈركلەرنى تىنچىتقانـ
دىن كېيىن، ئىزگىل قەبىلىسىنىڭ نامرات، تارقاق ئىكەنلىـ
كىنى كۆرگەن جاڭ جيەن ئۇلارنى يىغىپ ئولتۇراقلاشتۇرغان؛
جاڭ جيەن كەلمىگەنلەر ياكى شىمالدا ئولتۇراقلاشقان،
ياكى تۇغقانلىرى بىلەن ئايرىلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىرىـ
نىڭ شەخسىي بېرىپ ـ كېلىشىگە يول قويۇپ ئۇلارنى
جازاغا تارتمىغان.» بۇنىڭغا ئاساسەن، شەرقىي تۈرك خانلىقىـ
نىڭ يىمىرىلىش ھارپىسى ۋە سىرتاردۇشلار خانلىقىنىڭ
دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئىزگىل قەبىلىسىنىڭ ئاھالىسىنىڭ
«نامراتلىشىپ، تارقىلىپ»، ئېھتىمال شىمالدا چارۋىچىلىق
قىلىدىغان جايلىرىدىن ئايرىلىپ، كۆپ قىسمىنىڭ چۆللۈك
نىڭ جەنۇبىغا كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغانلىقىنى
بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇرۇنقىدەك شىمالدا قېپقالغان ئىزگىلـ
لارنىڭ قالدۇق ئاھالىسى شۇنداقلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنـ
دىن شىمالغا قايتىپ كەتكەن كېيىنكى ئىزگىل قەبىلىسىنىڭ
ئاھالىسى (تاڭ سۇلالىسى زېمىندىكى ئىزگىل قەبىلىرىنىڭ
قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قايتقانلىق مەسىلىسىنىڭ تەپسىلاتى
تۆۋەندە) نىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايلىرى (يەنى
ئۆلۈش يېرى) توغرىسىدا كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە مەلۇمات
يوق ياكى سىرتاردۇشلار قەبىلىسىنىڭ يايلاقلىرى بىلەن
ئۆزئارا قوشنا بولغانلىقىمۇ نامەلۇم. سىرتاردۇش خانلىقى

مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۆتتۈكەن تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى «سىرتاردۇشلارنىڭ كونا ئوردىسى» نىڭ ئورنىدا چارۋىچىلىق قىلغانىدى.

ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئولتۇش يېرى. بۇ قەبىلە ئەڭ قەدىمكى ھەم تارىخى ئۇزۇن تۇرا قەبىلىسىدۇر. ئۇلارنىڭ يايلاقلىرى «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: ئۇلار تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدا دېيىلگەن. «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. ئۇيغۇرلار» دا: ئۇلارنىڭ يايلىقىنىڭ ئورنى بىرقەدەر كونكرېت بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «سىرتاردۇشلارنىڭ شىمالىي چېگرىسىدا بولۇپ، سېلىنگا دەرياسىغا يېقىن ئولتۇراقلاشقان» دېيىلگەن. «تۈرك يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تۆھپىدار بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «ئۇلار (ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ ئېلى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەرياسى يەنى سېلىنگا دەرياسى ئۇلارنىڭ خەلقى ...... قەدىمدىن تارتىپلا شۇ جايدا ياشاپ كەلگەنىكەن» ㊸ دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ يايلىقىنىڭ سېلىنگا ۋادىسىدا ئىكەنلىكىنى، جەنۇبىي سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ يايلىقى بىلەن چېگرىلىنىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بايئېرقۇ قەبىلىسىنىڭ ئولتۇش يېرى: بايئېرقۇلار يەنى («دېيگى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» 拔曳固, 拔野固 نىڭ داۋامى») دەپمۇ يېزىلغان. ئۇلارنىڭ يايلىقىمۇ «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدا دېيىلگەن. «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» 72 - جىلد «ۋاسساللارنىڭ ئات تامغىلىرى» دا: «بايئېرقۇ ئاتلىرى بىلەن قورىقان ئاتلىرىنىڭ تۈرلىرى ئوخشاش بولۇپ قارا ۋە بوز ئاتلارنىڭ تۈرى كۆپ ئىدى، رەڭگى قاپلانىڭكىگە ئوخشايتتى» دېيىلگەن. ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنى تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدا، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭمۇ تۈرى قورىقان

لارنىڭ ئاتلىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەن، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ تارقالغان جايىمۇ چوقۇم تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قورىقانلارنىڭ زېمىنىغا يېقىن جايدا بولۇشى كېرەك. قورىقانلار ھازىرقى بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان. (تەپسىلاتى تۆۋەندە) بايېرقۇلارنىڭ يايلىقى ھازىرقى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئايرىم جايلاردا بولۇشى كېرەك. ئەمما «قانۇنلار قامۇسى. بايېرقۇلار»دا: «بايېرقۇلارمۇ تۇرالارنىڭ ئايرىم قەبىلىسى بولۇپ. بارغۇتلارنىڭ شەرقىي چېگرىسىدا» دېيىلگەن. ««يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دا «چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى 1000 چاقىرىملىق دائىرىدىن باشلاپ بارغۇتلارنىڭ دەل شەرقىگە جايلاشقان. موغاللار بىلەنمۇ قوشنا» دېيىلگەن. بۇ جاي تەخمىنەن ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ كىرۇلىن دەرياسىدىن خۇلۇمبىر كۆلى ئەتراپىغىچە بولغان جايدا بولۇپ، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «سۇينامە» ۋە «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» دىكى قاراش بىلەن ماس كەلمەيدۇ. بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى سۇي سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بايېرقۇ قەبىلىسىنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايى بولۇپ. كۇرۇلىن دەرياسى ۋە ئۇنىڭ شەرقى سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدىكى بايېرقۇ قەبىلىسىنىڭ زېمىنى (ئۇلۇش يېرى) ئىدى. بۇنداق يەكۈن تارىخلارغا زىت كەلمەيدۇ. بۇ قەبىلىنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇرا دەرياسىدىن شىمالغا كۆچۈپ كىرۇلىن دەرياسى ۋادىسىغا بارغانلىقى بىزگە تېخى نامەلۇم.

ئەقشىد قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇش يېرى. بۇ قەبىلىنىڭ جايلاشقان ئورنى «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنمىگەن. ««يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دا «تۈركلەرنىڭ شىر قاغانى كۈچەيگەن مەزگىلدە (بۇ ۋاقىت سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ئىدى)، ئۆتۈكەن

تېغىدىكى ئۇيغۇر، بايىرقۇ، ئاتېبىز، توڭرا، بارغۇت. ئاقشىد
قاتارلىق قەبىلىلەر، شەرقتە شىبى قاغانىغا بەيئەت قىلغانىدى»
دېيىلگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنىنى «توڭرالار بىلەن
بارغۇتلارنىڭ چېگرىلىنىدىغان يېرى» دەپ كۆرسەتكەن. دۇنىڭغا
ئاساسەن سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ
دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئاقشىدلارنىڭ يايلىقىنىڭ تۇرا دەريا-
سىنىڭ شىمالىدىكى جايلار ئىكەنلىكىنى، توڭرا ۋە بارغۇتلار
بىلەن قوشنا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەمما «قانۇنلار
قامۇسى. ئەقشىدلار دۆلىتى»، «دېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار
ھەققىدە قىسسە»، نىڭ داۋامى» دا ئوخشاشلا ئاقشىدلار بايىر-
قۇلارنىڭ شەرقىدە، شەرقتە موغاللار بىلەن چېگرىلىنىدۇ،
جەنۇبتا قىتانلار بىلەن قوشنا. ئۇلارنىڭ تارقالغان جايى
يەنىلا خۇلۇمبىر كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئايرىم جايلاردا بولسا
كېرەك دېيىلگەن. «دېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»
نىڭ داۋامى» دا: «سىرتاردۇشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇجى
دەرياسىنىڭ ئەڭ سوغۇق جايىدىكى تاغ ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان»㊹
دېگەن سۆز بار بولۇپ، ئاقشىدلار سىرتاردۇش خانلىقى
مەزگىلىدە خۇلۇمبىر كۆلىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ بارغان
بولۇشى مۇمكىن. ئەقشىدلارنىڭ «ئۇلۇش يېرى» موڭغۇلىيە
دالاسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى ئايرىم جايلاردا
بولسا كېرەك.

توباسلارنىڭ ئۇلۇش يېرى. توباسلار يەنە 都波
دەپمۇ يېزىلغان. «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە
ئۇلارنىڭ يايلىقى «شىمالىي دېڭىز (بايقال كۆلى) نىڭ
جەنۇبىدا» دېيىلگەن. «قانۇنلار قامۇسى. توباسلار» دا
ئۇلارنىڭ يەرلىرىدىن «جەنۇبتا ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىغا
بېرىش ئۈچۈن 13 كۈنلۈك يول كېتەتتى» دېيىلگەن. «تاڭ
سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. توباسلار» دا ئۇلار

بىرقەدەر ئەپسانىۋى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «شىمالدا كىچىك دېڭىزغا، غەربتە خاككاسلارغا، جەنۇبتا ئۇيغۇرلارغا قوشنا ئىدى» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە، نىڭ داۋامى» دىكىسىمۇ ئوخشاش. ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىدىكى كىچىك دېڭىز ئەلۋەتتە ھازىرقى بايقال كۆلى بولۇشى كېرەك. تۇباسلارنىڭ يايلىقى ئەينى ۋاقىتتا بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى ۋە سېلىنگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يەرلەر ئىدى. «جەنۇبتا ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىغا بېرىش ئۈچۈن 13 كۈنلۈك يول كېتەتتى» دېگىنى، جەنۇبتا ئۇيغۇرلار ئوردىسىغا بېرىش ئۈچۈن 13 كۈنلۈك يول باساتتى دېگەنلىك ئىدى. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئوردىسى ئورقۇن — ئۇيغۇر خانلىقى مەركىزىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردىسى بولۇپ، بۇ يەر ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ئىدى. تۇباسلارنىڭ يېرىدىن ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە تەخمىنەن يەتتە - سەككىز يۈز كىلومېتىر بولۇپ، 13 كۈنلۈك يول (ھەر كۈنى ئاتقا مىنىپ ئاتمىش چاقىرىم ماڭدى دەپ ھېسابلىغاندا) بىلەن ماس كېلىدۇ. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بايانلار تۇباسلار «غەربتە خاككاسلار (يەنى «قانۇنلار قامۇسى» دىكى خاككاسلار «يېڭى تاڭنامە» دىكى قىرغىزلار) بىلەن قوشنا» دېيىلگەن. ھالبۇكى، «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە: گۇ دەنىڭ «يوللار خاتىرىسى» دىكى «تۇباسلار قەبىلىسىدىن يەنە شىمالغا قاراپ ئالتە - يەتتە كۈن يول ماڭغاندا خاككاس قەبىلىسىگە بارغىلى بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، خاككاسلار تۇباسلارنىڭ شىمالىدا دېيىلگەن. خاككاسلارنىڭ زېمىنى كەم دەرياسى (ھازىرقى «يېنىسەي دەرياسى» نىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بولۇپ، جەنۇبتا ئاقتارمال تېغى يەنى كۆكمەن تېغى دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، ھازىرقى سايان چوقىسى) غا تۇتىشىدۇ. «يېڭى

ئاتنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە بۇ جايدا «چوڭ تاغ
ۋە كەم دەرياسى بار» دېيىلگەنلەر بىلەن «قانۇنلار قامۇسى.
خاككاسلار» دا ئېيتىلغان: «ئۇ دەريا ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىدىن
ئېقىپ، تاغنىڭ بۆلۈكىدە ئۇلارنىڭ ئېلىگە ئېقىپ ئۆتىدۇ،
ئۇلار ئاشۇ تاغنىڭ يان باغرىغا ئولتۇراشقان» دېگەن سۆزلەر
مۇشۇ تاغ بىلەن بۇ دەريانى كۆرسىتىدۇ. توباسلارنىڭ
شىمالىدىن خاككاسلار تەرەپكە بارغىلى بولغانلىقتىن، توباس-
لار ھازىرقى يەنسەي دەرياسى بىلەن سايان چوققىسى-
نىڭ جەنۇبىدىكى قۇبدۇ ۋادىسىدا ياشىغاندەك قىلىدۇ. تۇباسلار-
نىڭ جايلاشقان ئورنى زادى قەيەردە، تارىختا ئېنىق قاراش
يوق. توباسلارنىڭ جايلاشقان ئورنىنىڭ بايقال كۆلىگە يېقىن-
لىقىنى، ئۇلارنىڭ يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى
خاككاسلارنىڭ غەربىدە ئىكەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، «تاڭ
سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» دە ئېيتىلغان توباسلار
«خاككاسلارنىڭ غەربىدە» دېگەن قاراش توغرا بولسا كېرەك.
ئەمما توباسلاردىن خاككاسلارغا بارىدىغان يول ھەرگىزمۇ
غەرب بىلەن ماڭمايتتى. سايان چوققىسى خاككاسلارنىڭ
جەنۇبىدا بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمال
يۆنىلىش بويىچە، بايقال كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبى (يەنى
توباسلارنىڭ غەربى) غا بېرىپ، غەربىي شىمال يۆنىلىشتىن
شەرقىي جەنۇبىي يۆنىلىشكە ئۆزگىرەتتى. توباسلارنىڭ
غەربىدىكى سايان چوققىسىدىكى چوڭ تاغ توسۇپ تۇرغاچقا،
بۇ يول ھېلىھەممۇ ئېنتايىن جاپالىق. توباسلاردىن خاك-
كاسلارغا بېرىش ئۈچۈن بىۋاسىتە غەرب بىلەن ماڭغىلى
بولمايدۇ، پەقەت شىمالدا ھازىرقى ئانگارا دەرياسىنى بويلاپ،
سايان چوققىسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ قايتا غەربكە ماڭغاندىلا
ئاندىن يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ «يېڭى تاڭنامە.
جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە نەقىل كەلتۈرۈلگەن گۇدەننىڭ

«يوللار خاتىرىسى» دا ئېيتىلغان توباسلاردىن «شىمالغا قاراپ ئالتە ـ يەتتە كۈن يول ماڭغاندا خاككاس قەبىلىسىگە بارغىلى بولىدۇ» دېگەننىڭ ئاساسىدۇر. گۇ دەن ئۆزىنىڭ كىتابىدا «يوللار» ۋە «ئەللەر يولى» ئۈستىدىلا مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن. ئۇنىڭ«خاككاسلارغا بارغىلى بولىدۇ» دېگىنى توباسلاردىن خاككاسلارغا بارغىلى بولىدىغان يول بولۇپ، خاككاسلارنىڭ توباسلارنىڭ قايسى تەرىپىدە ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر نەرسە دېمىگەنىدى. سېن جۇڭمېيەن ئەپەندى بۇنى چۈشەنمەي ئالدىراپلا «قەدىمكىلەر دائىم غەرب بىلەن شىمالنى ئارىلاشتۇرۇۋېتەتتى» دەپ ئىزاھ بەرگەن، بۇنداق قىلغاندا گۇماننى يەشكىلى بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە مەسىلىنى تېخىمۇ مۇجمەللەشتۈرۈۋېتىدۇ.

قورىقان قەبىلىسىنىڭ ئولتۇرۇش يېرى. «قانۇنلار قامۇسى. قورىقانلار» دا: «ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىدىكى دەشتى ماكاننىڭ شىمالىغا جايلاشقان...... ئۇلاردا شىمالدا يەنە چوڭ دېڭىز بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. كۈندۈزى ئۇزۇن، كېچىسى قىسقا بولۇپ، كۈن ئولتۇرغاندا رەسمىي كەچكى شەپەققە چۆمىدۇ. قوينىڭ بىر تال تۆشى قاينىغىچە، شەرقتە ئاللىبۇرۇن تاڭ يورۇپ كېتىدۇ، بۇ جاي كۈن ئولتۇرىدىغان جايغا يېقىن بولسا كېرەك» دېيىلگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «دەشتى ماكان» يەنى ھازىرقى خانگاي تاغ تىزمىسى بولۇپ سىرتاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قەبىلىسىدە دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرغانىدى، شۇڭا ئۇيغۇر قەبىلىسى جايلاشقان ئورۇنلار دەشتى ماكان دەپمۇ ئاتالغانىدى. «يوللار خاتىرىسى» دە «قورىقانلارنىڭ غەربىدىن توباسلار قەبىلىسىگە بېرىش ئۈچۈن 13 كۈنلۈك يول»، «قورىقان ۋە توباسلاردىن ئىبارەت ئىككى قەبىلىنىڭ شىمالىدا كىچىك دېڭىز بار، مۇز

ئۇتقاندا ئات بىلەن سەككىز كۈندە ئۆتكىلى بولىدۇ، دېڭىز-نىڭ شىمالىدا نۇرغۇن چوڭ تاغلار بار» دېيىلگەن. بۇنىڭ-دىكى كىچىك دېڭىز يەنى خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى شىمالىي دېڭىز، يەنى ھازىرقى بايقال كۆلى ئىدى. بايقال كۆلىنىڭ غەرب، جەنۇب، شەرق، شىمال تەرەپلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 636 كىلومېتىر كېلىدۇ. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قورىقانلار بايقال كۆلىنىڭ شىمالى بىلەن شەرقىدە، توباس-لار دەل ئۇلارنىڭ غەرب ۋە غەربىي جەنۇب تەرىپىدە ئىدى. شۇڭا غەربكە قاراپ ماڭغاندا (ياكى غەربىي جەنۇبقا ماڭغاندا)، ئاندىن توباسلارغا بارغىلى بولىدۇ. «قانۇنلار قامۇسى» دا ئېيتىلغان «ئۇلار شىمالىدا چوڭ دېڭىز بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.» دېگەندىكى «چوڭ دېڭىز» نى كۈندۈزى ئۇزۇن، كېچىسى قىسقا بولۇشتەك ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھازىرقى شىمالىي مۇز ئوكياننىڭ جەنۇبىدىكى كورسكايا ياكى راباتوۋا دېڭىزى بولسا كېرەك. بۇ جاي ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. قورىقانلارنىڭ جايلاشقان ئورنى شىمالدا بۇ جاي بىلەن چېگرىلانسا كېرەك. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دىكى قورىقانلارنىڭ جايلاشقان ئورنى ھەققىدىكى خاتىرە بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «قانۇنلار قامۇسى» قاتارلىقلارنىڭكىدىن سەل پەرق قىلىدۇ، ئۇنىڭدا «قورىقانلار دەشتى ماكانىنىڭ شىمالىدا تۇرىدۇ،..... ئۇلار شىمالدا دېڭىز بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. پايتەختكە بېرىشتىكى ئەڭ يىراق جاي، شىمالدا يەنە دېڭىزدىن ئۆتىدۇ. كۈندۈزى ئۇزۇن، كېچىسى قىسقا، كۈن ئولتۇرغاندا، قوينىڭ بېرەر تۆشى قاينىغىچە، شەرقتە ئاللىبۇرۇن كۈن يورۇپ بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇ ئابزاستىكى سۆزلەرگە قارىتا، تارىختا ئۇزۇل-دۇرمەي چۈشەندۈرۈشلەر بېرىلگەن بولسىمۇ، بىر خۇلاسىگە

كېلىمىگەنىدى. دېمەك چىيەن «شىمالدا دېڭىز بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ»، «شىمالدا دېڭىزدىن ئۆتىدۇ» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بايقال كۆلىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىغانىدى.[46] بۇ قاراشقا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىقى ۋە كېيىنكى بايانلاردىكى پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. «ئايرىلىپ تۇرىدۇ» دېگەننى «كاڭشى لۇغىتى» دە: «تاغ ئاھاڭلىرى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، «بارماق» دېگەنلىك بولىدۇ. «نەسىرنامە. زىرائەت پىرى يى» دا: «يۈي توققۇز دەريا بىلەن تۆت دېڭىزنىڭ ئايرىلىقىنى راۋانلاشتۇرغان»، «قىسسە» دە: «ئايرىلىپ تۇرىدۇ دېگەننى بارماق دېگەن» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، «شىمالدا دېڭىز بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ» دېگىنى يەنى شىمالدا دېڭىزغا بارغىلى بولىدۇ دېگەنلىك ئىدى. قورىقانلار بايقال كۆلىنىڭ شىمالىدا بولغاندا، ئۇلار «شىمالدا دېڭىز بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ» دېگەندىكى «دېڭىز» بايقال كۆلى بولماي قالماستىن، بەلكى سىبىن جوڭمىيەن ئەپەندى كۆرسەتكەندەك شىمالىي مۇز ئوكيانىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى «پايتەختكە بېرىشتىكى ئەڭ يىراق جاي» دېگەن جۈملىنى ئىخچاملاش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان خاكاسلار پايتەختكە بېرىشتىكى «ئەڭ يىراق جاي» بولۇپ قالىدۇ. «شىمالدا دېڭىزدىن ئۆتىدۇ» دېگەندىكى «دېڭىز» نى خې چيۇتاۋ شىمالىي مۇز ئوكيان، «شىمالدا دېڭىزدىن ئۆتىدۇ» دېگەننىڭ ئاخىرىدا بايان قىلىنغان «كۇندۇزى ئۇزۇن، كېچىسى قىسقا» دېگەنلەرنى خې چيۇتاۋ شىمالىي مۇز ئوكياندىكى ئاراللار دەپ قارايدۇ. خۇددى سىبىن جوڭمىيەن ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، «شىمالىي مۇز ئوكيانغا يېقىن جايلارنىڭ پەسىلنىڭ كۇندۇزى ئۇزۇن، كېچىسى قىسقا بولغىنى بىلەن بۇرۇنقى تارىخىي ماتېريال-

لاردا بۇنداق ئەھۋالنى دەلىللىمەكچىكە شىمالنى دېگىنىمىزدىكى ئايماقتەك قىلىپ قويۇلغانىدى»[47]. خې چيۇتاۋنىڭ قارىشى-نىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكى ئىنتايىن ئېنىق. مۇنداقچە قىلغاندا، «شىمالدا دېڭىزدىن ئۆتىدۇ» دېگەندىكى «دېڭىز» بايقال كۆلىنى كۆرسەتسە كېرەك. بايقال كۆلى ۋە ئۇنىڭ شىمال-دىكى رايونلار كەڭلىك گرادۇسى يۇقىرى بولغان جايلارغا جايلاشقان بولغاچقا، كۈندۈزىنىڭ ئۇزۇن، كېچىسىنىڭ قىسقا بولۇشى ياز پەسلىدە چوقۇم بولىدىغان ھادىسە بولۇپ، ئۇنى شىمالنى مۇز ئوكيانغا چېتىپ چۈشەندۈرۈشنىڭ ھېچقان-داق زۆرۈرىيىتى يوق. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دىكى «ئۇلارنىڭ جايلاشقان يۇرتى شىمالدا دېڭىز بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. پايتەختكە بېرىشتىكى ئەڭ يىراق جاي» دېگەن سۆزلەرنىڭ قاتلاملىق مەنىسى بايان قىلىنغانىدى. قۇرىقانلار-نىڭ شىمالنى چېگرىسىدىن شىمالىي مۇز ئوكيانغا بارغىلى بولىدىغانلىقى، ئارىلىقىنىڭ تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ پايتەختكە بېرىشتىكى ئەڭ يىراق جايى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان بولۇپ، مۇھىم نۇقتىسى ئۇلارنىڭ «يىراق» تا ئىكەنلىكىنىلا سۆزلەش ئىدى. بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن «يەنە شىمالدا دېڭىزدىن ئۆتىدۇ، كۈندۈزى ئۇزۇن، كېچىسى قىسقا» دېگەنلەرنىڭ يەنە بىر قاتلاملىق مەنىسى. ئۇلارنىڭ جايلاش-قان يۇرتىنىڭ كۈندۈزى ئۇزۇن، كېچىسى قىسقا بولۇشتەك ئەھۋالى بايان قىلىنغان، مۇھىم نۇقتىسى مەۋسۇمنىڭ پەرق-لىق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىش ئىدى. «قانۇنلار قامۇسى. قۇرىقانلار» بىلەن سېلىشتۇرغاندا، «يېڭى تاڭنامە» نىڭ بۇ بايانىدا ئەزمىلىك تەرەپلەرنىڭ بارلىقى ناھايىتى ئېنىق، ئەمما مەنىسى يەنىلا ئېنىق.[48]

يۇقىرىدىكىلەر سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدىكى

شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئۈلۈش يېرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدۇر (ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىزگىل قەبىلىسىنىڭ ئۈلۈش يېرى ئېنىق ئەمەس). تۇرا قەبىلىلىرى كۆچمەن قەبىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۈلۈش يەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دەريا، كۆل بويلىرىغا تارقالغان. ئۇ جايلارنىڭ سۇ ۋە ئوت - چۆپى مول بولغاچقا، چارۋا ماللارنىڭ كۆپىيىشىگە پايدىلىق ئىدى. قىسقىسى سىرتاردۇش، تېلەنغۇت، خۇن، چۇبە، ئاتېئىز، توڭرا، بارغۇت، قوشۇر، ئىزگىل قاتارلىق قەبىلىلەر ئۇرقۇن ۋە تۇرا دەريا ۋادىلىرىغا تارقالغانىدى؛ ئۇيغۇرلار سېلىنگا دەريا ۋادىسىغا تارقالغانىدى؛ بايىرقۇلار كورلىن دەرياسى بىلەن خۇلۇمىر ۋادىسىغا تارقالغانىدى. ئاقشىدلار، موگخۇل ياپلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تارقالغانىدى؛ توبالار بىلەن قورىقانلار بايقال كۆلى ۋە ئۇنىڭ شىمالىغا تارقالغانىدى.

## 6. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى

سىرتاردۇش خانلىقى مىلادى 629 - يىلى (جېنگۇەنىڭ ئۈچىنچى يىلى) قۇرۇلغاندىن تارتىپ مىلادى 646 - يىلى (جېنگۇەنىڭ 20 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغانغا قەدەر، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 18 يىل ھۆكۈم سۈردى.[49] بۇ 18 يىل ئىچىدە سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى روشەن ھالدا ئىككى دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مىلادى 629 - يىلىدىن مىلادى 640 - يىلى (جېنگۇەنىڭ 14 - يىلى) غىچە

بولغان ئارلىق تاڭ سۇلالىسىگە قارام دۆلەت بولغان دەۋرى؛ مىلادى 641 - يىلىدىن خانلىق مۇنقەرز بولغانغا قەدەر بولغان ئارلىق تاڭ سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلەشكەن شۇنداقلا ئۇرۇش قىلغان دەۋرى.

**(1) تاڭ سۇلالىسىگە قارام دۆلەت بولغان مەزگىلدىكى سىرتاردۇش خانلىقى**

سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى. سىرتاردۇشلار خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا ئېنىق بېكىتىلىپ بولۇنغانىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدەك، شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھالاكەت گىرداۋىغا قاراپ مېڭىشىغا تۈرتكە بولغان كۈچ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇبقا قىلغان ھۇجۇمىدىن باشقا شىمالدا ئاساسلىقى، سىرتاردۇشلارنىڭ باشچىلىقىدىكى تۆرا قەبىلىلىرى قوزغىغان ھەيۋەتلىك داغدۇغىلىق قوزغىلاڭ ئىدى. يانۇن باشچىلىقىدىكى سىرتاردۇش قەبىلىسى كۆرەشتە بىرقەدەر زور رولنى جارى قىلدۇرغان بولسىمۇ، بىراق باشقا تۆرا قەبىلە-لىرىمۇ (بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار قەبىلىسى) سەل قارىغىلى بولماي-دىغان رول ئوينىغانىدى. خۇددى تاڭ تەيزۇڭ ئېيتقانىدەك بايىبىرقۇ. توڭرا قاتارلىق تۆرا قەبىلىلىرىنىڭ «ئەسكىرى نەچچە 10 مىڭ» بولۇپ، ئۇلار بىرلەشسە «سىرتاردۇشلارغا تاقابىل تۇرالايتتى». مىلادى 628 - يىلى تۆرا قەبىلىلىرى يانۇننى يۇرتاق ھالدا قاغانلىققا سايلىغاندا، يانۇننىڭ «باش تارتقان» لىقىدىكى سەۋەب، ئاساسلىقى سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تۆرا قەبىلىلىرى ئىچىدە تېخى بارلىق كۈچلەرنى بېسىپ چۈشكۈدەك كۈچكە ئىگە بولالمىغان-لىقى ئىدى. مىلادى 629 - يىلى يانۇن تۆرا قەبىلىلىرىنىڭ

ھەمما يېسى ئاستىدا «ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان» بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى زور دەرىجىدە سىرتاردۇش ۋە باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئېلىك قاغانى قوزغىغان قايتۇرما ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاق تۈزۈشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ، ھەرگىزمۇ سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىدە ۋە تۇرا قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئورنىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. يانۇن قاغان شۇنى ناھايىتى
ئېنىق چۈشەنگەنكى، پەقەت كۈچلۈك تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ 9
قوللىشىغا ئېرىشكەندىلا، ئاندىن باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئايرىمچىلىق خاھىشىنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ قاغانلىق تەختىنى ساقلاپ قالالايتتى. شۇڭا ئۇ قاغان بولغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ «يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلىپ»، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشىغا ئېگە بولۇشنى ئۈمىد قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى شەرق تۈرك خانلىقىنى تېزلىك بىلەن يوقىتىشنى ئويلاپ يۈرگەچكە، سىرتاردۇش خانلىقىغا نىسبەتەن پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللايدىغانلىق پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈپ، ئەلچى ئەۋەتىپ يانۇنغا ئىنچۇ بىلگە قاغان دېگەن نامنى بەرگەن. يانۇن ئوتۇغاتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئېتىكىدە ئوردا قۇرغان، شۇنداقلا ئىنىسى توگىلى تېگىنىنى تاڭ سۇلالىسىگە رەھمەت ئېيتىشقا ئەۋەتكەن. تاڭ تەيزۇڭ ئۆزى توگا تېگىنگە زۇلپىقار ھەم قامچا ئىنئام قىلىپ، ئۇنى خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بويسۇنمىغۇچىلارنى شەپقەتسىزلەرچە باستۇرۇشقا بۇيرۇغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشى، ئەمدىلا قۇرۇلغان سىرتاردۇشلار خانلىقىنىڭ مۇقىملىقى ۋە قاغانلىق ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. تارىخىي كىتابلاردا سىرتاردۇش

خانلىقىنىڭ «يېرى كەڭ. يېقىندىلىرى كۆپ» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى»). «ئۇيغۇر، بايىرقۇ، ئاتىز، توڭرا، بارغۇت، ئەقشىد قاتارلىق چوڭ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا تەۋە ئىدى» («كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە») دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭغا يانۇن ھامايىتى تەشەككۇر ئېيتاتتى. ئۇ ئىلگىرى قول ئاستىدىكىلەر ئالدىدا: «مەن ئەسلىدە تۇرالارنىڭ ئاتامانى ئىدىم. يەغبۇر مېنى قاغان قىلىپ تىكلىدى» دەپ ماختانغاندى (يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش). تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشى بولمىغان بولسا، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مۇقىملىقىنىڭ ھەممىسى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

سىرتاردۇش خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن قويۇق بولغان يېقىندى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. مىلادى 630 - يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن «ھەرقايسى ۋاسساللارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى تاڭ تەيزۇڭنى ھۆرمەتلەپ تەڭرى قاغان دەپ ئاتىدى» تاڭ تەيزۇڭ بۇ ئاقساقاللارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى، «شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي يۇرت، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارنىڭ ئاقساقاللىرىغا قاشتېشى مۆھۈر ھەم ئوتتۇغات نامىنى ئىنئام قىلدى. ۋاسساللارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىرىگە ئۇنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرىنى تەيىنلەش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى»[50] («قانۇنلار قامۇسى. يەن مۇنيەن»). بۇنىڭدىكى «چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ ئاقساقىلى» دېگەن نامنى سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قاغانى يالۇن ئالمىسا بولمايتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پەقەت سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانىنى سايلاش ھوقۇقىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى چوڭ قاغانغا بەيئەت قىلغان خانلىقنىڭ مەلۇم بىر تەرەپ ياكى

بىرەر جايغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان باسقاق سانغۇنلىرى، كىچىك قاغانلىرىنىمۇ ئۇتتۇغات نامى بېرىش ۋە تەستىقلاش ئەڭ ئالىي ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. مەسىلەن، خانلىق قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە يانئون ئىككى ئوغلىنى قەبىلىلەرگە ئايرىم - ئايرىم تاردۇشاد ۋە تولىشاد قىلغاندا، جەنۇب بىلەن شىمالدىكى تاڭ تەيزۇڭ يانئونىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا، پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىچىك قاغان قىلىپ تەيىنلىگەن. مەسىلەن، يەنە مىلادى 638 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 12 - يىلى) يانئون ئۆزىنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان چوڭ ئوغلى يې ماڭنى تولىشاد قاغان قىلىپ، بەيبېشىسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى بايچۇرنى سىياۋۇش قاغان قىلىپ تەيىنلىگەندە، تاڭ تەيزۇڭ «يارلىق چۈشۈرۈپ بۇنى ماقۇل كۆرگەن، ئۇلارغا سوۋغا - سالام بىلەن ئۇتتۇغات نامى بەرگەن» («تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. سىرتاردۇشلار»). شۇ يىلى يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ يانئونىنىڭ ئوغلى ئالىپ بىلگەنى تاردۇباھادۇر يابغۇ قىلىپ تەيىنلىگەن («كىتابلار جەۋھىرى» 964 - جىلد). كىچىك قاغان ياكى يابغۇلۇققا تەيىنلىگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە تاڭ سۇلالىسى بىردەك بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن بايراق ۋە دۇمباق قاتارلىق ھوقۇقنىڭ سىمۋولى بولغان نەرسىلەرنى ئىنئام قىلغان.

تاڭ سۇلالىسىگە ئولپان ۋە دوستلۇق ئەلچىسى ئەۋەتىش سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ ئاساسلىق شەكلى ئىدى. بىز سىرتاردۇشلارنىڭ دۆلەت قۇرغاندىن تارتىپ مىلادى 640 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ۋە ئولپان ئەۋەتىش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىدەك جەدۋەللەشتۈردۇق:

| يىل دەۋرى | ئەلچى، ئولپان ئەۋەتىش ئەھۋالى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|
| جېنگۇەننىڭ ئۇچىنچى يىلى (مىلادى 629- يىلى) | «ئۇچىنچى يىلى سىرتاردۇشلار شىمالدا ئۆزلىرىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەقدىم قىلغان» («كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»)، «يانتۇن بۆيرۇقا بىنائەن، ئەلچى ئەۋەتىپ رەھمەت ئېيتقان» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى»). | ئەلچى ئەۋەتكەن، يەنى يانتۇن قاغان ئىنىسى تۇڭتا تېكىننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن |
| جېنگۇەننىڭ تۆتىنچى يىلى (مىلادى 630 - يىلى) | «تۆتىنچى يىلى 2 - ئايدا سىرتاردۇشلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم | 9 - ئايدا ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك |

| | | |
|---|---|---|
| | قىلىغان» («كىتابلار جەۋھىرى» 970 - جىلد) «9 - ئايدا سىرتار- دۇشلار ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇ- لاتلىرىنى تەقدىم قىلى- غان» (يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش) | مەھسۇلاتلىرىنى تەق- دىم قىلغانلىقى ئەس- لىدە «جىنگۇەنىڭ بەشىنچى يىلى» دا- ۋامى» داخاتىرىلەنگەن. ئەمما ئۈچ قۇرنىڭ ئاستىدا يەنە «بەشىن- چى يىلى» دەپ خاتى- رىلەنگەن شۇڭا بۇ ماددىدىكىسى تۆتىنچى يىلى 9 - ئايدا بولۇشى كېرەك |
| جىنگۇەنىڭ بەشىنچى يىلى (مىلادى 631 - يىلى) | «10 - ئايدا سىرتار- دۇشلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغان («كىتابلار جەۋھىرى» 970 - جىلد) | |
| جىنگۇەنىڭ | «1 - ئايدا سىرتار- دۇشلار ئەلچى ئەۋەتىپ | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئالتىنچى يىلى(مىلادى 632- يىلى) | ئولپان تاپشۇرغان» («كىتابلار جەۋھىرى» 970 - جىلد) «11 - ئايدا سىرتاردۇشلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغان» (يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش) | | |
| جېنگۇەنىڭ يەتتىنچى يىلى(مىلادى 633 - يىلى) | «توخۇ يىلى 1 - ئايدا سىرتاردۇشلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلغان» («كونا تاڭنامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرىنىڭ داۋامى» | | |
| جېنگۇەنىڭ توققۇزىنچى يىلى(مىلادى 635 - يىلى) | «توقۇزىنچى يىلى ........ 4 - ئايدا سىرتاردۇشلار ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتكەن ...... | | |
| | 9 - ئايدا سىرتاردۇشلارنىڭ ئەلچىلىرى ئوردىغا كېلىپ يەرلىك | | |

(داۋامى)

| | | |
|---|---|---|
| | مەھسۇلاتلىرىنى تەقدىم قىلغان» («كىتابلار جەۋھىرى» 970 - جىلد) | |
| جېنگۈەنىنىڭ 10 - يىلى (مىلادى 636 - يىلى) | «ئۈچىنچى ئايدا سىرتاردۇشلار ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتكەن» («كىتابلار جەۋھىرى» 970 - جىلد) | |
| جېنگۈەنىنىڭ 11 - يىلى (مىلادى 637 - يىلى) | 11 - ئايدا سىرتاردۇشلار ۋەلىئەھد تاردۇشاد ئالىپ بىلگەنى ئوردىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن» («كىتابلار جەۋھىرى» 970 - جىلد) | ئىلاۋە: «دىيىگى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى»دا ئىلىك قاغان يوقىتىلدى ...... يەتتە يىلدا سىرتاردۇشلار ئوردىغا سەككىز قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن، تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنىڭ كۆچىيىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، |

| | | | |
|---|---|---|---|
| | | | ئاپەتنىلىڭ يىلتىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن يارلىق چۈشۈرۈپ ئۈنىلىڭ ئىككى ئوغلىنى كىچىك قاغان قىلىپ تەيىنلىگەن» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن كىلىك قاغان يوقىتىلىپ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 631 – يىلى) دىن ئۈنىلىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ قاغانلىققا تەيىنلەنگەنلىكىدىن بىنز يىل ؛ ئاۋۋال (مىلادى 637 – يىلى) سىرتارتۇشلار ئوردىغا جەمئىي سەككىز قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. يۇقىرىدىكى ھېسابلانغان سەككىز قېتىم بىلەن «يەتتە يىل ئىچىدە |

| | | |
|---|---|---|
| | | ئوردىغا سەككىز قېتىم<br>ئەلچى «ئەۋەتكەن»<br>دېگەن قاراش ماس<br>كېلىدۇ |
| جېنگۇەننىڭ<br>13 - يىلى<br>مىلادى<br>639 - يىلى) | 3 - ئايدا سىرتار-<br>دۇشلارنىڭ قاغانى<br>ئەلچى ئەۋەتىپ «كە-<br>مىنە قۇلىڭىز ياخشى-<br>لىققا جاۋاب قايتۇرۇش<br>يۈزىسىدىن قەبىلىلىرىمنى<br>سەپەرۋەرلىككە كەلتۈ-<br>رۈپ، قوچۇغا ھۇجۇم<br>قىلىشقا تۇرشاۋۇل بولۇپ<br>بېرىشنى تۆۋەنلىك<br>بىلەن سورايدۇ» دېگەن.<br>(«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا<br>پايدىلىق ئومۇمىي ئۆر-<br>نەكلەر» 195 - جىلد،<br>تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن<br>13 يىلدىكى ماد-<br>دىسى 9 - ئايدا | |

داۋامى

| | | |
|---|---|---|
| | سىرتاردۇشلار ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلغان | |
| جېنگۇەننىڭ 14 - يىلى (مىلادى 640 - يىلى) | «6 - ئايدا، سىرتاردۇشلار ئەلچى ئەۋەتىپ قۇددىلىششىنى تەلەپ قىلغان» («كونا تاڭنامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە») | |

يۇقىرىقى جەدۋەلنى ئومۇملاشتۇرغاندا، 13 يىل ئىچىدە سىرتاردۇشلار تاڭ سۇلالىسىگە 15 قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 13 قېتىم ئولپان تۆلىگەن، بىر قېتىم قوچۇغا جازا يۈرۈش قىلىشقا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە قۇددىلىششىنى تەلەپ قىلغان. ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنىڭ ۋەزىپىسىدىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىش ئاساسەن تاڭ سۇلالىسىگە بولغان يېقىندىلىق ھۆرمىتىنى ۋە تاڭ سۇلالىسىگە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

بۇ جەرياندا، يانۇن تاڭ تەيزۇڭ چۈشۈرگەن يارلىق ۋە تاڭ سۇلالىسى ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇستەسناسىز «يارلىقنى باش ئۇرۇپ ئەدەب بىلەن قوبۇل قىلىش» ۋە «ئەلچىلەرگە باش ئۇرۇپ رەھمەت ئېيتىش» تەك پوزىتسىيىنى قوللانغانىدى. قوچۇ پادىشاھى

چۇرۇيتتاي ياتۇنىنى مەسخىرە قىلىپ: «ئۆزۈڭنى قاغان دەپ تۇرۇپ، خاقانى چىن بىلەن دۈشمەنلىشىسەنمۇ، يەنە ئېمىشقا ئۇنىڭ ئەلچىسىگە باش ئۇرۇپ زەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتىسەن؟» («كونا تاڭنامە. قوچۇ تەزكىرىسى») دېگەنىدى. ياتۇن تاڭ تەيزۇڭنى ھۆرمەت قىلىپ، «ئالىيلىرى» دەپ ئاتاپ («كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ بىرىنچى قىسمى)، تاڭ تەيزۇڭنى «ئاتا» سىدەك كۆرەتتى. ئۆزىنى «تېكىن» («كىتابلار جەۋھىرى» 973 ـ جىلد) «ئەنىيان» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە، داۋامى») دەپ ئاتايتتى. تاڭ تەيزۇڭ بىلەن ياتۇننىڭ بۇنداق ھامىيلىق بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى ئادەتتىن تاشقىرى روشەن ئىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىرتاردۇشلار خانلىقى بىلەن ھامىيلىق ۋە بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشى ئەينى ۋاقىتتا ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئىدى. سىرتاردۇش خانلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ تاڭ سۇلالىسىگە بېقىندى بولغاندىن كېيىن، پەقەت تاڭ سۇلالىسىگە مۇئەييەن ساندا «يەرلىك مەھسۇلات»لارنىلا تاپشۇرغان، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭدىن بىرەر ئات، قوي ياكى ئەسكەر ئالمىغان، ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بىرەر سۇڭ يېرىنىمۇ بېسىۋالمىغان، بىراق بۇ ئارقىلىق قۇدرەتلىك تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىپ، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تىنچلىق ھەم بىرلىكىنى قوغداپ قالغان. بۇ شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ۋە جەمئىيىتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە شۈبھىسىزكى پايدىلىق ئىدى. تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنىشى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىلىرىنىڭ ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن ساقلىنىپ، تۈرك

خانلىقى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 80 يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىغا ئۇچرىغان ئېلىمىزنىڭ شىمالىي رايونلىرىنى ئارام ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بولغان پايدىسى ئىنتايىن روشەن ئىدى.

لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، سىرتاردۇش خانلىقى قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت ئىدى. تاڭ سۇلالىسى بولسا فېئوداللىق تۈزۈمدىكى دۆلەت بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسىسى بىردىن ئېكسپىلاتاتور سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا خەلققە نىسبەتەن سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزۈشتىن سىرت، ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوشنا مىللەت ۋە دۆلەتلەر ئىچىگە كېڭەيتىشكە كۈچىنىڭ بارىچە ئۇرۇناتتى. تاڭ سۇلالىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سىرتاردۇش خانلىقى ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىنىڭ قالاقلىقى سەۋەبىدىن، قوشنا مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ بايلىقى ۋە ئاھالىسىگە نىسبەتەن تېخىمۇ كۈچلۈك بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ھەۋىسى بار ئىدى. ھونلار دۆلىتىدىن تارتىپ شىمالدىكى كۆچمەن مىللەت دۆلەتلىرى قۇدرەت تاپقان ھامان دائىم قىلچە مۇستەسناسىز ھالدا جەنۇبتىكى خەنزۇلارنى ئاساسلىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئوبيېكتى قىلاتتى. ئەمما جەنۇبتىكى خەنزۇلار دۆلىتى بۇ خىل بۇلاڭ - تالاڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق رايونىنى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كېڭەيتىش ئۈچۈنمۇ دائىم پۈتۈن كۈچى بىلەن شىمالدىكى كۆچمەن مىللەت دۆلەتلىرى بىلەن كۈرەش ئېلىپ باراتتى. بۇ تارىختا قايتا - قايتا تەكرارلىنىدىغان قانۇنىيەتلىك ھادىسىگە ئايلانغانىدى. شۇڭا تاڭ سۇلالىسى سىرتاردۇشلار خانلىقى

بىلەن ھامىي ۋە بېقىندى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ئورناتقان، بۇ مەزگىلدە ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنى كونترول قىلىش ۋە ئۆزى تەرەپنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بارغانىدى.

كۈرەشنىڭ تۈگۈنىنىڭ بىرى، شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىنكى تۈركلەرنىڭ قالدۇق قوۋمىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى. ئېلىك قاغان مەغلۇپ بولۇپ يوقىتىلغاندىن كېيىن «ئۇنىڭ قەبىلىسىنىڭ بەزىلىرى سىرتاردۇشلارغا تەۋە بولغان، بەزىلىرى غەربىي يۇرتقا كەتكەن، بىراق، تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغانلىرى كۆپ ئىدى» («قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر بىرىنچى قىسمى»). «سىرتاردۇشلارغا تەۋە بولغان» تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سىرتاردۇشلار خانلىقى قوللىرىغا ئايلاندۇرۇلغان بولسا كېرەك. «غەربىي يۇرتقا كەتكەن» تۈرك قەبىلىلىرى ئاساسەن ئىككى تارماق ئىدى. «يۇقۇقشاد باشچىلىقىدىكى بىر تارمىقى قوچۇغا قېچىپ بارغان» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 193 - جىلد جېنگۇەننىڭ تۆتىنچى يىلى)؛ تۇتۇقشاد باشچىلىقىدىكى يەنە بىر تارمىقى «قاغانبۇت شەھىرىگە پاناھ تارتىپ كەتكەن» («كونا تاڭنامە. ئاشىناشىرنىڭ تەرجىمھالى»). كېيىنچە بۇ ئىككى تارماقتىكى تۈركلەرنىڭ ھەممىسى ئايلىنىپ كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى. شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، تۈركلەرنىڭ كۆپچىلىكى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان تۈركلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 100 مىڭ نوپۇستىن ئاشاتتى. بۇ 100 مىڭدىن ئارتۇق تۈرك ئاھالىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ سىرتاردۇش خانلىقىدىكى قولدارلار ئەلۋەتتە بۇ تۈركلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشنى

ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا بۇ پۈتۈنلەي خام خىيال ئىدى، چۈنكى قۇدرەتلىك تاڭ سۇلالىسى ھەرگىزمۇ بۇ 100 مىڭدىن ئارتۇق تۈركلەرنى قوش قوللاپ سىرتاردۇشلار خانلىقىغا ئۆتۈنۈپ بېرىش ئارقىلىق سىرتاردۇشلار خانلىقىنىڭ كۈچىنى كۆپەيتىپ قويۇشنى خالىمايتتى. يانۇن بۇ تەرەپنى كۆرۈپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، تاڭ تەيزۇڭغا مەكتۇپ يوللاپ «تۈركلەر ھەدەپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماقتا، ئۇلار مۇنقەرز بولمىغان مەزگىلدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنى خۇددى كەندىرنى ئورغاندەك قىرغان، ئالىيلىرى ئۇلارنىڭ ئېلىنى مۇنقەرز قىلدىلا، بارلىق ئۇرۇق قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاڭ سۇلالىسىدىكىلەرگە قۇل - دېدەك قىلىپ ھەدىيە قىلىپ بەرگەيلا» دېگەنىدى («يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ بىرىنچى قىسمى).
ئۇنىڭ نىيىتى ناھايىتى ئېنىق ئىدى: ئۇ تۈركلەرنى سىرتاردۇشلارنىڭ قوللىرىغا ئايلاندۇرۇۋالالمىغانلىقتىن، تاڭ تەيزۇڭغا نەسىھەت قىلىپ، تۈركلەرنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كىشىلىرىگە قۇل قىلىش ئۈچۈن ئىنئام قىلدۇرۇشتەك بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق تۈركلەرنىڭ «ئۇرۇق-قەبىلىلىرىنى» يوق قىلىش ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈرك قەبىلىسىنىڭ ئاھالىسىنى جەنۇبتىكى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش، شۇنداقلا بۇ تۈركلەرنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ئارام ئېلىپ كۆپىيىش ۋە قۇدرەت تېپىشى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلاردىن پايدىلىنىپ كېتىشى ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئەل بولغان تۈركلەرنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا بەس - مۇنازىرە بولغانىدى. كۆپچىلىك ۋەزىرلەر ئۇلارنى چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈپ «ھەرقايسى ئايماق - ناھىيىلەرگە چېچىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، ھەرقايسىسىنى ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق

قىلغىلى قويۇپ ئاددىي خەلققە ئايلاندۇرۇش» لى تەشەببۇس
قىلغانىدى. يانداش ئىشكىشىغا يەن شىكۇ «خىبېيغا كەتكۈ-
زۈش» (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئۇگە دەرياسىنىڭ
شىمالى. چوللۈكىنىڭ جەنۇبى، سەددىچىنىڭ سىرتىدىكى
جايلارنى كۆرسىتىدۇ) كېرەك، دېسە ئىشكىشىغا ۋېن يەنبۇ: «ئۇلار-
نى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئولتۇراقلاشتۇرۇشلىرىنى
سورايمەن. خوددى خەن سۇلالىسىنىڭ جىيەنۇ يىللىرىدا
تەسلىم بولغان ھونلارنى ۋۇيۇەن ئايمىقىدىكى سېپىل ئەت-
راپىغا ئورۇنلاشتۇرغاندەك، ئۇلارنىڭ بارلىق قەبىلىلىرىدىن
قورغان سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلى-
رىنى ئۆزگەرتمەي ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇش كېرەك. بۇنداق
قىلغاندا بىر تەرەپتىن بوش قالغان ئورۇنلارنى تولۇقلىغىلى،
يەنە بىر تەرەپتىن يامان نىيەتنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.
بۇ ئۇلارنى باشقۇرۇشنىڭ توغرا يولىدۇر.» دېگەنىدى. تاڭ تەيزۇڭ
كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن سىرتاردۇشلار
خانلىقىنىڭ ئىركىشىش ۋەزىيىتى پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئالدىن
مۆلچەرلەپ، تۈركلەرنىڭ تەسلىم بولغان قەبىلىلىرىنىڭ ئاھا-
لىلىرىنى كۈچى زۆرۈر بولغان ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ
شىمالىدىكى رايونلىرى ئۈچۈن توسۇق قىلماقچى بولدى.
بىراق يەنە تۈركلەرنىڭ تەسلىم بولغان ئاھالىلەرنىڭ
كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئويلاپ، ئۇلارنى چوللۈكىنىڭ جەنۇبىدى-
كى سېپىل سىرتىغا ئورۇنلاشتۇرغاندا. سىرتاردۇشلارنىڭ
ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قوشۇۋېلىشىدىن قورقۇپ، ۋېن يەنبۇ-
نىڭ تەدبىرىنى قوللىنىپ، تۈركلەرنىڭ تەسلىم بولغان
قەبىلىلىرىنى سەددىچىنىڭ ئىچىگە، خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىغا
ئورۇنلاشتۇردى («جىڭگۈەن يىللىرىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەر»
9 ـ جىلد). ئەينى ۋاقىتتا سىرتاردۇش خانلىقى تاڭ سۇلا-
لىسىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئاجىز بولغانلىقتىن، تۈركلەر-

نىڭ مۇقان قاغانى غەربىي ۋېي سۇلالىسىگە تەھدىت سېلىپ، جۇرجانلارنىڭ تەسلىم بولغان قەبىلىلىرىنى ئۆلتۈرگۈزگەنگە ئوخشاش (41)، تاڭ سۇلالىسىگە تەھدىت سالالمايتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلارغا قارشى يولغا قويغان تۈركلەرنىڭ تەسلىم بولغان قەبىلىلىرىنى خېنەن دېگەن جايغا ئورۇنلاشتۇرۇشتەك ئۇسۇلى گەرچە ناھايىتى قەبىھ بولسىمۇ، بىراق شۇنداق قىلمايمۇ باشقا ئامالمۇ يوق ئىدى.

كۈرەشنىڭ يەنە بىر تۈگۈنى تاڭ سۇلالىسى بىلەن سىرتاردۇشلار خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان كونتروللۇق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى ئىدى. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قۇدرەتلىك كۆچمەنلەر دۆلىتىگە ئايلىنىش شۇنداقلا جەنۇبقا بېسىپ كىرىپ تاڭ سۇلالىسى بىلەن كۈچ سىنىشىش ئۈچۈن، چوقۇم تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بايلىق ۋە ئاھالىلەرنى تارتىۋېلىپ ئۆز قولىغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، يىپەك يولىنى كونترول قىلىش. تاڭ سۇلالىسى تەسىر كۈچىنىڭ غەربكە قاراپ راۋاجلىنىشىنى توسۇش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. تاڭ سۇلالىسى خەنۋۇدىنىڭ ھونلارنىڭ ئوڭ قولىنى ئۈزۈۋېتىپ تاشلاش ئارقىلىق ھونلارنى بويسۇندۇرغانلىق ۋەقەسىدىن تەجرىبە - ساۋاق ئېلىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈنسېرى قۇدرەت تېپىپ گۈللىنىۋاتقان سىرتاردۇشلار خانلىقىنى بويسۇندۇرۇشى، ھەتتا يوقىتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى غەربىي يۇرتقا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن تىيانشاننىڭ غەربىي ۋە شىمالىغا بولغان كونتروللۇق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش كېرەك دەپ قارايتتى. مىلادى 632 - يىلى (جېنگۇەننىڭ ئالتىنچى يىلى) سىرتاردۇشلار غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئىس يابغۇ قاغاننىڭ قوشۇنلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن، تەسىر كۈچىنى غەربتە ھازىرقى شىنجاڭدىكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا كېڭەيتتى. تەخمىنەن مۇشۇ مەزگىل ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىن، يەنى

ھازىرقى ئېرتىش - خۆرۆنگېر دەرياسى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان قارلۇق قەبىلىسىنى تارمار قىلىپ، ھازىرقى يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغىز قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇردى. مىلادى 634 - يىلى (جېنگۇەننىڭ سەككىزىنچى يىلى) يەنە قاغانبۇت شەھىرىنى ئىگىلەپ تۇرغان غەربىي تۈركلەرنىڭ «دۆلىتىنىڭ يېرىم» زېمىنىنى ئىگىلەپ تۇرغان، تۈرك خانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچى بولغان ئاشىناشىر قەبىلىسىنىڭ 50 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى تارمار قىلدى. ئاشىناشىر قالدۇق ئادەملىرىنى باشلاپ «قوچۇغا قېچىپ كەتتى» («يېڭى تاڭنامە. ئاشىناشىرنىڭ تەرجىمىھالى»). كېيىنكى يىلى (مىلادى 635 - يىل) تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم زېمىننىڭ ھەممىسى سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا ئۆتتى. تاڭ سۇلالىسى تەرەپتە (جېنگۇەننىڭ تۆتىنچى يىلى)، تاڭ سۇلالىسى لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇقبېگى لى دالياڭنى غەربىي شىمالدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ سىلاۋچىسى قىلىپ تەيىنلەپ، ئېۋىرغول رايونىدىكى تۈركلەرنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنى تەسلىم قىلدۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئېۋىرغول شەھىرىنىڭ بېگى يەتتە شەھەرنىڭ بېگىنى باشلاپ بەيئەت قىلدى. ئېۋىرغول شەھىرىنىڭ بېگى ئوردىغا سالامغا باردى. تاڭ سۇلالىسى بۇ جايدا غەربىي ئېۋىرغول ئايمىقى (كېيىنچە ئېۋىرغول ئايمىقى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) نى تەسىس قىلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى غەربىي يۇرتقا كىرىشكە باشلىدى. بىراق بۇ ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچىنى غەربىي يۇرتقا تەرەققىي قىلدۇرۇش نىيىتى يوقتەك قىلاتتى. مەسىلەن، ئېۋىرغول شەھىرىنىڭ بېگى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا، لى دالياڭ تاڭ تەيزۇڭغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئېۋىرغول رايونلىرىدىكى تۈرك قەبىلىلىرى بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، بۇ پۈتۈنلەي

«بىھۇدە ئاۋارە بولغانلىق بولۇپ، ھېچقانداق پايدىسى يوق» دەپ قارىغان. ئۇ يەنە «ئېھۇرغول گەرچە بويسۇنغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ چوڭ ئەل بولۇپ، ئادەملىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارغا ئوخشىمايدۇ. بۇ ئەلنىڭ يەرلىرىنىڭ كۆپى شورلۇق» دەپ ئوردىغا: «ئۇلارنىڭ بېقىندىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى سېپىلنىڭ سىرتىغا مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش» يەنى ئۇلارغا ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىشنى تەكلىپ قىلىدى. تارىخلاردا تاڭ تەيزۇڭنىڭ «ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان» لىقى («كونا تاڭنامە. لى دالياڭنىڭ تەرجىمھالى») دا خاتىرىلەنگەن. (62) مەسىلەن، يەنە شۇ يىلى 12 - ئايدا قوچۇ خانلىقىنىڭ پادىشاھى چۇرۋىنتاي ئوردىغا سالامغا باردى. غەربىي يۇرتتىكى ئاساسلىق دۆلەتلەرمۇ چۇرۋىنتاينىڭ بەيئەت قىلىشى تۈپەيلىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوردىغا سالامغا كەلدى. ۋەزىر ۋېيجېڭ تەكلىپ بېرىپ «بۇرۇن گۇاڭۋۇدى ھەزرەتلىرى غەربىي يۇرتتىكىلەرنىڭ ئوغۇللىرىنى مەھرەملىككە ئەۋەتىش، قورۇقچىبەگ تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى ماقۇل كۆرمەي، ياتلار ئۈچۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئاۋارە قىلىش ھاجەتسىز دەپ قارىغانىدى. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، جاھان ئەمدىلا تىنچىدى. ئىلگىرى چۇرۋىنتايمۇ بىزنى خېلىلا ئاۋارە قىلدى. ئەمدىلىككە كەلگەندە، ئون نەچچە ئەلنىڭ ئەلچىلىرى ئولپان تەقدىم قىلغىلى كەپتۇ. ئۇلار بىلەن بىرگە كەلگەنلەر 1000 دىن ئاز ئەمەسكەن. ئۇلارنى مېھمان سۈپىتىدە كۈتكەندە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۈچۈن پايدىسىزدۇر» دېگەنىدى. تارىخلاردا تاڭ تەيزۇڭنىڭ «بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇلارنى توسقان» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 193 - جىلد تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن تۆتىنچى يىلى) لىقى خاتىرىلەنگەندى. مىلادى 631 - يىلى (جېنگۇەننىڭ بەشىنچى

يىلى) سوغدىيانا بەگلىكى بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا،
تاڭ تەيزۇڭ «يۇقىرالارنى ئاۋارە قىلىپ، قۇرۇق نامغا ئېرىشىش»
نى خالىمايمەن دېگەننى باھانە قىلىپ، سوغدىيانانىڭ بەيئەت
قىلىشىنى قوبۇل قىلمىدى. تەخمىنەن 632 - يىلى سىرتاردۇش-
لارنىڭ غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىس يابغۇ قاغانىنى مەغلۇپ
قىلغاندىن كېيىن، تيانشاننىڭ شىمالىغا قاراپ تەرەققىي
قىلىشى تاڭ سۇلالىسىنى چۆچۈتۈۋەتكەنىدى. دەل مۇشۇ يىلى
تاڭ سۇلالىسى غەربىي ئېۋىرغول ئايمىقىنى ئېۋىرغول ئايمىقى
دەپ ئۆزگەرتىپ، غەربىي يۇرتقا بولغان سەل قاراش پوزىت-
سىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. مىلادى 634 - يىلى يەنى
سىرتاردۇشلار پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئاشىناشىر بىلەن كەسكىن
جەڭ قىلىپ ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن
ھالدا جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا كىرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە، تاڭ سۇ-
لالىسىمۇ زور قوشۇن يۆتكەپ تۇيغۇنلارغا قارشى ئۇرۇش
قوزغىدى. تاڭ سۇلالىسى تەيىنلىگەن، جازا ئۇرۇشىغا قاتنىش-
قان سانغۇنلار ئىچىدە، پىشامشاننى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ
لوپنۇر ۋە چاقىلىق رايونى بولۇپ، شىمالدا تاڭ سۇلالىسى-
نىڭ غەربىي ئېۋىرغول ئايمىقى بىلەن چېگرىلىناتتى) ھەربىي
يۈرۈش نىشانى قىلغان، پىشامشان يولى ھەربىي يۈرۈش
قوشۇنىنىڭ باشبۇغى لى داۋزۇڭ، چەرچەننى (ھازىرقى
شىنجاڭنىڭ چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئەتراپى، شەرقىي شىمال
پىشامشان بىلەن چېگرىلىنىدۇ) ھەربىي يۈرۈش نىشانى قىلغان،
چەرچەن ھەربىي يۈرۈش قوشۇنىنىڭ باشبۇغى لى دالىياڭلار
بار ئىدى. بۇنىڭدىن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ مەقسىتىنىڭ
بىرىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە بولغان كونترول-
لۇق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؛
تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ناھايىتى تېزدىنلا تۇيغۇنلارنىڭ
قارشىلىقىنى يوقىتىپ، چىڭخەي رايونىنى ئىشغال قىلدى.

لى دالنىيا ئىمۇ «ئېچەرچەننىڭ غەربىي چېگرىنىشىغىچە يېتىپ بېرىپ» («كونا تاڭنامە. تۇيغۇنلار ھەققىدە قىسسە») ئالدىن پىلانلىغان ھەربىي يۈرۈش مەقسىتىگە يەتتى. سىرتاردۇش خانلىقى تىيانشان تېغىنىڭ شىمالىدىكى چوڭ بىر پارچە زېمىنىنى كونترول قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاڭ سۇلالىسىمۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي - شەرقىي قىسىم رايونىنى كونترول قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن سىرتاردۇشلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى ئارىسىدا قاپسىلىپ قالغان، شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇھىم قاتناش يولىغا تەھدىت سېلىپ تۇرغان قوچۇ خانلىقىمۇ بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ دىققەت قىلىدىغان ۋە تالىشىدىغان مەركىزىگە ئايلاندى.

ميلادى 638 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 12 - يىلى) سىرتاردۇشلارنىڭ قاغانى يانۇن ئۆز دۆلىتىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى قىسىم دەپ ئايرىلغان كونا رايون ئايرىمىسىنى رەسمىي ھالدا بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شەرق ۋە غەرب دەپ ئايرىلىدىغان رايون ئايرىمىسىنى دەسسەتتى. بۇخىل يېڭى رايون ئايرىمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا خەلق بىلەن ھەربىي كۈچ غەربكە كۆپ، شەرقتە ئاز ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى: يانۇن ئىنىسى بايچۇرنى ئىس يابغۇ قاغان قىلىپ تەيىنلەپ غەربىي قىسىمدا تۇرغۇزۇپ، «پۇتۇنلەي تاردۇشلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى»، ئۇنىڭ قەبىلىلىرى كۆپ ئىدى. ئۇ بەنەيىنشەسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى شامانىنى تولىشاد قاغان قىلىپ، شەرقتە تۇرغۇزدى. ئۇ «ئاردىلاشما ئورۇقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى»، ئۇنىڭ «قەبىلىلىرى ئاز ئىدى» («تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. سىرتاردۇشلار»). يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ مەمۇرىي رايون ئايرىمىسىدىكى بۇ ئۆزگىرىش، ئاساسلىقى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى تاڭ سۇلالىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. بۇ يەردە تولۇقلاپ ئۆتۈش

كېرەككى، بۇ خىل غەربكە كۆپ، شەرققە ئاز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنى تالىشىش، بولۇپمۇ قوچۇنى تالىشىشتەك جىددىي ۋەزىيەت بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىدا شەك يوق ئىدى.

قوچۇ خانلىقى ئەسلىدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ناھايىتى ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ۋۇدېنىڭ ئىككىنچى ۋە يەتتىنچى يىللىرى، جېنگۇەنىڭ تۇنجى يىللىرىدا تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئولپان تەقدىم قىلغانىدى. جېنگۇەنىڭ تۆتىنچى يىلى، قوچۇ پادىشاھى چۈرۋېنتاي ئوردىغا كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا زور ئىنئاملارنى بەردى. لېكىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىغا كىرىشىگە ئەگىشىپ قوچۇ خانلىقىنىڭ جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ سودىسىنى تەنھا باشقۇرىدىغان ۋەزىيەت بۇزۇلۇشقا باشلىدى. قوچۇ پادىشاھى بۇنىڭغا كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلاپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىۋىرغول شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى. تاڭ تەيزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇنى ئەيىبلىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋەزىرى ئاشىنا كۆلگە جازا يۈرۈش قىلدى، قوچۇ پادىشاھى يەنىلا نېيىتىدىن يانمىدى. كىنگىت بېگى تۈركىش تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشى ئاستىدا كىنگىتتىن چىقىپ چۆللۈكنى بېسىپ ئۆتۈپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغىچە بارىدىغان سودا يولىنى ئاچتى. قوچۇ پادىشاھى بۇنىڭغىمۇ ئۆچمەنلىك قىلىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىل بىلگە شادى بىلەن بىرلىشىپ، كىنگىتتىكى ئۈچ قەلئەنى ئىشغال قىلدى، شۇنداقلا تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئولپان تۆلەش مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىدى؛ غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. مىلادى 638 - يىلى، چۈرۋېنتاي سىرتاردۇشلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ھەدەپ سىرتاردۇش-

لار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قۇسۇر چىقىرىپ يانۇننى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلكىدىن قۇتۇلۇشقا قۇتراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «خەندەكلەرنى چوڭقۇر كولاپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ» تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلاندى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، سىرتاردۇشلار يامان غەرەز بىلەن «تاڭ سۇلالىسى ئۇچۇن ئۆز ئېلىنىڭ بارلىق قەبىلە ۋە ئەسكەرلىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، تۇرشاۋۇل بولۇپ بېرىپ» قوچۇنى جازالاش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋەزىيەت يەنىلا مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىدىغان بولسا، قوچۇ خانلىقى سىرتاردۇشلار تەرەپكە ئېغىپ كېتىشى ياكى يېقىن تۇرغان سىرتاردۇشلار قوشۇنى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. قوچۇنىڭ كۈنسېرى يامانلىشىۋاتقان ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن، تاڭ سۇلالىسى بىر تەرەپتىن ئاكتىپ ھالدا ئۇرۇش ھازىرلىقىنى قىلىپ، ئىدىقۇتقا يۈرۈش تەييارلىقىنى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرك ئاقسۆڭەكلىكى كورشادنىڭ باشچىلىقىدىكى توپىلاڭنى باھانە قىلىپ، جېنگۇەننىڭ 13 - يىلى (مىلادى 639 - يىلى) كۈزدە خېنەن رايونىدىكى 100 مىڭدىن ئارتۇق تۈركلەرنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك خېبېيغا قايتۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، «ئۇلارنى ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىش»، بۇرۇنقى ئورنىنى قايتۇرۇۋېلىش («كىتابلار جەۋھىرى» 964 - جىلد)، ئۇدۇل تەرەپتىن سىرتاردۇشلار خانلىقىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ۋە تەھدىت سېلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى دىققىتىنى غەربكە بۇرۇيالمايدىغان قىلىپ قويماقچى بولدى.[44] تاڭ تەيزۇڭ سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ بۇنىڭدىن ئازراقمۇ گۇمانلانماسلىقى ئۈچۈن، تۈرك ئاقسۆڭەكلىكى ئاشناسىرنى (كېيىنچە لى فامىلىسىمۇ ئىنئام قىلىنىپ، لى سىمۇ دەپ ئاتالغان) تۈركلەرنىڭ تەسلىم بولغان قەبىلىلىرىنىڭ قاغانى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا «ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە چېگرىدا

تۇرۇش»، «ئۇزۇن مۇددەت چېگرىنى ساقلاش» توغرىسىدا
يارلىق چۈشۈردى. تاڭ تەيزۇڭ يەنە يانۇنغا يارلىق چۈشۈ-
رۈپ: «كۆزنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، تۈركلەر دەريادىن
ئۆتۈپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالىدۇ،
سىلەر چۆللۈكنىڭ شىمالىدا، تۈركلەر چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ماكان-
لىشىدۇ. ھەرقايسىڭلار ئۆز چېگراڭلارنى ساقلاڭلار، كىمدە-
كىم چېگرىدىن ئۆتۈپ ئۆزئارا بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشسا،
ئېغىر-ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ. بۇنىڭ
ساڭىلا پايدىسى بولۇپلا قالماستىن، ئەۋلادلى-
رىڭمۇ بىر ئۆمۈر شاد-خۇرام ياشايدۇ» («قانۇنلار قامۇسى،
تۈركلەر ھەققىدە قىسسەنىڭ بىرىنچىسى») دېدى. ئەمەلىيەتتە تاڭ
سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 13-يىلى كۈزدە تۈركلەرنى چۆللۈك-
نىڭ جەنۇبىدىكى سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى يەرلەرگە كۆچۈرۈش
توغرىسىدا ھېچقانداق ئەمەلىي تەدبىر قوللانمىدى. تۈركلەرنى
سەددىچىننىڭ سىرتىغا كۆچۈرۈش تاكى ئىككى يىل ئۆتكەندىن
كېيىن، يەنى جېنگۇەننىڭ 15-يىلى (مىلادى 641-يىلى)
غا كەلگەندە، ئاندىن ئەمەلىيلەشتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇقىرى-
قىدەك ئۇسۇللىرى پۈتۈنلەي قۇرۇق ھەيۋە قىلىش ئىدى.
بىراق تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركلەرنى سەددىچىننىڭ سىرتىغا
كۆچۈرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر راستىنلا سىر-
تاردۇشلار خانلىقىغا تەھدىت سېلىش رولىنى ئوينىدى. تارىخ-
لاردا خاتىرىلىنىشىچە، يانۇن قاغان ئاشناسىرنىڭ قە-
بىلىسىنى سېپىلنىڭ سىرتىغا يۆتكىگەنلىكىنى ئاڭلاپ «قەلبىدە
ئاشناسىرغا ئۆچمەنلىك ساقلاپ، كېيىن ئىنتايىن چاغ بولۇپ»
(«كونا تاڭنامە. تۈرالار ھەققىدە قىسسە»)، زور قوشۇن يۆتكەپ
شىمالدا ئەسكەر بىلەن كۈتۈپ تۇرۇش («يېڭى تاڭنامە.
تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»)غا مەجبۇر بولۇپ، شۇ ئارقىلىق تۈرك-
لەرنىڭ «چۆللۈكتىن ئۆتۈپ» چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئۆزىنى

ئاغدۇرۇۋېتىشىدىن (يەنى شىمالغا بېسىپ كىرىپ، سىرتاردۇشلار خانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىش) مۇداپىئەلەنگەندى. سىرتاردۇش خانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشتى. تاڭ سۇلالىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شۇ يىلى 12 - ئايدا، مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىنىڭ دىۋان بېگى خوجۇننى زور قوشۇن توپلاپ، ئۇنى باشلاپ ئىدىقۇتقا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئىككىنچى يىلى (جېنگۇەننىڭ 14 - يىلى مىلادىي 640 - يىلى) 8 - ئايدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى قوچۇ خانلىقىنىڭ پايتەختى يارغۇل شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، پادىشاھ چۈرجىچىگىنى (بۇ ۋاقىتتا چۈرۈۋېتتاي ئۆلگەنىدى) ئەسىرگە ئېلىپ، قوچۇ خانلىقىنى مۇنقەرز قىلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تېيانشان تېغىنى ھالقىپ ئۆتۈپ، قاغانبۇت شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. تاڭ سۇلالىسى قوچۇ خانلىقىنىڭ زېمىنىدا شىجۇ ئايمىقىنى، قاغانبۇت شەھىرىدە بېشبالىق ئايمىقىنى تەسىس قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى شىجۇ ئايمىقىنى بازا قىلىپ، يەنە غەربىي تۈركلەر بىلەن بىر قېتىم ئېلىشىپ، كېنگىت، كۇسەن قاتارلىق جايلارنى تارتىۋېلىپ شۇ ئارقىلىق غەربىي يۇرتقا بولغان كونتروللۇق ھوقۇقىنى تالىشىش كۆرىشىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى، ھالبۇكى سىرتاردۇشلارنىڭ غەربكە قاراپ تەرەققىي قىلىش يولى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئۈزۈۋېتىلگەنىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا تاڭ سۇلالىسى يەنە كۈچىنىڭ بارچە ھەر خىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ سىرتاردۇشلار خانلىقىنى ئىچكى جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇردى. شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولۇشتىن ئىلگىرى، تاڭ سۇلالىسى سىرتاردۇشلار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىرلىكنى قوللىغانىدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت تۇرا قەبىلىلىرىنى سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، شىمال تەرەپتىن تاڭ

سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ ئىلىك قاغانغا قىستاپ ھۇجۇم قىلىش ئىدى. شەرقىي تۈرك خانلىقى يوقىتىلىپ، سىرتاردۇشلار چۆللۈكنىڭ شىمالىنى تەنھا ئىگىلىگەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى دەرھال بۇ خىل ئاستىرتىن قوللاش پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: جېنگۇەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۈركلەرنىڭ ئىلىك قاتارلىق قاغانلىرىنى تۇتۇپ ھەم تەسلىم قىلدۇرغاندىن كېيىن، شىمالدىكى ئۇيغۇر، بوسات (ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ بۇ يەردە ئۇيغۇر قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ) بىلەن سىرتاردۇشلار قۇدرەت تاپتى. تاڭ تەيزۇڭ شىمالىي تۈركلەر (ئەسلىدىكى شەرقىي تۈركلەر) دىن باھادۇر (54)نى قاغان قىلىپ، ئۇيغۇر، بارغۇت، تونگرا، ئىزگىل، ئاتىبىز قاتارلىق قەبىلىلەرنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى دېيىلگەن. بۇ ۋەقە باشقا كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن. بىراق سىرتاردۇشلار خانلىقىنى پارچىلاش تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان مۇھىم بىر مەقسىتى بولغاچقا، ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق ئىش بولغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئېھتىمال تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قايتا ئۇچراشنى خالىمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك. مىلادى 638 - يىلى تاڭ سۇلالىسى يانۇننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تولشاد بىلەن ئىس يابغۇ بايچۇرنى قاغانلىققا تەيىنلىدى، يانۇننىڭ مەقسىتى يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان كۈرەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىدى. ئەمما تاڭ سۇلالىسى بىلەن سىرتاردۇش خانلىقىنى ئاجىزلىتىشنىڭ چوڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قارىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن يانۇننىڭ تەلىپىنى تېزلىك بىلەن تەستىقلىدى. «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: «تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنىڭ قۇدرەت تېپىپ، كېيىنچە بالايىئاپەت بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، 12 - يىلى، ئەلچى ئەۋەتىپ ئەدەب - يوسۇن بويىچە

ئۇ ئىككى ئادەمگە (يەنى تاردۇش بىلەن بايىچۇر) كىچىك قاغانلىق نامىنى بەردى. بۇ كۆرۈنۈشتە ناھايىتى زور ئىلتىپات بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنى پارچىلاشنى مەقسەت قىلاتتى» دېيىلگەن. شۇ يىلدىكى يانۇننىڭ ئوغلى ئىلىك بىلگە ئۇتۇغات بېرىشمۇ دەل مۇشۇ مەقسەتنى چىقىش قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

سىرتاردۇشلار خانلىقىمۇ بارلىق چارە - تەدبىرلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشى، ئاساسلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان تۇرا قەبىلىلىرى ئىچىدە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەسلىدە شەرقىي تۈرك خانلىقى يىمىرىلگەن ۋاقىتتا، ئىلىك قاغان تەرىپىدىن تەھدىت بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ بارغان تۇرا ئاھالىسى ئىچىدە خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىزگىللارنىڭ 40 مىڭ ئاھالىسى بار بولۇپ، قوشۇرلارنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئىلىك قاغان مەغلۇپ بولۇپ تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى. تاڭ سۇلالىسى ئىزگىللارنىڭ 40 مىڭ ئاھالىسىنى سېنجو ئايىمىقىنىڭ شيۇرو ناھىيىسى چېگرىسى (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىنشەن ناھىيىسى)دا ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، ئۇلار ئۈچۈن خۇەيخۇا ناھىيىسىنى تەسىس قىلىپ، شۇنخۇا ئايىمىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بەردى. قوشۇر قەبىلىسىنى لىڭجۇ ئايىمىقىغا ئورۇنلاشتۇردى. جېنگۇەننىڭ بەشىنچى يىلى (مىلادى 637 - يىلى) 4 - ئايدا، لىڭجۇ ئايىمىقىدىكى قوشۇر قەبىلىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتقاندا، تاڭ سۇلالىسى رېنچىڭ قەلئەسىنىڭ بېگى لى داۋزۇڭنى «ئۇلارنى قوغلاپ تارمار قىلىش» («ئەلنى باشقۇرۇشقا دائىر پايدىلىق ئۆرنەكلەر» 193 - جىلد جېنگۇەننىڭ بەشىنچى يىلى) قا ئەۋەتتى. قوشۇر قەبىلىسىنىڭ

ئىسيان كۆتۈرۈشى توغرىسىدا تارىخلاردا گەرچە ئېنىق خاتىرىلەر يوق بولسىمۇ، ئەمما سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ يۆلگۈنچىلىك سىيلىش ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. (؟؟) قوشۇر قەبىلىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن شيۈرۈڭ ناھىيىسىدىكى ئىزگىل قەبىلىسى توغرىسىدا «كونا تاڭنامە. جاڭ جيەنىنىڭ تەرجىمىھالى» دا «بەيئەت قىلمىغانلارنىڭ بەزىلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇرۇق - تۇغقاندەك ئايرىم ئولتۇرۇشىدۇ، بىراق ئاستىرتىن بېرىش - كېلىش قىلاتتى» دېيىلگەن. يەنى «تۇغقان» دېگەن سۆز ئەينى ۋاقىتتا ئىلىك قاغان تەرىپىدىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈۋېتىشكە ئۇلگۇرمىگەن ئىزگىل قەبىلىلىرى (چۆللۈكنىڭ شىمالىدىمۇ ئىزگىل قەبىلىلىرى بار ئىدى) ۋە ئىزگىل قەبىلىلىرى بىلەن قۇدىلىشىش مۇناسىۋىتى بار باشقا تۇرالارنى كۆرسىتىدۇ. سىرتاردۇش خانلىقى بەلكىم تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ خۇەيخۇا ناھىيىسىدىكى ئىزگىللارغا نىسبەتەن يۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. شىنجو ئايمىقى بىلەن شيۈرۈڭ ناھىيىسىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەھكىمىلىرى ئىزگىللارنىڭ «ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغان» لىقى توغرىسىدا كۆپ قېتىم مەكتۇپ سۇندى. تاڭ سۇلالىسىمۇ «ئەسكەر ئەۋەتىپ، قوغلاپ يوقىتىش» ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. كېيىن ئىزگىللار چېگرا ئىشلىرىغا پىششىق بولغان جاڭجيەن تەرىپىدىن نەسىھەت قىلىنىپ ئەمىن تاپقۇزۇلغاچقا، ئىسيان كۆتۈرمىدى. مىلادى 638 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئىزگىللارنى دەيجۇ ئايمىقىنىڭ ۋۇتەي ناھىيىسىگە يۆتكىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت، ۋۇتەي ناھىيىسىنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان تاغلار بىلەن قورشىلىپ تۇرغان تەبىئىي ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىزگىللارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىنى توسۇش ئىدى. بۇنىڭدىن

باشقا سىرتاردۇش خانلىقى يەنە جېنگۇەننىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادى 632 - يىلى) تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان چۇبە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى چۇبە قالى باشچىلىقىدىكى چۇبە قەبىلىسى ئىچىدە قۇتراتقۇلۇق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ باردى.(56)

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، تاڭ سۇلالىسى بىلەن سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ مىتروپولىيە بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ئورناتقان دەۋرىدە، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا بىر قەدەر قويۇق دوستلۇق مۇناسىۋىتى بارلىققا كەلگەنىدى. بۇ شۇ دەۋردىكى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدىكى ئاساسلىق ئېقىم ئىدى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىككى دۆلەت يەنە قارشى تەرەپنى چەكلەش ۋە ئاجىزلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىنتايىن كەسكىن كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى. گەرچە تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرنىڭ تەسلىم بولغان قەبىلىلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش بىلەن غەربىي يۇرتتا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما سىرتاردۇشلار خانلىقى بۇ مەزگىلدە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىس يابغۇ قاغانى بىلەن ئاشنا شىر قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ زېمىنىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىپ، ئاخىرى شىمالدىكى كەڭ زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلانغانىدى. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ كۆلىمى مۇرەككەپلىشىش ۋە ئۆتكۈرلىشىشى، ئۇرۇش ئامىللىرىنى كۆپەيتتى. ئاخىر مىلادى 641 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 15 - يىلى) ئۇرۇش پارتلىدى.

**(2) تاڭ سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقان مەزگىلدىكى سىرتاردۇش خانلىقى، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ يوقىلىشىدىكى سەۋەبلەر**

سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ كۆلىمى قۇدرەت تېپىشقا ئەگىشىپ، سىرتاردۇشلار قاغانى يانۇن باشچىلىقىدىكى تۇرا

قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بايلىق ۋە ئاھالىگە بولغان ئاچكۆز-لۈكى كۈچەيدى. جېنگۇەنىڭ 13 - يىلى (مىلادى 639 - يىلى) تاڭ تەيزۇڭ لى سىمىنغا تەسلىم بولغان تۈرك قەبىلە-لىرىنى باشلاپ سەددىچىندىن چىقىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەندىن تارتىپ، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ چوڭ قوشۇنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا «ئەسكە، تۈرغۈزۈپ» كەلدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچىنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا تۇتۇپ تۇرۇش بولسا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوچۇنى ئۇقۇشلۇق تارتىۋېلىشىنىڭ ئېھتىياجى ئىدى. بىراق سىرتاردۇشلارنىڭ زور قوشۇنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جاي-لارغا ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تاڭ سۇلالىسى تەھدىتكە ئۇچ-رىدى. بولۇپمۇ شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن تارتىپ، ئون نەچچە يىل بوش قالغان چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار ھەر ۋاقىت سىرتاردۇشلار تەرىپىدىن تارتىپ كېتى-لىشى مۇمكىن ئىدى. ھالبۇكى تاڭ سۇلالىسىمۇ سىرتاردۇش-لارنىڭ بۇ زېمىنغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول قويمايتتى. شۇڭا مىلادى 640 - يىلى (جېنگۇەنىڭ 14 - يىلى) 8 - ئايدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي پائالىيىتى قوچۇنىڭ تىنچىتىلىشى بىلەن غەلىبىلىك ئاياغلىشىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى يەنە دىققەت نەزەرىنى ئۆز زېمىنىغا تەھدىت سېلىۋاتقان شىمالىي چېگرىغا يۆتكىدى.

مىلادى 641 - يىلى (جېنگۇەنىڭ 15 - يىلى) بىرىنچى ئايدا، تاڭ سۇلالىسى لى سىمىنغا تۈرك قەبىلىلىرىنى باشلاپ دەريادىن ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. جېنگۇەنىڭ 13 - يى-لىدىنلا تاڭ تەيزۇڭ لى سىمىنغا ئىل بىلگە نىشۇئالىپ بىلگە قاغان دېگەن نامنى بېرىپ، ئاشنا سادىقنى يول قول بىلگە-خان، ئاشناشىرنى ئوڭ قول بىلگە خان قىلىپ تەيىنلەپ تۈركلەرنىڭ ئەل بولغان قەبىلىلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىنى

قوردى. بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن لى سىمۇ قاتارلىقلار يەنە خۇاڭخېنىڭ شىمالىدىكى دىڭشياڭ شەھىرىدە (هازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى هۆرۈنگىر خوشۇنىنىڭ شىمالى)دا ئوردا قوردى. لى سىمۇغا ئەگىشىپ دەريادىن ئۆتۈپ شىمالغا ماڭغان تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ «3000 تۈتۈن، 40 مىڭ ياراملىق ئەسكەرى، 90 مىڭ يىلقىسى» بار ئىدى. تاڭ تەيزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ «ئۇلارغا جەنۇبتا چىڭ دەرياغىچە، شىمالدا كۆكخوتقىچە بولغان زېمىننى ئىنئام قىلىپ بەردى» بۇزېمىن يەنى جەنۇبتىكى سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى رايونلار ئىدى. بۇ يەر چارۋىچىلىق قىلىشقا باب كېلىدىغان كەڭ كەتكەن يايلاق بولغاندىن سىرت يەنە دېھقانچىلىق قىلىشقا باب كېلەتتى. لى سىمۇنىڭ قەبىلىلىرى ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، تاڭ تەيزۇڭغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «ياۋايى دەپ ئايرىماي قەبىلە باشلىقى قىلغان ئىلتىپاتلىرىڭغا چەكسىز تەشەككۈر بىلدۈرمەن، مەن ھەم ئەۋلادلىرىمدىن تارتىپ دۆلەتلىرىڭگە مەڭگۈ سادىق بولىمىز. دۆلەتلىرىنىڭ بىر ئىتى بولۇپ شىمالىي دەرۋازىنى قوغدايمەن، ئاۋادا سىرتاردۇشلار ھۇجۇم قىلسا، ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىنى سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە كۆچۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىمەن» (يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى» 904 - جىلدىدىن كۆرۈڭ) دېگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ لى سىمۇغا دەريادىن ئۆتۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشى، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرىشىدىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە ئىكەنلىكى ناهايىتى ئېنىق ئىدى. سىرتاردۇشلاردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە تۈركلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسى سۇجۇ، شياجۇ، لىڭجۇ قاتارلىق چېگرىدىكى ئايماقلارغا زور قوشۇن ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

لى سىمۇنىڭ قەبىلىلىرىنى باشلاپ دەريادىن ئۆتۈشى
چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدىكى جىددىي ۋەزىيەت-
نى كۈچەيتىۋەتتى. سىرتاردۇشلارنىڭ قولدارلىرى خېلى
بۇرۇنلا تۈركلەرنىڭ ئاھالىسى ۋە بايلىقىغا كۆز تىكىۋاتقان
بولغاچقا تۈركلەرنىڭ سەددىچىنىنىڭ سىرتىغا چىقىشى ئۇلارنىڭ
تاقىتىنى تاق قىلىۋەتتى. تاڭ تەيزۇڭ يانۇنى ئەيىبلەپ،
«سەن ئۆزۈڭنى قۇدرەتلىك. تۈركلەرنى ئاجىز دەپ چاغلاپ،
ئۇلاردىن ئېغىر باج - سېلىق ئالدىڭ ھەمدە ئۇلارنىڭ
ئاقساقللىنى گۆرۈڭگە تۇتۇۋالدىڭ» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار
ھەققىدە قىسسەنىڭ داۋامى») دېگەن. «كىتابلار جەۋھىرىنىڭ
996 - جىلدىدا: «سەن تۈركلەرنىڭ قوي، ئاتلىرىنى ئېلىۋې-
لىپ، يەنە ئۇلارنىڭ ئاقساقللىنى مەھرەملىككە تۇتۇۋالدىڭ»
دەپ يېزىلغان. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى
سەددىچىنىڭ سىرتىغا چىققان نەچچە يۈز مىڭ تۈركلەرنى
تاڭ سۇلالىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ
قول ئاستىدىكى قەبىلىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى كۆرۈ-
ۋالغىلى بولىدۇ. بۇنى ئەلۋەتتە تۈركلەر خالىمايتتى، ئۇنىڭغا تاڭ
سۇلالىسىمۇ يول قويمايتتى. سىرتاردۇش خانلىقى ئاكتىپلىق
بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ، «دۆلەت ئىچىدە ھەربىي
مەشق ئېلىپ بېرىپ» قورال كۈچى ئارقىلىق مەقسىتىنى ئىشقا
ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ ياتتى.

تاڭ تەيزۇڭ شەرقىي تۈركلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن،
بەزى ۋەزىرلەر تاڭ تەيزۇڭغا مەكتۇپ سۇنۇپ، تەيشەن تېغىغا
چىقىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقا بېرىشقا ئۈندىدى. تاڭ سۇلا-
لىسى قوچۇنى تىنچىتقاندىن كېيىن، تاڭ تەيزۇڭنى دۇئا -
تىلاۋەت قىلىشقا ئۈندەيدىغان گەپ - سۆزلەر تېخىمۇ كۈچەي-
دى. جېنگۇەننىڭ 14 - يىلى 11 - ئايدا «ئەمەلدارلارنىڭ
ھەممىسى مەكتۇپ سۇنۇپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشنى تەلەپ

قىلدى»، تاڭ تەيزۇڭ بۇنىڭغا «قوشۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن» بولسىمۇ، بىراق «دۇئا ـ تىلاۋەت» ۋاقتىنى ئېنىق بېكىتمىدى. جېنگۇەنىڭ 15 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، لى سىمۇ 30 مىڭ تۇتۇنگە ۋە 40 مىڭ يارالىق ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىپ، سەددىچىندىن چىققاندىن كېيىن، تاڭ تەيزۇڭ شىمالىي چېگرىدىكى ۋەزىيەت ۋاقىتىنچە مۇقىملاشتى دەپ ئويلىغاچقا، ئۇ لى سىمۇ دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىنكى 6 ـ كۈنى ۋەلىئەھدكە دۆلەت ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى ۋەزىرلىرىنى ئېلىپ، شەرقىي پايتەخت لوياڭغا كەتتى، 4 ـ ئايدا «كېلەر يىلى ئىككىنچى ئايدا تەيشەنگە ئىش بېجىرگىلى بارىدىغانلىقى» توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۇ «جاھاندىكى بارلىق ئايماقلاردىكى قەدىمكى ھەم بۈگۈنكى ئىشلاردىن خەۋىرى بار بىلىم ئەھلىلىرى، پاساھەتلىك ماقالە يازالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى، كېلەر يىلى 2 ـ ئايدا ئومۇميۈزلۈك ھالدا تەيشەنگە يىغىلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى. بۇنىڭدىن بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ يەنە تەيشەندە دۇئا ـ تىلاۋەت ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن ئاران سەككىز كۈن ئۆتۈپ، 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگە كەلگەندە، ئۇ يەنە تۇيۇقسىز بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يۇلتۇزلارغا باقسام ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيۋاتىدۇ، دەپ «تەيشەندىكى دۇئا ـ تىلاۋەتنى توختاتتى» «كونا تاڭنامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرىنىڭ داۋامى» غا قارالسۇن). بۇ بەلكىم سىزئاردۇشلارنىڭ «دۆلەت ئىچىدە ھەربىي مەشىق ئېلىپ بارغان» لىق خەۋىرىگە ئىگە بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئۇرۇش قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان مۇشۇ ۋاقىتتا چېگرىدىن خەۋەر كەلگەن، يۇلتۇز ئورنى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمىگەنلىكى پەقەت ئۇنىڭ باھانىسىدىنلا ئىبارەت.

سىرتاردۇش خانلىقى تاڭ تەيزۇڭنىڭ تەيشەنگە چىقىپ دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن شۇغۇللانغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇبتىكى تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلدى. تاڭ سۇلالىسىمۇ شىمالىي چېگرىدىكى خەتەرلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، بايلىق تەمەسىدە يۈرگەن سىرتاردۇشلارنىڭ قوشۇنىغا زەربە بېرىش قارارىغا كېلىپ، ئاستىرتىن جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. تاڭ تەيزۇڭ جەنۇبتىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك جايلارغا زور قوشۇنلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، شۇنداقلا پىڭجۇنىڭ تۇتۇق بېگى ھەم دورغاپى لى جىڭنى لەشكىرىي پىرقەنىڭ دىۋان بېگى قىلىپ، ئۇنىڭغا پىڭجۇدا (جىنياڭنى باشقۇرىدۇ، ھازىرقى تەييۈەن) تۇرۇپ شىمالنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك قوماندانلىق قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. تاڭ تەيزۇڭ يەنە لى سىمۇ قەبىلىسىدىكى تۈركلەرگە، سىرتاردۇشلار ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ھامان، دەرھال «ئوت ـ چۆپلەرگە ئوت قويۇۋېتىپ»، مۇستەھكەم ئىستىھكام ۋە دالىلارنى تازىلاش ئىشىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قەستەن مەخپىي ساقلىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تاڭ تەيزۇڭنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغانلىقى شۇنداقلا جەنۇبتا ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتى تاڭ تەيزۇڭ ئالدىن بېكىتكەن تەيشەن تېغىغا چىقىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغان ۋاقتىغا توغرا كەلدى. «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: (جېنگۇەننىڭ 15 ـ يىلى) تاڭ تەيزۇڭ لوياڭغا بېرىپ، تەيشەن تېغىدا ئىستىقامەت قىلدى. يانۇن ئۆز ئېلىدىكىلەرگە مەسلىھەت بېرىپ، «خاقانى چىن تەيشەندە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇرغۇنلىغان ئەللەرمۇ چوقۇم قاتنىشىدۇ. ئەسكەرلەرمۇ چوقۇم

شۇ جايغا توپلىنىدۇ، چېگرا بوش قالىدۇ. مەن بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ لى سىمۇنىڭ قوۋملىرىنى ناھايىتى ئاسانلا قولۇمغا كىرگۈزۈۋالالايمەن دېدى» دېيىلگەن.

شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، سىرتاردۇشلارنىڭ قاغانى يانۇن لى سىمۇ قەبىلىسىدىكى تۈركلەر «كۆپلىگەن ئات ـ قويلارنى ئوغرىلاپ كەتتى» دېگەننى باھانە قىلىپ، ئوغلى تاردۇش شاد باشچىلىقىدىكى سىرتاردۇشلارنىڭ ئۆز قەبىلىسى بىلەن توڭرا، بارغۇت، ئۇيغۇر، موغال، ئەقشىد قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ 200 مىڭ ئەسكىرىنى باشلاپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ بەيداۋچۇەنگە ھۇجۇم قىلدى. تۈرك ئەسكەرلىرى تاڭ تەيزۇڭنىڭ ۋەقەدىن ئاۋۋالقى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان ئورۇشتا دۈشمەننى ئالداپ كىرگۈزۈش دېگەن ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، «ئاۋۋال بىرلىشىپ، ئارقىغا چېكىندى.» يانۇن تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى راستتىنلا بوش قاپتۇ دەپ ئويلاپ، تۈركلەرنى كۆزگە ئىلماي، يەنە خېلى ئارىلىققىچە قوغلاپ زەربە بەردى. لى سىمۇ قەبىلىسىنى باشلاپ، بەيداۋچۇەننى تاشلاپ، سەددىچىنىنى قوغدىدى. يانۇن تاردۇشقا 30 مىڭ نەپەر خىل ئەسكەرنى باشلاپ سىپىلغىچە قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇدى. «تاردۇش سەددىچىنىگە كىرەلمەي. ئادەم ئەۋەتىپ سەددىچىنىنىڭ سىرتىدا ئۇلارنى تىللاتقۇزدى» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى»). تاڭ تەيزۇڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ لەشكىرىي پىرقىنىڭ دىۋان بېگى لى جىڭنى سۇجۇ يولى ھەربىي قوشۇنىنىڭ باشبۇغى(57) قىلىپ 60 مىڭ پىيادە 3000 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ («كىتابلار جەۋھىرى» 125 - جىلدىدا «1200» دەپ يېزىلغان، بۇنىڭدا «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسەنىڭ داۋامى» ئاساس قىلىندى) سۇجۇدا تۇرۇشنى بۇيرۇدى؛ ئۆڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر باش سانغۇنى لى

دالياڭنى لىڭجۇ يولى ھەربىي قوشۇنىنىڭ باشبۇغى قىلىپ
40 مىڭ پىيادە، 3000 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ لىڭۋۇ
(ھازىرقى نىڭشيادىكى لىڭۋۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى)
دا تۇرۇشقا بۇيرۇدى؛ ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر باش
سانغۇنى جاڭ شىگۇينى چىڭجۇ يولى ھەربىي قوشۇنىنىڭ
باشبۇغى قىلىپ 17 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ يۇنجۇڭ (تاڭ
سۇلالىسىدىكى يۇنجۇڭ ۋىلايىتى ھازىرقى سەنشىدىكى داتۇڭ
شەھىرىنى باشقۇرىدىغانلىقىغا ئاساسلانغاندا. بۇ يەردىكى
يۇنجۇڭ قەدىمكى يۈنجۇڭنى كۆرسەتكەن بولۇپ. ھازىرقى
ئىچكى موڭغۇلدىكى توقتۇ ناھىيىسى) دىن چىقىشقا بۇيرۇدى.
بۇنىڭدىن باشقا يەنە يىڭجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى جاڭ جيەنتى
قۇمۇق. ئەقشىد. قىتان قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى
باشلاپ، «ئۇنىڭ شەرقىدىن تېگىش قىلىشقا بۇيرۇدى.» لياڭجۇ
تۇتۇقى لى لوگيۇنى، لياڭجۇ يولى ھەربىي قوشۇنىنىڭ
باشبۇغى قىلىپ، «غەرب تەرەپتىن ئۇلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىش-
نى بۇيرۇدى.»(58) تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئورۇنلاش-
تۇرۇشىدىن قارىغاندا، جاڭ جيەن بىلەن لى لوگيۇنىڭ ئىككى
قوشۇنى ئىككى قانات بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى تاڭ سۇلا-
لىسىنىڭ ئۇدۇل تەرەپتىكى قوشۇنلىرىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئېلىپ
بارىدىغان ھەربىي ھەرىكىتىگە ماسلىشىش ۋە سىرتاردۇشلار-
نىڭ شەرق، غەرب تەرەپتىن كىرىپ بۆلەكچىلىك قىلىشىدىن
مۇداپىئەلىنىش ئىدى. لى دالياڭ قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق ۋەزى-
پىسى سىرتاردۇشلار قوشۇنىنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ لىڭۋۇ ۋىلايى-
تىنى بويلاپ تۇيۇقسىز گۇەنجۇڭغا بېسىپ كىرىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ
پايتەختى چاڭئەنگە تەھدىت سېلىشىدىن ساقلىنىش ئىدى.
يۇقىرىقى ئۈچ يولدىكى قوشۇنىنىڭ ھەممىسى مۇداپىئە خاراك-
تېرىدە ئىدى. ھالبۇكى، ئۇدۇل تەرەپتىكى لى جىڭ، جاڭ
شىگۇيلارنىڭ ئىككى يول قوشۇنى ھۇجۇم خاراكتېرىدە ئىدى.

ئۇلارنىڭ ۋەزىيىتى پۇرسەت كۈتۈپ، سىرتاردۇشلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن قوشۇنىنى يوقىتىش ئىدى. تاڭ تەيزۇڭ كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتىكى تەدبىرى توغرىسىدا: «سىرتاردۇشلار بارلىق ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، قومۇلۇقتىن ئۆتۈپ كېلىشتە، نەچچە 10 مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ كېلىدۇ. ئاتلىرىمۇ ھېرىپ ھالىدىن كېتىدۇ، ئەسكەر ئىشلىتىدىغانلار تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەيدىغانلارنىڭ سۈرئەتكىلا بېرىلىپ كېتىشىنى، تېز سۈرئەتتە چېكىنىشكە پايدىسىزلىقىنى بىلىدۇ؛ ئۇلار لى سىمۇنى دالدا قىلىپ، تېز سۈرئەتتە ھۇجۇم قىلالمايدۇ، سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنلىرى بولسا يەنە شۇنداق تېز سۈرئەت بىلەن چېكىنىپ كېتەلمەيدۇ. مەن ئالدى بىلەن لى سىمۇغا ئوت - چۆپلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردىم. سىرتاردۇشلارنىڭ ئاشلىقى تۈگىسە، ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئايغاقچىلارنىڭ دېيىشىچە ئۇلارنىڭ ئاتلىرى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنىمۇ يەپ قۇرۇقدۇۋېتىپتۇ، سىلەر لى سىمۇ بىلەن بىر - بىرىڭلارغا يىراقتىن مەدەت بېرىشىپ سىرتاردۇشلار چېكىنگەن ھامان، يىراقلا ھۇجۇم قىلىڭلار، مانا بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشنىڭ ئۇسۇلىدۇر» دېگەنىدى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يەنى سىرتاردۇشلار قوشۇنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىن بىر ئاي كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. تاردۇش سەددىچىنىنىڭ ئىچىدىكى «توپا - چاڭلارنىڭ ئاسمانغا تاقاشقانلىقىنى» كۆرۈپ، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ يانۇنغا ئاۋۋال قايتىش توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزدى. ئۆزى قوشۇننى باشلاپ چوغاي تېغى (ھازىرقى كۆكخوتىنىڭ شىمالىدىكى داچىڭشەن تېغى) دىن شىمالغا قاراپ ماڭدى. 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى لى جىڭ 6000 پىيادە قوراللانغان ئەسكەر بىلەن چىڭلا دەرياسى (ھازىرقى

كۆكخوتىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇرگېن دەرياسى) دىن ئۆتۈپ ئۇدۇل كۆكخوتقا ئىلگىرىلەپ تاردۇش شادنى تاكى نوجېن دەرياسى (هازىرقى كۆكخوت شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاپۇغاي دەرياسى) غىچە قوغلاپ باردى. تاردۇش شاد قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ «ھەر 10 چاقىرىم ئار- لىقتا بىردىن سەپ تۈزدى». «كونا تاڭنامە» گە ئاساسلانغان- دا، سىرتاردۇشلارنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇش سېپىدە: «ھەر بەش ئادەمنىڭ بىرى ئۇرۇش سېپىدىكىلەرنىڭ ئېتىنى يېتى- لەپ ماڭاتتى. قالغان تۆت ئادەم سەپكە ئۆتۈپ ئۇرۇش قىلاتتى، غەلىبە قازانسا ئۇنىڭ قوغلىشى ئۈچۈن ئاتنى ئۇنىڭغا بېرەتتى. ئەگەر ئاتنى قولدىن بېرىپ قويسا، شۇ هامان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىناتتى.» بۇ خىل جەڭ تاكتىكىسى ئۇرۇش باشلىنىش بىلەنلا ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولاتتى، خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاۋانگارد قوشۇنى بولغان لى شىمۇ قەبىلىسىدىكى تۈركلەرنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى، سىرتاردۇشلارنىڭ قوشۇنلىرىغا ئۇچرىغان هامان مەغلۇپ بولۇپ قاچقان، سىرتاردۇشلار غەلىبىدىن پايدىلىنىپ، قوغلاپ زەربە بېرىپ، لى جىڭ قوماندانلىقىدىكى خەنزۇ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشقان، «لى جىڭنىڭ قوشۇنلىرى قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلغان، سىرتاردۇشلارنىڭ قوشۇنلىرى- مۇ مىڭلىغان ئوقيا - ساداقلىرىدىن تەڭلا ئوق ئۈزگەن»، لى جىڭنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۆپلىگەن جەڭ ئاتلىرى يارىلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن. لى جىڭ «ئاتلىرىدىن ئايرىلغان ئەسكەرلەرى- نى پىيادە سەپ تۈزۈشكە بۇيرۇق بېرىپ» ئەسكەرلىرىدىن ھەر 100 ئادەمنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ ئادەملىرىنىڭ ھەممى- سىگە ئۇزۇن نەيزە تۇتقۇزۇپ، «جېنىنىڭ بارىچە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇغان.» نەتىجىدە، سىرتاردۇشلارنىڭ تۆت ئادەم- دىن تەشكىل قىلىنغان پىيادە ئوقياچىلىرىدىن تۈزۈلگەن

ئۇرۇش سېپى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىندى. سىرتاردۇشلار مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا سانغۇن شۆۋەنچى نەچچە 10 مىڭ ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ئولجا ئالدى. سىرتاردۇشلار ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ. ئاتلىرىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەبنى بىلەلمىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتتى. سىرتاردۇشلارنىڭ قوشۇنلىرى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، تاردۇش ئۆزىنىڭ جېنىنى ئېلىپ ئاران قېچىپ كەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى سىرتاردۇشلارنىڭ 3000دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، 50 مىڭ ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالدى. سىرتاردۇشلارنىڭ «قالدۇق قوۋملىرى تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىۋاتقاندا كۆپلەپ ئۆلۈپ جەسەتلەر دالىنى قاپلاپ كەتتى.» («كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»). ئۇرۇشتا ئۆلمەي ساق قالغان قالدۇق قوۋملار شىمالغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن يەنە چوڭ قارغا ئۇچراپ، «ئاتلىرى ھېرىپ ماڭالمىغانلىقتىن، ئۇندىن سەككىز - توققۇزى توڭلاپ ئۆلدى» («كىتابلار جەۋھىرى» 985 - جىلد).

تاردۇش شاد سەددىچىنىنىڭ يېنىدا سەپ تۈزۈپ تۇرغاندا، دەيجۇ ئايمىقىنىڭ ۋۇتەي ناھىيىسىندىكى ئىزگىللاردىن 40 مىڭ كىشى ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ رەھبەرلىكىدە تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭغا ماسلاشماقچى بولغانىدى. بۇ بىر قىسىم ئىزگىللار سىرتاردۇشلار ئاستىرتتىن يۈرگۈزگەن بۆلگۈنچىلىك خىزمىتىنىڭ تەسىرىدە، ئاللىبۇرۇن «سىرتاردۇشلارغا بەيئەت قىلىشنى ئويلاشقان» ئىدى. ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشى، ئېھتىمال سىرتاردۇشلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە چۆللۈكنى جەنۇبقا بېسىپ كىرىپ تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئۇلار تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان

كۆتۈرگەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ئارقىدىن زەربە بەرمەي قوۋملىرىنى باشلاپ، شىمالغا قاراپ ماڭدى. تاڭ سۇلالىسى ئەسكەر ئەۋەتىپ قوغلاپ زەربە بەردى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار لى جىڭ تاردۇشنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن نوجىن دەرياسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ دېڭشياڭغا كەلگەن ۋاقىتقا توغرا كەلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئالدى-ئارقىسىدىن ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلدى، «ئىزگىللار بىر تۇتاش قوماندانلىق بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئاچلىق گىردابىغا چۈشۈپ قالغان. ئۆزلىرىنىڭ چوقۇم ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئالدى بىلەن خوتۇن-بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن جېنىنىڭ بارىچە جەڭ قىلغان» بولسىمۇ، لى جىڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى («كىتابلار جەۋھىرى» 985-جىلد). تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئىزگىللارنىڭ 500 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، 5000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىرگە ئالدى. قالغانلىرى ئېھتىمال مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قېچىپ كەتكەن بولسا كېرەك.(59)

دېمەك، جېنگۈەننىڭ 15-يىلى 11-ئايدا سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ نوجىن دەرياسى بويىدىكى زور ئۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە خەۋىرى چاڭئەنگە يېتىپ كەلگەندە، تاڭ تەيزۇڭ لى جىڭنىڭ باشچىلىقىدىكى زور قوشۇننى شىمالغا ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈپ «جازا يۈرۈشىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارماقچى» بولغان بولسىمۇ، ۋېي جىڭنىڭ تەكلىپ بېرىشى بىلەن توختاپ قالدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى سەددىچىننىڭ ئىچىگە قايتىپ كەلدى. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ خېلى كۆپ ئەلچىلىرى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن چاڭئەندە تۇرۇپ قالغانىدى.

ئۇرۇش ئاخىرلىشىش بىلەنلا تاڭ تەيزۇڭ دەرھال ئۇلارغا سوۋغا - ئىنئاملارنى بەردى ھەمدە ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

«قاغانىڭلارغا سىرتاردۇشلارنىڭ كۈچلۈك، تۈركلەرنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇڭلار، سىلەر تۈركلەرنىڭ قوي - ئاتلىرى بىلەن تۈركلەرنىڭ ئاقساقال ۋە ياساۋۇللىرىنى قولغا كىرگۈزمەكچى بولۇۋاتىسىلەر، مەن ئۇلارنى ئىزدىتىپ، سىلەرنى جازالىماقچى بولۇۋاتىمەن. ئەلۋەتتە مەن بۇنداق قىلمايمەن، سىلەرگە ئۇنداق قىلىش ھاجەت ئەمەس. سىلەر تۈركلەر نەچچە رەت قوي - ئاتلىرىمىزنى ئوغرىلاپ كەتتى دېدىڭلار، ئوغرى - يالغان ھەممە ئەلدە بار. قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىساڭلارلا بولمامدۇ؟ ھالا بۈگۈن قوشۇن باشلاپ كېلىپ بىزگە ھۇجۇم قىلغىنىڭلار نېمىسى؟ بۇنداقتا ئەھدىڭلەرگە خىلاپلىق قىلغان بولمامسىلەر؟ خاندانلىقىمىزنىڭ زېمىنى غەربتە بارسكۆلگە، شەرقتە لياۋخەي دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ، چېگرىدىكى ئايماق، ۋىلايەتلەرگە پۈتۈنلەي ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇنداقچە قىلغاندا، سىرتاردۇشلارنىڭ تۆت ئەتراپىمۇ خاندانلىقىمىز بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بېسىپ كىرگەن دۈشمەنلەرگە ھەر ۋاقىت زەربە بەرگىلى بولىدۇ. تاردۇش شاد سەددىچىنگە باستۇرۇپ كىرمەكچى بولغاندا سۇجۇ ئايمىقى ھەربىي يۇرۇش قوشۇنىنىڭ باشبۇغى ئازداق قوشۇن بىلەن ئالدىغا چىقىپ زەربە بېرىۋىدى، قوشۇنىڭلارنىڭ ئەبجەقى رەسۋايى - پەلەك بولدى. ھەر ئىككىلا ئەلنىڭ ئورتاق پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بېقىشىڭلار كېرەك» («كىتابلار جەۋھىرى» 996 - جىلد).

تاڭ تەيزۇڭ ھەققانىي سۆزلەر بىلەن سىرتاردۇشلارنىڭ

جەنۇبقا بېسىپ كىرىشتىكى باھانىسىنى قاتتىق سۆكۈپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىرتاردۇش قولدارلىرىنىڭ تۈركلەرنى قول قىلىپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركلەرنىڭ زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنىدى. شۇڭا بۇنداق ئۇسۇل - چارىلەرنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىرتاردۇشلارنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرىشىگە نىسبەتەن قايتۇرۇلغان ئىنكاس بولۇپ، گەپ - سۆزلەرمۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتمىدى. بۇنىڭدا تاڭ سۇلالىسى بىلەن سىرتاردۇشلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى چوڭ ياخشى ۋەزىيەت چىقىش قىلىندى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇنداق كەڭ قوللۇق ۋە دوستلۇق سىياسىتى، سىرتاردۇش خانلىقىدا دەرھاللا ئەكس تەسىر قوزغىدى.

جېنگۇەننىڭ 16 - يىلى (مىلادى 622 - يىلى) 4 - ئايدا، «سىرتاردۇشلار ئىلگىرىكى جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن قىلمىشى ئۈچۈن، ئەلچى ئەۋەتىپ گۇناھىنى تىلىدى» («كىتابلار جەۋھىرى» 980 - جىلد). شۇ يىلى 9 - ئايدا، يانۇن قاغان يەنە تاغىسى ئىشپارا نىشۇ ئېركىننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، 3000 تۇياق ئات، 38 مىڭ پارچە بۇلغۇن تېرىسى، بىر دانە ھېيقىق ئەينەكنى تاڭ سۇلالىسىگە تەقدىم قىلىپ. تاڭ سۇلالىسىدىن «قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى» تاڭ تەيزۇڭ ئىشپارا نىشۇ ئېركىننى كۈتۈۋالدى ھەمدە ئۇنىڭغا: «تاردۇش (يانۇننى كۆرسىتىدۇ) ئەسلىدە بىر قەبىلىنىڭلا ئېركىنى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا مەرتىۋە بەرگىنىمگە ئۇن نەچچە يىل بولدى، يەنە قانداق قىلىپ ئۆزىنى ئۆز قوۋملىرىنىڭ ئىلكى ھېسابلاپ، تەۋەيىمگە بېسىپ كىرىدۇ. مەن ئاتلىق قوشۇنلىرىمنى ئەۋەتسەملا، سىلەرنىڭ قەبىلىلىرىڭلار پۈتۈنلەي نابۇت بولغان بولاتتى; سىلەر مېنىڭدىن كەڭچىلىك قىلىشنى ئىلتىجا قىلىۋاتىسىلەر، بۇنىڭ ئۈچۈن خانىدانلىقىمىزنىڭ

چېگرىسىدىن ئۇن قوي، بەش ئاتنىلا چىقىم قىلساملا كۇپايە
قىلىدۇ. ھالا بۇگۈن ئەلچى ئەۋەتىپ گۇناھىڭلارنى تىلەپ،
ئىلگىرىكىدەك ياخشى بولۇش ئىستىكىدە بولۇۋاتىسىلەر»
(«كىتابلار جەۋھىرى» 109 - جىلد) دەپ، بىر تەرەپتىن
سىرتاردۇشلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلغانلىق ۋەقەسى-
نى قاتتىق ئەيىبلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، سىرتاردۇشلار
بىلەن ياخشىلىشىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى؛ ياۋۇن-
نىڭ قۇدىلىشىش تەلىپىگە قارىتا، تاڭ تەيزۇڭ ئېھتىمال
ئىككى دۆلەتنىڭ ئۇرۇشى ئەمدىلا ئاخىرلاشقان ئايلاردا،
ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قۇدىلىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا
قويۇشتىكى ھەقىقىي مۇددىئاسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى
ئۈستىدە ئويلىنىپ قالغانلىقتىن، دەرھال جاۋاب بەرمىگەن
بولسا كېرەك. ئىشپارا ئىشۇ ئېركىن شىمالغا قايتىپ كەتكەن-
دىن كېيىن، تاڭ تەيزۇڭ ۋەزىرلىرىگە: «شىمالدىكى تۇرالار
ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ كەلگەن-
دى. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، سىرتاردۇشلار باش
كۆتۈرۈپ چىقتى، ئۇلارنى بالدۇرراق بىر تەرەپ قىلىش
كېرەك. مەن ئۇلار توغرىسىدا تەپسىلىي ئويلاندىم. پەقەت
ئىككىلا ئامال بار. ئاۋۋال 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن
بىلەن ئۇلارغا زەربە بېرىپ ۋە ئەسىر ئېلىپ، كۈچلۈك دۈش-
مەننى ئۈزۈل - كېسىل يوقاتقاندىلا، 100 يىللاپ ئەمىنلىك
ئورناتقىلى بولىدۇ. بۇ بىرىنچى ئامال، مۇبادا ئۇلارنىڭ
تەلىپىگە قوشۇلۇپ، ئۇلار بىلەن قۇدىلاشساق، مەن ئالەمدىكى
پۇقرالارنىڭ قېيىن ئاتىسىغا ئايلىنىپ قالىمەن. ئەگەر بۇ
ئىش خاندانلىقىمىز ئۈچۈن پايدىلىقلا بولسا بىرەر قىزىمدىن
كېچەلمەسمەنمۇ؟ شىمالدىكى تۇرالارنىڭ ئادىتىدە، كۆپىنچە
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىگە قىزىقىدۇ. ناۋادا ئىرغول تۇغۇلسا،
مېنىڭ نەۋرەم بولىدۇ - دە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھۇجۇم

قىلمايدۇ. بۇنداق بولغاندا، چېگرىدا 30 يىلچە پاراكەندىـ
چىلىك بولمايدۇ. بۇ ئىككىنچى ئامال، بۇ ئاماللارنىڭ قايسىـ
سى مۇۋاپىقكەن؟» دېگەن. ئەمىرى مىمار فاڭ شۈەنلىڭ بۇ
ئامال ھەققىدە: «سۈي سۇلالىسى زور پاراكەندىچىلىككە
ئۇچرىغاندىن كېيىن ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئەسلىـ
گە كېلەلمىگەنىدى، دانىشمەنلەر بۇنىڭغا قارىتا ئىنتايىن
ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغاچقا، قۇدىلىشىش ھەقىقەتەنـ
مۇ پۇقرالار ئۇچۇن سائادەت ئاتا قىلغانىدى» («جېنگۇەن
يىللىرىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەر» 9 ـ جىلد) دەپ تەكلىپ
بەردى. تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مەلىكە
شىن شىڭنى يانۇنغا ياتلىق قىلماقچى بولدى ھەمدە لەشـ
كىرىي پىرقىنىڭ ياندىش بېگى سۈي دۇنلىنى سىرتاردۇش
خانلىقىغا تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ قارارىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتـ
تى. تاڭ سۇلالىسى ئەلچى ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى يەنە «تىببەتلەر
بىلەن لى سىمۇغىمۇ ئۇقتۇردى»، بۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ
زېمىنىدىكى «ئۇششاق بالىلاردىن تارتىپ، بارلىق ئادەملەرگىـ
چە بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى» («كونا تاڭنامە. جۇ سۈيلياڭنىڭ
تەرجىمىھالى»). جېنگۇەنىنىڭ 17 ـ يىلى (مىلادى 643 ـ
يىلى) 6 ـ ئايدا يانۇن قاغان تولشادنى تاڭ سۇلالىسىگە
رەھمەت ئېيتىشقا ئەۋەتىپ، 50 مىڭ تۇياق ئات، 10 مىڭ
تۇياق تۆگە ۋە كالا، 100 مىڭ تۇياق قوي تەقدىم قىلدى.
تولشادنىڭ سوۋغا تەقدىم قىلىشى تاڭ تەيزۇڭنى
تەسىرلەندۈرگەچكە، ئۇ تولشادنى سارايدا كاتتا زىياپەت
بىلەن كۈتۈۋالدى ھەمدە بۇ زىياپەتكە ئەمەلدارلارنىمۇ
تەكلىپ قىلدى. «كونا تاڭنامە. جۇ سۈيلياڭنىڭ تەرجىمىھا-
لى» دا: «شۇ كۈنى ئەمەلدارلار رەتلىك ئولتۇرۇشـ
قانىدى، بەدەۋى تۇرالار ئۇلارنىڭ كېيىملىرىگە قاراپ
ھەيرانچىلىقىدىن ھەدەپ خۇشامەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى،

ئۇلار بىر تەرەپتىن غەزەل ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئوينىشىپ ئاخىرىغىچە نەغمە - ناۋا قىلىشتى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. يۇقىرىقىلار تاڭ تەيزۇڭ سىرتاردۇش خانلىقىغا قارىتا قوللىنىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش - قويماسلىقتا ئىككىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ۋەزىرلەرنىڭ نەسىھىتى ۋە تەشەببۇسى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ۋە سىرتاردۇش خانلىقىدىكى خەلقلەرگە پايدىلىق بەزى قارارلارنى چىقارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

لېكىن سىرتاردۇش خانلىقىدىكى يانۇن قاغان باشچىلىقىدىكى قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن ئىككى يۈزلىمىچىلىك سىياسەت قوللاندى. بىر تەرەپتىن، ئۇلار نەچچە قېتىم تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلىپ، دوستلۇقىنى ئىزھار قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، داۋاملىق ھالدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان تۇرالارغا كەڭ كۆلەمدە ئىچكى جەھەتتىن قارشى تۇرۇش ھەققىدە خىزمەت ئىشلىدى. ئۇلار دەل نەچچە قېتىم تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا، بۇرۇنلا يەنى جېنگۇەننىڭ ئالتىنچى يىلى، تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، گەنجۇ بىلەن لياڭجۇدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان چۆبە قەبىلىسىدىن 6000 تۈتۈن كىشى سىرتاردۇشلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن شىمالغا قايتىپ كەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ سول قانات قوشۇنىنىڭ باش سانغۇنلۇقىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان، تاڭ سۇلالىسىنى قوغداش ئۇرۇشلىرىدا كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن چۆبە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى چۆبە غالىمۇ شىمالغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. سىرتاردۇش قاغانى چۆبە قالىنى تەسلىم بولۇشقا قىستىغان بولسىمۇ، قالى بويسۇنمىدى، «يانۇن غەزەپلىنىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى» («كونا تاڭنامە. چۆبە قالىنىڭ تەرجىمە

سىيالى»)، كېيىن ئۇنى تاڭ ئوردىسى قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ
كەتتى.

چۇبە قالى تاڭ سۇلالىسىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن،
سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى-
نىڭ، تاڭ سۇلالىسىگە بولغان دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنى
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، تاڭ تەيزۇڭنى قۇدىلىشىشنى رەت
قىلىشقا ئۈندىدى. بۇ ۋاقىتتا تاڭ تەيزۇڭ يىراقنى نەزەردە
تۇتۇپ سىرتاردۇشلار بىلەن قۇدىلىشىشنىڭ زىيىنى كۆپ،
پايدىسى ئاز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ يانۇن قاتارلىق-
لارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ياخشىچاق بولۇشىدىكى ئاسا-
سلىق سەۋەبى، سىرتاردۇشلار نوجىن دەرياسى ئۇرۇشىدا
مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى
تەۋرىنىپ قالدى، ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىشنى
تەلەپ قىلىشىدىكى مەقسەت «چوڭ دۆلەتكە تايىنىپ تۇرۇپ،
ئۆز خەلقىنى بويسۇندۇرۇش»، ئەگەر تاڭ سۇلالىسى ئۆز
مەلىكىسىنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەرسە، «ئۇ چوڭ دۆلەتكە
كۈيئوغۇل بولۇپ، نۇرغۇن ئىلتىپات ۋە كۆپ ياردەملەرگە
ئېرىشىدۇ، تۈرلۈك - تۈمەن قەبىلىلەر ئۇنى تېخىمۇ ھۆرمەتلەپ
بويسۇنىدۇ. يانۇن بۇ ئىلتىپاتلاردىن ھېچقانداق رازى
بولماي، تۇزا قوشۇنلىرىنى باشلاپ، دېگىنىمىزدەك قىلماي،
مال - چارۋىلارنى بۇلاپ - تالىغىلى كېلىدۇ» («قاتۇنلار
قامۇسى. سىرتاردۇشلار») دەپ قارىدى. شۇنداق قىلىپ تاڭ
تەيزۇڭ قۇدىلىشىشنى رەت قىلىشنى قارار قىلدى، بىراق
قۇدىلىشىشنى سەۋەبسىزلا رەت قىلسا، ئىچكى - تاشقى مۇنا-
سىۋەتتە ياخشى بولمايتتى. شۇڭا چۇبە قالىنىڭ پىكرىگە
ئاساسەن، يانۇننى سوۋغا - سالاملار بىلەن شەخسەن ئۆزى
كۈتۈۋېلىشقا ھازىرلىق قىلىشقا بۇيرۇدى ھەمدە يارلىق
چۈشۈرۈپ، مەلىكىنى ئۆزى شەخسەن لىڭجۇغا ئاپىرىپ قويۇش-

قا تەييارلىق قىلىپ، يانۇن بىلەن «ئۇچراشماقچى بولدى» تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئۆيلىگىنى يانۇن ئۆزى كۈتۈۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمىسا تاڭ سۇلالىسىگە قۇدىلىشىشنى رەت قىلىشقا باھانە تېپىلاتتى. كۈتۈلمىگەندە يانۇن بۇنىڭ تاڭ تەيزۇڭنىڭ ھىيلە - مىكرىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەي، تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئۆزى لىڭجۇغا كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي، ئۆز دۆلىتىدىكىلەرگە «مەن ئەسلى تۇرالارنىڭ كىچىككىنە بىر ئاقساقىلى ئىدىم، تەڭرى قاغان مېنى قاغان قىلىپ تىكلىدى. ھازىر يەنە ماڭا مەلىكىسىنى بېرىپ ئۆزى شەخسەن ئات - ھارۋىلار بىلەن لىڭجۇغا كەلمەكچى بوپتۇ. مەن ئەلۋەتتە ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىشىم كېرەك» دېدى («كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»). شۇنىڭ بىلەن «قەبىلىلەردىن باج - سېلىق يىغىپ، سوۋغا - سالامنى تولۇقلاپ» («تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. چۆل تۈركلىرى»)، تاڭ سۇلالىسى بەلگىلىگەن مۇددەتتە لىڭجۇغا بېرىپ تاڭ تەيزۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە تەييارلاندى. ئەمما، سىرتاردۇشلارنىڭ «خەزىنىسى قۇرۇق بولغاچقا ئۆز دۆلىتىدىن ئېغىر باج - سېلىق يىغىپ، نەچچە 10 مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ. چۆللۈكنى بېسىپ ئۆتتى. لېكىن سۇ ۋە ئوت - چۆپ بولمىغاچقا، قوي - ئاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلۈپ كەتتى.» يانۇن سوۋغا - سالاملارنى تەييارلاپ بولالمىغاچقا، بەلگىلەنگەن مۇددەتتە لىڭجۇغا يېتىپ بارالمىدى. تاڭ تەيزۇڭ ئاۋۋال يارلىق چۈشۈرۈپ لىڭجۇدىكى ئۇچرىشىشنى توختاتتى. ئارقىدىنلا يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ «قۇدىلىشىشنى رەت قىلدى» («كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»). تاڭ تەيزۇڭنىڭ قۇدىلىشىش مەسىلىسى ئۈستىدىكى سىرتاردۇش خانلىقىغا قىلغان ۋاپاسىزلىق ھەرىكىتى، ئەلۋەتتە سىرتاردۇشلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بولغان ئىككى يۈزلىمىچىلىك سىياسىتىگە

قارشى تۇرۇشنى كۆزلىتىشتە ئىگە بولغان بەزى سەۋەبلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىسىمۇ، لېكىن سىرتاردۇش خانلىقىدىكى خەلققە زور ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپ بەردى. شۇنداقلا تاڭ ئوردىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەيدىغان رەسۋاسچىلىقىنى ئاشكارىلىدى، شۇڭا تاڭ تەيزۇڭ ئەينى ۋاقىتتا ئوردىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. (60)

تاڭ تەيزۇڭنىڭ قۇدىلىشىش توختىمىنى بىكار قىلىش ھەرىكىتى، ئاللىقاچان تىنچىشقا باشلىغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالى قىسمىدىكى چېگرا ۋەزىيىتىنى يەنە كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. لى سىمۇنىڭ قەبىلىسىدىكى تۈركلەر تاڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن نەچچە مىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ سىرتاردۇشلارغا ھۇجۇم قىلدى؛ سىرتاردۇشلارمۇ نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن لى سىمۇنىڭ قىسمىغا قاتتىق زەربە بەردى. جېنگۇەننىڭ 18 - يىلى (مىلادى 644 - يىلى) سىرتاردۇشلار تولشادنىڭ باشچىلىقىدا نۇرغۇن قوشۇن ئەۋەتىپ، قۇملۇقتىن ئۆتۈپ لى سىمۇنىڭ بارگاھى تۇرۇشلۇق دىگشاڭغا ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن مال - دۇنيا، سەرپايلارنى ۋە ئادەملەرنى ئېلىپ كەتتى. تاڭ سۇلالىسى لى جىگنى قوشۇن باشلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. سىرتاردۇشلار سەددىچىندىن چىقىپ كەتكەچكە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى قوغلاپ زەربە بېرەلمىدى. سىرتاردۇشلار جەنۇبقا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇرغاچقا، شۇ يىلى 11 - ئايدا لى سىمۇ قەبىلىسىدىكى 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم دەريادىن ئۆتۈپ خېنەننىڭ «شېگجو بىلەن شياجو ئىككى ئايمىقىنىڭ ئارىسىغا كېچىپ بېرىپ ماكانلاشتى». «لى سىمۇنىڭ ئۆزى قوۋملىرىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا»، «ئازلا ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ ئوردىغا سالامغا باردى» («تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. شىمالىي تۈركلەر»).

تاڭ تەيزۇڭنىڭ قۇدىلىشىش توختىمىنى بىكار قىلىش ھەرىكىتى يەنە سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى، ئاساسلىقى سىرتاردۇش قەبىلىسى بىلەن ئۇيغۇر، توڭرا قاتارلىق باشقا تۆرا قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. يانۇن قاغان جېنگۇەننىڭ 17 - يىلىدىكى نوجىن دەرياسى بويىدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىدىن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلىپ تويدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىگە سوۋغا - سالام يوللاش ئۈچۈن، نەچچە قېتىم «ھەرقايسى قەبىلىلەردىن ئېغىر باج - سېلىق ئالغان»دا، قەبىلىلەر باج تۆلەشكە رازى بولماي، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. تاڭ تەيزۇڭنىڭ قۇدىلىشىشنى رەت قىلىشى، يانۇننىڭ ئابرويىنى چۈشۈرۈپلا قالماي؛ بەلكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالدى، بۇلار ئۇيغۇر، توڭرا قاتارلىق تۆرا قەبىلىلىرىنىڭ بۆلۈنۈش خاھىشىنى كۈچەيتىپ، مۇشۇ قەبىلىلەردىكى قۇلدارلار بىلەن سىرتاردۇش قەبىلىسىدىكى قۇلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

جېنگۇەننىڭ 18 - يىلى (مىلادى 644 - يىلى) 12 - ئايدا، لى سىمۇ قەبىلىسىدىكى تۈركلەر خېنەنگە قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، سىرتاردۇشلار بىلەن تۈركلەرنىڭ جەنۇبتا ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان ئۇرۇشى شۇنىڭدىن كېيىن قىسقا مەزگىل توختىدى. يانۇن خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا كىرىشتى. جېنگۇەننىڭ 19 - يىلى (مىلادى 645 - يىلى) 1 - ئايدا، يانۇن تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلدى. شۇ يىلى 4 - ئايدا تاڭ تەيزۇڭ چوڭ قوشۇن باشلاپ كورېيەگە يۈرۈش قىلدى. مىڭىش. ئالدىدا سىرتاردۇشلارنىڭ ئەلچىسىگە:

«سەن قاغانىڭغا ئېيتقىن، بىز ئاتا - بالا ئىككىيلەن شەرقتە كۇرىيىگە قارشى يۈرۈشكە ئاتلاندۇق، ئەگەر سىلەر چېگرىغا باستۇرۇپ كىرسەڭلار، مەن ۋاقتىدا قايتىپ كېلىپ ئەدىبىڭلار-نى بېرىمەن» («كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە») دېدى. يانۇن تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۇرىيىگە جازا يۈرۈش قىل-غان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلماي ئەكسىچە تاڭ سۇلالىسىگە ئالاقە ئەۋەتىپ، ئەسكەر باشلاپ كۇرىيىگە جازا يۈرۈش قىلىشقا ياردەم بېرىشنى خالايدىغان-لىقىنى بىلدۈردي. تاڭ تەيزۇڭ «جاۋاب مەكتۇپ يوللاپ ئۇنى توختىتىپ قويدى»، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۇرىيىگە بولغان ئۇ-رۇشى باشلانغاندىن كېيىن، كۇرىيە «موغاللارنى ئەۋەتىپ سوۋ-غا - سالام بىلەن يانۇننى ئالداپ» تاڭ سۇلالىسىنىڭ قو-شۇنلىرىغا قىسىپ زەربە بەرمەكچى بولدى. يانۇن ھېچقانداق تەۋرەنمەي، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىغا باشتىن - ئاخىر بىتەرەپ تۇرۇشتەك سەممىي نىيىتىنى ئىپادىلىدى، مۇشۇ خىل-دىكى بارلىق ئامىللارنىڭ ھەممىسى سىرتاردۇشلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تاڭ تەيزۇڭ قۇدىلىشىش توختىمىنى يىرتىپ تاشلىغاندىن كېيىنكى مۇناسىۋىتىنى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيتتى ۋە ياخشىلىدى. شۇنداقلا سىرتاردۇشلارنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ مۇقىم بولۇشىدا مەلۇم رول ئوينىدى. مۇشۇ يىلى 9 - ئايدا يانۇن كېسەل بولۇپ ئۆلدى. بۇ ۋاقىتتا تاڭ تەيزۇڭ يەنىلا لياۋدۇڭ ئالدىنقى سېپىدە بولسىمۇ، قول ئاستىدىكىلىرىگە «بارگاھىنىڭ سول تەرىپىدە تۇرۇپ، ماتەم بىلدۈرۈش» («كىتابلار جەۋھىرى» 964 - جىلد) نى بۇيرۇدى. بۇ تاڭ تەيزۇڭنىڭ يانۇن قاغانىنىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشقانلىقىنى مەدھىيلەش پوزىتسىيىسىدە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يانۇن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى سياۋۇش قاغان بايچۇر ئاكىسى تولشاد قاغاننى تۇيۇقسىز ئۆلتۈرۈپ

تەختىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى ئىل كۆلۈگ سىرومى دومى قا-
غان دەپ ئاتىدى. دومى قاغاننىڭ «مىجەزى چۇس ئىدى، ئۇ
دادىسى يانۇن دەۋرىدىكى ئەتىۋارلىق ۋەزىرلەرنى ئۆلتۈرۈپ،
ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى تەيىنلىگەچكە، پۇقرالار
ئەمىنلىك تاپالمىدى» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە
قىسسە»). دۆلەت ئىچىدىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە ھۆكۈمرانلار
گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت كۈنسېرى ئۆتكۈرلى-
شىپ كەتتى. دومى قاغان تاڭ تەيزۇڭنىڭ كۈرىيىگە جازا
يۈرۈش قىلىپ قايتىپ كەلمىگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ،
تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنۇپ،
تاشقى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ چىرىك
سىياسىتىگە بولغان دىققىتىنى باشقا تەرەپكە بۇرىماقچى بولدى.
جېنگۇەننىڭ 19 - يىلى 12 - ئايدا دومى قاغان قوشۇن باش-
لاپ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ خېنەن رايونىغا
بېسىپ كىردى. بۇ ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوڭ قانات ئۇلۇغ
سانغۇنى تۇركلەردىن بولغان دەشت سىيلاق تۈرك قوشۇنىنى
شىياجۇ ئايمىقى (ھازىرقى شەنشىنىڭ خېڭشەن ناھىيىسى تە-
ۋەسىدە) نىڭ شىمالىدا تۇرغۇزدى. دومى قاغاننىڭ باستۇ-
رۇپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، «يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ
چېكىنىپ، ئۇلارنى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈپ» شىياجۇدا
دومىغا زەربە بېرىپ قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. دەشت سىيلاق دەريا-
دىن ئۆتۈپ زەربە بېرىپ «قۇملۇققىچە قوغلاپ قايتىپ كەلدى»
(«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 198 -
جىلد تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 19 - يىلى). ئارقىدىنلا دومى
قايتىدىن قوشۇن باشلاپ شىياجۇغا بېسىپ كىردى. بۇ ۋاقىتتا
تاڭ تەيزۇڭ قوشۇنلارنى باشلاپ، لىياۋدۇڭدىن قايتىپ كەلگە-
نىدى. تاڭ تەيزۇڭ جياڭشىن بېگى ليۇداۋزوڭنى سۇجۇ، بىڭجۇ
قاتارلىق توققۇز ئايماقنىڭ ئەسكەرلىرىنى توپلاپ سۇجۇدا تۇ-

روشقا، دەيجو ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى شۋۋەنچى ۋە سول قول ئۇلۇغ سانغۇن ئاشىناشىرنى شىگجۇ، شياجۇ ئايمىقىدىن ئەسكەر يىغىپ لىڭجۇدا تۇرۇشقا. دەشت سىيلاقنى تۈرك قوشۇنىنى باشلاپ داۋزۇڭ قاتارلىقلارغا ھەمدەمدە بولۇشنى بۇيرۇدى. دومى قوشۇن باشلاپ چېگرىدىن ئۆتۈپ، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ - تېنەپ چېكىندى. جېنگۈەننىڭ 20 - يىلى (مىلادى 646 - يىلى) 1 - ئايدا تاڭ سۇلالىسى بىر تارماق ئانچە چوڭ بولمىغان قوشۇنىنى سىرتاردۇشلارغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىشكە ئەۋەتىپ، «ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، 2000 دىن ئوشۇق ئادەمنى ئەسىر ئالدى» («كىتابلار جەۋھىرى» 358 - جىلد)، سىرتاردۇشلار ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن بىر زەربىگىمۇ يارىمىدى.

سىرتقا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشنىڭ مەغلۇبىيىتى، سىرتاردۇشلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. شۇ يىلى 6 - ئايدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى تۇمىد بارغۇت، توڭرا قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ قوشۇن باشلاپ دومىگە زەربە بېرىپ قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. تاڭ تەيزۇڭمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا بۇيرۇق قىلىپ بۆلۈنۈپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. سىرتاردۇشلار تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ يولغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، پاتىپاراق بولۇشۇپ دەرھال پارچىلىنىپ كېتىشتى. دومى قاغان نەچچە مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ ئاشنا سۇكۇن قەبىلىسىنىڭ ئارىسىغا قېچىپ كەتتى.(61) ئۇيغۇر قەبىلىسى دومىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق يوقاتتى. سىرتاردۇشلارنىڭ 70 مىڭدىن ئارتۇق قالدۇق قوۋمى يانۇن قاغاننىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى دومېچنى ئىتيۇس قاغان قىلىپ سايلىدى. دومېچ تاڭ سۇلالىسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ

قىستىشى بىلەن قوۋمىنى باشلاپ «غەربكە كۆچۈپ، ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ كەتتى» (ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بۇرۇنقى جايىغا). سەپەر ئۈستىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆز دۈشمىنى غەربىي تۈركلەردىن قورقۇپ ئۆزىنىڭ قاغانلىق نامىنى ئېلىپ تاشلاپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ «ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلىشىش» قا رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. تاڭ سۇلالىسى رۇخسەت قىلدى. ئەمما دومېچ قوۋمىنى باشلاپ ئۆتۈكەن تاغلىرىغا بارغاندا، تاڭ سۇلالىسى دومېچنىڭ «شىمالدىكى ئاپەتكە ئايلىنىپ قېلىشى» («كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە») دىن ئەندىشە قىلدى ۋە لى جىنى زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. لى جىنىڭ قوشۇنى ئۆتۈكەن تاغلىرىغا بارغاندا، سىرتاردۇشلاردىن تېكىن تارقان قوۋمىنى باشلاپ كېلىپ ئەل بولدى. دومېچ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قورشاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي يېقىنلىرىنى ئېلىپ قاقاس دالاغا قاراپ قېچىپ كېتىپ، كېيىن ئەل بولدى.(62) ئۇنىڭ قەبىلىسى ئىچىدىكى تەسلىم بولمىغانلاردىن لى جىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى 35 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىرگە ئالدى. 8 - ئايدا جياڭشىيا بېگى ليۇ داۋزۇڭ يەنە ھۇجۇم قىلىپ 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى. قالغان نەچچە 10 مىڭ خەلق ئالتۇنتاغقا كۆچۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىرتاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولدى.

سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشىدىكى سەۋەبلەردە، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئېيتقاندا، ئاساسلىقى ھوقۇق مەركەزگە يىغىلغان تۈزۈمنىڭ كەمچىللىكىدىن بولدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، سىرتاردۇش خانلىقى سىرتاردۇش خانلىقىدىكى قۇلدارلارنى ئاساس قىلغان، شىمالدىكى 15 قەبىلە-

دىكى تۇرا ئاقسۆڭەكلىرى بىرلىكتە قاتنىشىپ قۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت ئىدى. تارىختا ئۆتكەن هون، جورجان، تۈرك خانلىقلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتە بىرقەدەر تارقاق ۋە مەركەزلىشىشى، بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى يېتەرسىز ئىدى. خانلىققا تەۋە بولغان ئۇيغۇر، توڭرا، بارغۇت قاتارلىق تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ پەقەت قاغان سايلاش، زېمىن بۆلۈۋېلىش، ئۆز قەبىلىسىگە باشچىلىق قىلىش هوقۇقى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆز قەبىلىسىدىن تەشكىللەنگەن ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇش هوقۇقىمۇ بار ئىدى. خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەمەلىيەتتە قەبىلە ئاقساقاللىرىنى يېتەكچى قىلغان ئورغۇن يېرىم مۇستەقىل ھالەتتىكى قەبىلە ھاكىمىيەتلىرى مەۋجۇت ئىدى. بۇلار سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ دائىم ئىچكى قىسمىنىڭ مۇقىم ئەمەسلىكىگە، شۇنداقلا سىرتقا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلاردا ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى جارى قىلدۇرالماسلىقىغا سەۋەب بولدى. سىرتاردۇش خانلىقى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە تارىختا ئەڭ قىسقا دەۋر سۈرگەن دۆلەت ئىدى. هون دۆلىتى 300 يىل، جورجان خانلىقى 150 يىل، تۈرك خانلىقى ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ 150 يىلغا يېقىن مەۋجۇت بولغانىدى. بىراق سىرتاردۇش خانلىقى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاران 18 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭ سەۋەبىنى مانا مۇشۇنچىلىك سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى بىرتەرەپ قىلالماسلىقىمۇ سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ تېزلىكتە ھالاكەتكە يۈزلىنىشىدىكى ئاساسلىق تاشقى سەۋەبتۇر. تاڭ سۇلالىسى مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مۇقىملىقىنى، ئەگەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى بول-

مىسا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. بىراق يادۇن قاغانىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە سىرتاردۇش خانلىقىدىكى قۇل-دار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چوللۇكنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ بايلىق ۋە ئادەملىرىگە بولغان ئاچكۆزلۈكى ئۇلارنى تاجاۋۇز-چىلىق يولىغا باشلىدى. ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قوزغىغان ئىككى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشى تاڭ سۇلالىسى تە-رىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئۇرۇشنىڭ مەغلۇبىيىتى خانلىقى-نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سىرتاردۇش خانلىقى ئاخىرى ئۇيغۇر، بارغۇت، توڭرا قاتارلىق تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قوز-غىلاڭچى قوشۇنى بىلەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ بىرلىشىپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا يوقالدى.

## 7. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ تارىخىي ئورنى

سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ تارىخى قىسقا بولسىمۇ، بىراق ئۇ تۇرا مىللىتىنىڭ تارىخىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان ئورۇنغا ئىگە.

بىرىنچىدىن، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، تۇرالار جەمئىيىتىنىڭ ئۇزاق ئىپتىدائىي جامائە باسقۇچى ئار-قىلىق، ئاخىرى پۇتكۇل مىللەت مىقياسى بويىچە قۇللۇق تۈ-زۈمگە ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بەردى. بۇ تۇرالارنىڭ جەمئى-يەت تەرەققىياتىدىكى بىر قېتىملىق سۈپەت ئۆزگىرىشى بو-لۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، تۇرا مىللەتلىرىنىڭ ھەرقايسى ئۇرۇق - قەبىلىلىرىنىڭ يات مىل-لەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تارقاق تەپرىقچىلىك ھا-

لىتىنى ئاياغلاشتۇردى. مەيلى ھون دۆلىتى دەۋرىدە بولسۇن، ياكى جورجان خانلىقى ۋە تۈرك خانلىقى دەۋرىدە بولسۇن، تۇرا مىللىتىنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرى يات مىللەت قەبىلىلە-رىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدا، ئۆز ئارا ئاللاقىلىشەلمەيدىغان تەپرىقىچى ئۇرۇق - قەبىلە قىلىپ بۆلۈپ تاشلىنىپ، قاتتىق نازارەت ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىدى، ھەتتا بەزىدە بىر قەبىلە مەجبۇرىي ھالدا ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىنىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. مەسىلەن، تۈرك خانلىقى دەۋ-رىدە، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمى كىنگىتنىڭ شىمالىدى-كى ئاقتاغدا ئولتۇراقلاشتى ۋە ئوغۇزلار دەپ ئاتالدى. شىمالدىكى سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان يەنە بىر قىسمى ئۇيغۇر (韦纥) دەپ ئاتالدى. سىرتاردۇشلارمۇ ئىككى ئورۇندا ئولتۇراقلىشىپ، «ئۆتۈكەن تېغىدىكىلىرى شەرقتىكى شىبى قاغانغا تەۋە بولدى، تەڭرىخان تېغىدىكىلەر (65) غەربتىكى يابغۇ قاغانغا تەۋە بولدى» («قانۇنلار قامۇسى. سىرتاردۇش-لار») چۇبە قەبىلىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، بەزىدە شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئېلىك قاغانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىدى، بەزىدە غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇ قاغانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىدى. جېنگۇەننىڭ 6 - يىلى غەربىي تۈركلەرگە تەۋە چۇبە قەبىلىسى قەبىلە باشلىقى چۇبە قالىنىڭ باشچىلىقىدا تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. تاڭ سۇلالىسى بۇ قەبىلىنى گەنجۇ بىلەن لياڭجۇ رايونىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئەمما بىر قەبىلە يەنىلا ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاشقانىدى (گەنجۇ ۋە لياڭجۇ بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالى) ئۇنىڭدىن باشقا ئىزگىل قە-بىلىسىمۇ شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغان ۋاقىتتا ئىك-كىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. بىر تارمىقى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشتى. يەنە بىر تارمىقى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىدا ئولتۇراقلاشتى. قىسقىسى، سىر-

تاردۇش خانلىقى ھۆكۈم سۈرۈشتىن بۇرۇن تۇرا ئۇرۇق -
قەبىلىلىرىدە مەجبۇرىي ھالدا ئىككى جايغا بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلىشىش
ۋە تارقىلىپ كېتىش ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى.
تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن يىللىرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا
چۆللۈكنىڭ شىمالى ۋە ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قاڭ-
قىل قەبىلىلىرىنىڭ شەرقى، غەربى تۈرك خانلىقىغا قارشى
كۈرەشى پارتلىدى. ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سىرتار-
دۇشلاردىن 70 مىڭ تۈتۈن، نەچچە يۈز مىڭ ئادەم مۇشۇ
پەيتتە شەرققە كۆچتى. چۆللۈكنىڭ شىمالى ۋە جۇڭغارىيە
ئويمانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ رايوندىكى تۇرا قەبىلە-
لىرى ئاخىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قوشۇلۇپ سىرتاردۇشلار-
نىڭ قەبىلە باشلىقى يانۇننىڭ بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتى.
سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى تۇرالارنىڭ ئۇرۇق - قە-
بىلىلىرىنىڭ يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۇر-
تاق كۈرىشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. مىللەت نۇقتىسىدىن كۆزەت-
كەندە، سىرتاردۇش خانلىقى تۇرالارنىڭ تۇنجى قېتىم پۈتۈن
مىللەت مىقياسىدا قۇرۇپ چىققان مىللىي دۆلىتى ئىدى. شۇنى-
داق قىلىپ سىرتاردۇش خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، باشقا
جايلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن تۇرا قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە
قاتتىق جەلپ قىلدى. مەسىلەن، شەرقىي تۈرك خانلىقى
مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تاڭ
سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان قوشۇر، ئىزگىل، چۇبە قاتارلىق
تۇرا قەبىلىلىرى كەينى - كەينىدىن تاڭ سۇلالىسىدىن ئاي-
رىلىپ شىمالدىكى سىرتاردۇش خانلىقىغا قايتىپ كەتتى. بو-
لۇپمۇ ئىزگىل ۋە چۇبە قەبىلىسى، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ
تاڭ سۇلالىسىگە بولغان بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشى مەغلۇپ
بولۇپ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارنىڭ ۋەزىيىتى تۇراقسىز
ئەھۋالدا شىمالغا كەلگەن بولۇپ، ئەگەر سىرتاردۇش خانلى-

قىنىڭ ئۇلارنى جەلپ قىلىش كۈچى بولمىغان بولسا. ئۇلار
ھەرگىزمۇ تاڭ سۇلالىسىدىن ئايرىلىپ شىمالغا كەتمىگەن بو-
لاتتى. ئەلۋەتتە بۇ تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ شىمالغا كېتىشى سىر-
تاردۇش خانلىقىنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدىكى ئىچىدىن ما-
لىشىشقا ئۇندىشى بىلەن كۈشكۈرتۈشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.
ئەمما ئىچىدىن ماسلىشىشقا ئۇندەش بىلەن كۈشكۈرتۈشلەرنىڭ
مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، تۇرالار-
نىڭ ئەسلىدىنلا شىمالغا قايتىپ كېتىشتەك كۈچلۈك ئارزۇسى-
نىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۆبە قەبىلىسىنىڭ شى-
مالغا كېتىشى توغرىسىدا «كونا تاڭنامە. چۆبە قالىسىنىڭ
تەرجىمىھالى» دا: «بۇ مەزگىلدە سىرتاردۇشلار روناق تاپقاچقا،
بارلىق چۆبە قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كېتىشنى ئارزۇ
قىلدى» دېيىلگەن. چۆبە قالى تاڭ تەيزۇڭنىڭ «ئاناڭنى يوق-
لىغاچ، ئۆز قەبىلەڭنى كۆرۈپ كەل» دېگەن بۇيرۇقىنى
تاپشۇرۇۋالغانىدى، ئەمما ئۇ چۆبە قەبىلىسىنىڭ چارۋىچىلىق
رايونىغا بېرىشىغىلا «چۆبە قەبىلىسىدىكىلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ،
سىرتاردۇشلارنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى». ئەينى ۋاقىتتا بەزى-
لەر تاڭ تەيزۇڭغا «ھەر كىم ئۆز زېمىنىدا خۇشال
بولىدۇ. قالى ھازىر تاردۇشلارنىڭ قېشىغا كەتتى. خۇددى
بېلىق سۇغا ئېگە بولغاندەكلا بولدى» دېگەنىدى. قالى تاڭ
سۇلالىسىگە سادىق بولۇشقا قەسەم قىلغان بولۇپ، كېيىن تاڭ
تەيزۇڭ تەرىپىدىن قايتۇرۇلۇپ كېلىندى. بىراق، «بېلىقنىڭ
سۇغا ئېگە بولغان» لىقى ئەمەلىيەتتە ئادەتتىكى چۆبە قوۋملى-
رىنىڭ شىمالغا قايتقاندىن كېيىنكى كەيپىياتى ئىدى. چۆ-
بەلەر ئەڭ دەسلەپتە «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە
كىنگىتىنىڭ شىمالىدىكى ئاقتاغدا ئولتۇراقلاشقان دەپ تىلغا
ئېلىنغان، ئۇلارنىڭ «زېمىنى» چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلار
ئەمەسلىكى ناھايىتى ئېنىق، شۈگىلاشقا «ھەركىم ئۆز زې-

سىدا خۇشال بولىدۇ» دېگىنى چۇبەئەلەرگە نىسبەتەن ئېيتقانىدا، خۇددى تۇرا قەبىلىلىرى جايلاشقان زېمىن يەنى سىرتاردۇش خانلىقى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئىزگىل قەبىلىسىنىڭ شىمالغا قايتىپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق مەقسىتى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئىزگىل قەبىلىسى بىلەن جەم بولۇش ئىدى. شۇڭا ئۇلار تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ شىمالغا كېتىدىغان چاغدا «ئاۋۋال خوتۇن - بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن پۈتۈن كۈچى بىلەن جەڭ قىلىش» تەك قەيسەرلىك بىلەن شىمالغا قايتىپ قېرىنداشلىرى بىلەن جەم بولۇشتەك كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. يۇقىرىقىلار سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ مىللىي خاراكتېرىنىڭ، تارقاق بولغان تۇرا قەبىلىلىرىگە نىسبەتەن كۈچلۈك جەلپ قىلىش رولىنى ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ تارىخى گەرچە قىسقىغىنا 10 نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تۇرا قەبىلىلىرىنى جەم قىلىپ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي. سىياسىي مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە كۈچەيتىشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئورقۇن - ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇيغۇرلىشىشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس تىكلەپ بەردى.

قىسقىسى، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، تارىختىن بۇيان قۇللۇق ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەن تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكىنى، تۇرا مىللىتىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى ئىدارە قىلىشقا باشلىغانلىقىدەك تارىخىي تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى شۈبھىسىزكى، ئىنتايىن چوڭقۇر ئىدى.

**ئىزاھلار:**

① سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدە، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆكتۈركنىڭ غەربىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى پۈتۈنلەي خاتى-

ردىلەنمىگەن. كېيىنى ۋاقىتتا تۇرا قەبىلىلىرى يېڭى، كونا «تاڭ-
نامە» گە ئاساسلانغاندا، جەمئىي 15 قەبىلە بولۇپ، ئۇلار كۆكتات-
نىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا تارقالغانىدى.

② دىڭ چيەن: «يېڭى تاڭنامە» دىكى ئۇيغۇر قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش»تە: سىرتاردۇشلارنى «قوشۇرلارنىڭ بىر جەمەتى» دەپ قارىغان. سېن جوڭمىيەن «يېڭى تاڭنامە» دىكى سىرتاردۇشلارغا ئائىت خاتىرىلەرنى تەكشۈرۈپ ئىس-زاھلاش» («تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 2 - قىسمىغا بېسىلغان) تا دىڭ چيەننى سۆكۈپ، «نوقۇل ھالدىكى قىياسەن يەكۈننى چىقارغان» دەپ كۆرسەتكەن. دىڭ چيەننىڭ قارى-شىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ھېچقانداق ئاساسى يوق.

③ ④ سېن جوڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» 2 - قىسىم، 695 - بەت.

⑤ «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»، «قانۇنلار قامۇسى. تۇرالار»، «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە «ئاز» دەپ تىلغا ئېلىنغان، پەقەت «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دىلا ئېلدىر دەپ تىلغا ئېلىنغان.

⑥ سېن جوڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» 2 - قىسىم، 998 - بەت.

⑦ ماچاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى»، 50 - بەت.

⑧ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» دە بۇ خاتالىق ئېتىراپ قىلىنغان، تاڭ سۇلالىسى مۇتۇغاي نامىنى يانۇنغا جېنگۇەننىڭ ئىككىنچى يىلى بەرگەنىدى.

⑨ دىڭ چيەن: «يېڭى تاڭنامە» دىكى ئۇيغۇر قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش».

⑩ ⑪ سېن جوڭمىيەننىڭ «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»نىڭ 2 - قىسمىنىڭ 700 -، 765 - بەتلىرىدە قىلرالغ.

⑫ «جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى» دېيىلگەننى توغرا. سېن

جوڭمىيەننىڭ: «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» نى تەكشۈرۈپ ئىزاھلاش» («تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» 2 - قىسمىغا بېسىلغان) دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

⑬ سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئىككى ئوردىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى، دەسلەپ «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. سىرتاردۇشلار» دا خاتىرىلەنگەن. «يېڭى، كونا تاڭنامە» لەردە سۆزلەنگەنلىرى «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» دىن ئېلىنغان، لېكىن ئازراق تولۇقلانغان.

⑭ سېن جوڭمىيەن: «تاشقى موڭغۇلدىكى ئۆتتۈكەن تېغى ئۈستىدە مۇھاكىمە» 1939 - يىلىدىكى «تارىخ تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ مەجمۇئەسى» VIII توم، 3 - قىسمى. چاۋانىس «غەربىي تۈركلەرگە دائىر تارىخ ماتېرىياللىرى» دا: «تومسون ۋە ھىرت ئۆتتۈكەن تېغىنى ئورقۇن تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشتا يېزىلغان ئۆتتۈكەن تېغى دەپ بېكىتكەن. بۇ يەر تامىر دەرياسى بىلەن ئورقۇن دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان خانگاي تېغىنىڭ بىر قىسمى» دەپ يازغان.

⑮ سېن جوڭمىيەن ئەپەندى: «6000 چاقىرىم، سىرتاردۇشلار ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقان دەۋرىدىكى چاگەن بىلەن بولغان ئارىلىق» دەپ قارايدۇ. ئۇ «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە ئاپتور خاتا ھالدا: «ئالتۇنتاغ بىلەن ئۆتتۈكەن تاغلىرىنىچە بولغان مۇساپە دەپ، كىتابخانلارنى قايمۇقتۇرۇپ، بىر نەرسىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان قىلىپ قويغان» («تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» 2 - قىسىم «كونا تاڭنامىدىكى تېلىلار ھەققىدىكى قىسسەنى تەكشۈرۈپ ئىزاھلاش») دەيدۇ. سېن جوڭمىيەننىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، دەلىل - ئىسپات ماتېرىياللار كەمچىل بولۇپ، قىياسەن ھۆكۈم چىقارغان قىسمى ناھايىتى كۆپ بولۇپ كەتكەن.

⑯ «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 2 -

قىسمىدىكى «تاڭ دەۋرىدىكى شىمالدىكى تۈرك قەبىلىلىرى ئىگە-
لىگەن جايلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» بىلەن «تاشقى موڭغۇلىيىدىكى
ئۆتۈكەن تېغى ئۈستىدە مۇھاكىمە» گە قارالسۇن.

⑰ سېن جوڭمىيەن: «دىكونا تاڭنامە» دىكى «تۈركلەر ھەققىدە
قىسسە» نى تەكشۈرۈپ ئىزاھلاش» («تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىيا-
ياللار توپلىمى» 2 - قىسىم) دا: «故 (بۇرۇنقى) خېتىدىنى ئېنىق
ئوقۇغىلى بولمايدۇ. خۇددى تاڭ سۇلالىسى سۈي سۇلالىسىغا
ۋارىسلىق قىلىپ، داۋاملىق چاڭئەننى پايتەخت قىلغان-
دەك، چىڭ سۇلالىسىمۇ مىڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ پايتەختنى بېي-
جىڭغا كۆچۈرگەندەك، سىرتاردۇشلارمۇ تۈركلەرنىڭ ئورنىغا قاغانلىق
قىلىپ، ئۆز يۇرتىدىن تۈركلەرنىڭ ئوردىسىغا كۆچۈپ ئولتۇراق-
لاشقان» دەيدۇ (سېن جوڭمىيەن تۈركلەر ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئېتىكىدە
ئوردا قۇرغان دەپ قارايدۇ).

⑱ چاۋانىس «غەربىي تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»
دا: «يۇقىرىدىقى بايان («كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دى-
كى سىرتاردۇشلار «ئۆتۈكەن تېغىنىڭ يېنىدا ئوردا قۇرغان بولۇپ،
ئۇ دىلق چاڭئەننىڭ غەربىي شىمالىغىچە بولغان ئارىلىقى 6000 چا-
قىرىم كېلىدۇ» غا قارىتىلغان) دىكى ئۆتۈكەن تېغى بىلەن چاڭ-
ئەننىڭ غەربىي شىمالىغىچە بولغان ئارىلىقى 6000 چاقىرىم كېلىدۇ
دېيىلگىنى، مۇشۇ بايانلارنى دەلىللەپ بېرىدۇ (شۇ قىسسەدىكى سىر-
تاردۇشلارنىڭ «ئوردا قۇرغان جايى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شىمالىيە،
تۇرا دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، پايتەختنىڭ شىمالىغىچە بول-
غان ئارىلىقى 3300 چاقىرىم كېلىدۇ» دېگەننى كۆرسىتىدۇ)، ئۇ
جاي ھەرگىزمۇ تۇرا دەرياسى بىلەن ئۆتۈكەن تېغىغا يېقىن ئەمەس.
«ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىن مۇھىم بايانلار. جېنگۇەننىڭ ئىككىنچى
يىلى. داۋامى» دا «郁督军, 乞督军, 乌德鞬» دېگەن-
لەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر خىل نامنىڭ ھەر خىل تەر-
جىمىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. چاۋانىس «ئۆتۈكەن» بىلەن «دۇ-

ۋىكفەن» (ئۆتۈكەن) لەرنىڭ چاكىتەن بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىگە قاراپ، دۇۋىكەن (ئۆتۈكەن) نىڭ تۇرا دەرياسى بويىدىكى ئۆتۈكەن ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانغان، ئۇ جاينىڭ ئارىلىقى ئېنىق ئەمەس بولۇپ، سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئوردىسى ھەققىدىكى خاتا قاراشلارنى سېزىۋالالمىغان.

⑲ «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دا: «دەسلەپتە ئىستەمى تەگرىقۇتقا ۋەكالىتەن 10 چوڭ قەبىلە ئاقساقاللىرىنى ئىدارە قىلىدۇ، ئۇنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار، غەربىي يۇرتتىكى غوز ئەللىرىنى تىنچىتىپ تۇرىدۇ، ئۆزىنى 10 قەبىلىلىك قاغان دەپ ئاتاپ، قوۋملىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ھالبۇكى ئۆز قەبىلىلىرىدىكىلەر بولسا ئۇنى باغادۇر قەبىلە يابغۇ دەپ ئاتايدۇ» دېيىلگەن. ئىستەمى كېيىنكى غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى بولۇپ، كۆپرەك يابغۇ دەپ ئاتالغان. «يابغۇ»، «يابغۇ دۆلىتى» غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ئىدى. چاۋانس «غەربىي تۈركلەرگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار» دا «كونا تاڭنامە» نىڭ 40 ـ جىلدىدىكى بېشبالىق قوروقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ داۋامىدا «جېنگۇەننىڭ 20 ـ يىلى قالى قوۋمىنى باشلاپ، بېشبالىققا جايلىشىپ، يابغۇ قەبىلىسىگە ئورۇنلاشتى» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە» نىڭ 221 ـ جىلدىدىكى «تاڭغىتلار ھەققىدە قىسسە»دە: «شەرقتە سوڭجو ئايمىقىغىچە غەربىي يابغۇلار بار» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن يابغۇ ياكى يابغۇ قەبىلىسى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ غەربىي تۈركلەرنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، دەپ يازىدۇ. سېن جوڭمىيەن ئەپەندىمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلىدۇ. سېن جوڭمىيەن يازغان «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارغا تولۇقلىما ۋە ئۇنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1958 ـ يىلى نەشرى، 113 ـ بەتكە قاراڭ.

⑳ «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە سۆي سۇ-

لالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقىغا بويسۇنغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ: «غەربىي تۈركلەرنىڭ شىر قاغانى گۈللىنىپ، سىرتاردۇشنى چۇبە قەبىلىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قاغانلىرىنى ئۆزىگە ئەئىيان قىلىۋالدى. ئۇيغۇر قاتارلىق ئالتە قەبىلە ئۆتۈكەن تېغىغا جايلاشقان شەرقىتكى شىبىغا تەۋە بولدى. ئىشپارانىڭ قوۋمى ئالتۇنتاغقا جايلىشىپ غەربىي يابغۇلارغا تەۋە بولۇپدى» دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن غەربىي ۋە شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ چېگرىسىنىڭ ئالتۇنتاغ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئالتۇنتاغ سىر-تاردۇش خانلىقى بىلەن غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ چېگرىسىغا ئايلانغانىدى.

㉑ دىڭ لىيەن: «خەننامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دىكى جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلارنى تەكشۈرۈپ، دەلىللەش».

㉒ سېن جوڭمىيەن: «جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1962 - يىلى نەشرى، 67 - بەت.

㉓ «كونا تاڭنامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» نىڭ داۋامى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، جېنگۇەننىڭ بەشىنچى يىلى (مىلادى 631 - يىلى) 4 - ئايدا، تاڭ سۇلالىسى «ئالتۇن ۋە يىپەك رەختىلەر ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىكى قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن تۈركلەر تەرەپىدىن تۇتۇ-لۇپ كېتىپ قۇل قىلىنغان 80 مىڭ ئەر - ئايال ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرىنى سېتىۋالغان». غەربىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، جەنۇبقا كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بىر قىسىم خەنزۇ قۇللىرى بولغان. تاڭ تەيزۇڭ بۇ بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرنى ئەمەس، تاپتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭچىلىقى ئارقىلىق تۇتۇپ كەلگەن قۇللارنى

داۋاملىق ئىگىلىشىگە رۇخسەت قىلغان. ئەمما ئۇلارنىڭ داۋاملىق بۇ ھوقۇقتا ئىگە بولۇشىغا رۇخسەت قىلمىغان، شۇڭا ئۇ شايى ۋە يىپەك رەختلەر بىلەن بۇ بىر قىسىم خەنزۇ قۇللىرىنى سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققان. بىراق بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولۇش ھارپىسىدا، تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلاردىن ئايرىلىدىغان چاغدا، پەقەت بىر قىسىم خەنزۇ قۇللىرىنى ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، كەتمەي قېپقالغانلىرى تۇرا قۇلدارلىرىنىڭ قۇللىرىغا ئايلانغانىدى.

㉔ يۇقىرىقى بايانلاردىكى تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان تۈرك قۇلدارلىرىنىڭ قۇللىرىنى كەڭ - كۆلەمدە سېتىش ئىشى تۈركلەرنىڭ شىمالدا دۆلەت قۇرغان ۋاقتىدا يۈز بېرىپلا قالماستىن، بەلكى شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىنمۇ يۈز بەرگەن، تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى قۇملۇقتىن ئۆتۈپ فېئوداللىق تۈزۈمنى يولغا قويغان تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىگە كەلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى قۇللۇق تۈزۈمنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشقا شارائىت قالمىغان، شۇنداقلا تاڭ سۇلالىسىمۇ بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىغان. بۇلار بىلەن سىرتاردۇش خانلىقىدىكى قۇلدارلارنىڭ قۇللارنى سېتىش سەۋەبى ئەلۋەتتە ئوخشاشمايدۇ، شۇڭا ئىككىسىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ.

㉕ چۇبە قاغانىنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي، غەربىي تۈرك خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى «قانۇنلار قامۇسى»، «كونا تاڭنامە» لەردە خاتىرىلەنمىگەن. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ بىرىنچىسى»دە ئۇلارنى «تولىشاد قوۋمى» دەپ ئاتىغان، تولىشاد قوۋمى دەپ ئاتالغانلار قاچان، قەيەرگە بېرىپ ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىدا ئوردا قۇرغانلىقى توغرىسىدا ھېچنېمە دېيىلمىگەن. چۇبە قاغانىنىڭ ئەسلىدە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاپار قاغانىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىدا ئوردا قۇرغانلىقىغا ئاساس-

لانغاندا، ئۇنىڭ ئاپار قاغاننىڭ ئەۋلادى بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن.

㉖ سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ غەربىي، مەمۇرىي رايونلىرىنى جەنۇب - شىمال دەپ بۆلۈشتىن شەرق - غەرب دەپ بۆلۈشكە ئۆزگەرتىشتىكى غەرىزى، روشەنكى ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن قارشىلىشىش مەقسىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بىراق، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلغانىدى. شۇنداقلا ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەنلەرگە ئوتتۇغات نامى بەرگەنىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇنداق قىلىشى، «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە ئاساسلانغاندا «تاشقى كۆرۈنۈشتە ئېتىبار بەرگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۈچىنى بۆلۈپ تاشلاش» ئۈچۈن ئىدى.

㉗ سىبىن جوڭمىيەن ئەپەندى سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى جەنۇب - شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلىشى بىلەن جېنگۇەننىڭ 12 - يىلىدىكى (مىلادى 638 - يىلى) شەرق - غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلىشىنى خاتا ھالدا بىر ئىش دەپ قارىغان، شۇنداقلا «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىكى جەنۇب - شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈش ئىشىنى ئويدۇرما دېگەن («تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» 1 - قىسىم، 475 -، 476 - بەتلەرگە قاراڭ). سىبىن جوڭمىيەن ھون ۋە تۈركلەرنىڭ دۆلىتىنى شەرق - غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈشتەك كونا ئادىتىنى ئېنىق چۈشەنمىگەن، بەلكى سىرتاردۇش خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە دۇچ كەلگەن ئالاھىدە شارائىتنى كونكرېت تەھلىل قىلمىغان. «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دىكى، جەنۇب - شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلىشقا نىسبەتەن پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللانغان. بۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

㉘ ياپونىيىلىك شىراتورى كۇراكىچى «يېڭى تاڭنامە» دە

شىت (霫) لار بىلەن ئەقشىدلارنى خاتا ھالدا بىر دەپ مەلۇ-
مات بېرىلگەن، دەپ قارايدۇ. («توڭگۇس مىللىتى توغرىسىدا مۇ-
ھاكىمە» نىڭ 11 -، 12 - بەتلىرىگە قاراڭ). شىتلار بىلەن قىتان-
لار بىر ئىرق؛ ئەقشىدلا بولسا تۇرالارنىڭ 15 قەبىلىسىنىڭ
بىرى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بار.

㉙ «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. تۇرالار» دا
بۇ «قىتان» دەپ تىلغا ئېلىنغان. قىتانلار تۇرالارنىڭ قەبىلىلىرى
ئەمەس. «قىتان» دېيىش خاتا. «كونا تاڭنامە. تەيزۇڭ ھەققىدە
خاتىرە» گە ئاساسلانغاندا، بۇنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

㉚ «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. تۇرالار» دا
بۇنى «قۇمۇق» دەپ تىلغا ئالغان. «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەق-
قىدە قىسسە» دە «ئاتېمىز» دەيدىغان سۆز يوق، بەلكى «قۇمۇق»
دېگەن سۆز بار. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇنىڭدىكى «ئاتېمىز» دې-
گەن سۆز خاتا ھالدا «قۇمۇق» قا ئايلىنىپ كەتكەن.

㉛ تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل بولغانلىقتىن، بىر قىسىم
تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ «ئۇلۇش يېرى» نى تەپسىلىي بىلىشكە مۇم-
كىن بولمىدى. شۇڭا بۇ تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تارقالغان جايىنى
تەكشۈرۈشتە، ئاساسلىقى ئۇلار بىلەن باشقا تىللىق قەبىلىلەرنىڭ
ئۇلۇش يېرىنىڭ نىسپىي ئورنىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇ تارىخ كى-
تابلار بىلەن زىت كەلمەيدىغان تەرەپلىرىنى تېپىپ چىقىشىمىز
لازىم.

㉜ خې چيۇتاۋ: «شىمالدىكى مۇداپىئە تەييارلىقلىرى» 32 -
جىلد.

㉝ ㉟ دىڭ چيەن: «يېڭى تاڭنامە» دىكى ئۇيغۇر قاتار-
لىق ئەللەرنىڭ جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش».

㉞ ㊴ «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» 2 -
قىسىم، 750 -، 664 - بەتلەر.

㊱ دىڭ چيەننىڭ بۇ خاتالىقى سىن جوڭمىيەن ئەپەندى تە-

رىپىدىن كۆرسىتىپ بېرىلگەن. «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 ـ قىسىم، 739 ـ بەتكە قاراڭ. بىراق، سېن جوڭمىيەن پاكىتلارغا قارىماي، «يېڭى تاڭنامە» دىكى «ھون قەبىلىسى تۇزا قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدا» دېگەننى تەنقىد قىلىپ، ئالدىراپلا مۇلاھىزە قىلغان». ئۇ ئۆزىنىڭ «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىمالدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى» دېگەن ماقالىسىدە («تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 2 ـ قىسىم، 765 ـ، 774 ـ بەتلىرىگە بېسىلغان) ھون قەبىلىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرى ئۈستىدە تولۇق مۇھاكىمە يۈرگۈزمىگەن.

㊲ «يېڭى تاڭنامە» دىكى بۇ خاتالىقنى سېن جوڭمىيەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن. «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 ـ قىسىم، 665 ـ بەتكە قاراڭ.

㊳ دىڭ چيەن: «‹يېڭى تاڭنامە› دىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ئەللەرنىڭ جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش» دىڭ چيەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق تېلەنغۇتلار ئولتۇراقلاشقان دەۋرىدىكى خالخا دەرياسىنى توغرا دەرياسى دېگەن، ھالبۇكى بۇ يەردە يەنە تۇرا دەرياسىنى توغرا دەرياسى دېگەن.

㊵ سېن جوڭمىيەن «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دا: «‹يېڭى تاڭنامە› دىكى قىسسە («‹يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە› نىڭ داۋامىنى» كۆرسىتىدۇ) لەردە ‹توغرالار سىرتاردۇشلارنىڭ شىمالىدا، تېلەنغۇتلار ئۇلارنىڭ شەرقىدە› دېيىلگەن›»؛ يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، تېلەنغۇتلار سىرتاردۇشلارنىڭ شەرقىدە، توغرالار شىمالىغا جايلاشقان، توغرالار ھەرگىزمۇ تېلەنغۇتلارنىڭ شەرقىدە ئەمەس. «يېڭى تاڭنامە» دىكى قىسىمدىكى بۇ جۈملىلەرنىڭ باش ـ ئاخىرى ماسلاشمىغان ھەمدە ئەسلىدىكى ماقالىدە زىددىيەت ۋە خاتالىق بار» دەپ كۆرسەتكەن. سىرتاردۇشلارنىڭ «شىمالىدا» دېگۈچىلەرنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، سىرتار-

دۇشلار تارقالغان جايىنىڭ شىمالى بىلەن سىرتاردۇشلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا چېگرا قۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنى بىرلەشتۈرۈۋېتىشى كېرەك. توگرالار سىرتاردۇشلارنىڭ شىمالى بىلەن تېلەنغۇتلارنىڭ شەرقىدە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولۇپ، «يېڭى تاڭنامە»دە دېيىلگەنلىرى خاتا ئەمەس.

⑭ دىڭ چيەن، خې چيۇتاۋ ۋە سېن جۇڭمىيەنلەرنىڭ بارغۇت قەبىلىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى توغرىسىدا تەكشۈرۈپ مەلۇمات بەرگەن. «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 - قىسىم، 733 - بەتكە، «يېڭى تاڭنامە»دىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ئەللەرنىڭ جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش»كە، «شىمالدىكى مۇداپىئە تەييارلىقلىرى»غا قارالسۇن.

㊷ «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» 2 - قىسىم، 733 - بەت.

㊸ ۋاڭ جىڭرۇ: «تۈركچە ئۇيغۇر تۇخپىدار بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى»، فۇرېن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى، 7 - جىلد.

㊹ «تارىخىي كىتابلاردىكى چېگرا قورغانلارغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 18 - جىلدىدا لىڭجىڭ تېغىنى خۇاڭشۈي دەرياسىنىڭ (ھازىرقى شارمۆرۈن دەرياسى) جەنۇبىغا جايلاشقان دېيىلگەن. ئەقىشىدلارنىڭ تارقالغان جايى لىڭجىڭ تېغىنىڭ شىمالىدا بولۇشى مۇمكىن.

㊺ سېن جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، «قانۇنلار قامۇسى» قاتارلىقلار بىلەن گۇدەننىڭ «يوللار خاتىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن تەرەپلەر ئارىلىقى جەھەتتە زىددىيەت بار. «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 - قىسىم، 746 - بەتكە قاراڭ. يەنە «جۇڭگو تارىخىغا ئائىت خەرىتىلەر توپلىمى» نىڭ 2 - قىسىمىدا (جۇڭگو تارىخىغا ئائىت خەرىتىلەر توپلىمىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن. جۇڭگو خەرىتە نەشرىياتى 1975 - يىل نەشرى) دە تو-

پاسلارنىڭ جايلاشقان ئورنىنى خاككاسلارنىڭ جەنۇبىدىكى كەم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا قىلىپ كۆرسەتكەن، بەلكىم خاتالىق بولۇشى مۇمكىن.

⑯ «يېڭى تاڭنامە» دىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ئەللەرنىڭ جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش».

⑰ خې چيۇتاۋ بىلەن سېن جوڭمىيەن ئىككىسىنىڭ ماقالىلىرىدىكى پەرق ھەققىدە «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 - قىسىم، 749 - بەتكە قارالسۇن.

⑱ سېن جوڭمىيەن ئەپەندى «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە، نىڭ داۋامى» نىڭ قورىقانلار توغرىسىدىكى بايانلىرىدا «خاتالىق بار» دەپ قارايدۇ. «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 - قىسىم، 749 - بەت.

⑲ سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان يىلى توغرىسىدا، «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. سىرتاردۇشلار» دا: «سىرتاردۇشلار جېنگۇەننىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئوردا قۇرغان. ئۈچ ھۆكۈمرانىنىڭ دەۋرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئومۇمەن 20 يىل ھۆكۈم سۈرگەن» دېيىلگەن. ما چاڭشۇ «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» دا «تۈرك تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. سىرتاردۇشلار» دا دېيىلگەنلىرىگە قوشۇلماي، «سىرتاردۇشلارنىڭ ئاقساقىلى 628 - يىلى قاغان دەپ ئاتىلىپ، 646 - يىلى دۆلىتى مۇنقەرز بولغانغا قەدەر 19 يىل دەۋر سۈردى» دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە سىرتاردۇشلارنىڭ ئاقساقىلىنىڭ قاغان دەپ ئاتالغان ۋاقتى جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادى 629 - يىلى) بولۇپ، مۇشۇ بابىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدىن پەرقلەندۈرۈپ كۆرۈلسۇن. ما چاڭشۇنىڭ دېگەنلىرىدە خاتالىق بار. يەنە «ئۇلۇغ ئادالەتلىك دۇنيا خاتىرىلىرى. سىرتاردۇشلار» دا «ئۈچ ھۆكۈمرانىنىڭ دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، 22 يىل دەۋر سۈرگەن» دېيىلگەن. سېن جوڭمىيەن «ئۇلۇغ ئادالەتلىك دۇنيا خاتىرىلىرىدىكى سىرتاردۇشلارنى تەكشۈ-

رۇپ ئىزاھلاش» تا «ئون» ( + ) خېتى «ئىككى» ( = ) خېتىگە ئالماشتۇرۇپ قالغان دەيدۇ. («تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 - قىسمىغا قارالسۇن).

(50) «قانۇنلار قامۇسى. دەشتى - باياۋاننى سېغىنىش» تا بۇ ۋەقە «جېنگۇەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا» بولغان دېيىلگەن. يېڭى، كونا «تاڭنامە» لەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ۋەقە جېنگۇەننىڭ تۆتىنچى يىلى (مىلادى 630 - يىلى) بولغان. مۇشۇنداق دېيىش ئەقىلغا مۇۋاپىق.

(51) مۇقان قاغاننىڭ شىمالىي ۋېينى قىستاپ ئەل بولغان جورجان خەلقىنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا شۇ ۋاقىتتا (غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ گوڭدى ئىككىنچى يىلى، مىلادى 555 - يىلى) ھالىدىن كەتكەن جورجانلار تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ گوڭدى ئىككىنچى يىلى قالدۇق قوۋملاردىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ گۈەنجۇڭغا قېچىپ باردى، تۈركلەر ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك قوشۇنىغا تايىنىپ، يەنە غەربىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن ياخشىلىشىپ، قالغان ئىشلارنى چوڭ دۆلەت (غەربىي ۋېينى كۆرسىتىدۇ) كە تايىنىپ ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ جوۋىن ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 3000 دىن ئارتۇق جورجاننى تۈرك ئەلچىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، چىڭمېن قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا ئۆلتۈردى» دېيىلگەن.

(52) «جېنگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەر» نىڭ 9 - جىلدىدا «تەيزۇڭ قوبۇل قىلمىدى» دېيىلگەن. توغرا ئەمەس، «ل» خېتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە گۇمان بار.

(53) تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى كورشادنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش ۋەقەسى جېنگۇەننىڭ 13 - يىلى (مىلادى 639 - يىلى) 4 - ئايدا

يۈز بەرگەن. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، كورشاد ئەسلىدە
شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى تولشاد قاغاننىڭ ئىنىسى بو-
لۇپ، شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، تاڭ سۇ-
لالىسى تەرىپىدىن كەپىلاۋۇللۇققا تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، ئۇزۇن
مۇددەت بويسۇنماي ئاسىيلىق قىلىش نىيىتىدە بولغان.
شۇ ۋاقىتتا كورشاد جيۇ چېڭگوڭ ئوردىسىدىن چىقىپ، «ئۆز قەبى-
لىسىدىكى 40 تىن ئارتۇق كىشى بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاپ»،
كېچىدە ئوردا كۆرەسكە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا، تاڭ تەيزۇڭنىڭ
مۇھاپىزەتچى قوشۇنى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.
بۇرۇنقى ھازىرقى تارىخچىلار مۇشۇ ۋەقەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇيـ
رۇق چۈشۈرۈپ 100 نەچچە مىڭدىن ئارتۇق تۈركلەرنى دەريادىن
ئۆتكۈزۈپ چېگرىدىن چىقىرىۋېتىشىكى ھەل قىلغۇچ سەۋەب دەپ
قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، كورشاد ۋەقەسى پەقەتلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ
بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تۈركلەرنى چېگرىدىن چىقىرىۋېتىشتىكى بىر با-
ھانىسى ئىدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئەگەر كورشاد ۋەقەسى تاڭ
سۇلالىسىنىڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تۈركلەرنى چېگرىدىن قوغلاپ چىـ
قىرىشتىكى ھەل قىلغۇچ سەۋەب بولسا، ئۇ ھالدا تۈركلەرنى چېگـ
رىدىن چىقىرىۋېتىشتە ئەينى ۋاقىتتا ئادەتتىن تاشقىرى جىددىي
خاراكتېر بىلەن مەجبۇرىي ھالدا دەرھال ئىجرا قىلىنغان بولاتتى.
بىراق، ئەمەلىيەتتە تاڭ سۇلالىسى تاكى 641 - يىلىدا يەنى كور-
شاد ۋەقەسى يۈز بېرىپ بىر يىل و ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئانـ
دىن تۈركلەرنى چېگرىدىن چىقىرىۋېتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن.
ئىككىنچىدىن، تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرنى چېگرىدىن چىقىرىۋېتىش
توغرىسىدا ئەڭ قاتتىق داۋراڭ كۆتۈرگەن ۋاقىتى مىلادى 639 -
يىلىنىڭ ياز بىلەن كۈز ئارىلىقى بولۇپ، بۇ ۋاقىت) دەل تاڭ
سۇلالىسىنىڭ قوچۇ خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق ۋە ھەرىـ
كەت قوللىنىۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كېلەتتى. مىلادى 640 - يىلى
تاڭ سۇلالىسى قوچۇ خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن تۈركلەرنى

چېگرىدىن چىقىرىۋېتىش مەسىلىسى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان.
ناھايىتى روشەنكى تۈركلەرنى چېگرىدىن چىقىرىۋېتىش ئەينى ۋا-
قىتتىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇياقتىن شەپە بېرىپ، بۇياقتىن زەربە
بېرىش سىياسىتى ئىدى. ئۈچىنچىدىن، مىلادى 639 - يىلى تاڭ
سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ - ۋەزىرلىرىنىڭ تۈركلەرنى چېگ-
رىدىن چىقىرىۋېتىش توغرىسىدىكى داۋراڭلىرى پۈتۈنلەي قەستەن
ھالدا ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بىر خىل ھالەت بولۇپ، مەقسىتى
سىرتاردۇشلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ
دىققىتىنى غەربكە بۇرىيالمايدىغان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوچۇنى يو-
قىتىشى ئۈچۈن قىلغان ھەربىي يۈرۈشىگە مۇداخىلە قىلالمايدىغان
قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئەينى، ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى
زور قوشۇننى غەربكە يۆتكىگەچكە، ئەمەلىيەتتە چېگرىدىن چىقىپ
كەتكەن تۈركلەرنىڭ سىرتاردۇشلارنىڭ بۇلاڭ - تالىڭىغا ئۇچرىشى-
نى قوغداشقا مادارى يەتمەيتتى. قىسقىسى، ھازىر بار بولغان ما-
تېرىياللاردىن قارىغاندا، كورشاد ۋەقەسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇي-
رۇق چۈشۈرۈپ تۈركلەرنى چېگرىدىن چىقىرىۋېتىشتىكى بىر باھا-
نىسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ سەۋەب بولالمايدۇ.

(64) سېن جوڭميەن «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپ-
لىمى»نىڭ 1 - قىسمىدا مۇشۇ باغادۇرنى غەربىي تۈركلەرنىڭ
ھۆكۈمرانى يابغۇنىڭ تاغىسى باغادۇر شۇ دەپ قارايدۇ.

(65) «كونا تاڭنامە. سۈي جىۋېننىڭ تەرجىمىھالى»غا ئا-
ساسلانغاندا، گاۋ زۇڭنىڭ لىندې يىللىرىدا (مىلادى 664 -، 665 -
يىللار) لىڭجودا قوشۇن، ھون قەبىلىلىرىدىن بولۇپ «10 مىڭ
ئۆيلۈكتىن ئارتۇق تۈتۈن» بار ئىدى. بۇ قوشۇن قەبىلىسى ئاشۇ
يىللاردا (جېنگۇەننىڭ 5 - يىلى) ئىسيان كۆتۈرمەي قېچىپ قال-
غانلار ئىدى.

(66) گەنجۇ بىلەن لياڭجۇدىكى چۇبە قەبىلىسىنىڭ قوۋملىرى
جېنگۇەننىڭ 16 - يىلى (مىلادى 642 - يىلى) قارشىلىق كۆرسىت-

تىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كەتكەن. تەپسىلاتى تۆۋەندە.
(57) «كونا تاڭنامە، تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە «شوفاڭ
يولى ھەربىي يۈرۈش قوشۇنىنىڭ باشبۇغى» دېيىلگەن. بۇنىڭدا
«كونا تاڭنامە. لى جىڭنىڭ تەرجىمىھالى» ئاساس قىلىندى.
(58) تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ بۇ قېتىملىق ئورۇنلاشتۇرۇ-
لۇشى، تاڭ تەيزۇڭ دۇئا - تىلاۋەتنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كې-
يىن، مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا كېرەك. «يېڭى، كونا تاڭ-
نامە» ۋە باشقا كىتابلاردا، سىرتاردۇشلارنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىر-
گەن كۈنى يەنى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى دېيىلگەن. بۇ بەلكىم
تاڭ سۇلالىسىنىڭ رەسمىيەت ئۈچۈن يارلىق شەكلىدە ئۇشبۇ ئو-
رۇنلاشتۇرۇشنى جاكارلىغان كۈنى بولسا كېرەك.
(59) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»
196 - جىلدتا جېنگۇەننىڭ 15 - يىلى «پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈلگەن»
دېيىلگەن. ئىزگىل قەبىلىسى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغاندا 40 مىڭ
تۈتۈندىن ئارتۇق ئاھالىسى بار ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرى-
سىدا ئىسيان كۆتۈرۈپ شىمالغا كەتكەن ئىزگىللار بىرلىكتە ھەرى-
كەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار 40 نەچچە مىڭ تۈتۈن ئىدى.
تاڭ سۇلالىسى ئەسىرگە ئالغان ۋە ئۆلتۈرگەن ئىزگىللارنىڭ سانى
«كونا تاڭنامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»دە «ئەسىرگە ئېلىنغان
ئەر - ئاياللار مىڭ نەچچە تۈتۈن» دەپ خاتىرىلەنگەن، ئاشكارى-
لىنىشىچە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى. «كى-
تابلار جەۋھىرى» نىڭ 985 - جىلدتا ئەسىرگە ئېلىنغان ۋە ئۆل-
تۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى 5000 تۈتۈندىن ئارتۇق دەپ خاتىرىلەنگەن.
ئەسىرگە ئېلىنغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلەردىن تاشقىرى، قالغان 35 مىڭ-
دىن ئارتۇق ھايات قالغان ئىزگىللار «پۈتۈنلەي يوقىتىلغان» مۇ؟
بۇ 35 مىڭ ئىزگىللارنىڭ ئىز - دېرىكى تاڭ سۇلالىسى تارىخلىرىدا
خاتىرىلەنمىگەن. ئېھتىمال ئۇلار نوچىن دەرياسى ئۇرۇشى بولغان
پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ شىمالغا قايتىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.
(60) جۇ سۈيلياڭ تاڭ تەيزۇڭغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «ھالا
بۈگۈنكى كۈنلۈكتە سۇلالىمىزدە چېكىنىش خاھىشى پەيدا

بولۇۋاتىدۇ، بۇ خىل ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. پېقىر خاندانلىقىمىزنىڭ ئىناۋىتىنى ۋە شان - شۆھرىتىنى ساقلاپ قالالىساقكەن دەپ قارايمەن، ئەگەر بىر پادىشاھ ياخشى نەرسىلەرنى كۆرگەندە ئۆزىنى يوقىتىپ قويسا، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ». ئۇ يەنە: «ئالىيلىرى، سىز ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئەتراپلىق ئويلانغايلا، گەپ قىلغاندا ئىناۋەتلىرىنى ساقلىغايلا. بۈگۈنكى كۈندە سىلە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئاسادىپىي ئالاھىدە ئەھۋاللارغا يولۇققاندا، لايىقىدا بىر تەرەپ قىلغانلىرى ناھايىتى ئاز. كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلەر كۆپ بولۇۋاتىدۇ. پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرمىغانلىقى گۇمان پەيدا بولۇپ، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى كۆرەلمەي ھەسەت قىلىشسا چېگرىدا ئىش چىقماي قالارمۇ؟ قوچۇ، شوفاڭدىكىلەر بىلىگە دەخلى - تەرۇز قىلماسمۇ؟ غۇزلار يالغاندىن بويسۇنغاندەك تۇرسىمۇ، كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك بار. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئىشەنچىسىنىڭ يوقىلىشىغا ۋە گۇمان پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا ئەسكەرلەرنى ئەشق قىلدۇرغىلى، ئۇلارنى ئۇرۇش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغىلى بولمايدۇ» («كونا تاڭنامە. جۇ سۇيلياڭنىڭ تەرجىمىھالى») دېگەن.

(61) «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. سىرتاردۇشلار» بىلەن «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسەنىڭ داۋامى»دا «ئاشىنا سۇكۇن» دەپ تىلغا ئېلىنغان. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 198 - جىلد جېنگۇەنىنىڭ 20 - يىلىدا «ئاشىر سۇكۇن» دەپ تىلغا ئېلىنغان. ئاشىنا سۇكۇننىڭ ئىش ئىزلىرى توغرۇلۇق تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ھېچقانداق دەلىللەر يوق.

(62) دومبىچىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىنكى يۈزلىنىشى توغرىسىدا كىتابلاردىكى خاتىرىلەردە ئوخشىماسلىق بار. بۇنىڭدا «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 198 - جىلد تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 20 - يىلىدىكى ماددىسىدىن ئېلىندى.

(63) تەكىرىخان تېغىدا سىرتاردۇشلار يوق، ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىي بولسا كېرەك.

## XIII باب تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۈرالار

سىرتاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى (مىلادى 647 - يىلى) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئايماقلارنى تەسىس قىلدى. ۋۇزېتيەننىڭ شۇڭخۇا ئىككىنچى يىلى (686 - يىلى) گە كەلگەندە، شىمالدىكى تۈرالارنىڭ پارغۇت، توكرا قاتارلىق قەبىلە بىرى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. تاڭ سۇلالىسى شىمالدا بىۋاستە 40 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مۇشۇ مەزگىللەردە شىمالدىكى كەڭ زېمىنلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى، تۈرا قەبىلىلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى بىر ئاز سانلىق مىللەتكە ئايلىنىش بىلەن بىرگە، تاڭ سۇلالىسى بىلەن كەڭ كۆلەمدە قويۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورناتتى.

## 1. تاڭ تەيزۇڭنىڭ شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىش سىياسىتى ۋە تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىش جەريانى

سىرتاردۇشلارنىڭ قاغانى دومى تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا «ئۆزلىرىنى ئېركىن دەپ ئاتىغان» يەنى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى «ئۆزئارا بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشقان» («كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە») قالايمىقان ۋەزىيەتنى پەيدا قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا شىمالدىكى ئۇيغۇر، بارغۇت، توڭرادىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلە ئەڭ كۈچلۈك تۇرا قەبىلىلىرى ئىدى. ئەگەر قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ بۇ خىل «ئۆزئارا بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىش» ۋەزىيىتى داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، چوقۇم بۇ ئۈچ قەبىلە ئىچىدىكى بىر قەبىلە قورال كۈچى ئارقىلىق باشقا تۇرا قەبىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، شىمالدا يېڭىدىن بىر قۇللۇق تۈزۈمىدىكى تۇرا خانلىقىنى قۇرغان بولاتتى، بۇنى ئەلۋەتتە تۈرك خانلىقى بىلەن سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ ھۇجۇمىغا كۆپ ئۇچرىغان تاڭ سۇلالىسى خالىمايتتى. بۇ ۋاقىتتا لى جىڭنىڭ باشچىلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى شىمالدا سىرتاردۇشلارنىڭ نەچچە ئون مىڭ ئەسكىرىنىڭ قارشىلىقىنى يوقاتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەيۋىسى شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىغا تارقالدى. ئالدى بىلەن چۇبە قەبىلىسى «سوۋغا - سالام بىلەن كېلىپ بەيئەت قىلدى». تاڭ سۇلالىسى سۇسيېنى ئۇيغۇرلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇيغۇرلار ئۇنى دوستانىلىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە

تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا ياردەملىشىپ، سىرتاردۇشلارنى يوقاتتى ھەمدە تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى. تاڭ تەيزۇڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە «سىرتاردۇشلارنى يوقاتقان تۆھپىسى» ئۈچۈن ئوردىدا زىياپەت بەردى. كۆپ ساندىكى تۇرا قەبىلىلىرى، بۇنىڭ ئىچىدە تاڭ سۇلالىسىگە قارىتا دوستلۇق ئىزھار قىلغان ئۇيغۇر قەبىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەبىلىلەر تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولۇش مەسىلىسىدە، يەنىلا تەۋرىنىپ، قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە بولدى. «بارغۇت، توڭرا قەبىلىلىرىنىڭ دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالغان» («كىتابلار جەۋھىرى» 136 جىلد) لىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇ ئىككى قەبىلە يەنىلا تاڭ سۇلالىسىگە قارىتا ئۆچمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولغان. تاڭ سۇلالىسى ئەگەر كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا ۋاقتىدا تەسىر كۆرستەلىسىلا، تۇرالارنى ئۆزىگە قوشۇۋالالايتتى. تاڭ تەيزۇڭ ئەينى ۋاقىتتىكى شىمالدىكى بۇ خىل پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىماي دومۇجىنىڭ تەسلىمنامىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ: «سىرتاردۇشلار يوقالدى. تۇرا قەبىلىرى كېلىپ بەيئەت قىلىشى ياكى بەيئەت قىلماسلىقى مۇمكىن، مۇبادا پۇرسەتتىن پايدىلانماسساق، كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىمىزگە دۈشمەن بولىدۇ. شۇڭا مەن لىڭجۇ ئايمىقىغا بېرىپ ئۇلارنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلماقچىمەن» («ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 198 - جىلد تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 20 - يىلى) دېدى. لىڭجۇ ئايمىقىغا بېرىپ ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىشنىڭ مەقسىتى يارلىقتا ئېيتىلغاندەك: «قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، چېگرىنى مۇستەھكەملەپ، ئوردا بىلەن جايلارنى بىر گەۋدىگە كەلتۈرۈش، مەڭگۈ ئىناقلىق ئورنىتىپ، سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى ئورۇش تۇمانلىرىنى يوقىتىپ، ئايماقلارنى ئەس-

كەرسىمۇ، قورغانلارنى مۇداپىئەسىز ھالەتكە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت» («كىتابلار جەۋھىرى» 136 جىلد) ئىدى. تاڭ تەيزۇڭ بىر قېتىمدىلا «دالالەت قىلىپ قورغانلارنى مەڭگۈ مۇداپىئەسىز» ھالەتكە كەلتۈرۈشى، ئەلۋەتتە خام خىيال بولۇشىمۇ، لېكىن ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق شىمالدا يېڭى تۇرا خاندانلىقىنىڭ پەيدا بولۇشىنى توسۇماقچى ئىدى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىدا بىر قەدەر ئۇزاق مەزگىللىك ئەمىنلىك ئورناتماقچى ئىدى. بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ پەرمانىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تاڭ تەيزۇڭ خەلقتىن ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇشنى، ئۆزىنىڭ لىكىجۇ ئايىمىقىغا بېرىپ، تۇرالارنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىش ئىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ يارلىقىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «شەرققە (كۆرۈيىگە قىلىنغان جازا يۈرۈشىنى كۆرسىتىدۇ) ئۇزۇلدۇرمەي ئېلىپ بېرىلغان جازا يۈرۈشلەر دەستىدىن، ئەسكەرلەر چارچاپ ھالىدىن كەتتى. ئۇلارنى شەھەر ـ قەلئەلەردە ئارام ئالدۇرۇپ، يەلى توشمايلا كۆزدە يەنە قايتا جازا يۈرۈش قىلىنغاچقا، ئۇلار تېخىمۇ چارچاپ كەتتى. ئەمما ياخشى دورا ئاچچىق بولغىنى بىلەن، ئاغرىق ئۈچۈن شەربىتى كەۋسەردۇر. تېرىقچىلىق قىلىدىغان كۆچلەر زىيانغا ئۇچرىسا، دېھقانلار بۇنىڭدىن شادلىنىپ ئەكسىچە ئامبارلاردىكى ئاشلىقلارنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىككىنە يامانلىقنىڭ زور ياخشىلىققا ئايلىنىشىغا تاقەت قىلىپ، كىچىككىنە زىيان ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەكچى بولۇۋاتىدۇ». يارلىقنىڭ ئاخىرىدا يەنە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «بىز بىئارام بولۇۋاتقان بولساقمۇ، يەنىلا پۈرسەتنى دەپ يولغا ئاتلانماقچى بولۇۋاتىمىز. شۇڭا پۇقرا ۋە ئەسكەر، ئەمەلدارلار ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلغاي». لىكىجۇنىڭ ئەتراپى

چوڭ قوملۇققا يېقىن بولسىمۇ، تاڭ تەيزۇڭنىڭ شەخسەن ئۆزى دالالەت قىلىشقا بېرىشى، شۈبھىسىزكى، شىمالدىكى تۇرالارنى كۆزىتىپ بېقىش پۇرسىتىدىن ۋاز كەچتۇرۇش بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىش جەريانىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى.

تاڭ تەيزۇڭ سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن سىياسىئون، ھەربىي ئالىم ئىدى. ئۇ دالالەت قىلىشنىڭ پايدىسى بىلەن زىيىنىنى ئوبدان بىلگەچكە، شىمالدىكى ھەربىي ئەمەلىي كۈچىنى مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. ئۇ، لىڭجوۋغا بېرىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يارلىق چۈشۈرۈپ، جياڭشىيا بېگى لى داۋزۇڭ بىلەن دەيجوۋ ئايمىقىنىڭ ئۇتۇقى شۆۋەنچى قاتارلىقلارنى زور قوشۇن بىلەن بۆلۈنۈپ شىمالغا بېسىپ كىرىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىدا تۇرۇۋاتقان لى جىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى بۇيرىدى. لى داۋزۇڭ قوشۇنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا كىرىپلا ئاپاتارقان باشچىلىقىدىكى سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ نەچچە 100 مىڭ ئادىمىنى مەغلۇپ قىلىپ، «1000دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، ئارقىسىدىن 200 چاقىرىمچە قوغلاپ باردى» («كىتابلار جەۋھىرى» 985 - جىلد). ئاپاتارقان قالدۇق قوۋملىرىنى باشلاپ غەرب تەرەپتىكى ئالتۇنتاغقا كەتتى. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبىسى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئۆتكەن تېغىغا يۈرۈش قىلىپ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، لى داۋزۇڭ بىلەن شۆۋەنچى ئۇيغۇر قەبىلىسىگە ئايرىم - ئايرىم ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ تەيزۇڭنىڭ «تىنچلاندۇرۇپ ئەمىنلىككە دالالەت قىلىشىدىن خاۋاتىرلەن

مەسلىك» نى جاكارلىدى. تارىخىي كىتابلاردا «ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرى ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە ھەممىسى بىردەك خۇرسەن بولۇشۇپ، ئۇلۇغ ئەلنىڭ يىراق جايدىن كېلىپ قىلغان دالالىتىگە قوشۇلماسلىقىمىزغا ھەددىمىز يوق، خاندانلىقىقا بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز دېگەن» («كىتابلار جەۋھىرى» 985 - جىلد) لىكى خاتىرىلەنگەندى.

ئۇيغۇرلار سىرتاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قەبىلە بولۇپ قالغانىدى، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا تېزلىك بىلەن ھەل قىلغۇچى خاراكتېرلىك تەسىر پەيدا قىلدى. ئارقىدىنلا باشقا تۇرا قەبىلىلىرىمۇ «بەيئەتنامىلەر ئەۋەتتى» (يۇقىرىقى كىتابقا قارالسۇن)، ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىمۇ «خۇشاللىق بىلەن بىردەك تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 198 - جىلد. جېنگۇەن 20 - يىلى) ۋە ئۇيغۇر قەبىلىسىگە ئوخشاش ئۆزلۈكىدىن تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارنىڭ ۋەزىيىتىدە تۇپلۇك ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

شىمالدىكى تۇرا قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن تاڭ سۇلالىسىگە ئۆزلۈكىدىن بەيئەت قىلىشنى بىلدۈرۈشىدىن ئىبارەت ۋەزىيەت ئاستىدا، جېنگۇەننىڭ 20 - يىلى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تاڭ تەيزۇڭ چاڭئەندىن لىڭجۇغا يۈرۈش قىلدى، ئىككىنچى كۈنى مەپە بىلەن جىڭيائىدۇن (ھازىرقى شەنشىنىڭ غەربىدىكى مېڭياڭ) غا يېتىپ باردى. بۇ ۋاقىتتا تۇرالارنىڭ ئۇيغۇر، بارغۇت، تۇڭرا، بايىرقۇ، تېلەنغۇت، ئىزگىل①، ئاتېمىز، چۇبە، ئاۋاسارە

ھون، قوشۇر قاتارلىق 11 قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرى جىڭگياڭدۇنغا ئەلچى ئەۋەتتى، ئۇلار تاڭ تەيزۇڭغا ئۇلپان تەقدىم قىلدى ۋە نامە ئەۋەتىپ مۇنداق دېيىشتى:

«سىرتاردۇشلارنىڭ قاغانى خاندانلىققا بەيئەت قىلىشنى خالىماي تۇرۇۋاتىدۇ، زالىملىق ھەرىكىتىنى ھېلەھەم توختاتمايۋاتىدۇ، بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا مۇناسىپ ئەمەس، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاچقا، قوۋملىرى تارقىلىپ كەتتى، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ھەرقايسىمىزنىڭ ئايرىم ئۆلۈش يەرلىرىمىز بار، سىرتاردۇشلارغا ئەگىشىپ بىرگە كېتىشنى خالىمايمىز، پەغپۇرنىڭ بىزنى پاناھىغا ئېلىپ، زېمىنىمىزدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەنسەپ تۈزۈمىنى تەسىس قىلىپ، ئىگىدارچىلىق قىلىشىنى خالايمىز» (تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر، تۇرالار ھەققىدە قىسسە).

«ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەنسەپ تۈزۈمىنى تەسىس قىلىش»تا ھەم تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ئارىسىدا يەرلىك ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىپ تۇرا قەبىلىلىرىگە بولغان بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنغان، ھەم تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىگە كىرىشى مەقسەت قىلىنغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن ئاۋۋال ئىزھار قىلغان «ئوردىغا بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلىش»، «بەيئەتنامە ئەۋەتىش» ى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شەكسىزكى بىر قەدەم ئالغا باسقانلىق ئىدى. تاڭ تەيزۇڭ نامەنى كۆرگەندىن كېيىن خۇرسەن بولۇپ، جىڭگياڭدۇندىكى ۋاقىتلىق ئوردىدا «زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ» ئايرىم - ئايرىم ھالدا «بەيئەت قىلغىلى كەلگەن ئەلچىلەرنى يارىملىق سەركەردە ۋە جاۋۇپ لەشكەر بېشىلىققا تەيىنلىگەن». ھەمدە ئوڭ قانات قوشۇنلارنىڭ سەركەردىسى ئەن يوگ-

تۈنى دەستەك، دارايى، كىمخاب قاتارلىقلارنى ئېلىپ، شىمالغا بېرىپ «ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن ھال سوراش» قا ئەۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا تۇرالارنىڭ 15 قەبىلىسىنىڭ ئىچىدە بەيئەت قىلمىغانلاردىن يەنە سىرتاردۇشلاردىن باشقا توباسلار، قورىقان، ئاقسىدتىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلە بار ئىدى. توباس، قورىقانلاردىن ئىبارەت ئىككى قەبىلە موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان، ئاقسىدلار موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان. بۇ ئۈچ قەبىلىنىڭ جايلاشقان ئورنى بىرقەدەر چەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن تېخى بەيئەت قىلمىغانىدى. بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدىكى كىچىك قەبىلە بولغاچقا، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. قىسقىسى، ئۇيغۇر قاتارلىق 11 قەبىلىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشى شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىش ۋەزىيىتىنىڭ ئاللىبۇرۇن مۇقىملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا تاڭ تەيزۇڭ 11 تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان ئىككىنچى كۈنى يەنى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تۆۋەندىكىدەك يارلىق چۈشۈردى:

«ئۇلار ئارىسىدىكى چۆبە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى چۆبە ئېركىن بىلەن تۇرا جەمەتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى قۇتلۇق ئىلتەبىر (ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تۇمىدنى كۆرسىتىدۇ) قاتارلىقلار شىمالىي دېڭىزنىڭ ئەتراپىغا تارقىلىپ كەتكەن، 1 مىليوندىن ئارتۇق تۈرتۈنگە باشچىلىق قىلىپ يىراقتىن ئەلچى ئەۋەتىپ بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئوخشاش ئايماق، ۋىلايەت تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلدى، سىرتاردۇشلارنىڭ ئاقساقىلىمۇ ئارقىسىدىن يېتىپ

تېزلىك بىلەن 10 كۈن يول يۈرۈپ جيۇچۇەنگە كېلىپ ئوردىدىن بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى ئۆتۈنۈپ تەلەپ قىلدى» («كىتابلار جەۋھىرى» 12 - جىلد).

تاڭ تەيزۇڭ تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيەسىنىڭ تەركىبىگە كىرىشىنى تەلەپ قىلىش ئىشىنى رەسمىي پۈتۈن ئالەمگە جاكارلىغانىدى. يارلىقتا يەنە تاڭ تەيزۇڭ ئۆزىنىڭ «شەخسەن لىڭجۇغا بېرىپ بەيئەت قىلىشقا دالالەت قىلماقچى بولغانلىقى»نى ئىپادىلەپ ئەڭ ئاخىرىدا تۇرا قەبىلىلىرى جايلاشقان ئورۇنلاردا «خانگاي تۇتۇق مەھكىمىسى»*① نى تەسىس قىلىپ ئۇتتۇغات بېرىش خىزمىتىگە ئاسانلىق ياراتتى. تاڭ تەيزۇڭ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا لىڭجۇغا يېتىپ كەلدى. 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى② شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ «ئېركىن»، «ئىلتەبىر» لىرىدىن «بىرنەچچە مىڭ ئادەم» ئارقا - ئارقىدىن لىڭجۇغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەمەل نامىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شىمالىي چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ چوڭ - كىچىك ھوقۇقلۇق شەخسلىرى ئىدى. تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار «ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردا ئايماق، ناھىيەلەرنى تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلدى»، شۇنىڭدەك تاڭ تەيزۇڭغا مەكتۇپ سۇنۇپ، «تەڭرى قاغاننى ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭ قۇللىرى ئورنىدىكى قاغانلىرى بولۇشنى خالايمىز، ئەۋلادلىرىمىزمۇ مەڭگۈ تەڭرى قاغاننى ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭ قۇللىرى بولۇشقا رازى، ئۆلسەكمۇ ئۆچمەنلىك ساقلىمايمىز» («تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. تۇرالار ھەققىدە قىسسە») دەپ شەخسەن تاڭ تەيزۇڭغا ئۆزلىرىنىڭ

---

* ئىلگىرى «دەشتى - ماكان تۇتۇق مەھكىمىسى» دەپ ئېلىنغان — ت.

تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەركىنلىككە قوشۇلۇشىدىن ئىبارەت كۈچلۈك ئۈمىدىنى ئىپادىلىندى. تاڭ تەيزۇڭنىڭ شەخسەن ئىلگىجۇغا بېرىپ «تۇرالارنى تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشقا دالالەت قىلىش» مەقسىتى پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئاشتى. تاڭ تەيزۇڭ ئۆزىنىڭ «شىمالنى تىنچىتىش» تىن ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، بۇ ۋەقەنى بەشلىك شېئىر بىلەن ئىپادىلىگەن ھەمدە بۇ تۆھپىنى خاتىرە تاشقا يازدۇرغانىدى. 10 - ئايدا تاڭ تەيزۇڭ چاڭئەنگە قايتىپ كېلىپ «خانلىق ئىبادەتخانىسىدا بۇ تۆھپە ئۈچۈن ئاۋامغا ئۈچ كۈن زىياپەت بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى»)، ئۆزىنىڭ تۇرالارنى بەيئەت قىلىشقا دالالەت قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتىگە بولغان خۇرسەنلىكىنى ئىپادىلىگەنىدى.

شىمالدىكى تۇرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشى بىلەن كۈچلۈك تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىنىڭ پۇقراسىغا ئايلىنىشىدا، ئاساسلىقى، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى خەنزۇ خەلقى بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا خەلقلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تۈرك خانلىقى بىلەن سىرتاردۇش خانلىقى پەيدا قىلغان قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن تىنچ ۋە خاتىرجەم تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئاساسىي سەۋەب ئىدى. بۇ دەۋرنىڭ ئېقىمى، تاڭ سۇلالىسى بىلەن شىمالدىكى تۇرالارنىڭ ھەممىسى بۇ ئېقىمغا سەل قارىيالمايتتى③. بىراق، تاڭ تەيزۇڭنىڭ بىرقەدەر ئىلغار مىللىي سىياسىتى خەنزۇلار بىلەن تۇرا خەلقىنىڭ ئارازلىقىنى كىچىكلىتىپ، تۇرا خەلقلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسى تەرەپكە تېزدىن بەيئەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان رولنى ئوينىدى. تاڭ تەيزۇڭ بۇرۇن ۋەزىرلىرىگە: «قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئېسىلزادە، بەدەۋى تۇرا-

لار پەسلەر دەپ قارىلىپ كېلىنگەن. بىز ئۇلارنىڭ ھەممى-
سىگە ئوخشاش قارىدۇق. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق -
قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى بىزگە ئىشىنىپ، بىزنى ئۆزىنىڭ
ئاتا - ئانىلىرىدەك كۆرمەكتە» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پاي-
دىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 198 - جىلد، جېنگۇەننىڭ 21 -
يىلى) دەپ تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىغا بولغان سە-
مىمىيىتىنى بىلدۇرۇش ئۇچۇن. ئۇنى ئۆزىنىڭ «ھېرىش -
چارچاش»، «كېسەللىك ئازابى» غا قارىماي شەخسەن لىگجۇ-
غا بارغانلىقىدەك كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ھەرىكىتى بىلەن
باغلىغانىدى. ئۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ
ئىناقلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش جەھەتلەردە
ھەقىقەتەنمۇ تۆھپە قوشقانىدى. تاڭ تەيزۇڭ ھەقىقىدىكى
مىساللار سىنىپىي جەمئىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ۋەكىللى-
رىنىڭمۇ بىرقەدەر تەرەققىيپەرۋەر بولغان مىللىي سىيا-
سەتنى تۈزۈپ ۋە ئىجرا قىلالايدىغانلا بولسا، مىللەتلەر ئوت-
تۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتنى تىكلىيەلەيدىغانلىقىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2. تاڭ سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى

**(1) تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇرا قەبىلىلىرى ئارىسىدا مەھكى-
مە، ئايماقلارنى تەسىس قىلىشى**

تاڭ تەيزۇڭ لىگجۇدىن چاڭئەنگە قايتىپ كېلىپ ئىككى
ئاي ئۆتمەيلا، يەنى جېنگۇەننىڭ 20 - يىلى 12 - ئاينىڭ
10 - كۈنى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئىلتەبىر تومىد،
بارغۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئىلتەبىر قۇلان بايان («قا-

ئۇنلار قامۇسى. بارغۇتلار» دا: «قۇلان بايان» دەپ يېزىلغان)، تېلەنغۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئېركىن تېلەنغۇت («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دا: «多滥葛末» دەپ يېزىلغان)، بايىرقۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئەلتەبىر كۆلچۇر، تۇڭرا قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئەلتەبىر سۆكۈنچۇر، ئىزگىل قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئۇز ۋە ھون، قوشۇر، قۇمۇق، ئاتېئىز، چۇبە، ئاقشىد قاتارلىق قەبىلە ئاقساقاللىرى (ھونلاردىن كېيىنكى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنمىگەن) نىڭ «ھەممىسى تاڭ ئوردىسىغا تەزىمگە باردى». لىڭجۇدىكى ۋاقىتتىكى ئوردىغا تەزىمگە بارغانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ ۋاقىتتا ئاقشىد قەبىلىسى كۆپەيگەن بولۇپ، بۇ ئاقشىدلارنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تاڭ تەيزۇڭ، ئۆزى قەبىلە ئاقساقاللىرىنى گۇلى رەيھان ئوردىسىدىكى④ زىياپەتكە تەكلىپ قىلغان ھەمدە ئۇلاردىن ھال سوراپ «سىلەرنىڭ كېلىشىڭلار خۇددى چاشقانلار ئۇۋىغا، بېلىق سۇغا ئىگە بولغاندەك ئىش بولدى. مەن سىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مىننەتدار» دېگەنىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «خۇددى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا قونغان چىۋىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يول باسقاندەك، بىز ئۇشبۇ ئاسايىشىمىز ئالەمگە خاتىرجەملىك ھەم خۇشاللىق ئاتا قىلدۇق» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى»). تاڭ تەيزۇڭ بەيئەت قىلغىلى كەلگەن قەبىلە ئاقساقاللىرىغا «ئىنتايىن ئۇرغۇن دەپى - دۇنيا ھەدىيە قىلدى» ھەمدە ئۇلارنى مەنسەپكە تەيىنلەپ، «سوۋغا - سالاملارنى قوشلاپ بېرىپ، ھەر بەش كۈندە بىر قېتىم زىياپەت بېرىش» («كىتابلار جەۋھىرى» 109 - جىلد) نى بۇيرۇدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئېھتىياجى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ

يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ماددىي - مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈ-
رۈشكە رۇخسەت قىلدى. ئىككىنچى يىلى (جېنگۈەننىڭ 21 -
يىلى، مىلادى 647 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، تۇرا
قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى ئوردىغا كېلىپ، خاننى زىيارەت
قىلدى. تاڭ تەيزۇڭ يارلىق شەكلىدە شىمالدىكى تۇرالار
ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، ئالتە تۇتۇق مەھكىمىسى بىلەن
يەتتە ئايماق تەسىس قىلىش، مەھكىمىلەردە تۇتۇق، ئايماقتا
ئايماق بېگى تۇرغۇزۇش «ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقال-
لىرىنىڭ تۇتۇق، ئايماق بېگىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىش» نى جا-
كارلىدى («تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. ئەنبېي
قورۇقچىيەگ مەھكىمىسى»). «قانۇنلار قامۇسى»، «تاڭ سۇ-
لالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»، كونا، يېڭى «تاڭنامە»
لەرگە ئاساسلانغاندا، تاڭ تەيزۇڭ تەسىس قىلغان تۇتۇق
مەھكىمە، ئايماقلارنىڭ نامى ھەمدە ئۇلارنىڭ قورۇلۇشىغا
ئائىت كونكرېت ئەھۋاللار تۆۋەندىكىچە ئىدى:

خانگاي تۇتۇق مەھكىمىسى. ئۇيغۇر قەبىلىسىدە تە-
سىس قىلىنغان، تاڭ تەيزۇڭ ئۇيغۇر قەبىلە ئاقساقىلى ئىلتە-
بىر تۇمېدنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنىڭغا «مەرىپەت قۇچقان
ئۇلۇغ سانغۇن» دېگەن نامنى بېرىپ، خانگاي تۇتۇق مەھ-
كىمىسىنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەنگەنىدى. ئۇيغۇر قەبىلىسى
ئەسلى سېلىنگا دەرياسىنىڭ بويىدا ئولتۇراقلاشقانىدى، سىر-
تاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن «ئۇلارنىڭ بىر
قىسىم قوۋملىرىنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىغا
ئىگە بولۇۋېلىپ» («كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»)،
زېمىنىنى جەنۇبقا ھازىرقى ئورقۇن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە
يۇقىرى ئېقىنلىرى ھەم ئۆتۈكەن تېغىغىچە كېڭەيتتى. ئۇلارنىڭ
زېمىنلىرى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەڭ كەڭ ئىدى.

يەنرەن تۇتۇق مەھكىمىسى. تېلەنگۇت قەبىلىسىدە تە-

سىس قىلىنغان. تاڭ تەيزۇڭ تېلەنغۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئېركىن تېلەنغۇتنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنى، يەنرەن تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئورنى تېلەنغۇت قەبىلىسىنىڭ سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدىكى ئولتۇراقلاشقان ئورنىدا بولسا كېرەك.

جەنۇبىي تۇتۇق مەھكىمىسى⑤. بارغۇت قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان. تاڭ تەيزۇڭ بارغۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى قۇتلۇق ئېلتەبىر قۇلان باياننى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنى ئۇڭ قانات مۇھاپىزەتچى سانغۇنى، جەنۇبىي تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئورنى بارغۇتلارنىڭ سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدىكى جايلاشقان ئورنىدا بولسا كېرەك.

يۈگىلىك تۇتۇق مەھكىمىسى. بايىرقۇ قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان. تاڭ تەيزۇڭ بايىرقۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئۇلۇغ ئېلتەبىر ⑥ كۆلچۇرنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنى ئۇڭ قانات سانغۇن، يۈگىلىك تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئورنى بايىرقۇلارنىڭ سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدىكى جايلاشقان ئورنىدا بولسا كېرەك.

چيۈلىن تۇتۇق مەھكىمىسى⑦. توڭرا قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان. تاڭ تەيزۇڭ توڭرا قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئېلتەبىر سۆكۈنچۇرنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنى سول قول قوشۇن باش سانغۇنى، چيۈلىن تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئورنى توڭرا قەبىلىسىنىڭ سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدىكى جايلاشقان ئورنىدا بولسا كېرەك.

لۇشەن تۇتۇق مەھكىمىسى. ئىزگىل قەبىلىسىدە تەسىس

قىلىنغان. تاڭ تەيزۇڭ ئىزگىل قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئۇز[8]نى قوبۇل قىلغاندا ئۇنى لۇشەن توتۇق مەھكىمىسىنىڭ توتۇقلۇقىغا تەيىنلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئورنى «سىرتاردۇشلارنىڭ بۇرۇنقى ئوردىسىدا ئىدى»، يەنى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى ئايرىم جايدا بولۇپ، شىمالدا ئۇيغۇرلار بىلەن چېگرىلىناتتى.

يۇقىرىقىلار ئالتە توتۇق مەھكىمىدۇر.

گاۋلىيەن ئايمىقى. ھون قەبىلىسىدە[9] تەسىس قىلىنغان. تاڭ تەيزۇڭ ھون قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئۇلۇغ ئىلتەبىر ھون ۋاڭنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنى گاۋلىيەن ئايمىقىنىڭ ئايماق بەگلىكىگە تەيىنلىگەنىدى. ئۇزاق ئۆتمەي تاڭ تەيزۇڭ ھون ۋاڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، «ھون ۋاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئاغلاقچىنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈپ» ئايماق بېگىلىك ئورنىنى ئاغلاقچىغا بېرىشنى بۇيرۇدى («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسەنىڭ داۋامى»). تاڭ تەيزۇڭ ئاغلاقچىنى ئوڭ قانات قوشۇن ياساۋۇللار سانغۇنى، گاۋلىيەن ئايمىقىنىڭ ئايماق بەگلىكىگە تەيىنلىدى؛ ھون ۋاڭنى يۇنمۇ سانغۇنى، قوشۇمچە ئىلتەبىر قىلىپ تەيىنلەپ ئاغلاقچىنىڭ نائىبى قىلدى. ئۇنىڭ ئورنى ھون قەبىلىسىنىڭ سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدىكى جايلاشقان ئورنىدا ئىدى[10].

گاۋچۇ ئايمىقى[11]. قوشۇر قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان. ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ تاڭ تەيزۇڭ تەرىپىدىن ئايماق بېگىلىككە تەيىنلەنگەنلىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا خاتىرىلەنمىگەن. ئۇنىڭ ئورنى قوشۇر قەبىلىسىنىڭ سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدىكى جايلاشقان ئورنىدا بولسا كېرەك.

جىلۇ ئايمىقى. قۇمۇق قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان. ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ تاڭ تەيزۇڭ تەرىپىدىن ئاي-

ماق بەگلىككە تەيىنلەنگەنلىكى خاتىرىلەنمىگەن. ئۇنىڭ ئورنى يەنى قومۇق قەبىلىسىنىڭ سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدىكى جايلاشقان ئورنىدا بولسا كېرەك.

جىتيەن ئايمىقى. ئاتېئىز قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان. تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى قۇلاچىنى قوبۇل قىلىغاندا، جىتيەن ئايمىقىنىڭ ئايماق بەگلىكىگە تەيىنلىگەنىدى⑫. ئۇنىڭ ئورنى يەنى ئاتېئىز قەبىلىسىنىڭ سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدىكى جايلاشقان ئورنىدا بولسا كېرەك.

يۇشى ئايمىقى. چۇبە قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان. تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى چۇبە ئېركىنىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنى يۇشى ئايمىقىنىڭ ئايماق بەگلىكىگە تەيىنلىگەنىدى. چۇبە قەبىلىسى ئەسلىدە بىر قەبىلە بولۇپ سۇي سۇلالىسىنىڭ دايې يىللىرىدا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى: بىر تارمىقى، شەرقىي تۈرك خانلىقىدىكى تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان، يەنە بىر تارمىقى، غەربىي تۈرك خانلىقىدىكى ئىسسىقكۆلنىڭ بويىغا جايلاشقانىدى. تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەننىڭ 6 - يىلى ئىسسىق كۆل بويىدا ئولتۇراقلاشقان چۇبە قەبىلىسى قەبىلە ئاقساقىلى چۇبە غالىبنىڭ باشچىلىقىدا تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنى گەنجۇ بىلەن لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئارىلىقىغا ئورۇنلاشتۇردى. جېنگۇەننىڭ 16 - يىلى گەنجۇ بىلەن لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئارىلىقىدىكى چۇبە قەبىلىلىرى «شىمالغا قايتىپ كېتىپ» شىمالدىكى چۇبە قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ بىر قەبىلە بولدى. جېنگۇەننىڭ 20 - يىلى 8 - ئايدا تاڭ تەيزۇڭ لياڭجۇغا بېرىش سەپىرىدە تىلغا ئالغان «چۇبەلەرنىڭ چۇبە ئېركىنى» يەنى بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى چۇبە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولسا كېرەك. ئىككىنچى يىلى 1 - ئايدا تاڭ تەيزۇڭ تەرىپىدىن يۇشى ئايماق بەگلىكىگە تەيىن

لەنگەن ئادەم مۇشۇ كىشى بولسا كېرەك. يۇشى ئايمىقىنىڭ ئورنى يەنى شىمالدىكى چۆبە قەبىلىسىنىڭ سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدىكى ئولتۇراقلاشقان جايى بولسا كېرەك.

تياۋيەن ئايمىقى. ئاقشىد قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان. «ئۇلۇغ ئادالەتلىك دۇنيا خاتىرىسى. ئاقشىدلار دۆلىتى» دە: «جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلدى، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ زېمىنىنى تياۋيەن ئايمىقى قىلىپ، يەنى قەبىلە ئاقساقىلىنى ئايماق بېگى قىلدى» دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 198 - جىلد، جېنگۇەننىڭ 21 - يىلىدىكى ماددىسىغا ئاساسلانغاندا، ئوردىغا كەلگەن ئەلچىلەر ئاقشىدلارنىڭ ئولپان ئېلىپ كەلگەن ئەلچىسى بولماستىن، بەلكى «ئاقشىدلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى» ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنمىگەنىدى. تياۋيەن ئايمىقىنىڭ ئورنى يەنى ئاقشىدلارنىڭ سىرتاردۇش خانلىقى مەزگىلىدىكى جايلاشقان ئورنىدا بولسا كېرەك.

گۈيلىن ئايمىقى. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دەپ «ئابۇسلار گۈيلىن (归林) ئايمىقىدا ئولتۇراقلاشقان» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە: گۈيلىن ئايمىقى ئىزگىللەرنىڭ ئايرىم قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان. «گۈي» (归) خېتى «گۈي» (跬) خېتىنىڭ خاتا يېزىلىشى بولۇپ، «گۈيلىن ئايمىقى» بولسا كېرەك ھەمدە ئىزگىللەرنىڭ ئايرىم قەبىلىسى بىلەن ئابۇسنى ئوخشاش دېيىشمۇ خاتا ئەمەس. ئىزگىللارنىڭ ئايرىم قەبىلىسى بولسا كېرەك ياكى بۇرۇن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇتەي ناھىيىسىدە ئولتۇراقلىشىپ، كېيىن چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتكەن ئىزگىللەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گۈيلىن ئايمىقى دەسلەپتە چۆللۈكنىڭ شىمالىدا تەسىس قىلىنغان. جۇغراپىيىلىك ئورنى

ئېنىق ئەمەس. تاڭ تەيزۇڭ تەرىپىدىن كۆيلىن ئايمىقىنىڭ ئايماق بەگلىكىگە تەيىنلەنگەن ئىزگىللەرنىڭ ئايرىم قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىمۇ ئېنىق ئەمەس.

يۇقىرىقىلار يەتتە ئايماقتۇر.

تاڭ سۇلالىسى جەمئىي 13 مەھكىمە - ئايماق تەسىس قىلغانىدى. تاڭ تەيزۇڭ ئۆزى يارلىق چۈشۈرۈپ، تۇتۇق، ئايماق بەگلىرىگە مۇناسىپ ناملارنى بېرىپ، ئۇلارغا ئىشەندى. زەر دەستەك بېرىپ، ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلدى. يەنە زەر تۇتۇلغان كىمخاب ياقىلىق قىممەت باھالىق تون، ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا - قۇچا قاتارلىقلارنى ھەدىيە قىلدى. تارىخىي كىتابلاردا قەبىلە ئاقساقاللىرى «بۇ نەرسىلەرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، قوللىرىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، رەھمەت ئېيتتى، ئايرىلىش ئالدىدىمۇ ئىنتايىن مىننەتدار بولدى» («تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. تۇرالار) دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. تاڭ تەيزۇڭ بەشىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن يۇقىرى دىۋان بەگلىرىگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ خان زالىدا زىياپەت بەردى. ھەرقايسى قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىدىن يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، تەسىرلەنمەي تۇرالمىدى، ئۇلارنىڭ بىرلىكتە تاڭ تەيزۇڭغا: «بىز ياشىغان جاي ئىنتايىن قاقاسلىق، ئالىيلىرىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن سىلى تەڭرى قاغان بىزگە ئەمەل - مەنسەپ بېرىپ، ئۆز پۇقرالىرىدەك كۆردىلە، بىز تاڭ سۇلالىسىگە خۇددى ئاتا - بوۋىمىزدەك تايانماقتىمىز» دېگەنىدى. ئۇيغۇر، تۈرك قەبىلىلىرىمۇ تاڭ سۇلالىسىگە بارىدىغان چوڭ يولنى ئىدارە قىلىپ، ئۇنىڭ نامىنى «تەڭرى قاغان يولى» دەپ ئاتاپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە تاڭ

سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى» («دىيىگىي
تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، نىڭ ئالدىنقىسى»). تاڭ
تەيزۇڭ ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە قوشۇلۇپ، ئەمدى زېمىن جاڭ
سۇنۇۋجى بىلەن ئەمرى مىمار فاڭ شۇەنلىڭ قاتارلىقلارنى
تۇرالارنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن ئورتاق كېڭىشىشكە ئەۋەتتى.
شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى چۆمگەكبۇ-
لاقنىڭ شەرقىدىن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسى
جايلاشقان ئورۇنلارغا بولغىچە بولغان جايلاردا 66 ئورۇندا
ئۆتەڭ⑭ تەسىس قىلىپ، ھەربىر ئۆتەڭدە ئەلچىلەر ئۈچۈن
ئات - ئۇلاغ، هاراق - شاراب، گۆش تەييارلىغانىدى. قە-
بىلە ئاقساقاللىرى قايتىدىغان چاغدا تاڭ تەيزۇڭ شەخسەن
تيەنچىڭ ئوردىسىدا زىياپەت بېرىپ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ 10
يۇرۇش كۈي - نەغمىسى بىلەن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قوياتتى»
(«تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر. تۇرالار ھەققىدە
قىسسە»). دېمەك بۇ مەزگىلگە كەلگەندە. تاڭ تەيزۇڭنىڭ
تۇرالارنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىپ، خانگاي ئەتراپىغا
بېرىپ «ھەممىسىگە ئوتۇغات نامىنى بېرىش» تىن ئىبارەت
سىياسىتى پۈتۈنلەي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ شىمالدىكى تۇرا
قەبىلىلىرىنىڭ «1 مىليوندىن ئارتۇق تۈتۈنى» تاڭ سۇلالى-
سىنىڭ پۇقرالىرىغا ئايلىنىپ، ئۇلار ئولتۇراقلاشقان بىپايان
كەڭ زېمىنلارمۇ رەسمىي تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىنىڭ تەر-
كىبىگە كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇنداق بىر مۆلچەرلىگۈسىز چوڭ
ئىشنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تاڭ تەيزۇڭ 1 - ئاينىڭ 27 -
كۈنى «يارلىق چۈشۈرۈپ، ھەرقايسى مەھكىمىلەردىكى ئەمەل-
دارلار بىلەن پايتەختتىكى پۇقرالارغا ئۈچ كۈن هاراق زىيا-
پىتى ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى» («كىتابلار جەۋھىرى 80 -
جىلد). تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى يۇقىرى - تۆ-
ۋەندىكىلەرنىڭ ھەممىسى تاڭ تەيزۇڭنىڭ بۇ زور مۇۋەپپەقىيە-

يىمنى ساندىن ساناتسىز نەغمە - ناۋالار ئىچىگە چۆمكۈۋەتكەنىدى. ئالى 13 مەھكىمە، ئايماقنىڭ قۇرۇلۇشى. شىمالدا ئىنتايىن قىلىز تەسىر پەيدا قىلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا قورىقانلار ئۇردىنغا ئەلچى ئەۋەتىپ «ئولپان تەقدىم قىلدى». تاڭ سۇلالىسى يۇنمۇ سانغۇنى كاڭ سۇمىنى ئۇلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ ھال سورىدى. ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنىنى شۇەنچۇ ئايمىقى[15] قىلىپ ئۆزىنى ئىركىن دەپ ئاتىغان قەبىلە ئاقساقىلىنى ئايماق بەگلىكىگە تەيىنلىدى. 12 - ئايدا توياسىلار «قورىقانلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئالاقە باغلىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ» ئۇلارمۇ تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا توباسلارنىڭ زېمىنىدا قانداق مەھكىمە، ئايماقنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە يوق. جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى (مىلادى 648- يىلى) 6 - ئايدا ئاقشىدلارنىڭ ئايرىم قەبىلىسى سۇپىتىدە بەيئەت قىلغانىدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنىدا قۇيان ئايمىقىنى تەسىس قىلغانىدى. گاۋزۇڭنىڭ يۇڭخۇي تۇنجى يىلى (مىلادى 650 - يىلى) سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى سېلىنگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خانگاي، جېنۋېي، يۇلىڭدىن ئىبارەت ئۈچ تۇتۇق مەھكىمىسىگە بېسىپ كىرگەنىدى. (تەپسىلاتى ئۈستىدە تۆۋەندە ئايرىم توختىلىمىز). بۇ قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ باشچىلىقىدا تاڭ سۇلالىسىگە ئولپان تەقدىم قىلدى. تاڭ گاۋزۇڭ شىدەن ئايمىقىنى تەسىس قىلىپ، «ئۇلارنى شۇ جايغا ئورۇنلاشتۇردى». شىدەن ئايمىقى ھازىرقى ئېۋېرغولنىڭ شىمالى بىلەن موڭغۇلىيەدىكى بايدارىخ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئىدى[16]. بۇنىڭدىن ئىلگىرى تاڭ سۇلالىسى يەنە سېلىنگا دەرياسى ئەتراپىدا شەنيۈ ئايمىقىنى تەسىس قىلغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ قاچان، قايسى

قەبىلە ئارىسىدا تەسىس قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس⑰. دېمەك، بۇ مەزگىلگە كەلگەندە، شىمالدىكى 15 تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان مەھكىمە، ئايماقلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىنىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇش قەدىمى ئاخىرى ئورۇندالدى.

(2) يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۈرالار ئۈستىدە) مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى ئومۇملۇق يۈرگۈزۈشى

شىمالدىكى تۈرا مەھكىمە - ئايماقلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئۈچۈن، جېنگۈەننىڭ 21 - يىلى 4 - ئايدا 13 مەھكىمە، ئايماق قۇرۇلۇپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى غەربتىكى تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 40 چاقىرىم (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋۇ يۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى) كېلىدىغان جايىدا يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى⑱. ھەممىدە ياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئەمر لەشكىرى لى سۇلىنى قورۇقچىبەگلىككە يۆتكەپ تەيىنلىدى.

چۆللۈكنىڭ شىمالىدا تۈرا مەھكىمە ئايماقلىرى بىلەن يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن شىمالدىكى تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىلگىرى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان يېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتى بارلىققا كېلىپ، «تەڭرى قاغان يولى» چوڭ چۆللۈكنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئىنتايىن ئاۋات چوڭ داغدام يولغا

ئايلاندى. «كىتابلار جەۋھىرى» دە: «تاڭ تەيزۇڭ چۆللۈكنى تىنچىتىپ، ئايماق، مەھكىمە قىلىپ ئۇلارغا تۇتۇق ئايماق بېگى، ئىلتەبىر قاتارلىقلارنى تەيىنلىدى. ھەر يىلى يىل بېشىدا چېگرىدىن ئوردىغا سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ كېلىدى-غان ئەلچىلەرنىڭ سانى نەچچە مىڭغا يېتەتتى. يول بويى-ئويان - بويان ئۆتكۈچى ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. چوڭ - كىچىكلەرمۇ يولنىڭ يىراقلىقىغا قارىماي، بىر-بىرىنى يېتىلىشىپ سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ باراتتى» ⑲ («كىتابلار جەۋھىرى» 19 - جىلد) دېيىلگەن.

تاڭ سۇلالىسى بىلەن شىمالدىكى تۇرا مەھكىمە ئايماق-لارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەركىزىي ھاكىمىيەت بى-لەن ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىدى. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەت-تىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى مەمۇرىي را-يونلارنىڭ ئايرىلىشى ھەمدە ئۇنىڭغا قاراشلىق ھۆكۈمەتلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى ئاستى-دىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلاردىكى مەمۇرىي رايونلارنىڭ ئايرىلىشى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق مەھكىمىلەر بىلەن بىردەك ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى جايلىرىدا يۈرگۈز-گەن ھاكىمىيەت تۈزۈمى ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنەتتى، يەنى تۇتۇق مەھكىمىسى، ئايماق، ناھىيىدىن ئىبارەت ئىدى. مەھ-كىمە ئايماقنى، ئايماق ناھىيىنى باشقۇراتتى. «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە: «تاڭ سۇلالىسى گۈللەنگەندە گاۋزۇڭ ۋىلايەتنى ئايماققا ئۆزگەرتتى، ۋالىيلارنى ئايماق بېگى قىلدى ھەم تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى» دېيىلگەن. 13 - يىلى پۈتۈن

مەملىكەتتە 358 تۇتۇق مەھكىمە، ئايماق، 1551 ناھىيە بار ئىدى. زۇيزۇڭنىڭ جىڭيۇن ئىككىنچى يىلى (مىلادى 711 - يىلى) گە كەلگەندە «بارلىق ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىنى 24 تۇتۇق مەھكىمىسى قىلىپ ئايرىپ ئىدارە قىلغانىدى»، يەنە «يېڭى تاڭنامە. ئەمەلدارلار تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، تۇتۇق مەھكىمىسىگە تۇتۇق، ئايماققا ئايماق بېگى، تۇتۇق مەھكىمىسى بىلەن ئايماقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭغا قاراشلىق دورغاپ، ئەمىر - لەشكەر قاتارلىق ئەمەلدارلارنى تەسىس قىلغانىدى. بۇنىڭدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلىرى مەيلى شىمالدىكى تۇرالار رايونى بولسۇن ياكى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا بولسۇن، ھەممىسى تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە ئايماق دەپ ئاتالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەسىس قىلىنغان ئەمەلدارلارمۇ ئوخشاش بولۇپ، يەنى تۇتۇق مەھكىمىسىدە تۇتۇق، ئايماققا ئايماق بېگى، تۇتۇق مەھكىمىسى بىلەن ئايماقلاردا ئۇنىڭغا قاراشلىق دورغاپ، ئەمىر لەشكەر قاتارلىق ئەمەلدارلار تەسىس قىلغانىدى. بۇ خىل ئوخشاشلىق تەرەپلەر تاڭ سۇلالىسى شىمالدىكى تۇرا مەھكىمە ئايماقلىرى بىلەن ئىچكى جايلاردا خەنزۇ مەھكىمە ئايماقلىرى ئوخشاشلا تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر يەرلىك مەمۇرىي ئورگىنى قاتارىدا كۆرگەنلىكىنى ھەم چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىرتىدىكى زېمىنلار دەپ قارىمىغانلىقى، شۇنىڭدەك يەنە تۇرا خەلقىنى خەنزۇلاردىن ئۆزگە مىللەت دەپ قارىمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، تاڭ سۇلالىسى بىر مەركىزىي ھاكىمىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا مەھكىمە ئايماقلىرىغا قارىتا، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئەڭ

ئالىي مەمۇرىي ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئاساسلىق تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىدىكى تۇرا مەھكىمە، ئايماقلىرىنىڭ تۇتۇق، ئايماق، بەگلىكىگە بولغان ئەڭ ئالىي تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇۋېتىش ھوقۇقىنىڭ بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى جايلاردىكى مەھكىمە، ئايماقلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ بولغان ئەڭ ئالىي تەيىنلەش، ۋە قالدۇرۇۋېتىش ھوقۇقىنىڭ ئوخشاشلىقىدا ئىپادىلەنگەنىدى. جىنگۇەننىڭ 22 - يىلى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكى ئۇيغۇر خانگاي تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇق بېگى تۇمېدنى ئۆلتۈرۈپ، خانگاي تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇنغاندا تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ تومېدنىڭ ئوغلى بايانى تۇتۇقلۇققا تەيىنلىگەنىدى. ھون قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇغ ئىلتەبىرى ھونۋاڭ جىنگۇەننىڭ 21 - يىلى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن گاۋلەن ئايمىقىنىڭ ئايماق بەگلىكىگە تەيىنلەنگەنىدى. بىراق ئۇزاق ئۆتمەي تاڭ تەيزۇڭ ھونۋاڭنىڭ «ئاغىلاقچىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان بولۇۋالغان» لىقىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆز ئورنىنى ئاغىلاقچىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇدى، ھونۋاڭ قارشىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي «خۇشاللىق بىلەن بەجا كەلتۈرگەنىدى». بارلىق تۇتۇق ۋە ئايماق بەگلىرى ئۆلۈپ، ئورنى بوش قالغاندا يېڭى تۇتۇق بىلەن ئايماق بەگلىرىنىڭ مەھكىمىسى ھەرگىزمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەيىنلىشى ياكى رازىلىقىسىز ئارقىلىق بولمايتتى. ئۇنداق بولمايدىكەن يەنە تارتىۋالغان ياكى قارشى تۇرغانلىقتا ئايلىنىپ قېلىپ، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايتتى.

ئۈچىنچى، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە تاڭ سۇلالىسى تۇرا مەھكىمە، ئايماقلىرىدىكى قوشۇنلار (يەنى تېلى قەبىلىلىرىنىڭ قوشۇنلىرى) غا قارىتا جازا يۈرۈشكە ئاتلاندۇرۇش،

يۆتكەش ۋە قوماندانلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئالىي
ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر (يەنى خانگاي
تۇتۇق مەھكىمىسى) قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى
دائىم كۇرىيە، غەربىي تۇرك قاتارلىقلارغا جازا يۇرۇش قى-
لىشقا ئاتلاندۇرغاندا، تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى (تۇ-
تۇق ۋە ئايماق بەگلىرى) نىڭ ھەممىسى بۇيرۇققا بويسۇنۇپ،
جازا يۇرۇشكە ئاتلىناتتى. ھەرگىز ئارىسالدى بولمايتتى. سەللا
سۇسلۇق قىلسا. ئاسىيلىق قىلدى دەپ قارىلىپ، تاڭ سۇلا-
لىسى قوشۇنلىرىنىڭ رەھىمسىز جازاسىغا ئۇچرايتتى (بۇ مە-
سىلە ھەققىدە تۆۋەندە تەپسىلىي توختىلىمىز).
تۆتىنچى، تاڭ سۇلالىسى شىمالدىكى تۇرا مەھكىمە
ئايماقلىرىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىدىكى ئەڭ ئالىي
ھوقۇقىنى قولىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى، بەزىدە
يەنە ئاددىي چارۋىچىلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىشلىرىمۇ بىۋ-
ۋاستە قىلىنغانىدى. مەسىلەن، جىنگۇەنىڭ 22 - يىلى چۆللۈك-
نىڭ سىرتىدىكى ۋاسساللار (يەنى شىمالدىكى تۇرالار بولۇشى
كېرەك) «يايلاق تالاشقاندا» تاڭ تەيزۇڭ «شەخسەن ئۆزى
بىر تەرەپ قىلغانىدى» («كونا تاڭنامە. تەيزۇڭ ھەققىدە
خاتىرە»).
بەشىنچى، شىمالدىكى تۇرا چارۋىچىلىرى چوقۇم تاڭ
سۇلالىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە تاڭ سۇلالىسىگە «ھەر يىلى
بۇلغۇن تېرىسى ئارقىلىق تۆلىنىدىغان ئالۋان - سېلىقنى تاپ-
شۇرۇپ تۇراتتى» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي
ئۆرنەكلەر» 198 - جىلد، تەيزۇڭنىڭ جىنگۇەن 21 - يىلى).
يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى
تۇرا مەھكىمە، ئايماقلىرىغا قارىتا سىياسىي، ھەربىي، ئىقتى-
ساد قاتارلىق جەھەتلەردە مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ ھو-
قۇقلىرىنى ئۇنۇملۇك يۈرگۈزگەنلىكى، تۇرا، مەھكىمە، ئايماق-

لارنىڭ ئىچكى جايلاردىكى مەھكىمە، ئايماقلارغا ئوخشاش ھەممىسىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچكى رايونلاردىكى مەھكىمە، ئايماقلاردىن پەرقلىنىدىغان يېرى پەقەت قەبىلىلەر رايونلىرىنى مەھكىمە، ئايماق قىلىپ ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش بىلەن قەبىلە ئاقساقاللىرىنى تۇتۇق، ئايماق بېگى قىلىشتىلا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇنداق قىلىشىمۇ، ئاساسەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. شۇڭا ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىن سىرتقى مۇستەقىللىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى.

«يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىنىڭ ئەتراپىدىكى چېگرىلىرىنى ئىككى قېتىم بايان قىلغانىدى. بىرىنچىسىدە، «شۇنىڭدىن كېيىن شىمالدا تۈركلەرنىڭ ئېلىك قاغانىنى يوقاتتى، غەربتە قوچۇنى تىنچىتتى، شىمالدا چۆغاي تېغىدىن ئۆتۈپ، غەربتە تاكى چوڭ قۇملۇقچە يېتىپ باردى. ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ شەرقى تەرىپى دېڭىزغا تۇتىشاتتى، غەربتە كىنگىتكىچە باراتتى. جەنۇبتا لىڭجۇ ئايمىقىنىڭ زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، شىمالدا سىرتاردۇشلار بىلەن چېگرىلىناتتى. شەرقتىن غەربكىچە 9511 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغىچە 16918 چاقىرىم كېلەتتى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن بۇ يەرلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوچۇنى تىنچىتىشىدىن كېيىنكى، سىرتاردۇش خانلىقىنى يوقىتىشىدىن ئاۋۋالقى تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدا سىرتاردۇش خانلىقى بار بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسى چوڭ قۇملۇق ئارقىلىق سىرتاردۇش خانلىقى بىلەن چېگرىلانغا-

ئىدى، يەنە بىر يەردە: «تاڭ سۇلالىسى گۈللەنگەن مەزگىل كەييۈەن (مىلادى 713 — 741 يىللار) بىلەن تيەنباۋ (مىلادى 742 — 755 - يىللار) يىللىرىنىڭ ئارىلىقىدا، شەرقتە ئەندۈڭگە، غەربتە ئەنشىگىچە، جەنۇبتا رىنەنگە، شىمالدا تەگرىتقۇت مەھكىمىسىگىچە باراتتى. جەنۇبىي، شىمالىي ھونلار مەزگىلىدىكى خەن سۇلالىسىدەك گۈللەنگەنىدى. شەرقتە ئەمەس، غەربكىمۇ جازا يۈرۈش ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باراتتى» دېيىلگەن. تەگرىتقۇت مەھكىمىسى يەنى تەگرىتقۇت باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بولۇپ، يۈنجۈڭدا، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ھۆرۈنگېرىنىڭ شىمالىدا ئىدى، شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن، تيەنباۋ يىللىرى ئارىلىقىدا چۆللۈكنىڭ شىمالى قۇتلۇق بىلگە قانان تەرىپىدىن قۇرۇلغان كېيىنكى تۈرك خانلىقى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندا تۇرا چارۋىچىلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا كۆچۈپ بارغاندىن سىرت، كۆپ قىسمى كېيىنكى تۈرك خانلىقىغا بەيئەت قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچى ئەلۋەتتە تەگرىتقۇت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا بېرىپ يەتمىگەنىدى. يۇقىرىدىكى ئىككى خىل قاراش سىرتاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىدا تەسىس قىلىنغان مەھكىمە، ئايماقلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ ھەممىسى ئەمەس ئىدى. كەييۈەن، تيەنباۋ يىللىرى ئارىلىقىدا ئەنشى (قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى)، ئەندۇڭ (قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى) لارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىن تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىگە ئاساسلانغاندا. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 21 - يىلىدىن (مىلادى 647 - يىلى) ۋۇزېتيەننىڭ چۇيگۇڭنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 686 - يىلى) يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا شىمال دىكى تۇرالار تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنىدى، يەنى يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى (مىلادى 663 - يىلى

خانگاي تۇتۇق مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن) مۇ شىمالدا 40 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى، تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسى-نىڭ شىمالىي چېگرىسى پۈتكۈل شىمالدىكى تۇرا مەھكىمە، ئايماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى. ئايماقلار» بابىدا: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشىدىن بۇرۇنقى مەزگىلىنىڭ باشلىرىدا! ئەتراپتىكى مىللەتلەرگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمىگەنىدى، تاڭ تەيزۇڭ تۈركلەرنى تىنچىتقاندىن باشلاپ، غەربىي شىمالدىكى ۋاسساللار بىلەن بەدەۋىيلەر پەيدىنپەي ئىچكىرىگە بەيئەت قىلدى. يەنى ئۇ قەبىلىلەرنىڭ ئارىسىدا ئايماق، ناھىيىلەر تەسىس قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ چوڭلىرى تۇتۇق مەھكىمىسى. ئاقساقاللار تۇتۇق، ئايماق بېگى دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىناتتى، ھەر يىلى تاپشۇرىدىغان ئولپانلىرى رويخەتكە كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، تۇتۇنلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى نوپۇس پىرقىسى سۈرۈشتە قىلمايتتى. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى چېگرىدىكى ئايماقلاردىكى تۇتۇق، قورۇقچى بەگلەر مەركەزنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن بىر ياقلىق قىلاتتى» دېيىلگەن. تۇرا مەھكىمە، ئايماقلىرىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان بۇنداق مەھكىمە. ئايماق ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى: ئۇ تاڭ سۇلالىسى زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىدى؛ پەقەت، تۇتۇق، ئايماق بېگى بولغان قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى؛ ئەۋەتىلگەن ئولپانلارنىڭ بەلگىلىمىسى بولغان بولسىمۇ، ئەمما نوپۇس پىرقىسىگە تاپشۇرۇلمايتتى. ئېھتىمال ئۇنىڭ ھەممىسى مەھكىمە، ئايماقلارنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجىغا ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان مەھكىمە، ئايماق ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسى ئۆزىنىڭ زېمىن تەركىبى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىنىپ ئولتۇراق-

لاشقان رايونلاردا مەلۇپ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى قۇرغانىدى.

**(3) ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تۇمېدنىڭ «ئۆزىنى قاغان» دەپ ئاتاش مەسىلىسى توغرىسىدا**

تاڭسۇلالىسىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماق تەسىس قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغاندا، يەنە كۆپ قېتىم ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئىلتەبىر تۇمېدنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: «بۇ ۋاقىتتا (جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى) تۇمېد ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، پۈتۈنلەي تۈركلەرگە ئوخشاش مەنسەپ، تۈزۈملىرىنى تەسىس قىلدى» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: «جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى 1 - ئايدا) تاڭ تەيزۇڭ تۇمېدنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنى مەرتىۋە قۇچقان ئۇلۇغ سانغۇن، خانگاي تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىدى. بىراق ئۇ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، تۈركلەرگە ئوخشاش ئەمەللەرنى تەسىس قىلدى. تاشقى ئالتە ۋەزىر، ئىچكى ئۈچ ۋەزىرى ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇتۇق، سانغۇن، ئەمىر - لەشكەر قاتارلىق ئەمەلدارلىرىمۇ بار ئىدى» دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» نىڭ 198 - جىلد، تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 21 - يىلى 1 - ئېيىدا: «چۆللۈكنىڭ شىمالى تىنچىتىلدى. بىراق، ئۇيغۇرلاردىن تۇمېد ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، تۈركلەرگە ئوخشاش مەنسەپ، تۈزۈملىرىنى تەسىس قىلدى» دېيىلگەن. تۇمېدنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاش مەسىلىسىگە قانداق قاراش كېرەك؟ فەن ۋېنلەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخىدىن قىسقىچە توپلام» دا: «تۇمېدنىڭ تاڭ

سۇلالىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن «مەرىپەت قوغچىسى ئۇلۇغ سانغۇن»، قوشۇمچە خانگاي تۇتۇقى دېگەن نامنى قوبۇل قىلىشى، ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بىراق قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇ ھەقىقەتەن ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ، خانلىق قۇرۇپ چىققانىدى» دەيدۇ. شۇڭا فەن ۋېنلەن «مىلادى 647 - يىلنى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشقا باشلىغان تۇنجى يىلى»، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىشى بىلەن تۇمىدنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىشى، ماھىيەتتە بىر قېتىملىق ئەپچىل سىياسىي كۆرەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، تۇمىد ئۆزىنىڭ سىياسىي قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈنلا كۆپ تەرەپلىمە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماقنى تەسىس قىلىشتىكى مەقسىتى ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنى پارچىلاپ، ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ ھوقۇقىنى بىكار قىلىش، تۇتۇق مەھكىمىسىنى ئىتتىپاقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئىدى. تۇمىدنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاقلا قارىتقان تەدبىرى، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىناق ئۆتۈشتىن ئىبارەت پايدىلىق تەرەپنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئايماق، مەھكىمە تەسىس قىلىشنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىنى چەكلىدى...، تاڭ تەيزۇڭ ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ئۇنىمايتتى، لېكىن ئۇ ئىناقلىقنىڭ ئۇرۇشتىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇ شىمالغا قارىتا يېڭىكلىك بىلەن ھەربىي كۈچ ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلالماي، پەقەت ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى مەۋجۇتلۇقىنى ئۈن - تىنسىز ھالدا ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى»⑳ دەپ قارايدۇ.

فەن ۋېنلەننىڭ قارىشىنىڭ مۇھىم يېرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار ئارىسىدا ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، بىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ

ھاكىمىيىتى، يەنە بىرى، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت. مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈش بىلەن تۈمېدىنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىشى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىلەرگە ماس كېلەمدۇ - يوق؟ بىز مۇنداق قارايمىز:

بىرىنچى، «يېڭى - كونا تاڭنامە» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە تۈمېدىنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىشى بىلەن تۈركلەرگە ئوخشاش مەنسەپ، تۈزۈملىرىنى تەسىس قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، دەرۋەقە تۈمېدىنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىشى تۈرك خانلىقىنى ئۈلگە قىلغانىدى. تۈرك خانلىقى مەزگىلىدە قاغان نامى باشقا دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ مەخسۇس نامى ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت تۈرك خانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىنىڭ نامىنى ئاتاشقىلا ئىشلىتىلگەن ھەم يەنە مەلۇم بىر تەرەپ ياكى مەلۇم بىر جايدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ نامىغىمۇ ئىشلىتىلگەن، بەزىدە ھەتتا ئادەتتىكى ھۆرمەت نامىمۇ بولۇپ قالغانىدى.

««قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئالدىنقىسى» دا: «قاغانلاردىن تۆۋەن بولغان يابغۇلارمۇ ياكى ئايرىم جايلارنى ئىگىلەپ تۇرغان ئۇلۇغ ئۇرۇقتىكىلەرمۇ قاغانلىققا ۋارىسلىق قىلاتتى، تۈركلەردە كىم ۋارىسلىق قىلسا شۇ قاغان دەپ ئاتىلاتتى» دېيىلگەن. تۈمېدىنىڭ قاغانلىق نامى تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئايرىم بىر تەرەپنى ياكى زېمىننى ئىگىلەپ تۇرغان تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىشىغا ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتەتتى، پۈتكۈل تۈرك خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قاغان (چوڭ قاغان) نىڭ نامىغىمۇ زادىلا ئوخشاشمايتتى. شۇڭا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بارلىق تارىخىي كىتابلار

تۇمېدنىڭ ئۇچۇق - ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا تۇرا قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئۇلۇغ قاغانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق (21). ئۇنىڭ قاغانلىق نامى پەقەت ئۇنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسى ئارىسىدىكى بىر قەبىلىنىڭ قاغانى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قاغانى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە تۇمېد ئۆزىنى «قاغان دەپ جاكارلىغان» دېگەن بىر جۈملە سۆز ئۇيغۇر قەبىلىسى ھەققىدىكى قىسسەنىڭ ئايغىغا قويۇلغانلىقى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس.

ئىككىنچى، تۇمېدنىڭ قاغان دەپ ئاتىلىشى پەقەتلا ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدا كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىشى، ۋە باش كۆتۈرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ باشقا تۇرا قەبىلىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. «قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئالدىنقىسى» دا تۈركلەرنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى بايان قىلىپ: «ئەڭ چوڭ ئەمەلدار چورۇقچۇر، ئۇنىڭدىن قالسا تۇدۇن، ئۇنىڭدىن قالسا ئېركىن دېگەنلەر بار» دەپ كۆرسەتكەن. «سۈينامە»، يېڭى، كونا «تاڭنامە» لەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ «ئېركىن» دېگەن نامنى ئىشلىتىشى سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې يىللىرىدا باشلانماي، بەلكى بىر قېتىملىق تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى غەلىبىلىك قوزغىلاڭدىن كېيىن ئاندىن باشلانغان. يەنە «قانۇنلار قامۇسى»، يېڭى، كونا «تاڭنامە» لەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئىلتەبىر دەپ ئاتىشى جېنگۈەننىڭ ئۈنجى يىلى (مىلادى 627 - يىلى) باشلانغانىدى. شۇ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى بوساتى ئۇيغۇرلارنىڭ 5000

ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ، مالىيشەن تېغىدا تۈركلەرنىڭ 100
مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، «شىمالنى
زىلزىلىگە كەلتۈرگەن»، بوسات «قوۋملىرىنى باشلاپ سىرتار-
دۇشلارغا بەيئەت قىلىپ كۆچ ئىلتەبىر دەپ ئاتالغان»
(«قانۇنلار قامۇسى». «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار
ھەققىدە قىسسە»دە «ئىلتەبىر» دەپ يېزىلغان «كۆچ» دېگەن
سۆز يوق) ئىدى. باشتىكى ۋە كېيىنكى بايانلاردىن قارىغاندا،
بۇنىڭدىكى ئىلتەبىر دېگەن نامغا ئۇيغۇر ئاقساقاللىرى تۈرك
خانلىقىغا قارشى كۈرەش جەريانىدا نائىل بولغانىدى.
جېڭگۇەننىڭ 21 - يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى
سىرتاردۇشلارنىڭ دومى قاغانىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى
ئۆلتۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىرتاردۇش خانلىقىنى يوقىتىشقا
ياردەم بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى تۇمىد
ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاشقا باشلىغانىدى. دەرۋەقە سىرتاردۇش
خانلىقىنى يوقىتىش ئۇرۇشى جەريانىدا، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى
خېلى كۆپ سىرتاردۇش خەلقلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ يايلاقلىرىنى
ئۆزىگە قوشۇۋالغانلىقتىن، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ كۈچىيىشى
تېزلەشكەن. ئەمما تۇمىدنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ چاكارلىشى
بىلەن ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئىركىن، ئىلتەبىر
دەپ ئاتىشىغا ئوخشاش ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ كۈندىن-
كۈنگە كۈچىيىشى بىلەن باش كۆتۈرگەنلىكىدىن دېرەك
بېرەتتى. خۇددى ئۇنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئىركىن دېگەن
نامىنى ئىلتەبىرگە ئۆزگەرتىشى پەقەت ئۇيغۇر قەبىلىسى
ئارىسىدىكى بىر قەبىلە ئاقساقاللىق نامىنى ئۆزگەرتمىگەنلىك
كىدىن ئىبارەت پاكىتقا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئىلتەبىر نامىنى
قاغان نامىغا ئۆزگەرتكەنلىك ۋەقەسى، ئۇنىڭ پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ
بىر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت
پاكىتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر قەبىلىيە

ئاقساقاللىرىنىڭ ئەمەل نامىنىڭ يوقلۇقىدىن ئېركىن، ئىلتەبىر، قاغان دېگەن نامىغىچە ئاتىلىشى، بۇ نامىلارنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىشى، ئۇيغۇر قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئۆز قەبىلىسىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن كۈچىيىش دەرىجىسىگە ماس كېلىدىغان ئالىي مەرتىۋىلىك نامغا ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سىرتاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر قەبىلىسى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىر قەبىلىگە ئايلانغان، تۇمىدىنىڭ ئىلتەبىر دېگەن نامىنى تاشلاپ قاغاندىن ئىبارەت ئەڭ ئالىي مەرتىۋىلىك تاجىنى ئۆزىنىڭ بېشىغا كىيىشى يەنىلا ناھايىتى تەبىئىي ئىدى.

ئۈچىنچى. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى تۇمىدىنىڭ «ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، تۈركلەرگە ئوخشاش ئەمەل، مەنسەپلەرنى تەسىس قىلغان» لىقى تۇمىد قاغانغا قاراشلىق ئىچكى ۋەزىر، تاشقى ۋەزىر، تۇتۇق، سانغۇن. ئەمىر لەشكەر قاتارلىق ئەمەلدارلارغا قارىتىلغانىدى. ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىردىن ئىبارەت ئەمەل تۈركلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇچرىمايدۇ، بۇ چوقۇم تۈركلەردىن بۇيان ۋارىسلىق قىلىنىۋاتقان ئەمەس، ئېلىمىزدە چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيان پادىشاھلىق تۈزۈم ئاستىدا ۋەزىر بارلىق سىياسىي ئىشلارنى باشقۇرۇپ كەلگەنىدى. سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيان ئۈچ ۋازارەتنىڭ باشلىقى (ئىشىكئاغا، شاغاۋۇل، دىۋان بېگى) بولغان ۋەزىر پەغپۇرغا ياردەملىشىپ ئەمەلدارلارنى باشقۇرۇپ، خىزمەتلەرنى بېجىرگەنىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىرلىك تۈزۈمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن بولۇپ، يەنى تاڭ سۇلالىسىدىن قوبۇل قىلىنغانىدى. جېنگۇەنىڭ 21 - يىلى تاڭ تەيزۇڭ شىمالدا ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماق تەسىس قىلغان ۋاقىتتا، «مەھكىمىلەردە تۇتۇق،

ئاياقلاردا .ئاياق بېگى تـەسىس قىلغان، مەھكىمە ئاياقلاردا دورغاپ، ئەمىر لەشكـەردىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەسىس قىلغانىدى»، تۇمېد خانگاي تۇتۇق مـەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قاراشلىق ئەمەلدار- نىڭ ئىچىدە دورغاپمۇ بولۇشى كېرەك. ئەمما يۇقىرىدىكى باياندىكى تۇمېدغا قاراشلىق ئەمەلدارلارنىڭ ئىچىدە دورغا يوق، بەلكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىر بار ئىدى. يەنە «يېڭى تاڭنامە. ئەمەلدارلار رويخېتى» گە ئاساسلانغاندا، تـۇتـۇق مەھكىمىسىنىڭ دورغاپنىڭ ئورنى پەقەت تـۇتـۇقتىنلا تـۆۋەن بولۇپ، تۇتۇققا ياردەملىشىپ سىياسىي ئىشلارنى بىر تـەرەپ قىلىدىغان مۇھىم ئەمەلدار ئىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئوردىدىكى ۋەزىر بىلەن ئوخشاش ئىدى.

تۇمېدنىڭ قاغانلىق نامى (ئىچكى رايونلاردىكى) پادىشاھ- لارنىڭ نامى بىلەن باراۋەر بـولـغانلىقتىن ئۇنىـڭ قـول ئاستىدىكى دورغاپنىڭمۇ ۋەزىر دەپ ئاتىلىشى پۈتـۈنلـەي مۇمكىن. شۇڭا تۇمېدقا قاراشلىق ئەمـەلدارلارنىڭ ئىچىدە ئىچكى - تاشقى ۋەزىرنىڭ بولۇشى، ئىچكى - تاشقى ئىشلارنى بىرياقلىق قىلىدىغان دورغاپقا قارىتىلغان بولۇشى مـۇمكىن.

تۇتۇق، سانغۇن دېگەن ئەمەللەر تۈركلەرنىڭ ئەمەل تـۈزۈمى ئارىسىدا يوق، بەلكى پۈتۈنلەي تاڭ سـۇلالىسىنـىڭ ئەمـەل ناملىرى ھېسابلىنىدۇ. تـۇمېدنـىڭ ئۆزىنى يـەنى ئۇ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان يىلى (جېنگـۇەننىـڭ 21 - يىلى) تاڭ تەيزۇڭ تەرىپىدىن مەرىپەت قۇچقۇچى ئۇلـۇغ سـانغۇن، خانگاي تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىنىپ بىرلا ۋاقىـتتـا تـۇتـۇق بىلەن سانغۇندىن ئىبارەت ئىككى خىل ئەمـەلنى ئۈستىگـە ئالغانىدى. ئەمىر - لەشكەرمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەل نامى، تۇتۇق مەھكىمىسى بىلەن ئاياققا قاراشلىق ئەمەلدار بولۇپ، مەھكىمە ئاياقلارنىڭ ئەسكەر ۋە ھـەربىي ئىشلارنى باشقۇ-

راتتى، قىسقىسى «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە بايان قىلىنغان، تۇمېدنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن كۆرسىتىلگەن «تۈركلەرگە ئوخشاش» دېگەن ناملارنىڭ ئىچىدىكى تۇتۇق، سانغۇندىن ئىبارەت ئىككى خىل ئەمەل تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇمېدقا بەرگەن ماندا تلىق ئەمەل ئىدى. ۋەزىر، ئەمىر لەشكەر قاتارلىق ئەمەللەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەيىنلىگەن تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانگاي تۇتۇق مەھكىمىسىدە تەيىن قىلىنغان، ئەمەلدارلارنىڭ پەخرىي ناملىرى بولۇپ، تۈركلەرنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇمېدنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىشى بىلەنمۇ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئومۇمەن تۇمېد گەرچە ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىدىن سىرت بولغان مۇستەقىل قاغانلىق ھاكىمىيەت ئورگىنى تەسىس قىلمىغان، شۇڭا شىمالدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇتۇق مەھكىمىسى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قاغانلىق ھاكىمىيەت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، تۇمېدنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىشى، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ شىمالدا باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقىدىن ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ سىر تاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۆرە قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈك قەبىلىگە ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بەرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يەنىلا ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بىر قەبىلىنىڭلا ئاقساقىلى ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭلا قاغانى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش دائىرىسى باشقا تۆرە قەبىلىلىرى ئارىسىغا كېڭەيمىگەن بولغاچقا، ئۇ بارلىق تۆرە قەبىلىلىرى-

نىڭ قاغانى ئەمەس ئىدى. «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 992 ـ جىلدىدا ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى «قاغان ــ تۇتۇق» دەپ ئاتالغان. قاغان يەنى تۇتۇقنىڭ ئىككىلىسىلا، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئاتىلىشى ئىدى. تۇمبدىنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ تاڭ سۇلالىسى شىمالدا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا ئۆزئارا بىللە مەۋجۇت بولغان ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشى، بۇ ھەقىقەتەن تاڭ سۇلالىسى تارىخى كىتابلىرىغا بولغان بىر خىل خاتا چۈشەنچىدىن ئىبارەت. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالدا تەسىس قىلغان يەنرەن قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى بىلەن باشقا تۇتۇق مەھكىمە، ئايماقلىرى شىمالدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ سىياسىي ـ ئىقتىسا ـ دىي، ھەربىي چوڭ ھوقۇقلىرىنى كونترول قىلغان. ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە ۋەكالىتەن. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلارنى ئومۇملۇق باشقۇرغان ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى.

## 3. ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئۇيغۇر بىلەن كۆلۈبېينىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى سۇيىقەست پىلانلىشى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تىنچلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىدىكى

تۇرا قەبىلىلىرى جايلاشقان رايونلاردا مەھكىمە. ئايماقتىن ئىمارەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىشى بىر قىسىم جاھىل قارا نىيەتچى تۇرا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇ نۇقتا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەندى. ئەينى ۋاقىتتا ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان تۇركلەرنىڭ چۆبە قەبىلىسى تاڭ سۇلالىسى سىرتاردۇش خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى «پەيدىنپەي زورايتتى»؛ يېقىن ئەتراپتىكى قارلۇق، خاككاس قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا «بەيئەت قىلدى» («قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر»). چۆبەلەر تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن ئىككى يۈزلىمىلىك تەدبىر قوللىنىپ. بىر تەرەپتىن ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن دوستلۇقنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىگە ئاكتىپلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىپ «پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يۇتۇۋېلىش» قا ئۇرۇندى. چۆبەلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇمىدىنى شىمالدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ پارچىلىنىپ ۋە تارقىلىپ كېتىشىگە باغلىدى.

قارا نىيەتچى ئۇيغۇر ئەسلى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى، خانگاي تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى تۇمىدىنىڭ جىيەنى ئىدى؛ يەنە بىر قارا نىيەتچى كۈلۈبېي بولسا ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئىچكى توققۇز قەبىلىسىدىن بولغان دىرىمار قەبىلىسىنىڭ باغا تارقانى[22] بولۇپ. بۇ ئىككىيلەن بىللە «چۆبەلەر بىلەن قۇدىلاشقانىدى». ئۇيغۇر بىلەن كۈلۈبېي ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ «تۇمىدىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ، چۆبەلەرگە بەيئەت قىلماقچى بولۇشتى». جېنگۈەننىڭ 22 - يىلى [23] (مىلادى 648 - يىلى) «ئۇيغۇر تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇندىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ بېرىپ تۇمىدىنى

ئۆلتۈردى». بۇ ۋاقىتتا يەنە قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ
مۇئاۋىن قورۇقچىبېگى يولۇن لىچېن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا
ئىدى، ئۇيغۇرنىڭ تۇمېدنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇيغۇرغا
ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىدىن ئۆزىنى تۇتۇقلۇققا تەيىنلەپ،
تۇمېدنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشىنى تەلەپ قىلىشنى
بۇيرۇدى. يۇقىرى ئەمەل ۋە تەمىنات ئالدىدا كاللىسى
قىزىپ كەتكەن ئۇيغۇر بۇنىڭ قىلتاق ئىكەنلىكىنى بىلمەي
ئاز ساندىكى يېقىن كىشىلىرىنى باشلاپ يولۇن لىچېنىنىن
قېشىغا بېرىپ «تەزىم قىلىپ رەھمەت ئېيتتى». لىچېنىڭ
پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ،
پەغپۇرنى ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىدىن خەۋەردار قىلدى. تاڭ تەيزۇڭ
دوكلاتنى ئاڭلاپ لەشكىرىي پىرقىنىڭ دىۋان بېگى سۇي دۆلىنى
ئالتۇنتاغ ۋىلايىتىنىڭ ياندىش سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەپ،
قوشۇن باشلاپ «ئۇلارنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىشقا
ئەۋەتتى». شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر ئاشكارا قوزغىغان، كۆلۈبېي
يوشۇرۇن قوللىغان بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىش ناھا-
يىتى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تېزلىكتىلا باستۇرۇۋېتىلدى.
كېيىن تاڭ سۇلالىسى تۇمېدنى داغدۇغىلىق بىلەن دەپنە
قىلدى. تارىخىي كىتابلاردا تاڭ تەيزۇڭنىڭ «تۇمېدقا سول
قول ئۇلۇغ سانغۇن دېگەن نامنى بېرىپ، ماددىي نېمەتلەر
بىلەن كىيىم - كېچەكلەرنى ھەدىيە قىلىپ كاتتا نەزىر -
چىراغ ئۆتكۈزگەن» (يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى «كونا
تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىن كۆرۈڭ) لىكى
خاتىرىلەنگەنىدى. تاڭ تەيزۇڭ تۇمېدنىڭ ئوغلى باياننى
سول قول باسقاق ئۇلۇغ سانغۇن، ئۇلۇغ ئىلتەبىرلىككە،
ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، خانگاي
تۇتۇق بېگلىكىگە تەيىنلىدى. باياننىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى
ئۇيغۇر قەبىلىسىدىكى جاھىللار بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە قارشى

ئاقسۆڭەكلەرگە قاتتىق زەربە بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇيغۇرنىڭ شىركى كۆلۈبېي ئوردىغا كەلدى. تاڭ تەيزوڭ ئۇنى چاڭئەندە ئېپىقەبىلىپ، ئۇنىڭ شىمالغا قايتىشىغا يول قويمىدى. جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى (مىلادى 649 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى يەنە كۆلۈبېي باشچىلىقىدىكى دىرىمار قەبىلىسى (بۇ قەبىلە مەلۇم توپىلاڭغا قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن) نى خانگاي قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇ-شىدىن ئايرىپ، ئىنتايىن يىراق بولغان چۆللۈكنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمى (ھازىرقى ئونان دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلار)غا كۆچۈرۈپ، لۇڭجۇ ئايىمىقىنى تەسىس قىلىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ㉔

يۇقىرىدىكى بۇ تەدبىرلەر تاڭ سۇلالىسىگە قارىتا ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان تۇمىد ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاد-لىرىنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىق ئورنى بىلەن خانگاي تۇتۇق بېگلىكىگە ۋارىسلىق قىلىشىدىكى ئۆزگەرمەس ھوقۇقىنى زور كۈچ بىلەن قوغداپ، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئۇيغۇرلار شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قەبىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسىدىكى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئاقسۆڭەكلەرنى باستۇرۇ-شى بىلەن تاڭ سۇلالىسىپەرەس كۈچلەرنى قوللىشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا قۇرغان ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى بىلەن تەرتىپىنى مۇستەھكەملەپلا قالماستىن، بەلكى باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋە-تىنى ساقلاپ قېلىش جەھەتلىرىدە، ئىنتايىن زور رول ئوينىغانلىقىدا شەك يوق.

## 4. تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دۈشمەنلەشكەن ئەللەرنى تىنچىتىشى ۋە زېمىن كېڭەيتىشى ئۈچۈن قوشقان زور تۆھپىسى

يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىنى شىمالدا ھازىرقى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىغا كېڭەيتىپلا قالماستىن، بەلكى 1 مىليون تۈتۈندىن ئارتۇق تۇرا قەبىلە چارۋىچىلىرىنى تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى «نۇپۇسلۇق پۇقرا»غا ئايلاندۇردى. بۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىرتقا قاراپ كېڭىيىشى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا دۇنيا بويىچە ئەڭ كۈچلۈك ئىمپېرىيىگە ئايلىنىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتلىك بىر ئىش ئىدى. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلغان فېئوداللىق ئىقتىسادى بىر تەرەپتىن سانى كۆپ، ھەيۋەتلىك بولغان تۇرا ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ دۈشمەنگە تەڭداشسىز بىر كۈچنى تەشكىل قىلدى. ئەلۋەتتە تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە كۈچىيىشى تۈپ نېگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەنزۇ ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ تىرىشىپ ئەمگەك قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بىراق يەنىلا شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى بولۇپمۇ تۇرا خەلقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە كۈچىيىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. تۆۋەندە تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ ئۇرۇش قىلغان تارىخىي ئىش ئىزلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىمىز:

## (1) تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ كۇسەننى تىنچىتىشى (مىلادى 647 — 648 - يىللار)

غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، كۇسەن دۆلىتى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغانىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان ئالاقىسى مەلۇم مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كۇسەن تۈركلەرنىڭ غەربىي قىسىم قاغانى تاردۇغا تەۋە بولدى. سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە تۈرك خانلىقى پارچىلانغاندا، كۇسەن غەربىي تۈرك خانلىقىغا قارىدى. جېنگۇەننىڭ 14 - يىلى تاڭ سۇلالىسى قوچۇ خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن كۇسەن خانى سۇفاد غەربىي تۈركلەرنىڭ قوشۇنلىرى ئالدىدا گۇناھىنى تىلەپ كىنگىتنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بەردى، جېنگۇەننىڭ 18 - يىلى (مىلادى 644 - يىل) تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قورۇقچىبېگى گاۋ شياۋكى چوڭ قوشۇن بىلەن كىنگىتكە يۈرۈش قىلغاندا، كۇسەن كىنگىتكە «قوشۇن ئەۋەتىپ، ياردەم بەردى». بۇنىڭدىن كېيىن «ئەۋەتىلىدىغان ئولپاننىڭ سانى ئازلاپ» تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئولپان - سېلىق مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، كۇسەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا قاراپ كېڭىيىش يولىدىكى يۇلۇپ تاشلىمىسا بولمايدىغان بىر تال مىخقا ئايلاندى.

جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى 12 - ئايدا، يەنى تاڭ سۇلالىسى شىمالدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا يەتتە مەھكىمە، ئالتە ئايماق تەسىس قىلغان 10 ئايدىن كېيىن، تاڭ تەيزۇڭ سول باسقاق ئۇلۇغ سانغۇن ئاشىناشىرنى كۇچا ۋىلايىتى («كۇسەن يولى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ يۈرۈشتىكى

باش ئاغلاقچىسى قىلىپ «تۇرالارنىڭ 13 قەبىلىسىنىڭ لەچچە يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، كۆسەنگە جازا يۈرۈش قىلىش» («كونا تاڭنامە. كۆسەن تەزكىرىسى») قا بۇيرۇدى.

ئاشىنا شېرنىڭ باشچىلىقىدىكى 13 قەبىلىدىكى ئەسكەرلەر جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى 1 - ئايدىن ئىلگىرى تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرىدا ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماق تەسىس قىلغان، ئۇيغۇر قاتارلىق 13 قەبىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولسا كېرەك. قورىقان، توباسلار، سىرتاردۇش قاتارلىق قەبىلىلەر بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ، قورىقانلار جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى 8 - ئايدا تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان، توباسلار شۇ يىلى 12 - ئايدا بەيئەت قىلغان، بۇ ئىككى قەبىلە تاڭ سۇلالىسىگە بىرقەدەر كېيىن بەيئەت قىلغانلىقى سەۋەبىدىن قوشۇن چىقارمىغان بولۇشى مۇمكىن، سىرتاردۇشلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى ئەينى ۋاقىتتا ئالتۇنتاغ ئەتراپلىرىدا تاڭ سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىشىپ كېلىۋاتقاچقا، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىدىن كۆسەنگە ھۇجۇم قىلىشتا پايدىلانمايتتى.

ئاشىنا شېرنىڭ باشچىلىقىدىكى كۆسەنگە جازا يۈرۈشى قىلغان 100 مىڭدىن ئارتۇق زور قوشۇننىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخ كىتابلاردا ئوخشىمىغان قاراشلار بار. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «كونا تاڭنامە. كۆسەن تەزكىرىسى» دە: «تۇرالارنىڭ 13 قەبىلىسىنىڭ ئەسكىرى» لا تىلغا ئېلىنىپ باشقا مىللەت ئەسكەرلىرى تىلغا ئېلىنمىغان. ھالبۇكى، «يېڭى تاڭنامە. ئاشىنا-شېرنىڭ تەرجىمھالى» دا: «تۇرالارنىڭ 13 قەبىلىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ 100 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى كۆسەنگە جازا

يۈرۈش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى» دېيىلگەن. «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 985 - جىلدىدا «تۇرالارنىڭ ئون كۆچمەن قەبىلىسىنىڭ ئۈچى بىلەن تۈرك بەگلىرىنىڭ (تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنغان شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىنى كۆرسىتىدۇ) 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكىرى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلگەن» دېيىلگەن. تۇرالارنىڭ 13 قەبىلىسىنىڭ ئەسكىرىدىن سىرت، يەنە تۈرك ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىدى. يەنە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 198 - جىلدىدا ئەسكەر سانى تىلغا ئېلىنمىغان، بەلكى تۇرالارنىڭ 13 ئايمىقى بىلەن تۈرك، تىبەت، ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرىنى جازا يۈرۈشىگە بۇيرۇغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. «تاڭ مەكتۇپلىرى» نىڭ 8 - جىلدىدا تاڭ تەيزۇڭنىڭ كۆسەنگە جازا يۈرۈشى قىلىشتا تۇرالارنىڭ 13 قەبىلىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىش توغرىسىدىكى يارلىقىدا «يەنە تىبەتلەرنىڭ ئاقساقلىنى ئەۋەتىپ شۇەنمىيەندىن ئۆتۈپ شىمالغا ئىلگىرىلىگەن؛ چيۇچۆدىن داغدۇغىلىق بىلەن ئۆتۈش ئارقىلىق باركۆلگە يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ غەربىگە قېچىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغان» دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، تۇرا، تۈرك قەبىلىلىرىدىن باشقا تىبەت، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ كۆسەنگە جازا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقانىدەك قىلىدۇ. لېكىن يېڭى كونا «تاڭنامە» دىكى «تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» بىلەن «تۇيغۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە تىبەتلەر بىلەن تۇيغۇنلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۆسەنگە جازا يۈرۈش قىلىشىشىغا ياردەم بەرگەنلىكىنى خاتىرىلىمىگەن. تەيزۇڭنىڭ يارلىقىدا دېيىلگەن تىبەت، تۇيغۇن ئاقساقاللىرىنى ئەۋەتىپ، كۆسەنگە قىلىنغان جازا يۈرۈشىگە ياردەملەشكەنلىكى، دەسلەپتىلا داغدۇغا پەيدا قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىش بولۇپ،

ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلىنمىغانىدى. ھازىرقى بار ماتېرىياللار-
دىن قارىغاندا، كۆسەنگە جازا يۈرۈش قىلغان 100 مىڭدىن
ئارتۇق تاڭ قوشۇنلىرى ئاساسەن تۇرا قوشۇنلىرى
بىلەن تۈرك قوشۇنلىرىدىن شەكىللەنگەن بولسا كېرەك.
«كونا تاڭنامە» دە تۈرك قوشۇنلىرىنى تىلغا ئالماي چۈشۈرۈپ
قويغان. تۇرالارنىڭ 13 قەبىلىسىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن
تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ قانچىلىكىنى تەشكىل
قىلىدىغانلىقىنى بىز تېخى ئېنىق بىلەلمەيمىز. ئەمما تاڭ
سۇلالىسىگە ئائىت تارىخ كىتابلاردىكى تۇرالارنىڭ 13
قەبىلىسىنىڭ قوشۇنىنىڭ كۆسەنگە قىلغان جازا يۈرۈشىنى
چۈشۈرۈپ قويمىغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىدىن ھەمدە
بارغانسېرى تەكىتلەنگەنلىكىدىن قارىغاندا، تۇرا قوشۇنلىرى
بۇ 100 مىڭدىن ئارتۇق تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىچىدە
ئاساسىي قوشۇن بولسا كېرەك.

تاڭ تەيزۇڭنىڭ يارلىقىغا ئاساسلانغاندا. بۇ تارماقتىكى
تۇرالارنىڭ 13 قەبىلىسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئاساس
قىلىپ تەشكىللەنگەن، كۆسەنگە جازا يۈرۈش قىلغۇچى زور
قوشۇنغا تۈرك ئاقسۆڭەكى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى ئاشىنا-
شېر باشچىلىق قىلغانىدى. ئاشىناشېرنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن
بىرگە جازا يۈرۈش قىلغان قوشۇنلاردىن يەنە تۇرالارنىڭ
چۆبە قەبىلىسىدىن تاڭ سۇلالىسىدە ئەمەلدار بولغان چۆبە
غالى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى قورۇقچىبېگى
گاۋ شياۋكى، داقىال ياڭ خۇڭلى، سول قول خىسلەت قۇچقۇچى
ئۇلۇغ سانغۇن لى خەيگەنلەر بار بولۇپ. تارىختا ئۇلار «بەش
سانغۇن» دەپ ئاتالغانىدى. بەش سانغۇننىڭ ئىچىدە
شىمالدىكى تۇرالارنىڭ 13 قەبىلىسىنىڭ بىرەرمۇ ئاقساقىلى
يوق ئىدى، روشەنكى، تۇرا قوشۇنلىرىنى ئاساس قىلغان
كۆسەنگە جازا يۈرۈش قىلغان زور قوشۇن. تاڭ سۇلالىسى

مەركىزىي ھاكىمىيىتى ئەۋەتكەن ئۇلۇغ سانغۇنلارنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا ئۇرۇش قىلغانىدى.

«يېڭى، كونا تاڭنامە» گە ئاساسلانغاندا، تاڭ تەيزۇڭ جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى 12 - ئايدا، تۇرالارنىڭ 13 قەبىلىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى يىغىپ كۇسەنگە جازا يۇرۇش قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەنىدى. بۇ زور قوشۇننىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن جازا يۈرۈشىگە زادى قاچان ئاتلانغانلىقى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېنىق ئەمەس. «تاڭ مەكتۇپلىرى» نىڭ 8 - جىلدىدا تاڭ تەيزۇڭنىڭ بۇ قوشۇننى جەنۇبىيدىن يولغا چىقىپ كۆكئارتتا ئۇچرىشىش» قا بۇيرۇغانلىقى خاتىرىلەنگەن. جەنۇبىي يەنى ئالتۇنتاغنى كۆرسىتىدۇ. تۇرا قوشۇنلىرىنىڭ ئالتۇنتاغدىن ئۆتكەن ۋاقتى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا خاتىرىلەنمىگەن. «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 985 - جىلدىدا جېنگۇەننىڭ 22 يىلى - 6 - ئايدا ئالتۇنتاغنىڭ شەرقىدىكى سىرتاردۇشلارنىڭ 20 مىڭدىن ئارتۇق قالدۇق قوۋمىلىرىنىڭ سېلىنگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خانگاي قاتارلىق ئۈچ ئايماققا ھۇجۇم قىلغانلىق ۋەقەسى خاتىرىلەنگەن، سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى قوزغىغان تۇيۇقسىز ھۇجۇم تۇرا قوشۇنلىرى ئالتۇنتاغدىن ئۆتۈپ بولۇپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارنىڭ مۇداپىئە كۈچى ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتكەندە يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ قاراش خاتا بولمىسا، ئۇنداقتا تۇرا قوشۇنلىرىنىڭ ئالتۇنتاغدىن ئۆتكەن ۋاقتى ئەڭ كېچىككەندىمۇ جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى 5 - ئايدىن كېيىن ئەمەس، مۇشۇنداق پەرەز قىلغاندا، تۇرا قوشۇنلىرىنىڭ شىمالدىن يولغا چىققان ۋاقتى، جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى 12 - ئايدا بولماسلىقى مۇمكىن، بەلكى تاڭ تەيزۇڭ يارلىق چىقىرىپ ئىككىنچى يىلى يەنى جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى

ئەتىيازدا بولۇشى مۇمكىن.

ئالتۇنتاغ غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان غايەت زور تاغ تىزمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇرالارنىڭ زور قوشۇنى ئالتۇنتاغنىڭ قەيېرىدىن ئۆتۈپ، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى جايلارغا كىرگەن؟ تۇرا قوشۇنلىرىنىڭ ئالتۇنتاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن چىگىل (ھازىرقى جىمسار ناھىيىسى)، چۇمۇل㉖ (ھازىرقى ماناس ناھىيىسى) دىن ئىبارەت ئىككى قەبىلىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن قارىغاندا، تۇرا قوشۇنلىرى تەخمىنەن، ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىي تىزمىسىدىكى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئاراتۈرك ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى مەلۇم بىر جاي ئارقىلىق تىيانشاننىڭ شىمالىغا كىرگەن ھەم تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئۇلارغا بەرگەن «جېنۇپېيدىن يولغا چىقىپ، كۆكئارتتا ئۇچرىشىش» توغرىسىدىكى بۇيرۇقىدىن قارىغاندا، ئېھتىمال ئۇلار ئالتۇنتاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تىيانشاننىڭ شىمالى ئارقىلىق غەربكە مېڭىپ، جەنۇبىي چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىن چۆللۈكنىڭ غەربىگە يۈرۈش قىلغان تۈرك قوشۇنلىرى㉗ بىلەن كۇسەنگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان بولسا كېرەك.

«يېڭى، كونا تاڭنامە» نىڭ «كۇسەن تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، تۇرا قوشۇنلىرى ئالتۇنتاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كۇچا ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي يۈرۈش ئاغلاقچىسى ئاشنا شىرنىڭ قوماندانلىقىدا چىگىل، چۇمۇل ئىككى قەبىلىنىڭ قوشۇنلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن تارمار قىلىپ، ناھايىتى تېز ھەرىكەت قىلىپ «كۇتمىگەن يەردىن كۇسەن دۆلىتىگە شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىردى» كۇسەننىڭ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتتى. تۇرالار بىلەن تۈرك قوشۇنلىرى بىرلىشىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، غەلبە پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ كۇسەننىڭ پايتەختىنى

ئىشغال قىلدى. كۇسەن خانى بىغار پوسىيان شەھەرنى تاشلاپ غەربتىكى بارسىغان شەھىرى (ھازىر شىنجاڭدىكى ئاقسۇ) گە قېچىپ كەتتى. ئاشىناشىر قوشۇن باشلاپ بېرىپ، بارخاننى مۇھاسىرىگە ئالدى. جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى 12 - ئايدا شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، بىغار پوسىيان ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى جى لىيتيەن، ۋەزىرى نارا قاتارلىقلارنى ئەسىرگە ئالدى. كۇسەن زېمىنى تاڭ سۇلالىسى ئەسكىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇدۇنمۇ بەيئەت قىلدى. تاڭ سۇلالىسى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى كۇسەنگە يۆتكىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان تەسىرى زور دەرىجىدە كۈچەيدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇرالارنىڭ 13 قەبىلىسىنىڭ قوشۇنىنى يىغىپ كۇسەنگە جازا يۈرۈش قىلىشىغا يارلىق چۈشۈرۈپ، زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەنگە قەدەر جەمئىي بىر يىل ۋاقىت كەتكەندى.

**(2) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىر تاردۇشلار بىلەن تۈركلەرنىڭ چۇبە قاغانىنىڭ قەبىلىلىرىنى يوقىتىشقا ياردەم بېرىشى**

**(مىلادى 648 — 650 - يىللار)**

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، تۇرالارنىڭ 13 قەبىلىسىنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ كۇسەننى تىنچلاندۇرغان مەزگىلدە، ئالدى بىلەن ئالتۇنتاغنىڭ شەرقى (ئۇنىڭ ھەقىقىي ئورنى ئېنىق ئەمەس) نى ئىگىلىۋالغان سىر- تاردۇشلارنىڭ خانگاي (ئۇيغۇر قەبىلىسىدە)، جىنۋېي (بارغۇت قەبىلىسىدە)، يۇلىڭ (بايىرقۇ قەبىلىسىدە) دىن ئىبارەت ئۈچ تۇتۇق مەھكىمىسىگە قاراتقان پاراكەندىچىلىكى يۈز بەرگەنىدى.

ئارقىدىنلا يەنە ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىكى ئۇيغۇر

بىلەن كۆلۈبېيىنىڭ تۈركلەرنىڭ چۇبە قاغانى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى، خانگاي تۇتۇقى تۇمېدىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەردى. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى بىلەن چۇبە قاغاننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرا قەبىلىلىرىگە سالغان پاراكەندىچىلىكى، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ مۇقىملىقىدىكى ئەڭ زور خەۋپ بولغاچقا، ئۇ تۈپ نېگىزىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا قۇرغان ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىگە تەھدىت پەيدا قىلدى. بۇ ئىككى قەبىلىنى يوقىتىش يالغۇز ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى كېچىكتۈرۈشكىمۇ ھەرگىز بولمايتتى.

«كىتابلار جەۋھىرى» 985 - جىلدتىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى (مىلادى648 - يىلى) 6 - ئايدا ئالتۇنتاغنىڭ شەرقىدىكى سىرتاردۇشلار سىلىنگا دەرياسىنىڭ شەرقىدىن خانگاي قاتارلىق ئۈچ مەھكىمىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۈچ مەھكىمىنىڭ تۇتۇقلىرى «ئايرىم-ئايرىم قوشۇن چىقىرىپ قايتۇرما زەربە بەردى»، ئارقىدىنلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ يەنە قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن قورۇقچىبېگى يۈەن لىجېن توققۇز تۇرالارغا باشچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى؛ سىرتاردۇشلار مەغلۇپ بولۇپ، ئالتۇنتاغقا قېچىپ كەتتى. ئىككى ئايدىن كېيىن يەنە شۇ يىلى 8 - ئايدا. تاڭ سۇلالىسى دەشت سىيلاقىنى ئالتۇنتاغقا يۈرۈش قىلغۇچى سول قول ئۇلۇغ سانغۇن قىلىپ، «سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنى جازالاشقا ئەۋەتتى» («كىتابلار جەۋھىرى» 985 - جىلد). دەشت سىيلاقىنىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلارنىڭ تۇرالارنىڭ قوشۇنىمۇ ياكى ئەمەسلىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا

ئېنىق ئەمەس، لېكىن تۇرا قەبىلىلىرىمۇ ئالتۇنتاغقا يېقىن جايلاردا ئورۇنلاشقانىدى. شۇڭا تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېقىن ئەتىراپتىكى تۇرا ئاتلىق قوشۇنلىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، سىرتاردۇشلارغا جازا يۈرۈش قىلغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. دەشت سىيلاقنىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلارنىڭ جازا يۈرۈشىنىڭ ئاقىۋىتى تارىخ كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن. بىراق «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، گاۋزۇڭنىڭ يۇڭخۇي تۇنجى يىلى(مىلادى 650 - يىلى) «سىرتاردۇشلارنىڭ ئاقساقاللىرى ئاۋۋال قېچىپ يۈرۈپ پاناھلىنىپ، كېيىن تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى، تاڭ گاۋزۇڭ شىدەن ئايمىقىنى تەسىس قىلىپ ئۇلارنى شۇ جايغا ئورۇنلاشتۇردى»، بۇ بىر قىسىم بەيئەت قىلغان سىرتاردۇشلار دەشت سىيلاق ئالتۇنتاغدا قوغلاپ جازا يۈرۈش قىلغان سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇقلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئېھتىمال ئۇلار دەشت سىيلاقنىڭ جازا يۈرۈشىدىن كېيىن ھېچقانداق چىقىش يولى قالمىغاندىن كېيىن ئاندىن تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسا كېرەك.

تاڭ سۇلالىسى سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىغا ئەجەللىك زەربە بەرگەندىن كېيىن، ئىككىنچى يىلى جېنگۇەنىنىڭ 23 - يىلى (مىلادى 649 - يىلى) سول قول باسقاق سانغۇن گاۋكەن ئۇيغۇرقوشۇنلىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ چۆبەلەرگە جازا يۈرۈش قىلدى.

گاۋكەننىڭ ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، چۆبەلەرگە جازا يۈرۈش قىلغان ۋاقتى توغرىسىدا، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر خاتىرىلەر. شىمالىي تۈركلەر» دە جېنگۇەنىنىڭ 22 - يىلى 1 - ئاي دەپ خاتىرىلەنگەن. «يېڭى تاڭنامە. گاۋزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە جېنگۇەنىنىڭ 23 - يىلى 11 - ئايدا دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق

ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 199 - جىلدتىدا جېنگۇەننىڭ 23 - يىلى 1 - ئايدا دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى قاراش توغرا بولسا كېرەك. سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى تۇرالارنىڭ 13 قەبىلىسىنىڭ قوشۇنى كۇسەنگە جازا يۈرۈش قىلغاچقا، قايتىپ كىلەلمىگەنىدى. شۇ يىلى 6 - ئايدىن كېيىن، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر يەنە سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرىدى. 9 — 10 - ئايلاردا ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭىكى ئۇيغۇر سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، تۇمېدنى ئۆلتۈرۈپ، چۇبەلەرگە تەسلىم بولۇشنى قەستلىدى. شۇ يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ئىچىدە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر قەبىلىسىدە ۋەقە كۆپ يۈز بەردى. ناهايىتى روشەنكى، تاڭ سۇلالىسى بۇنداق ئەھۋالدا ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى يىغىپ چۇبەلەرگە جازا يۈرۈش قىلماسلىقى مۇمكىن ئىدى. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇهىم خاتىرىلەر» دە دېيىلگەن جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى خاتادەك تۇرىدۇ㉘. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى غەيرىي ئىشلار» دا «گاۋزۇك ئوردا خاتىرىلىرى» دىن ئېلىنغان نەقىلدە «دەسلەپتە تۇركلەرنىڭ چۇبە قاغانى چۇبە ئىشبارانى ئوردىغا ئولپان تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى. تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كەلمىدى. تاڭ تەيزۇڭ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇڭ قول باسقاق سانغۇن گاۋكەننى ئۇيغۇر، بارغۇت قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ ئۇلارغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى» دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە. تۇركلەر ھەققىدە قىسسە» دىمۇ: «تاڭ تەيزۇڭ سانغۇت گۇگۇاڭنى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ ئۇ يېتىپ كېلەلمىگەنلىكتىن تاڭ تەيزۇڭ قاتتىق غەزەپلىنىپ،

جېنگوەننىڭ 23 ـ يىلى ئۇلۇغ قول سانغۇن گاۋكەننى ئۇيغۇر، بارغۇت قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قوشۇن ۋە قوۋملىرىنى باشلاپ ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى» دېيىلگەن. گاۋكەن تاڭ تەيزۇڭ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇ جازا يۈرۈشكە ئاتلانغاندا تاڭ تەيزۇڭنىڭ يېنىدا ئىدى. تاڭ تەيزۇڭ جېنگوەننىڭ 23 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۆلگەنىدى. گاۋكەن شۇ يىلى 5 ـ ئايدىن بۇرۇن جازا يۈرۈشكە ئاتلانغان بولۇشى كېرەك. «يېڭى تاڭنامە. گاۋزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر»دىكى گاۋكەننىڭ جېنگوەننىڭ 23 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جازا يۈرۈشكە ئاتلانغانلىقىمۇ خاتادەك تۇرىدۇ⑳.

يۇقىرىدىكى سەۋەبلەرگە ئاساسلانغاندا، تاڭ تەيزۇڭنىڭ گاۋكەننى چۆبەلەرگە جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىشى، «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە دېيىلگەن جېنگوەننىڭ 23 ـ يىلى (مىلادى 649 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا بولغان بولسا كېرەك.

يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، گاۋكەن ئۇيغۇر، بارغۇت قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ چۆبەلەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، تەييارلىقلارنى مەخپىيئېلىپ بارغان بولۇپ، ئېھتىمال چۆبەلەرنىڭ تەييارلىقسىز ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ چۆبەلەرنى تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچرىتىشنى كۆزلىگەنىدى. گاۋكەننىڭ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر، بارغۇت قاتارلىق قەبىلەرنىڭ قوشۇنلىرى چۆبەلەرنىڭ زېمىنلىرىغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، چۆبە قەبىلىلىرى بەكلا ھودۇقۇپ كەتكەنىدى. چۆبە قاغاننىڭ ئوغلى كېشمانتۇر، قول ئاستىدىكى قارلۇق قەبىلىسىدىن نىشۇكۇل ئېركىن، شېيمۇكېن قەبىلىسىدىن باغادۇر ئېركىن قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن قوۋملىرىنى باشلاپ كېلىپ ئەل بولدى. تاڭ تەيزۇڭ كېشمانتۇرنىڭ قەبىلىسىنى شىنلى ئايمىقىغا ئورۇنلاشتۇردى. گاۋزۇڭنىڭ يوڭخۇي تۇنجى يىلىنىڭ 6 ـ ئېيىدا (زور قوشۇن ئاتلانغان ۋاقىت

بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر يىل يەنى ئالتاي) گاۋكەنىنىڭ قوشۇنى ئارساك تېغى (هازىرقى ئورنى ئېنىق ئەمەس) غا يېتىپ باردى. چۇبەلەرنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ ئەسكەرلىرى گاۋكەن قوشۇنلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇماقچى بولدى. ئەمما بۇنداق تەپرىقىچىلىك تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن كۆرۈنۈشتە ئىتائەت قىلىپ، ئاستىرتىن بويۇنتاۋلىق قىلغان تۈرك قاغانىنى ھەممىنى بىزار قىلغان يېگانە ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغاچقا، تارىخىي كىتابلاردا چۇبەلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قەبىلىلەرنىڭ چۇبە قاغانىنىڭ چاقىرىقىغا «پۈتۈنلەي ئاۋاز قوشمىغان» لىقى خاتىرىلەنگەنىدى. چۇبە ئامالسىز قېلىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان خوتۇنىنى ۋە يېقىنلىرىنى ئېلىپ 100 نەپەر ئاتلىق ئەسكەر بىلەن غەرب تەرەپتىكى ئالتۇنتاغقا قېچىپ كەتتى. گاۋكەن ئاتلىق ئەسكەرلەرگە باشچىلىق قىلىپ ئالتۇنتاغقا قوغلاپ باردى. چۇبە تىرىك تۇتۇلدى. 9 - ئايدا گاۋكەن چۇبەنى پايتەختكە يالاپ ئېلىپ باردى. گاۋزۇڭ چۇبەلەرنىڭ قوۋملىرىنى ئۆتۈكەن تېغىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى.

**(3) تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ غەربىي تۈرك خانلىقىنى يوقىتىشى (مىلادى 651—658- يىللار)**

مىلادى 581 - يىلى بىر پۈتۈن تۈرك خانلىقى شەرق، غەربىي تۈرك خانلىقىغا پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، غەربىي تۈرك خانلىقى ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي (هازىرقى ئالتاي تېغىنىڭ غەربى) دىكى جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مىلادى 630 - يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، غەربىي تۈرك خانلىقىمۇ ئىچكى تالاش - تارتىشلار تۈپەيلىدىن كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىپ كەتتى. مىلادى

638 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 12 - يىلى) غەربىي تۈرك خاند
لىقىمۇ ئىككى قىسىمغا پارچىلىنىپ كەتتى؛ سۇياب دەرياسى
نىڭ (هازىرقى چۇ دەرياسى) نىڭ شەرقىگە تارقالغان بەش
تۇغلۇقلار قەبىلىسىگە ئىبل بىلگە تۇغلۇق قاغان هۆكۈمرانلىق
قىلدى؛ سۇياب دەرياسىنىڭ غەربىگە تارقالغان بەش ساداق
لار قەبىلىسىگە ئىشپارا ئىلتەرىش قاغان هۆكۈمرانلىق قىلدى.
تۇغلۇق قاغان تاڭ سۇلالىسىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ،
تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشنى
تەشەببۇس قىلغان ئىشپارا قاغانغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ
ئۆلتۈردى هەمدە ئۇنىڭ قەبىلىسى بىلەن زېمىنىنى ئۆزىگە قو-
شۇۋالدى. بەش ساداقلار قەبىلىسى بويسۇنۇشنى خالىماي
ئىبل بىلگە شىرنى قاغان قىلىپ تىكلەپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇر-
دى. مىلادى 648 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى)، ئىبل
بىلگە تۇغلۇق قاغان ئىبل بىلگە شىر قاغان تەرىپىدىن مەغ-
لۇپ بولۇپ، توخارىستانغا قېچىپ بېرىپ، شۇ يەردە ئۆلدى.
ئۇنىڭ قەبىلىسىنىڭ سانغۇنى ئاشىناقۇل بىلگە شىر قاغان
تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ، چىقىش يولى قالمىغان ئەهۋال
ئاستىدا، نەچچە مىڭ تۈتۈن ئاهالىگە باشچىلىق قىلىپ تاڭ
سۇلالىسىگە ئەل بولدى. تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنىڭ يېرىدە بېشب
بالىق تۇتۇق مەهكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئاشىناقۇلنى تۇ-
تۇق قىلىپ تەيىنلەپ، باغا قەلئەسى (هازىرقى فۇكاڭ ناهى-
يىسىنىڭ شەرقى) گە ئورۇنلاشتۇردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قو-
شۇنلىرى كۇسەنگە جازا يۈرۈش قىلغاندا ئاشىناقۇل قوشۇن
چىقىرىپ، ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئىپتقاندا، تاڭ سۇلالىسى
رۇخسەت قىلمىدى. جېنگۇەننىڭ 23 - يىلى 5 - ئايدا تاڭ
تەيزۇڭ ئالەمدىن ئۆتتى. ئاشىناقۇل پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
گاۋزۇڭنىڭ يۇڭخۇەن 2 - يىلى (مىلادى 651 - يىلى) 1 -
ئايدا، قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئىبل

بىلگە شىر قاغاننى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە بەش ساداقلار قەبىلىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ئاشناقۇل «قوش دەرياسى» (ھازىرقى بورتالا ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىدە) بىلەن مىڭلاق (ھازىرقى چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ تارماقىدا) دا ئۇردا قۇرۇپ، ئۆزىنى ئىشپارا قاغان دەپ ئاتاپ، «نەچچە 100 مىڭ يارامىلىق ئەسكەرگە ئىگە بولۇپ» («كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە») بەش تۇغلۇقلار بىلەن بەش ساداقلار قەبىلىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا ئاشناقۇل بېشبالىققا بېسىپ كىردى. ئۇرۇمتاي بىلەن بارىكۆل ناھىيىسى قولدىن كەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭگۇەن يىللىرىدىن بۇيان زور بەدەل تۆلەش ھېسابىغا غەربىي يۇرتتا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى تۇيۇقسىزلا شامالغا كېتىدىغان خەۋپكە دۇچ كەلدى. تاڭ سۇلالىسى مەيلى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن ئاشناقۇل تەرىپىدىن يېڭىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن غەربىي تۈرك خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولمايتتى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىنى يوقىتىش ئۇرۇشى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۈچ قېتىم ئېلىپ بېرىلدى. بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش گاۋزۇڭنىڭ يۇڭخۈي ئىككىنچى يىلى 7 - ئايدىن يۇڭخۈي 3 - يىلى 1 - ئاي (مىلادى 651- يىلى 7 - ئايدىن 652 - يىلى 1 - ئايغىچە) بولغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرگە تەۋە بولغان چۇبە، چىگىل قەبىلىلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، قىسمەن غەلىبىگە ئېرىشتى. ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ تۇنجى يىلى 1 - ئايدىن 12 - ئاي (مىلادى 656 - يىلى 1 - ئايدىن 12 - ئايغىچە) بولغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئاشناقۇلغا تەۋە بولغان قارلۇق، شىيمۇكېن، تۈرگەش قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلدى، تاڭ سۇلالىسى غەلى-

جىمگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۈچىنچى قېتىملىق ئۇرۇش گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 2 - يىلى 1 - ئايدىن 3 - يىلى 2 - ئاي (مىلادى 657 - يىلى 1 - ئايدىن 658 - يىلى 2 - ئاي) غىچە بولغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاشىناقۇلنى ئەسىر ئېلىپ، غەربىي تۈرك خانلىقىنى يوقاتتى. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۆرا قوشۇنلىرى (ئاساسلىقى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ قوشۇنلىرى) بۇ ئۈچ قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ ھەممىسىگىلا قاتناشتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تۈركلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن تەر تۆكۈپ، تۆھپە قوشتى، بۇنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىمىز:

مىلادى 651 - يىلى 7 - ئايدا تاڭ گاۋزۇڭ ئاشىناقۇلنىڭ بېسىپ كىرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال يارلىق چۈشۈرۈپ سول قول بەھەيۋەت ئۇلۇغ سانغۇن لياڭ جيەنفاڭ بىلەن ئوڭ قول بەھەيۋەت ئۇلۇغ سانغۇن چۇبە غالىنى كۆنەس يولى قوشۇنىنىڭ باش ئاغلاقچىلىقىغا، ئوڭ قول باسقاق سانغۇن گاۋدېمىيەن بىلەن ئوڭ قول بەھەيۋەت ئۇلۇغ سانغۇن ساگۇۋۇرېننى مۇئاۋىن قىلىپ تەيىنلەپ، «چىن، چېك، چى، يوڭ قاتارلىق مەھكىمىلەرنىڭ 30 مىڭ ئەسكىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ 50 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا قارشى جازا يۈرۈش قىلدۇردى» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 199 - جىلد گاۋزۇڭنىڭ يۈگۈۋېي 2 - يىلى). «قانۇنلار قامۇسى. غەربىي تۈركلەر» بىلەن «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ 50 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنىڭ سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغانىدى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا تۆرا قەبىلىلىرى ئارىسىدىن ئۇيغۇر قوشۇنلىرى قاتناشقانلى-

قىنى بىلگىلى بولىدۇ ھەم «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەق
قىدە قىسسە» بىلەن «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 937 - جىلد-
دىكە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ 50 مىڭ ئاتلىق قوشۇنىغا
باشچىلىق قىلغان ئۇيغۇر ئاقساقىلىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ
خانكاي تۇتۇقى بايان ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. سانغۇن
لياڭجيەنفاڭنىڭ «كۆنەش يولى ھەربىي يۈرۈش ئاغلاقچى»
لىق نامىدىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بۇ
نۆۋەتتىكى ھۇجۇم نىشانى ئاشىناقۇل بارگاھ قۇرغان قوش
دەرياسىدىن يىراق بولمىغان كۆنەش قەلئەسى (ھازىرقى
شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا) ئىدى.
يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا. بايانىڭ باشچىلىقىدىكى
ئۇيغۇرلارنىڭ 50 مىڭ ئاتلىق قوشۇنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ
قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاشنا قۇلنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ
قىلىپ بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالغان، ئارقىدىنلا يەنە داۋاملىق
غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ ئاشىناقۇلنىڭ قارمىقىدىكى چىگىل،
چۇمۇل قەبىلىلىرىنى مەغلۇپ قىلغان. مىلادى 652 - يىلى
(يوڭخۇينىڭ 3 - يىلى) 1 - ئايدا چىگىللەرنىڭ قوشۇن-
لىرىنى ئاۋرال تېغى (ھازىرقى ئۇرنى ئېنىق ئەمەس، سىبىر
جوڭمىيەن قاراشەھەر بىلەن تۇرپاننىڭ چېگرىسىدىكى
تاغ دەيدۇ [31]) دا مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى
تىۋشار قۇتچۇرنى تىرىك تۇتتى ھەم چۇمۇل قەبىلىسىنى
مەغلۇپ قىلىپ ئۇلارنىڭ سەركەردىسى سۆكۈن ئىركىن بىلەن
خېچى، قايا قاتارلىقلارنى تىرىك تۇتتى. ئىلگىرى - ئاخىر
بولۇپ، 10 مىڭدەك ئادەمنى ئەسىر ئېلىپ، 900 ئادەمنىڭ
كاللىسىنى ئالدى. كېيىن لياڭجيەنفاڭ باشچىلىقىدىكى تاڭ
سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى «تۇرۇۋېلىپ
ئىلگىرىلىمىدى». ئېھتىمال ئۇلار قوشۇنىنىڭ ئاز بولغانلىقىدىن
ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان بولۇشى مۇمكىن. لياڭ

جېيەنفاڭنىڭ كونەش قەلئەسىگە يېتىپ بارمىغانلىقى ئۈچۈن تەپتىش بېگىنىڭ پاش قىلىشىغا ئۇچرىدى. گاۋزۇڭ لىياڭ جېيەنفاڭنىڭ چېكىنلەرنى يوقاتقان تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇنى سۈرۈشتە قىلمىدى.

مىلادى 656 - يىلى (شيەنچىڭنىڭ 10 - يىلى) 1 - ئايدا ئاشىناقۇل چېگرىغا يەنە باستۇرۇپ كىردى. تاڭ گاۋزۇڭ چېڭ جىجېنى كۆكئارت ھەربىي يۈرۈش يولىنىڭ باش ئاغلاق چىلىقىغا تەيىنلەپ، يەنرەن قورۇقچىبېگى رېن ياشياڭ بىلەن مۇئاۋىن قورۇقچى بەگ سۇسىينى قوشۇن باشلاپ بېرىپ يەنە جازا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈش ھەققىدە «قانۇنلار قامۇسى»، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»، «يېڭى تاڭنامە» ۋە «ئومۇمىي ئۈرنەك» قاتارلىق ئەسەرلەردە چېڭ جېجى قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئارىسىدا تورا قوشۇنلىرىنىڭ بار ۋە يوقلۇقى يا خاتىرىلەنمىگەن، يا تىلغا ئېلىنمىغان. پەقەت «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار. ھەققىدە قىسسە» دىلا «چېڭ جېجى، سۇدىڭفاڭ، رېن ياشياڭ، سۇسىيلارنىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئاشىناقۇلنى چۇغاي تاغلىرى (بۇچۇغاي تېغى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ چېگرىسى ئىچىدە ئىدى ㉜ دا مەغلۇپ قىلىپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە ئالتۇنتاغدا مەغلۇپ قىلدى» دەپ كۆرسىتىلگەن. رېن ياشياڭ بىلەن سۇسىينىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قورۇقچىبېگى بىلەن مۇئاۋىن قورۇقچىبېگى بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جازا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇنلىرىمۇ بار بولۇشى كېرەك. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە ئەينى مەزگىلنىڭ ئەمەلىي خاتىرىلىرى خاتىرىلەنگەنىدى. جازا يۈرۈشكە تۇتۇلغان ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئۆزىدىلا خېلى كۆپ

چىقىم بولغانىدى، بۇ قېتىمقى ئاشىناقۇلغا قارشى ئېلىپ بې
رىلغان جازا يۈرۈش باشلانغان ۋاقىتتا، تاڭ سۇلالىسى بىلەن
ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇنلىرى بەزى غەلىبىلىك ئۇرۇشلارنى قىلغان
بولسىمۇ، بىراق ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر
لارنىڭ قوشۇنلىرى 12 - ئايدا يۇلتۇز دەريا ۋادىسىغا
يۈرۈش قىلىپ يېتىپ بارغان ۋاقىتتا، تويۇقسىز غەربىي
تۈركلەر ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ قارىمىقىدىكى چونىس قەبى
لىسىنىڭ 40 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنىڭ قاتتىق
توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇي
غۇرلارنىڭ قوشۇنلىرى ئۇرۇش قىلمايلا چېكىنىدى ㉝. چېڭ
جىنجى جازاغا بۇيرۇلغان بولسىمۇ، ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىنىپ
ئەمەلى ئېلىپ تاشلاندى.

مىلادى 657 - يىلى (شيەنچىڭنىڭ 2 - يىلى) 1 -
ئايدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى غەربىي تۈركلەردىن بولغان
ئاشىناقۇلغا قارشى ئۈچىنچى قېتىملىق جازا ئۇرۇشىنى باشلىدى؛
ئىلگىرىكى ئىككى قېتىملىق جازا يۈرۈشىنىڭ ھەممىسى قوشۇن
نىڭ ئازلىقى ھەمدە ماسلىشىشنىڭ كەمچىللىكىدىن يېرىم
يولدا توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى، تاڭ سۇلالىسى
بۇ قېتىم جەنۇب، شىمال ئىككى يول بويىچە، ئاشىناقۇلغا
ھۇجۇم قىلدى. گاۋزۇڭ سۇدىڭفاڭنى ئىلى ھەربىي يۈرۈش
يولىنىڭ باش ئاغلاقچىلىقىغا تەيىنلىدى؛ يەنىزەن قورۇقچىن
بېگى رېن ياشياڭ بىلەن مۇئاۋىن قورۇقچىبەگ سۇسىنىڭ
ۋە ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بايان قاتارلىقلارنى ئۇنىڭغا
مۇئاۋىنلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇيغۇر، خەنزۇلارنىڭ قوشۇنلىرىغا
باشچىلىق قىلىپ، ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىدىكى شىمالىي يول
بويىچە ئىلگىرىلەشنى بۇيرۇدى. سول قانات ياساۋۇللار بىشاڭ
غۇنى ئاشنامىش بىلەن ئوڭ قانات ياساۋۇللار سانغۇنى ئاشىنا
بۇكىننى كىنگىتىنىڭ سىلاۋچى بەگلىكىگە تەيىنلەپ، خەنزۇ قوشۇن

لەرنىغا باشچىلىق قىلىپ، شىمۇدىن يولغا چىقىپ جەنۇبىي يولغا ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇدى. شىمالىي يولدىكى قوشۇن جازا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. ئىككى قوشۇن قوش دەرياسىدا ئۇچراشتى. سۇدىڭفاڭنىڭ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ قوشۇنلىرى ئالدى بىلەن ئالتۇنتاغقا جاي-لاشقان غەربىي تۈركلەرنىڭ بەش تۇغلۇق قەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان شىيمۇكېن قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى، غەلىبە بىلەن توختىماي يۈرۈش قىلىپ، ئەرتىش دەرياسى (ھازىرقى ئېرتىش دەرياسى) نىڭ غەربىگىچە يېتىپ باردى. ئاشىناقۇل 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ كېلىپ ئۇرۇش قىلدى. ئاشىناقۇل سۇدىڭفاڭنىڭ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسى بىلەن قاتتىق مەغلۇپ بولدى. بەش ساداقلار قەبىلىسى بىلەن ئاشىناقۇلنىڭ ئوتتۇ-رىسىدا ئارازلىق بار ئىدى. ئۇلار ئاشىناقۇلنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئادەملىرىنى باشلاپ سۇدىڭفاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەل بولدى. بەش تۇغلۇقلار قەبىلىسىنىڭ قالدۇقلىرى جەنۇبتا ئاشىنا بۇكىنىگە تەسلىم بولدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي شىمالىي يول قوشۇنى قوش ۋادىسىدا ئۇچراشتى. ئاشىناقۇل قالدۇق ئادەملىرىنى باشلاپ ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، غەربكە قاراپ قېچىپ كەتتى. سۇدىڭفاڭ بىلەن ئاشى-نامىش ئۇنى قوغلاپ ئىلى دەرياسىنىڭ يېنىسىدىكى دېلىمۇك تېغىدا زەربە بەردى. ئاشىناقۇل مەغلۇپ بولۇپ، شاش بەگ-لىكى (ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى تاشكەنت) گە قېچىپ باردى. مىلادى 658 - يىلى (شيەنچىڭنىڭ 3 - يىلى) 2 - ئايدا شاش بەگلىكىدىكىلەر ئاشىناقۇلنى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈرك خانلىقى مۇنـ-قەرز بولدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى سۇياب دەرياسىنىڭ شەرقىي، غەربىدىكى يەر - زېمىنلار (غەربتە ھازىرقى ئارال

دېڭىزىدىن، شەرقتە ھازىرقى ئالتايغىچە بولغان يەرلەر) نىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئۆتتى. تاڭ سۇلالىسى ئۇ جايلاردا ئىسسىقكۆل (سۇياب دەرياسىنىڭ شەرقى) ۋە مىڭلاق (سۇياب دەرياسىنىڭ غەربى) دىن ئىبارەت ئىككى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

قىسقىسى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاشناقۇلغا قارشى ئۈچ قېتىملىق جازا يۈرۈشىنىڭ ھەممىسىگىلا تۈرا قوشۇنلىرى (ئاساسلىقى ئۇيغۇر قەبىلىسى) قاتناشقانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ سانىدىن قارىغاندا تۈرا قوشۇنى يەنىلا ئاساسىي قوشۇن ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنى غەربىي تۈرك خانلىقىنى يوقىتىش ئۇرۇشىدا زور رول ئوينىدى. شۇڭا خانىكە ۋۇزېتيەننىڭ دەۋرىدىكى باش ۋەزىر چىن‌زىئاڭ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، تەسىرلەنگەن ھالدا «دۆلەت ئون ئوقلارنى ئىدارە قىلالايدۇ (ئون ئوق غەربىي تۈركلەرنى كۆرسىتىدۇ). توققۇز ئوقلار كۈچلۈك بولسىمۇ، ئوتتۇرا! تۈزلەڭلىككە بەيئەت قىلدى. ۋەزىيەت تۇراقسىز بولغاچقا، ئەمەلدار ئەۋەتىپ باشقۇرۇلدى» («يېڭى تاڭنامە. چىن‌زىئاڭنىڭ تەرجىمىھالى») دېگەنىدى.

**(4) تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ كۇرىيىگە جازا يۈرۈش قىلىشى (مىلادى 660 — 661 - يىللار)**

كۇرىيە تاڭ سۇلالىسىگە قوشنا ئەل ئىدى. سۈي ياڭدى كۇرىيىگە ئۈچ قېتىم جازا يۈرۈش قوزغىغان، نەتىجىدە ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا كۇرىيە «دەرماندىن كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ»، «ئەلچى ئەۋەتىپ تەسلىم بولغانىدى» (سۈينامە. كۇرىيە تەزكىرىسى»). خۇددى تاڭ گاۋزۇڭ «كۇرىيە

سۇي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان بولسىمۇ، باشتىن-ئاياغ سۇي ياڭدىغا بېقىنمىغانىدى. بۇنى قانداقمۇ بېقىنغان دېگىلى بولسۇن» («كونا تاڭنامە. كورىيە تەزكىرىسى») دەپ ئېيتقاندەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە سۇي ياڭدى ئۈچ قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ ھەممىسىدىلا كورىيە تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانىدى. تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن تاڭگاۋزۇ «سۇي سۇلالىسىنىڭ ئىزىدا مېڭىپ» كورىيىگە نىسبەتەن ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىش سىياسىتىنى قوللاندى، تاڭتەيزۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ تىنچلىق ۋە مۇقىملىققا ئېرىشىشى بىلەن، سىرتقا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلارنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشىشكە ئەگىشىپ، جىنگۇەن 19-يىلىدىن جىنگۇەن 23-يىلى ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر تۆت يىل ئىچىدە كورىيىگە ئۈچ قېتىم جازا يۈرۈش ئېلىپ باردى ㉞. لېكىن ھەممىسىدىلا بەزى جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغان بولسىمۇ، كورىيىنى زادىلا بويسۇندۇرالمىدى. گاۋزۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىنكى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا غەربىي تۈركلەرگە جازا يۈرۈشى قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ شەرققە قاراشقا چولىسى تەگمىگەنىدى. تاڭ سۇلالىسى بىلەن كورىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت يوڭخۇينىڭ 6-يىلى (مىلادى 655-يىلى) كىچىك كۆلەملىك ئۇرۇش يۈز بەردى. شيەنچىڭنىڭ 30-يىلى غەربىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولدى. ياندۇرقى يىلى (شيەنچىڭنىڭ 40-يىلى، مىلادى 659-يىلى) 12-ئاي سۇدىڭفاڭ يەنە غەربىي تۈركلەرنىڭ قالدۇقى ئىزگىل كۆل ئېركىن تارمان ㉟ قوزغىغان توپىلاڭنى تىنچىتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكىتى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى. بىپايان گوبىي چۆللىكى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ زېمىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە تەۋەلىكىگە كىردى. شيەنچىڭنىڭ 5-يىلى تاڭ سۇلالىسى شەرققە قارىتا كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھەرىـ

كەتنى ئېلىپ باردى.

شۇ يىلى 3 ـ ئايدا گاۋزۇڭ سۇدىڭفاڭنىڭ باشچىلىقىدا 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى كورىيە بىلەن پېكچې دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. 12 ـ ئايدا تاڭ سۇلالىسى يەنە سۇدىڭفاڭ، چۆبەغالى، ليۇبويىڭ، چېڭمىڭجېن قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدىكى زور قوشۇننى كورىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئىككىنچى يىلى (شيەنچىڭنىڭ 6 ـ يىلى مىلادى 661 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، گاۋزۇڭ «ھۇدەيچى سۇسىينى فۇيۇك (扶余) يولى ھەربىي يۈرۈش ئاغلاقچىسى قىلىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق ۋاسساللارنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، پىخنىيانغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، كورىيىگە جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى» («كىتابلار جەۋھىرى» 986 ـ جىلد). يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىمقى كورىيىگە جازا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنغا قاتناشقان تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر قوشۇنىدىن باشقا يەنە «غۇز ئەسكەرلىرى» (غەربىي يۇرتتىكى غۇز ئەسكەرلىرى) مۇ بار بولۇپ، «جەمئىي 35 قوشۇن سۇ ۋە قۇرۇقلۇق يولى بىلەن تەڭلا ئىلگىرىلىدى» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 200-جىلد گاۋزۇڭنىڭ لوڭسۇ تۇنجى يىلى). سۇدىڭفاڭ سۇ يولى ئارقىلىق كورىيىنىڭ جەنۇبىغا ھۇجۇم قىلىپ، كورىيىنىڭ زور قوشۇننى چېيجياڭ دەرياسى (ھازىرقى چاۋشيەننىڭ داتوڭجياڭ دەرياسى) بويىدا تارمار قىلىپ، كورىيىنىڭ پايتەختى پىخنىياننى قورشىۋالدى. لياۋدۇڭ يولى ھەربىي يۈرۈش قوشۇنىنىڭ ئاغلاقچىسىنى چۆبەغالى بىلەن سۇسىينىڭ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنى قۇرۇقلۇق يولى بىلەن يالۇجياڭ دەرياسى (ھازىرقى يالۇجياڭ دەرياسى) غىچە يېتىپ بارغاندا، كورىيە سانغۇنى نەنشېڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇننىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى، 9 ـ ئايدا تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ

بىرلەشمە قوشۇنى يالۇجيالڭ دەرياسىنىڭ مۇز تۇتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، دەريادىن ئۆتۈپ نەنشىڭغا ھۇجۇم قىلدى. كورىيە قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، نەنشىڭمۇ جىنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي يول بىلەن شىمالىي يولدىكى قوشۇنى پىخنىياندا غەلىبىلىك ئۇچراشقان ۋاقىتتا، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باشچىلىقىدىكى توققۇز تۇرا خەلقىنىڭ داغدۇغىلىق چوڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى. تارىخىي كىتابلاردا تۇرا قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ «چېگرىغا باستۇرۇپ كىرگەن» («دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 200-جىلد، گاۋزۇڭنىڭ لوڭسۇ تۇنجى يىلى) لىكى خاتىرىلەنگەنىدى: قوزغىلاڭچى قوشۇن باستۇرۇپ كىرگەن «چېگرا» ئەلۋەتتە تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسى بولۇپ، بەلكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي شىمال چېگرىسى بولۇشى مۇمكىن. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قوزغىلىڭى شەك - شۈبھىسىزكى، يەنە كورىيە ئالدىنقى سېپىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر قاتارلىق تۇرا قوشۇنلىرىنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇۋەتكەنىدى، ئېھتىمال ئۇيغۇر قاتارلىق بۇ تۇرا قوشۇنلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قېچىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، گاۋزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ، كورىيە ئالدىنقى سېپىدىن «ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇش»قا مەجبۇر بولدى. سۇدىڭفاڭ بىلەن چۇبەغالىنىڭ باشچىلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى «ھېچقانداق زور غەلىبىگە ئېرىشەلمەي قايتىپ كەلدى» («كونا تاڭنامە. كورىيە تەزكىرىسى»).

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، جېنگۇەننىڭ 21-يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئاتلىق

ئەسكەرلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى سىرتقا قارىتا ئېلىپ بارغان، بارلىق مۇھىم ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك قاتناشقانىدى. بولۇپمۇ تۈركلەرنىڭ چۆبە قاغانىغا جازا يۈرۈش قىلىش بىلەن غەربىي تۈرۈك خانلىقىنى يوقىتىش ئۇرۇشىدا. تۇرا ئاتلىق ئەسكەرلىرى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق ھەربىي كۈچىگە ئايلىنىپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشىدا زور رول ئوينىدى. تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنىنىڭ شىمال ۋە غەرب تەرەپلىرىدە خەن سۇلالىسى ۋاقتىغا قارىغاندا، تېخىمۇ كېڭەيتىلىشىدە ناھايىتى تۇرا ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىدىغان كۈچىدىن پايدىلاندى. تاڭ سۇلالىسى تارىخىنى تەتقىق قىلغان بەزى ئالىملار تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭەيگەن ۋاقتى ئۈستىدە توختالغاندا. پەقەت تاڭ سۇلالىسىنىڭ فېئودال ئىقتىسادىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى بىلەن تاڭتەيزۇڭنىڭ قابىلىيىتى بىلەنلا چەكلىنىپ، ئەكسىچە تۇرا خەلقىنىڭ تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ كەڭ زېمىنىنى بەرپا قىلىشقا قوشقان تۆھپىسىگە سەل قاراپ كەلمەكتە. بۇ روشەنكى ئىنتايىن بىر تەرەپلىمىلىكتۇر.

لېكىن تاڭتەيزۇڭ بىلەن تاڭ گاۋزۇڭنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بارغان ھەربىي يۈرۈشلىرى بىلەن سىرتقا قارىتا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى تۇرا قەبىلە خەلقلىرىنى ئادەم كۈچى بىلەن ماددىي كۈچ جەھەتتە زور بەدەل ۋە قۇربان بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. تاڭ سۇلالىسى تۇرا مىللەتلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان تۈرك قۇلدارلىرىغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، تۇرا قەبىلە خەلقلىرى يەنە بۇ خىلدىكى بەدەل ۋە قۇربانلارنى بېرىشكە رازى بولدى، بىراق تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنى جازا يۈرۈشكە تۇتۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە ھېچقانداق ئۆچمەنلىكى بولمىغان كورىيە دۆلىتىگە جازا يۈرۈش قىلىشقا

ئەۋەتكەندە. ئۇلار ئۇرۇشنىڭ ئۆزلىرىگە ئېلىپ كەلگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە قايتا ئۇچراشنى ھەرگىزمۇ خالىمىدى.

## 5. تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى

يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى تۇرالار تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى 10 نەچچە يىلغىچە توختىماي ئۇرۇش قىلىپ تۇردى. بۇ ئۇرۇشلار، بولۇپمۇ كۆسەن، تۈركلەرنىڭ چۆبە قەبىلىسى ۋە غەربىي تۈركلەردىكى ئاشناقۇلغا قارشى جازا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشلىرى چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىي تەرىپىدىكى جايلار بىلەن غەربنىڭ سودا قاتنىشىنى تۇتاشتۇرۇشتا، تۈرك قۇلدارلىرىنىڭ خەنزۇلار بىلەن تۇرا قەبىلىلىرىگە قاراتقان پاراكەندىچىلىكىنى يوق قىلىشتا، ئىنتايىن زور ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. ئەمما سىنىپىي زۇلۇم بىلەن مىللىي كەمسىتىش ئەۋج ئالغان ئاشۇ دەۋردە خەنزۇلار بىلەن تۇرا خەلقلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان بۇنداق ئىشلار پۈتۈنلەي سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلاردا تۇرا خەلقلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىگە ماسلىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئالغان زور مەجبۇرىيەتلىرى بىلەن قىيىنچىلىقلىرى خاتىرىلەنمىگەن، بىراق نەچچە 100 مىڭ ئاتلىق قوشۇننىڭ جازا يۈرۈشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇرۇش مەيدانىدىكى يارىلىنىش بىلەن ئۆلۈشلەر ئىنتايىن كۆپ بولغان بولۇشى

مۇمكىن، ئات، ئەسكەر، ئاشلىق قاتارلىق ئارقا سەپ تەمىنا-
تىدىكى ئادەم، ماددىي كۈچلەرنىڭ چىقىمىمۇ چوقۇم ئادەمنى
ئىنتايىن چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە بولغان بولۇشى مۇمكىن.
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى. ئۇنىڭ
قارىمىقىدىكى تۇتۇق مەھكىمە ۋە ئايماقلارنىڭ خەنزۇ ۋە
تۇرالاردىن بولغان ئەمەلدارلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
پوپوزا قىلىپ تارتىۋېلىش، خىيانەت قىلىپ قانۇننى بۇزۇش
بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئاخىرى
بېرىپ، ئادەتتىكى تۇرا چارۋىچىلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشۈپ،
تۇرا خەلقلىرىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن بولۇشى
مۇمكىن ئىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇقىرىدىكى ۋەزىرلىرىدىن تارتىپ
تۆۋەندىكى جازا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇنلىرىغىچە، سىنىپىي
ماھىيەتنى چەتمىش قىلغاچقا، ئۇلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك چوڭ خەنزۇ-
چىلىق بىلەن مىللىي كەمسىتىش روھىغا تولۇپ تاشقانىدى.
ئۇلار ئاللىقاچان تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان ئاز سانلىق
مىللەت خەلقلىرىنى ئاۋۋالقىدەكلا دەرىجە جەھەتتىن ئۆزلىرى-
دىن تۆۋەن، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان «بەدەۋىيلەر» دەپ
قارىدى. ھەر قېتىملىق ئۇرۇشتا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ
قوماندان سانغۇنلىرى دائىم «غوز ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى سەپ-
نىڭ ئالدىدا ماڭدۇرۇپ، ئارقىسىدىن خەنزۇ ئەسكەرلىرىنى
باشلاپ مېڭىپ» ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرىنى سەپ
ئېچىپ مېڭىشقا، تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا مەجبۇرلايتتى. قانـ
داقتۇ بۇنى «مۇبادا مەغلۇپ بولغان تەقدىردە دۆلەتكە زىيان
يەتمەيدۇ»، «مەغلۇپ بولساقمۇ دۆلەتكە زىيان يەت-
مەيدۇ. پايدا، تۆھپە دۆلەتكە مەنسۇپ، غەلىبە قىلغاندا
دۆلەتكە تۆھپە قوشقان بولىمىز» («كىتابلار جەۋھىرى» 366-
جىلد) دەپ چۈشەندۈرەتتى. بۇ يەردە چوقۇم ئاز سانلىق

مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرا قەبىلە خەلقلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىماي قالمايتتى.

تاڭ تەيزۇڭ بولۇپمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە ۋارىسلىق قىلغان تاڭ گاۋزۇڭ تۇرا خەلقلىرىنىڭ نارازىلىقىنى سەزگەندەك قىلاتتى. مىلادى 647 - يىلىلا تاڭ گاۋزۇڭ ليۇرېنيۈەننى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا «تۇرالارنى دالالەت قىلىش»قا ئەۋەتكەنىدى. مىلادى 651 - يىلى (يۇڭخۇينىڭ 2 - يىلى) تاڭ گاۋزۇڭ ليۇرېنيۈەننى شىمالدىكى «تۇرالارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ھال سوراش»قا ئەۋەتتى؛ مىلادى 657 - يىلى (شيەنچىڭنىڭ 2 - يىلى) گاۋزۇڭ «(ليۇرېنيۈەنگە) تۇرالارنى دالالەت قىلىشقا قايتا بۇيرۇق چۈشۈردى» (يۇقىرىقىلارنى «مېتال - تاش پۈتۈكلەر توپلىمى. ليۇرېنيۈەننىڭ تۆھپىسى توغرىسىدا تىكلەنگەن يادنامە» دىن كۆرۈڭ). ئېھتىمال بۇنداق دالالەت قىلىش بەلكىم قۇرۇق گەپ بولىسىمۇ، بەزىدە قىسمەن تۇرالارنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى ئۇنسۇرلىرىنى مەلۇم ياخشىلىقلارغا ئىگە قىلاتتى، ئادەتتىكى تۇرا خەلقىنىڭ يۈكىنى قىلچىمۇ يېنىكلىتەلمەيتتى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىرتقا قاراتقان ئۇرۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىشى ۋە تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە چىرىكلىشىشىگە ئەگىشىپ، چەكلىك بولغان «دالالەت قىلىش»مۇ تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 3 - يىلى (مىلادى 658 - يىلى) دىن كېيىن قالمىدى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا جازا يۈرۈش قىلغان تۇرا ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولغان ئەھۋالى توغرىسىدا ماتېرىياللار خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 5 - يىلى (مىلادى 660 - يىلى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈرىيىگە جازا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى كەڭ كۆلەملىك

ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىنكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك لەشكەرلىرىنىڭ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ھەققىدە بىرقەدەر كونكرېت خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بۇ بىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تورا ئاتالىق ئەسكەرلىرىنىڭ قىيىن ئەھۋاللىرىنى بىلىشىمىزدە مۇئەييەن ئەينەكلىك رولىنى ئوينايدۇ. «كونا تاڭنامە. لىيۇرېنگۈينىڭ تەرجىمىھالى» غا ئاساسلانغاندا، گاۋزۇڭنىڭ لىندې تۇنجى يىلى (مىلادى 664 - يىلى) لىيۇرېنگۈي كورېيە ئالدىنقى سېپىدىكى «لەشكەر» (يەنى جازا يۈرۈشكە قاتناشقان خەنزۇ ئەسكىرى) دىن نېمە ئۈچۈن كورېيىگە بېرىپ، خان ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايسەن، دەپ سورىغاندا لەشكەر مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەنىدى:

ھازىرقى ئەمەلدارلار بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلالمايدۇ. جېنگۇەن، يوڭخۇېي يىللىرىدا شەرق ۋە غەربكە جازا يۈرۈش قىلغاندا خان ئۈچۈن جېنىدىن ئايرىلغانلارغا ئەمەلدارلار پەرمان بويىچە ماتەم تۇتاتتى ھەمدە ئۇلارغا نام - ئاتاقلارنى بېرەتتى. ھەتتا بەزى ئۆلگۈچىلەرگە بېرىلگەن نام - ئاتاق ۋە ئەمەللەر ئۇلارنىڭ پەرزەنت ۋە ئىنىلىرىگە بېرىلەتتى. ھالا شيەنچىڭنىڭ 5 - يىلىدىن كېيىن بولسا ㊱ جازا يۈرۈشتە جېنىدىن ئايرىلغانلار پەقەتلا سۈرۈشتە قىلىنمايدىغان بولۇپ قالدى. لياۋخەيگە يېتىپ بارغانلار بولسا، دەرھال - نام ئاتاقلارغا ئىگە بولاتتى. شيەنچىڭنىڭ 6 - يىلىدىن كېيىن لياۋخەيدىن بىر نەچچە قېتىم ئۆتكەنلەر بولغان بولسىمۇ، ئەنگىمۇ ئېلىنمىدى. ئايماق - ناھىيىلەردە ئەسكەرلىككە ئادەم قوبۇل قىلغاندا، ئۆزى ياش بولسىمۇ پۇلى ۋە ئائىلىسىدە مال - مۈلكى بارلار ئەمەلدارلارغا ئاستىرتىن نەرسە - كېرەك ھەدىيە قىلسا قۇتۇلۇپ قالىۋەردى. پۇلى يوق، نەرسە - كېرەك بېرەلمى-

گەنلەر قىرى ـ ئاجىزلار بولسىمۇ ۋەزىپىنىڭ ھەممىسى
ئۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. شيەنچېڭنىڭ 5 ـ يىلى
دىكى پىكچى دۆلىتىنى مەغلۇپ قىلىش تۆھپىسى بىلەن
پەخىرلىنىۋاندىكى جاپالىق جەڭ تۆھپىسىدە ئەينى ۋاقىتتىكى
سانغۇنلار، يۇقىرى ئەمەل ۋە كۆپلەپ ئىنئام بېرىلدىغان
لىقىنى سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەر قايسى جايلاردىن
ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارنىڭ ھەممىسى بېرىپ، بارمىغان
بىرمۇ ئورۇن قالمىدى، شىئەن دېگەن جايغا بارغاندا
تۆھپە ياراتقانلارغا ئىشكەل سېلىپ دۇمبالانغانلىقىنى،
تۆھپىلىرىدىنمۇ مەھرۇم قالغانلىقىنى ئاڭلىدۇق.

ئومۇمنىڭ ئىشلىرىدا كۆز بويامچىلىق قىلغان ـ ئەت
كەنلىرىنى سۆزلەپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. كۈن ئولتۇر
دىغان چاغدا يىراق جايلارغا قېچىپ كېتىدىغانلار دائىم
ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆز ـ ئۆزىنى نابۇت
قىلىپ قېچىپ كېتىدىغانلارمۇ بار.... مانا بۇ پۇقرالار
نىڭ جازا يۈرۈشكە قاتنىشىشنى خالىمايدىغانلىقىنىڭ
سەۋەبىدۇر.

بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، شيەنچېڭ 5 ـ يىلى تاڭ سۇلا
لىسىنىڭ «لەشكەر» لىرىگە بولغان مۇئامىلىسى ئىنتايىن يامان
لىشىشقا باشلىغان بىر يىل ئىدى. تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ «لەش
كەر» لىرىمۇ شۇلارغا ئوخشاش ياكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر بولۇپ،
مۇنداقچە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ بىر قەدەم يامان
لاشقان ۋاقتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى «لەشكەر» لەرگە سې
لىشتۇرغاندا تېخىمۇ بالدۇر باشلانغانىدى، يۇقىرىدا بايان
قىلغاندەك، شيەنچېڭنىڭ 3 ـ يىلىدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى
نىڭ شىمالىغا تۇرالار دالالەت قىلىشقا قايتا ئەلچى ئەۋەتمى

گەنلىكى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس، لوڭسۇنداڭ 2 - يىلى (مىلادى 662 - يىلى) 3 - ئايدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى شىمالدا تۇرالارنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندا. تۇرالار قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي يوقىلىشقا تاس قالغان. كېيىن تاڭ سۇلالىسى چىۋبەغالىنى شىمالغا تۇرالارنى دالالەت قىلىشقا ئەۋەتتى. چىۋبەغالى تۇرا ئەسكەرلىرىگە يۈرۈشتە ئۆلگەنلەرنى پەرمان بويىچە دەپنە قىلدۇرغانلىقىنى ھەمدە «ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان» («كىتابلار جەۋھىرى» 135 - جىلد) لىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭدىكى «يۈرۈشتە ئۆلگەنلەر» كۆرىنگە قىلىنغان جازا ئۇرۇشتا سەپەر ئۈستىدە كېسەل بولۇپ ئۆلگەن ۋە ئۇرۇشتا ئۆلگەن تۇرا ئەسكەرلىرىنى كۆرسەتسە كېرەك. يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇرا قەبىلىرى چىۋبەغالىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، «ئىنتايىن شاتلانغان»، چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ ۋەزىيىتى تېزدىن مۇقۇملاشقان. بۇنىڭدىن تۇرالارنىڭ شيەنچىڭ يىللىرىدىكى چوڭ قوزغىلىڭى (تەپسىلاتى تۆۋەندە) ۋە ئۇنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبىنىڭ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇرالارغا قاراتقان ئەسكەرلىككە تۇتۇشى بىلەن تۇرا «ئەسكەرلىرى» نىڭ ئەھۋالىنىڭ ئىنتايىن يامانلاشقانلىقىدىن بولغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

تۇرا قەبىلە خەلقلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىش بىلەن ھەربىي جازا يۈرۈشكە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرۈشنى، يىل تەرتىپلىرى بويىچە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىشقا بولىدۇ.

**(1) مىلادى 659 — 660 - يىللاردىكى ئىزگىل، بارغۇت، بايىرقۇ، توڭرا قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى**

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشىنى مىلادى 659 - يىلى (شيەنچىڭنىڭ 4 - يىلى) دىن ئاۋۋالقى مەزگىلگىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ.

مىلادى 658 - يىلى (شيەنچىڭنىڭ 3 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى دۇگېي قورۇقچىسىبېگى چېڭ مىڭجېن بىلەن كەپتاۋۇل شۆرېنگۈيىنى زور قوشۇن بىلەن كورىيەگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. چېڭ مىڭجېن قاتارلىقلار كورىيەنىڭ 30 مىڭ ئادىمىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرىدا كورىيەنىڭ باش سانغۇن دۆۋەنلونىڭ باشچىلىقىدىكى زور قوشۇنىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشى بىلەن ئالغا ئىلگىرىيەلمىدى، چېڭ مىڭجۇن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ياندۇرقى يىلى 3 - ئايدا، گاۋزۇڭ قايتا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ «سول قول باستاق ئۇلۇغ سانغۇن، جىڭگو بېگى چۇبەغالىنى لياۋدۇڭ ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى» («كونا تاڭنامە. گاۋزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»). چۇبەغالىنىڭ باشچىلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ خەنزۇ ياكى تۇرا قوشۇنى ياكى ھەر ئىككىسىدىن بولغان بىرلەشمە قوشۇن ئىكەنلىكى ھەققىدە تارىخى كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن. ئەمما ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «ياڭيىچۇەن ئەسەرلىرى توپلىمى» نىڭ 3 - جىلد «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوڭ قول سانغۇنى ۋېي جېنىڭ ئابىدىسى» دە شۇ يىلى ۋېي جېنىڭ تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن «تۇرالار قوشۇنىنىڭ ئاغلاقچى» لىقىغا تەيىنلەنگەن-

لىكى خاتىرىلەنگەن. دەرۋەقە تاڭ سۇلالىسى چۇبەغالىنى كۆرىيىگە جازا يۈرۈشكە ئەۋەتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىمۇ شىمالدىكى تۈرالارغا قارىتا جازا يۈرۈشى قوزغىدى. تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈرالارنىڭ ئۇرۇشىنى، تۈرا ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى كۆرىيىگە قارشى جازا يۈرۈش قىلدۇرۇش، تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىشىشى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەگەر بۇ خىل ھۆكۈم توغرا بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي جازا يۈرۈشكە قارشى كۆرىشى گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 4 - يىلىدىن بۇرۇن يەنى 659 - يىلى باشلانغان بولۇشى مۇمكىن.

ياندۇرقى يىلى، يەنى شيەنچىڭنىڭ 5 - يىلى (مىلادى 660 - يىلى) 3 - ئايدا تاڭ سۇلالىسى سول قول باسقاق ئۇلۇغ سانغۇن سۇدىڭفاڭنى شىنچيۇ يولى ھەربىي يۈرۈش قوشۇنىنىڭ باش ئاغلاقچىسى قىلىپ، 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ سۇ ۋە قۇرۇقلۇق يولى بىلەن كۆرىيىگە جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى. 4 - ئايدا قىتانلار بىلەن قۇمۇقلار ئارقا - ئارقىدىن تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. جېنگۇەن يىلىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن بۇيان، قىتانلار بىلەن قۇمۇقلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار نېمە ئۈچۈن تاڭگاۋزۇڭ پىكچى دۆلىتىگە كەڭ كۆلەمدە جازا يۈرۈش قىلغان ۋاقىتتا تۇيۇقسىز تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردۇ؟ بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلارنى كۆرىيىگە قارشى جازا يۈرۈش قىلدۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ئاشۇ خىلدىكى ھەربىي ئالۋان كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. قۇمۇقلار بىلەن قىتانلار تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، شىمالدىكى تۈرالار تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە

ئىسيان كۆتۈردى. يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇرالارنىڭ 15 قەبىلىسىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بارغۇت، بايىرقۇ، تونگرا، ئىزگىل قاتارلىق تۆت قەبىلە تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئاشكارا ئىسيان كۆتۈردى. تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيانى بىلەن قىتان، قۇمۇقلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيانى دائىرە جەھەتتىن بىرلىشىپ، تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن، سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان خەۋپكە ئايلاندى. 5 - ئايدا تاڭ سۇلالىسى دىڭشياڭ تۇتۇقى تۇركلەردىن بولغان ئاشنا دېچۇنى زور قوشۇن بىلەن قۇمۇقلار بىلەن قىتانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، قۇمۇقلار بىلەن قىتانلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشى باستۇرۇۋېتىلدى. 8 - ئايدا، تاڭ گاۋزۇڭ سول قول باسقاق ئۇلۇغ سانغۇن جېڭ رېنتەينى ئىزگىل («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە 思结 دەپ يېزىلغان) بايىرقۇ، تونگرا، بارغۇتلار بىلەن «ئۇرۇش قىلىش» («يېڭى تاڭنامە. گاۋزۇڭ ھەققىدە خاتىرە») قا ئەۋەتتى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى «ئۈچ قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ ھەممىسىدىلا نۇسرەت قازىنىپ، 300 چاقىرىم ئارىلىققىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 200 - جىلد گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 5 - يىلى [37]) ئىزگىل قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

**(2) مىلادى 661 - 663 - يىللاردىكى ئۇيغۇرلار باشچىلىقىدىكى توققۇز تۇرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشى**

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلاردا شيەنچىڭنىڭ 5 - يىلى 8 - ئايدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىزگىل

قاتارلىق تۆت قەبىلىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشىنى باستۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى بايان قىلغاندا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك پەقەت تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ «ئۈچ قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ ھەممىسىدىلا نۇسرەت قازىنىپ، ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ قايتقان» لىقى ۋە «100 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئارىلىققىچە قوغلاپ بارغان» لىقىنىلا تىلغا ئېلىپ، تۆت قەبىلىنىڭ پۈتۈنلەي تەسلىم بولغانلىقى ئېنىق قەيت قىلىنمىغانىدى. لېكىن «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 986 جىلدى ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 200 - جىلدىنىڭ ھەممىسىدە لوڭسۇنىڭ تۇنجى يىلى ㊳ يەنى مىلادى 661 - يىلى 1 - ئايدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۇەيچى سۇسىيىنى فۇيۇك قوشۇنىنىڭ ئاغلاقچىسى قىلىپ «ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ» كۈرىيىگە جازا يۈرۈش قىلىشقا پىنخىنيانغا ئەۋەتتى. «ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرى» دېگىنىدە ئەلۋەتتە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسكەرلىرىدىن سىرت باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىدى. لېكىن بۇنىڭدىن بۇرۇن تاڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئىزگىل، بايىرقۇ، توڭرا، بارغۇت قاتارلىق تۆت قەبىلىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياكى ئالمىغانلىقىنى ئېنىق ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. بىراق تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى يەنە كۈرىيىگە ئاپىرىپ ئۇرۇش قىلدۇرغانلىقى ئەينى ۋاقىتتا شىمالنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ كۈرىيىگە بارغان يولىنىڭ راۋان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەلكىم، ئىزگىل قاتارلىق تۆت قەبىلە تاڭ سۇلالىسىنىڭ

قوشۇنى كېلىپ باستۇرغان ۋاقىتتا دەرھال تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولماي ئاللىقاچان شىمالغا ياكى باشقا رايونلارغا قېچىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، لوڭسۇونىڭ تۇنجى يىلى سۇسىنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، كورېيىگە جازا يۈرۈش قىلىشى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارغا بولغان ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنىڭ ئىزگىل قاتارلىق تۆت قەبىلىنى باستۇرۇش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، قىسقا مۇددەت ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كورېيىگە قاراتقان ھەربىي ھەرىكىتى، شيەنچىڭنىڭ 5 – يىلى يېڭىباشتىن ئوڭ قول باسقاق ئۇلۇغ سانغۇن چۇبەغالىنى بېيجياڭ قوشۇنىنىڭ باش ئاغلاقچىلىقىغا. سول قول باسقاق ئۇلۇغ سانغۇن سۇدىڭفاڭنى لياۋدۇڭ قوشۇنىنىڭ باش ئاغلاقچىلىقىغا. سول قول باسقاق ئۇلۇغ سانغۇن ليۇبوينىڭنى پىخنىيان قوشۇنىنىڭ باش ئاغلاقچىلىقىغا. پوجۇ ئايماق بېگى چىڭ مىڭجىننى لوفاڭ قوشۇنىنىڭ ئاغلاقچىلىقىغا تەيىنلەپ، ئايرىم يوللارغا بۆلۈنۈپ كورېيىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. تاڭ گاۋزۇڭ شەخسەن ئۆزى ئاتلانماقچى بولغاندا، ئۇنى ۋۇزېتيەن نەسىھەت قىلىپ توسۇپ قالدى. ياندۇرقى يىلى (لوڭسۇونىڭ تۇنجى يىلى) 1 – ئايدا تاڭ سۇلالىسى يەنە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن سۇسىنى ئۇيغۇر قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ پىخنىيانغا بېرىپ، كورېيىگە جازا يۈرۈش قىلغان زور قوشۇنغا قوشۇلۇشنى بۇيرۇدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلاردا، بۇ نۆۋەت كورېيىگە جازا يۈرۈش قىلغان «ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر»نىڭ قوشۇنىنىڭ سانى، يۈرۈش قىلغان يولى ھەمدە كورېيىدىكى ئۇرۇش قىلىش ئەھۋالى قاتارلىقلار ئۈستىدە

پەقەت سۆز قىلىنغان. ئەمما «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن «ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى سۇسىيى بىلەن بىرگە جازا يۈرۈش قىلغان» لىقى بىلەن «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بايانىنىڭ «كۆرىيىگە قىلىنغان جازا يۈرۈشتا خىزمەت كۆرسەتكەن» لىكىدىن قارىغاندا، بايان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ كۇرىيە ئالدىنقى سېپىگە بارغانلىقى بىلەن ھەمدە يۈرۈشقا قاتناشقانلىقىدا گۇمان يوق ئىدى.

دەل تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرى كۇرىيە ئالدىنقى سېپىدە كۇرىيىنىڭ پايتەختى پىخىنيانىنى ئىشغال قىلىپ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ئاز قالغان ۋاقىتتا، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى توققۇز تۇرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئالۋىنىغا قارشى زور ھەيۋەتلىك كۈرىشى پارتلىدى.

يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، تاڭ گاۋزۇڭنىڭ لوڭسۇ تۇنجى يىلى 10 - ئايدا، «تۇرالار پەرمانچى بەگلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئىسيان كۆتۈردى» («كىتابلار جەۋھىرى» 986 - جىلد)، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە ئاشۇ ئايدا «ئۇيغۇرلار بىلەن توڭرا، بارغۇتلار بىرلىشىپ چېگرىغا ھۇجۇم قىلغان» لىقى خاتىرىلەنگەن. «كىتابلار جەۋھىرى» 986 - جىلدىدا «ئىزگىل، تېلەنغۇت قاتارلىقلارنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تەڭرى تېغى (يەنى ئۆتۈكەن تېغى) نى ساقلىغان» لىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ بەش قەبىلە تاڭ سۇلالىسىنىڭ كىتابلىرىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرغان تۇرا قەبىلىلىرى ئىكەنلىكى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. «يېڭى - كونا تاڭنامە. چۆبەغالىنىڭ تەرجىمىھالى» دا بۇ قېتىمقى ۋەقەنى پۈتۈنلەي «توققۇز جەمەت-

تىكىلەرنىڭ ئىسيانى»، «تۇرالارنىڭ توققۇز جەمەتىنىڭ ئىسيانى» دەپ تىلغا ئالغان. «كونا تاڭنامە. شۆرىنگۇيىنىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 200 - جىلد، تاڭگاۋزۇڭنىڭ لوڭسو 2 - يىلىدىمۇ بۇ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرغان تۇرا قەبىلىلىرىنى «توققۇز جەمەتتىكىلەر». «توققۇز تۇرالار» دەپ ئاتىغان، توققۇز جەمەتتىكىلەر ياكى توققۇز تۇرالار تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنلا شىمالدىكى تۇرا قەبىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى ئىدى. شۇڭا بۇ قېتىمقى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۆرەشكە قاتناشقان ئۇيغۇر قاتارلىق بەش قەبىلىدىن باشقا، قالغان باشقا بارلىق تۇرا قەبىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، لوڭسونىڭ تۇنجى يىلىدىكى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۆرەش پۈتكۈل تۇرا مىللىتىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۆرىشى بولۇشى كېرەك.

يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بايان ئالىقاچان ئۆلگەن [39] بولۇپ، ئۇنىڭ جىيەنى بىيسۇغۇردۇ [40] «ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى» («كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»). «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» (200 - جىلد گاۋزۇڭنىڭ لوڭسو تۇنجى يىلى) دە بىيسۇغۇردۇنىڭ «توڭرا، بارغۇتلار بىلەن بىرلىشىپ چېگرىغا ھۇجۇم قىلغان» لىقى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلغۇچىنىڭ ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى بىيسۇغۇردۇ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تارىخىي كىتابلاردا بىيسۇغۇردۇدىن سىرتە باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئىسمى خاتىرىلەن-

مگەن. ئۇيغۇر قەبىلىسى ئەينى ۋاقىتتا شىمالدىكى تۇرا
قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك قەبىلە بولۇپ، تۇرا
قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دۈشمەنلەشكەن ئەللەرنى
تىنچىتىشىغا ياردەم بېرىش ئۈرۈشىدا، يېتەكچىلىك رول ئوي-
ناپ، تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا زور ئابرويغا ئىگە بولغا-
نىدى. شۇڭا بېيسۇغۇردۇ تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە
قارشى بۇ قېتىمقى كۈرىشىدە ئەمەلىي رەھبەرگە ئايلانغان
بولۇشى مۇمكىن.
تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۆرىيىگە جازا يۈرۈش قىلغان ئۇرۇشى
ئاچقۇچلۇق پەيتتە تۇرۇۋاتقاندا، پارتلىغان شىمالدىكى تۇرا-
لارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشى، كۆرىيە ئالدىنقى
سېپىدىكى تۇرا قوشۇنلىرىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى بوشاشتۇ-
رۇپلا قالماستىن، بەلكى تاڭ سۇلالىسى سىرتاردۇش خانلىقىنى
يوقاتقاندىن بۇيانقى بىر قەدەر تىنچ بولۇپ كەلگەن شىما-
لىي قىسىمدىكى چېگرىسىدا تۇيۇقسىز خەتەرلىك ۋەزىيەتنى
پەيدا قىلدى. تاڭگاۋزۇڭ بىر تەرەپتىن ئالدىراپ - تېنەپ،
كۆرىيە ئالدىنقى سېپىدىكى قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرسە، يەنە
بىر تەرەپتىن قوشۇن يۆتكەپ شىمالغا تۇرالارنى باستۇرۇشقا
ئەۋەتتى. ئۇ سول قول باسقاق ئۇلۇغ سانغۇن جېڭرېنتەينى
تۇرا ھەربىي يۈرۈش قوشۇنىنىڭ باش ئاغلاقچىسى، يەنرەن
قورۇقچىبېگى لىيۇشېنلى بىلەن سول قول خىلەت قۇچقۇچى
باسقاق سانغۇن شۆرېنگۇينى مۇئاۋىن قىلىپ تەيىنلىدى،
ھۇدەيچى سۇسىينى سېلىنگا يولى ھەربىي يۈرۈش قوشۇنىنىڭ
باش ئاغلاقچىسى، ئوڭ قانات ياساۋۇللار سانغۇنى سۇن
رېنشىنى مۇئاۋىن قىلىپ تەيىنلەپ زور قوشۇن بىلەن بىللە ئايرىم-
ئايرىم يوللار بىلەن شىمالغا تۇرالارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى.
تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭرېنتەي بىلەن شۆرېنگۇي قاتار-
لىقلار باشچىلىقىدىكى قوشۇنلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كىر-

گەندىن كېيىن بارغۇتلارنى بىراقلا تىنچلاندۇردى. ئاندىن كې-
يىن يەنە بېيسۇغۇردۇنىڭ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا
ھۇجۇم قىلدى. ياندۇرقى يىلى (لوڭشۇنىڭ 2 - يىلى مىلادى
662 - يىلى) 3 - ئايدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئۇر-
قۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئۆتۈكەن تېغىغىچە
يېتىپ باردى. بۇ ۋاقىتتا تۇرالارنىڭ ئىزگىل،
تېلەنغۇت قاتارلىق قەبىلىلىرىدىن 100 مىڭدىن
ئارتۇق ئادەم «ئاۋۋال ئۆتۈكەن تېغىنى ساقلىغان» بولسىمۇ،
تاڭ سۇلالىسىنىڭ زور قوشۇنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى
ئاڭلاپ، دەرھال جېڭ رېنتەي بىلەن شۆرېنگۆي ئىككى سانغۇن-
غا ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغا - سالاملارنى تەقدىم قىلىپ كەچۈر-
مىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى». ئىزگىل، تېلەنغۇتلارنىڭ ھەم-
مىسى سىرتاردۇش خانلىقى يوقالغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن
تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان تۇرا قەبىلىلىرى بولۇپ،
ئۇلارنىڭ قوزغىلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشى دەرۋەقە
تاڭ سۇلالىسىگە بولغان نارازىلىقىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى،
ئەمما يەنە مەلۇم دەرىجىدە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدى-
كى «يابغۇ ۋە شاد، تېكىن» قاتارلىق قارا نىيەتچىلەر-
نىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشىغىمۇ ئۇچرىغانىدى. كۆپ ساندىكى
تۇرا قەبىلىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ قوزغىلىپ
تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشى ھەرگىزمۇ تاڭ سۇلالىسىدىن
ئايرىلىپ كېتىش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. بەلكى مۇشۇ ئارقىلىق
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا ئىكەنلىكىگە
كۆڭۈل بۆلۈشىنى قوزغاپ، ئۇلارغا بىر ئاز «تەسەللىي» بېرىشى-
نى ئۈمىد قىلغانلىقىنى ئىپادىلەش ئىدى. شۇڭا ئۇلار تاڭ
سۇلالىسىنىڭ زور قوشۇنى باستۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا،
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قارا نىيەتچىلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن
قۇتۇلۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا سوۋغا - سالاملارنى

تەقدىم قىلدى. ئۇلارنىڭ 100 مىڭ ئاھالىسىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا «ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا ـ سالاملارنى تەقدىم قىلىش» سەممىي ھەرىكىتىنى، تاڭ سۇلالىسىگە بولغان دوستلۇقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئۇدا ئۇلارنىڭ زېمىنىغا بارغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىغانىدى. مەسىلەن، ئەمر دىۋانبېگى ياڭ دېيلىنىڭ تاڭ گاۋزۇڭغا دېيىشىچە ئەينى ۋاقىتتا ئىزگىل، تېلەنغۇت خەلقى «ھېچقانداق چىقىش يولى قالمىغاندىن كېيىن بەيئەت قىلىشنى ئارزۇ قىلغانىدى» («كىتابلار جەۋھىرى» 520 ـ جىلد). ئەمما جېڭ رېنتەي بىلەن شۆ رېنگۈي قاتارلىق قوماندان سانغۇنلار «خىزمەت كۆرسىتەلمەي مال ـ مۈلۈكلەرگە ئېرىشەلمەيدىغان بولدۇق» دەپ قاراپ، ئۇلارغا تەسەللى بەرمەي، كۆڭلىدە پۈتۈنلەي يوقىتىپ تاشلاش نىيىتىنى پۈكۈپ، سوۋغا ـ سالاملار بىلەن كېلىپ بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىككى قەبىلە بىلەن ئادەتتىكى چارۋىچىلارغا ھۇجۇم قىلدى، «ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ قەبىلە ۋاستىلەر بىلەن خالىغانچە قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى»، نەتىجىدە قىلچىمۇ ئۇرۇش تەييارلىقى بولمىغان ئىزگىللەر بىلەن تېلەنغۇتلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ قىلىندى. «كونا تاڭنامە. شۆرېنگۈينىڭ تەرجىمھالى» دا: «شۇ چاغدا توققۇز جەمەتتىكىلەردىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. نەچچە ئونلىغان باتۇر ئەزىمەت ئاتلىق باستۇرۇپ كەلدى. شۆرېنگۈي ئۈچ تال ئوق ئۈزۈپ، ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈردى. قالغانلىرى دەرھال ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى» دەپ قەيت قىلىنغان. «ئاتلىق باستۇرۇپ كەلدى» دېگىنى پۈتۈنلەي يالغان بولۇپ، ئۇلار ئېھتىمال تاڭ سۇلالىسىگە سوۋغا ـ سالام تاپشۇرۇشقا كەلگەن تۇرالار بولۇشى مۇمكىن. يەنە كېلىپ

شۆرېنگۇينىڭ «ئۈچ تال ئوق بىلەن ئۆتۈكەننى ئىنجىتىشى㊶»
پاكىتتا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ھەرگىزمۇ بۇ يەردە شۆرېنگۈي
ئاتقان «ئۈچ تال ئوق» كەڭ تۈرا خەلقىنىڭ «تاڭ سۇلالىسىگە
ئەل بولۇشى» دىن ئىبارەت خەلق رايىدا ھەل قىلغۇچ رولنى
ئوينىمىغان. جېڭ رېنتەي بىلەن شۆرېنگۈي ئاش كەلسە
ئىمان قېچىپتۇ دېگەندەك، ۋەھشىيلىك بىلەن ئادەم قېلىپىدىن
چىقىپ، ئەل بولغان تۈرالارغا قارىتا ئۆز مەيلىچە «ئۇلارنىڭ
ئائىلە ـ بىساتلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئەسكەرلەرگە ئىنئام
قىلىپ بەردى» («كىتابلار جەۋھىرى» 986 ـ جىلد)، ئۇنىڭ
ئۈستىگە تۈرالارنىڭ ياش ياتۇرلىرىدىن كۆپلىرىنى «كېيىنكى يامان
ئاپەتتىن قورقۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋەتتى» («كونا
تاڭنامە. شۆرېنگۇينىڭ تەرجىمىھالى»). «تاڭ سۇلالىسىگە
دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دە جېڭ رېنتەي بىلەن شۆرېنگۈي
«تەسلىم بولغان 90 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى»
دېيىلگەن بولۇپ، سان جەھەتتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك خاتالىق
بولۇشى مۇمكىن. ئەمما كۆپ ساندىكى سوۋغا ـ سالاملارنى
تەقدىم قىلىپ تەسلىم بولغان تۈرالارنىڭ ئېچىنىشلىق تۈردە
ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن زادى گۇمانلانغىلى بولمايدۇ㊷. يازما
مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، تۈرالار ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان
تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا ئىنتايىن ئۆچمەنلىك قىلدى.
ئۇلار يىراق جايلارغا قېچىپ كەتتى. جېڭ رېنتەي مۇئاۋىن
سانغۇن ياڭ جېنى قوغلاپ يوقىتىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ،
تۈرالار تەرىپىدىن زەربە يەپ مەغلۇپ بولدى. شۇڭا يۇقۇ-
چى جېڭ رېنتەيگە دوكلات قىلىپ تۈرالارنىڭ «بارگاھ-
لىرى يېقىن ئەتراپتا ئەكەن، چارۋىلىرى دالادا ئىكەن، پۇرسەت
تېپىپ ئولجا ئالساق بولمامدۇ» دېگەن. جېڭ رېنتەي كۆز
ئالدىدىكى پايدا مەنپەئەتنى كۆزلەپ شۆرېنگۇينى قايتىپ
كېلىشكە بۇيرۇپ ئۆزى يالغۇز 14 مىڭ ياراملىق ئەسكەرنى

باشلاپ «ئەسكەرلەرگە كۆپلەپ تارتۇق بېرىدىغانلىقىنى دەپ، تېزدىن يۈرۈش قىلدى». تۇرالار جېك رېنتەينىڭ قوشۇنلىرىنىڭ يېقىنلاپ كېلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، قېچىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. جېك رېنتەي قاتارلىقلار سېلىنىڭگا دەرياسىغىچە قوغلاپ بارغان بولسىمۇ، تۇرالاردىن بىرەرسىنىڭمۇ قارىسىنى كۆرەلمىدى. ئۇ ئەسلىدە تۇرالارنىڭ چارۋا بايلىقلىرىنى ناھايىتى ئاسان قولغا چۈشۈرۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى،ئەكسىچە تۇرالارنى ئۇچرىشالمايلا قالماي، ئېلىۋالغان ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلىرىمۇ يېتىشمەي، ئالدىراپ - تېنەپ قوشۇنلىرىنى جەنۇبقا چېكىندۈردى. قايتىش يولىدا «ئەسكەرلىرى ئاچ قالدى ھەم چوڭ شىۋىرغانغا ئۇچراپ مۇزلاپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلار دۇبۇلغا - ساۋۇت يالمانلىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئاتلىرىنى ئوزۇق قىلدى. قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلاپ كېتىپ، تارقىلىپ كەتتى، ئات-ئۇلاغلار پۈتۈنلەي ئادەملەر تەرىپىدىن يېيىلىپ تۈگىدى. چېگرىغا قايتىپ كەلگەندە ئەسكەرلەردىن ئاران دېگەندە 800 دىن ئارتۇق ئادەم قالدى» («كىتابلار جەۋھىرى» 452-جىلد). تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ «ئەزەلدىن جېك رېنتەينىڭ بۇ قېتىمقى يۈرۈشىدەك تالاپەتلەر كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى» («كىتابلار جەۋھىرى» 520 - جىلد). باش ۋەزىر ياڭ دېيى ئوردىغا جېك رېنتەي بىلەن شۆرېنگۈينىڭ «تەسلىم بولغانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئەسكەرلەرنى ئاچارچىلىققا دۇچار قىلغان» لىقىنى پاش قىلىپ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ھاماقەت تاڭ گاۋزۇڭ «ئۇلارنى خىزمەت كۆرسىتىپ جىنايىتىنى يۇيۇشقا بۇيرىدى، يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇلارنى قويۇپ بەردى» (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش). جېك رېنتەي بىلەن شۆرېنگۈي جىنايىتى چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن تۇرۇقلۇق، ئۇلارنى قانداقمۇ تۆھپىسى بار دېگىلى

بولسۇن!

— تاڭ سۇلالىسى جازالاش ۋە قىرغىن قىلىش ئارقىلىق تۇرالارنىڭ قارشىلىقىنى توسۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تاڭ گاۋزۇڭ ئۇنىڭدىن ئازدۇر - كۆپتۇر تەجرىبە ساۋاق يەكۇنلىگەن بولۇشى، ئاددىي ئۇسۇل بىلەن تۇرالارنى بويسۇندۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا تەسەللى بېرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. جېڭ رېنتەي قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ مەغلۇپ بولۇپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، تاڭ گاۋزۇڭ دەرھال تۇرالارنىڭ چوبە قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان ھەم چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تېلىلار ئارىسىدا زور ئابرويغا ئىگە بولغان چوبەغالىنى تۇرالارغا تەسەللى بەرگۈچى ئۇلۇغ ئەلچى قىلىپ، شىمالدىكى تۇرالارنىڭ ئارىسىغا «ئۇلارنىڭ قالغان قوۋملىرىنى ئەمىن تاپتۇرۇش» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 200 - جىلد گاۋزۇڭنىڭ لوڭشو 2 - يىلى) قا ئەۋەتتى. تارىخلاردا چوبەغالىنىڭ 500 نەپەر ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ، توققۇز تۇرالار ئارىسىغا بېرىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى جاكارلاپ، «ئوردا سېتىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە «دۆلەت سىتلەرنىڭ مەجبۇرىي ئەگىشىپ كەتكەنلىكلىرىنى بىلىدۇ» دېيىلگەن) ئىسيان كۆتۈرگەنلىكلىرىنى بىلىدۇ. شۇڭا مەن ئۇلارنى سىلەردىن سۈرۈشتە قىلىپ تۇرمايمەن. ھەممەيلەن يېڭىباشتىن ئادەم بولۇشى كېرەك. يەنىلا قەبىلە ئاقساقاللىرى بىلەن سەركەردىلەرنىڭ گۇناھىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم» («كونا تاڭنامە. چوبەغالىنىڭ تەرجىمىھالى») دېگەنلىكى بىلەن كۈرنىيە ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتكەن تۇرا ئەسكەرلىرىگە قارىتا

چۆبەغالىنىڭ «يۇرۇشتە ئۆلگەن ئەسكەرلەرنى پەرمان بويىچە دەپنە قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى سىلىق-لارنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان»⑬ («كىتابلار جەۋھىرى» 135 - جىلد) لىقىنى جاكارلىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. تۇرا قەبىلە خەنقىلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشى بىلەن دالالەت قىلىش سىياسىتىنى كۆرگەندىن كېيىن «ھەرقايسى جەمەتتىكىلەر بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇش بولۇپ، بىرلىكتە يابغۇ ۋە شاد، تېكىن قاتارلىقلارنى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئەگەشكۈچىلىرىنى تۇتۇپ چۇبە غالىغا تاپشۇرۇپ بەردى. چۇبە غالى ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈردى» («كونا تاڭنامە. چۇبە غالىنىڭ تەرجىمىھالى»). بۇنىڭ بىلەن «توققۇز تۇرالار ئاخىر تىنچىتىلدى» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 200 - جىلد گاۋزۇڭنىڭ لۇڭسۇ 2 - يىلى). «يېڭى تاڭنامە. چۇبەغالىنىڭ تەرجىمىھالى» دا: «قالغان قوۋملىرى ئاخىر تىنچىتىلدى» دېيىلگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن تۇرالاردىن» باشقا ئۇرۇقلىرى» دىن بولغان تاڭ سۇلالىسىگە قارشى قىسمەن فېئوداللىق كۈچلەر چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئايرىم جايلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى. لۇڭسۇنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 663 - يىلى) 1 - ئايدا تاڭ سۇلالىسىگە قارشى بۇ قىسمەن فېئوداللىق كۈچلەر ئاخىرى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن «پۈتۈنلەي تىنچىتىلدى» («كونا تاڭنامە. گاۋزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»). بۇنىڭغا قەدەر، مىلادى 661 - يىلىدىن تارتىپ باشلانغان توققۇز تۇرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئادەتتىكى تۇرا خەلقىگە يول قويۇشى ۋە ئاز ساندىكى قارا نىيەتچىلەرنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشى ئارقىسىدا پۈتۈنلەي تىنچىتىلدى.

توققۇز تۇرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى «تۇرا قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئۆتۈكەن ناھىيىسىنى تەسىس قىلدى» («كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە») ئۆتۈكەن ناھىيىسىنىڭ ئورنى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئېتىكىدە بولۇپ(44)، ئۇ جايلار ئۇيغۇر قەبىلىسىگە تەۋە ئىدى. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى. شۇڭا تاڭ سۇلالىسى مۇشۇ جايدا ئۆتۈكەن ناھىيىسىنى تەسىس قىلغانىدى، بۇ مۇشۇ بىر پارچە يەرنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى ئىدى. لۇڭسۇنىڭ 3 - يىلى 2 - ئايدا تاڭ سۇلالىسى يەنە قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى خانگاي، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتتى ھەمدە ھۆكۈمرانلىقىنى «ئۇيغۇر قەبىلىسى» گە («تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى») ياكى ئۆتۈكەن ناھىيىسىگە يۆتكىدى. قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆچۈرۈلۈشى بەلكىم كۆزىتىشكە يېقىن بولۇشى ۋە تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن بولغان بولۇشى مۇمكىن.

**(3) مىلادى 669 - يىلى ۋە مىلادى 681 - يىلىدىكى سىرتاردۇشلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشى**

مىلادى 663 - يىلى ئۇيغۇر قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشى تىنچىتىلغان ۋە يەنە قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ نامى خانگاي قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ

ھەمدە ھۆكۈمرانلىقى ئۇيغۇر قەبىلىسىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى بىر مەزگىل مۇقىم بولدى. ئەمما مىلادى 669 - يىلىدىن باشلاپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىقى يەنە تەۋرىنىشكە باشلىدى. بۇ ئاساسەن 60 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى سىرتاردۇشلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىككى قېتىملىق كۈرىشىدە ئىپادىلەندى.

60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىكى سىرتاردۇشلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشى توغرىسىدا «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. سىرتاردۇشلار» دا: «زۇڭجياڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 669 - يىلى) 12 - ئايدا سىرتاردۇش قەبىلىسى ئىسيان كۆتۈردى ۋە تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۆتۈكەن تېغىغا باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى» دەپ قەيت قىلىنغان. «ئۇلۇغ ئادالەتلىك دۇنيا خاتىرىسى. سىرتاردۇشلار» دىكى بايانلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بۇ يەردە دېيىلگەن سىرتاردۇش قەبىلىسى گاۋزۇڭنىڭ يۇڭخۇي تۇنجى يىلىدا تەسىس قىلىنغان شىدەن ئايمىقىدىكى سىرتار-دۇشلارنىڭ تەسلىم بولغان ئاھالىلىرى بولۇشى مۇمكىن[45]. ئۇلارنىڭ قوزغىلىپ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشىدىكى سەۋەبى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن. «يېڭى - كونا تاڭنامە» لەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىبەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى، تىبەتلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ قارىمىقىدىكى ئەل بولغان تۇيغۇنلارنى ئىسكەنلىۋېلىشى بىلەن ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كېتىپ ئىككى تەرەپ جىددىي ھالدا جەڭگە تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. شيەنخېڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 670 - يىلى) تىبەتلەر غەربىي يۇرتقا ئەسكەر چىقىرىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى 18 ئايمىقى

ۋە كۈسەن بىلەن بارىسغاننى تارتىۋالدى. شۇ يىلى ئىمەتلەر
تاڭ سۇلالىسى بىلەن داخبى دەرياسى بويىدا ئۇرۇش قىلىپ.
تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. سىرتاردۇش-
لارنىڭ قوزغىلىپ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشى دەل داخبى
دەرياسى ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىدا، تاڭ سۇلالىسى ئۇرۇشقا
پائال تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتىدا يۈز بەردى. ھالبۇكى،
شىدەن ئايمىقى يەنىلا ئۇيغۇرلار بىلەن غەربىي يۇرتقا ئەڭ
يېقىن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئارقا كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا،
سىرتاردۇشلارنىڭ بۇ قېتىمقى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ھەرى-
كىتى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلارغا قاراتقان ھەربىي ئالۋىنى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىدا نەقىل
كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىمقى تاڭ
سۇلالىسىگە قارشى كۈرەش تاڭ سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ
جەنۇبىدىكى تۈركلەردىن يىغىپ توپلىغان قوشۇنلىرى تەرى-
پىدىن باستۇرۇلدى. كېيىن ئۇلار يەنە تاڭ سۇلالىسىگە
تەسلىم بولۇپ داۋاملىق شىدەن ئايمىقىدا ماكانلاشقان
بولۇشى مۇمكىن.

VII ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ دەسلەپىدىكى سىرتاردۇش-
لارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تۈرك
ئاقسۆڭەكلىرى قوزغىغان دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى
بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار ئىدى. گاۋزۇڭنىڭ دىياۋلۇ
تۇنجى يىلى (مىلادى 679 - يىلى) 10 - ئايدا چۆللۈكنىڭ
جەنۇبىدىكى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى ئاشتېكتېنەپۋار بىلەن
بىنۇگتېك قاتارلىقلار كەڭ تۈرك خەلقىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىدىن نارازى بولۇۋاتقان كەيپىياتىدىن پايدى-
لىنىپ، ئىلىك قاغاننىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئاشىنانىشۇر بەگنى
قاغان قىلىپ تىكلەپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا دۆلەتنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈش بويىچە داغدۇغىلىق ھەرىكەت قوزغىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ

تەڭرىقۇت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولغان 24 تۈرك ئايمىقىنىڭ ھەممىسى بۇ قېتىمقى كۆرەشكە قاتناشتى. تاڭ سۇلالىسى فېي شىڭجيەن قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا 300 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئاشىنانشوربەگ بىلەن، بىئوگتېك قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى. مىلادى 681 - يىلى (يۇڭلۇڭنىڭ 2 - يىلى) تۈرك ئاقسۆڭەككى ئاشىنائىنان ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا فېي شىڭجيەن، ساۋخۇەيشۈن باشچىلىقىدىكى تاڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. شىدەن ئايىمىقىدىكى سىرتاردۇشلارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەش قىلدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەۋرىگە ئائىت تارىخلاردا سىرتاردۇشلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى بۇ قېتىمقى كۆرۈشى بىرقەدەر ئاز خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى پۈتۈنلەي بىلگىلى بولمايدۇ. يازما مەنبەلەرگە ئاسالانغاندا يۇڭلۇڭنىڭ 2 - يىلى 4 - ئايدا ساۋخۇەيشۈن تاڭ قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، قاراقۇمنىڭ شىمالى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋۇچۇەن ناھىيەسىنىڭ شىمالىدا) بۆكتۈرمىدە تۇرۇپ ئاشىنائىنانى قولغا چۈشۈرەلمەي قۇرۇق قول قايتىۋاتقان ۋاقىتتا، «غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئىنان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ كېلىۋاتقان سىرتاردۇش قەبىلىسى دەل ساۋخۇەيشۈننىڭ قوشۇنلىرىغا ئۇچراپ قېلىپ تەسلىم بولدى. ساۋخۇەيشۈن قاتارلىقلار ئىنانىنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن بولسىمۇ، سىرتاردۇشلارنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى قوشۇن بىلەن يالاپ قايتىپ كەلدى» («كىتابلار جەۋھىرى» 443 - جىلد). قاراقۇمنىڭ

مەربىدە سىرتاردۇشلار تۇرۇۋاتقان شىدەن تايمىقى بىلەن بولغان ئارىلىقى 2000 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق بولۇپ، سىرتاردۇشلارنىڭ قانداق قىلىپ، شىدەن ئايمىقىدىن ئايرىلىپ قاراقۇمنىڭ شەرقىگە يارغانلىقى، ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن قانداق كۈرەش قىلغانلىقى، ئۇلار بىلەن ئاشىنائىنان باشچىلىقىدىكى تۈركلەرنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى بىلەن زادى قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقى قاتارلىقلار، تارىخلاردا پۈتۈنلەي دېگۈدەك خاتىرىلەنمىگەن! لېكىن بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىق، يەنى شىدەن ئايمىقىدىكى سىرتاردۇش قەبىلىسى كېچىككەندە يۇڭلۇڭنىڭ 2 - يىلى 4 - ئايدا ئۇلار ساۋخۇەيشۇنگە تەسلىم بولۇشتىن ئىلگىرى، ئالىلقاچان قوزغىلىپ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرغان ھەمدە ئۆز قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ باشچىلىقىدا شىمالدىكى سەددىچىننىڭ ئەتراپىغا كېلىپ بولغانىدى.

بۇ تارماق سىرتاردۇش قەبىلىسى ساۋخۇەيشۇنگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ساۋخۇەيشۇنىنىڭ قوشۇنلىرى ئاشىنائىنان تەرىپىدىن قورشاۋغا چۈشۈپ قېلىپ، ئالاپەتكە ئۇچرىغاندا، قايتىدىن ئاشىنائىنانغا ئەل بولدى. بىرقانچە ئايدىن كېيىن، ئاشىنائىنان يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى خېي شىگجىيەنىڭ باشچىلىقىدىكى زور قوشۇن بىلەن شىمالدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇب بىلەن شىمالدىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشى تۈپەيلىدىن تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. تارىخىي كىتابلاردا ئاشىنائىنانىڭ تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇش ھارپىسىدا يەنى يۇڭلۇڭنىڭ 2 - يىلى 7 - ئايدا «سىرتاردۇش» داخۇن قاتارلىق بەش ئايماقتىكى 40 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادەم تەسلىم بولغىلى كەلدى» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 200 - جىلد، گاۋزۇڭنىڭ كەيياۋ تۈنجى يىلى) دەپ خاتىرى-

لەنگەن. بۇ 40 مىڭ تۈتۈن تەسلىم بولغان سىرتاردۇشلار يەنى دەسلەپتىدىلا ساۋخۇەيشۇنگە كېيىن ئاشىنا ئىنىاتغا تەسلىم بولغان سىرتاردۇشلار بولۇشى مۇمكىن. خۇسەنشىڭ بۇ ئىشقا ئىزاھ بېرىپ: «داخۇن تۇتۇق مەھكىمىسى قۇيان، پۇچىرۇ، شىدەن، گوجۇ، دىسۇ ئايماقلىرىنى باشقۇراتتى» دەپ كۆرسەتكەن. «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى: شياجۇ ئايمىقى» دا: «داخۇن تۇتۇق مەھكىمىسى بىلەن سىرتاردۇش قەبىلىسى يىڭسۇ ناھىيىسىنىڭ تەۋەسىدە. قۇيان، بۇچىرۇ، شىدەن، گوجو، دىسۇ قاتارلىق بەش كىچىك ئايماقنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، سىرتاردۇشلار تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلارنىڭ قايتا تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بىرلىشىپ دۆلەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى يىڭسۇ ناھىيىسى (ھازىرقى شەنشىنىڭ چىڭبيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى) گە كۆچۈرگەنلىكىنى ھەمدە داخۇن تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدا بەش كىچىك ئايماقنى تەسىس قىلىپ ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.(47)

**(4) مىلادى 686 - يىلىدىكى بارغۇت، توگرالارنىڭ «تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشى»، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇن چىقىرىپ ئىسيانچىلارنى تىنچىتىلىشى ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ «ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنۇش» مەسىلىسى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشى**

مىلادى 686 - يىلى پارتلىغان چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا، بارغۇت، توگرا قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ تاڭ

ـۆلالىسىگە قارشى كۆرىشى چۆللۈكىنىڭ جەنۇبىدىكى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۆرىشى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەمدە ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا يۈز بەردى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانغا ئوخشاش، 679 - يىلى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا قانات يايغان تۈرك خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۆرىشى ئاشىنانشۇر بەگ بىلەن بىئوگتېك ئۆلگەندىن كېيىن توختاپ قالمىدى. مىلادى 681 - يىلى 10 - ئايدا تاڭ سۇلالىسى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان ئاشىنائىنان (تاڭ سۇلالىسىنىڭ باش سانغۇنى فېي شىگجيەن ئاشىنائىناننى ئۆلتۈرۈۋەتمەسلىككە قوشۇلغان، ئاشىنائىنان قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئەل بولغانىدى) نى ئۆلتۈرۈۋەتتى. نەتىجىدە تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ باشچىلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۆرەش تېخىمۇ كېڭەيدى. مىلادى 582 - يىلى (گاۋزۇڭنىڭ يوڭفېك تۇنجى يىلى) ئاشىنائىنانىنىڭ شېرىكى ئاشىنا قۇتلۇق (قۇتلۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، تۇنيۇقۇق قاتارلىقلار «تارقىلىپ كەتكەنلەرنى يىغىپ» چۇغاي غۇر تېغى (ھازىر ئىچكى موڭغۇلدىكى چۇغاي تېغى)⑱ غا قېچىپ بېرىپ ئەتراپىغا 5000 دىن ئارتۇق ئادەم توپلىدى. قۇتلۇق «توققۇز تۇرالارنى تالان - تاراج قىلىپ، كۆپلىگەن قوي، ئاتلارنى تارتىۋېلىپ، پەيدىنپەي كۈچەيدى» («كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»)، ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىدى.قاراقۇم (ئۇرنى ئېنىق ئەمەس، ئېھتىمال ھازىرقى كۆكخوتىنىڭ شىمالىدا بولۇشى مۇمكىن) دا ئۇردا قۇرۇپ، مۇنقەرز بولغىنىغا 50 يىلدىن ئاشقان شەرقىي تۈرك خانلىقى (تارىختا كېيىنكى تۈرك خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ئەسلىگە كەلتۈردى. مىلادى 683 - يىلى (يوڭفېكنىڭ 2 -

يىلى) قۇتلۇق تاڭ سۇلالىسىنىڭ دىڭجۇ، ۋېجۇ، ژېيجۇ قاتار-
لىق ئايماقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، تەگرىقۇت قورۇقچىبەگ
مەھكىمىسىنى قورشىۋېلىپ ۋېيجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى
لى سىجيەن بىلەن تەگرىقۇت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ
ئەمىر لەشكىرى جاڭ شىگىشىنى ئۆلتۈرۈپ، فىڭجۇ ئايمىقىنىڭ
تۇتۇقى سۈي جيەن قاتارلىقلارنى ئەسىرگە ئالدى. مىلادى
684 - يىلى يەنە سۇجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلىپ «ئەمەلدار-
لار بىلەن پۇقرالارنى بۇلاپ - تالاپ ئۆلتۈردى». مىلادى
685 - يىلى قايتىدىن يەنە دەيجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلىپ،
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياڭچۇ ھەربىي يۈرۈش يولىنىڭ ئاغلاقچىسى،
سول قول خىسلەت قۇچقۇچى، قاشتاش مۆھۈرلۈك كەپتاۋۇل
يۈچۈيىگىنى مەغلۇپ قىلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇن-
لىرىدىن «5000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى» بۇ مەزگىلدە
قۇتلۇق يەنە شەرقىقە قىتان دۆلىتىنى مەغلۇپ قىلدى. خۇددى
«تۈرك يېزىقىدىكى تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا كۆرسىتىلگەن-
دەك، ئۇ ۋاقىتتا تۈرك قوشۇنلىرى «جەنۇبتا تابغاچلارنى،
شەرقتە قىتانلارنى، شىمالدا قۇدرەتلىك ئوغۇزلار[48] (يەنى
تۇرالار) نى مەغلۇپ قىلدى». مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن
ئايان بولۇشىچە، ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادى 685 - يىلى
(ۋۇزېتيەننىڭ چۇيگۇڭ تۇنجى يىلى) دا قۇتلۇقنىڭ كېيىنكى
تۈرك خانلىقى ئاللىقاچان پۈتكۈل چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى
رايونلار بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى كونترول قىلدى.
بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى جەنۇبىي چۆللۈكنىڭ جەنۇبى-
دىكى جايلار بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىنى تىنچلاندۇرغۇچى
قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى (تاڭ گاۋزۇڭنىڭ زۇڭجياڭ 2 - يىلى
يەنى مىلادى 669 - يىلى تاڭ سۇلالىسى خانگاي قورۇقچى-
بەگ مەھكىمىسىنى شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ
مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتكەن) بىلەن تۇرا ئايماق مەھكىمىلىرى بىلەن

ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان يولدىن مەھرۇم قالدى. يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى پەقەت چەتكە يېقىندىكى جېنشى ئارىلىقىدىكى سۇجۇ (ھازىرقى گەنسۇدىكى جيۇچۈەن) نىڭ شىمالىدىكى گوبىنىڭ غەربىي چېتىدىكى ئېرغۇنا كۆلىگە بېرىپ ئاندىن ئايلىنىپ شىمالغا باراتتى. قىسقىسى، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن بۇ ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى چۆللۈكنىڭ شىمالىنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتە ياردەم بېرىشكە ئامالسىز قالغانچقا، ئىشرتتا يەككە - يېگانە قالغان، شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ئەمەلىيەتتە شىمالدىكى تۇرالارنىڭ مەھكىمە - ئايماقلىرىغا بولغان قوغداش، نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش رولىنى داۋاملىق ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرالمىدى.

كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە ھۆكۈمرانلىق رايونىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىق كۈچىنىڭ ئاجىزلىنىشىغا ئەگىشىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار ئارىسىدا ئۇزۇن مەزگىل كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەن تاڭ پەرەس كۈچلىرىدىمۇ بۆلۈنۈش ۋە پارچىلىنىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئالدىنقى تۈرك خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغا قاتنىشىپ، تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان ۋە تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن بىر بۆلۈم تۇرا، قەبىلىلىرىنىڭ يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرى، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، چۆبە، ئىزگىل، ھون قاتارلىق تۆت قەبىلىنىڭ تاڭ سۇلالىسىپەرەس ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ باشچىلىقىدىكى قىسمەن چارۋىچىلار، ھەدەپ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلاردىن ئايرىلىشقا باشلاپ، جەنۇبقا كۆچۈپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ لياڭجۇ

بىلەن گەنجۇ ئايماقلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارغا ياردى. «تاڭ سۇلالىسىدە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. ئۇيغۇرلار»[49] دا ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلاردىن ئايرىلىش ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «بىللىپ - بىلىپ (يەنى بىسۇغۇردۇ) ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ئوغلى دۇكېچ تەختكە چىقتى. ئۇلارنىڭ تۇتۇقىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن قەبىلىسىدىكى جازا يۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەنلەر چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن گەنجۇ ئارىلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشتى» دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، دۇكېچ «يۇڭلۇڭ يىللىرى (مىلادى 680 — 681 - يىللار) نىڭ ئوتتۇرىلىرى» بىلەن «سىشىڭ يىلى (مىلادى 684 - يىلى) گىچە بولغان ئارىلىقتا» تەختتە ئولتۇرغانىدى. بۇنى قۇتلۇقنىڭ مىلادى 687 - يىلىدىكى توققۇز تۇرالارنىڭ چارۋا - ماللىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانلىق ۋەقەسى بىلەن بىرلەشتۈرگەندە، دۇكېچ قاتارلىقلارنىڭ گەنجۇغا كۆچۈپ بارغان ۋاقتى، قۇتلۇقنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا بېسىپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلغان، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىپەرەس ئاقسۆڭەكلىرى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى، يەنى مىلادى 683 — 684 - يىللار ئارىلىقىدا بولۇشى كېرەك[50]. ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ تاڭ پەرەس كۈچلەرنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن ئايرىلىشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى كۈچى بىلەن تەسىرىنى پەيدىنپەي ئاجىزلاتقانلىقتىن، بىر قىسىم يامان ۋە قارانىيەتلىك تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرغۇچى تۇرا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ. تۇرا چارۋىچىلىرىنىڭ ئارىسىدا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كەيپىيات بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ۋەقەلەرنى سادىر قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار قۇت-لۇقنىڭ كەڭ كۆلەملىك بۇلاڭ - تالاڭ (يەنى «توقۇز تۇرالارنىڭ مال - چارۋىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش») غا ئۇچرىغاندىن كېيىن، مىلادى 684 - يىلدىن باشلاپ، يەنە ئۇدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان زور تالاپەتكە ئۇچرىدى. «يايلاقلار قۇرۇپ ئوت - چۆپلەر ئاز قالغانلىقتىن، ئات - قويلار كۆپلەپ ئۆلۈپ، ئوندىن يەتتە - سەككىزى قالدى». تۇرا خەلقى كۆپلەپ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. «توققۇز تۇرالارنىڭ ئىچىدە، بۇنداق ئاچارچىلىق كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى» (51). بۇ خىل ئەھۋال چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارغا ئېغىر داۋالغۇش، خاتىرجەمسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى.

مىلادى 686 - يىلى (ۋۇ زېتيەننىڭ چۇيگۇڭ 7 - يىلى) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشى ھەممىدىن ئاۋۋال تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈچلەر بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان بارغۇت قەبىلىسىدە پارتلىدى. «شۇ يىلى جەنۇبىي ئايمىقى (مەھكىمىسى) نىڭ تۇتۇقى بارغۇت قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، باشقىلارنى ئازدۇردى» (52). بۇنىڭدىن بۇ قېتىمقى كۈرەشنى بارغۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئالدى بىلەن رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. كۈرەش ئوتى ناھايىتى تېزلىك بىلەن توڭرا قەبىلىسىگە تۇتاشتى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» (203 - جىلد، چۇيگۇڭنىڭ تۇنجى يىلى، ‹ئىككىنچى يىلى بولۇشى كېرەك›) «توڭرا، بارغۇت قەبىلىلىرى ئىسيان كۆتۈردى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «چېن بوينۇ ماقالىلىرى توپلىمى. تۈركلەر ھەققىدىكىگە تولۇقلىما» دىمۇ «توڭرا، بارغۇت قەبىلىلىرىنىڭ تۇتۇقلىرى» نىڭ «ئىسيان كۆتۈرۈشنى باشلاپ بەرگەن» لىكى تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن بۇ قېتىمقى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش ۋەقەسىگە ئاز بولغاندىمۇ دەسلەپتە پەقەت

تۇگرا، بارغۇتتىن ئىبارەت ئىككىلا قەبىلىنىڭ قاتناشقانلىقىنى،
قالغان باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تېخى قاتناشمىغانلىقىنى
بىلىشكە بولىدۇ.

تۇگرا قەبىلىسى بىلەن بارغۇت قەبىلىسى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمال-نى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىل-غان ياكى قىلمىغانلىق مەسىلىسى تارىخلاردا ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن. ئەمما «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە: تۇگرا قەبىلىسى بىلەن بارغۇت قەبىلىسىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيانىنى بايان قىلىپ، ئارقىدىنلا ئۇلاپ «شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى توگچىلىك قەلئەسىگە كۆچۈرۈپ، ئەل بولغانلارنى قوبۇل قىلىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈلدى» دېگەن. بۇ يەر-دىكى توگچىلىك قەلئەسى خۇ بىلەنشىنىڭ بەرگەن ئىزاھىغا ئاساسلانغاندا، «شەندەندىكى توگچىلىك قورۇلى» بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئېرغۇنا كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى ئېجىناچى خوشۇنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئىدى. شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن توگچىلىك قەلئەسىگە يۆتكەپ كېلىنىشى، ئۇنىڭ تۇگرا قەبىلىسى بىلەن بارغۇت قەبىلىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قايتا پۇت تىرەپ تۇرۇشقا ئامالسىز قالغانلىقى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

يەنە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆر-نەكلەر» گە ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا تاڭ ئوردىسى تۇگرالار بىلەن بارغۇتلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال «سول قانات شىرمەت سانغۇن ليۇ جېكتۇگنى خېشى ئاتلىق ئەسكەر-

لىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئېرغۇنا كۆلىدىن ئۇلارغا جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 203 - جىلد، ۋۇ زېتيەننىڭ چۇيگۇڭ تۇنجى يىلى). چۇيگۇڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 686 - يىلى) 5 - ئايدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن تونگرالار بىلەن بارغۇتلارنىڭ تۇتۇقلىرىنى ئۆلتۈردى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى قوۋملىرىمۇ «مەغلۇپ بولۇپ، پۈتۈنلەي تارقىلىپ كەتتى».

تاڭ سۇلالىسى لىۇ جېڭتۇڭنى شىمالغا جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تيەن ياڭمىڭنى «ئالتۇنتاغ ھەربىي يۈرۈش يولىدىكى ئون ئوقلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ» (يەنى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەسكەرلىرىنى)، ئۇلارنى بارغۇتلار بىلەن تونگرالارغا جازا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاقساقاللىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۈرالارنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلغانلىقىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىسىدىن چىقىرىپمۇ قويۇشمىغانىدى ھەمدە پۇرسەت تېپىپ شىمالغا بېرىپ، تۈرالارنىڭ ئادەملىرى بىلەن مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. شۇڭا ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، «يارلىققا ئەمەل قىلىپ ئىنتىقامىمىزنى ئالىمىز» دەپ ناھايىتى تېزلىكتە 30 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر توپلاپ «ئوزۇق - تۈلۈكنى ئۆزلىرى ئېلىپ» شىمالغا ئۇچقاندەك ئاتلاندى. تاڭ سۇلالىسى ئەسلىدە بىر نەپەر ئەلچىدىن يارلىق ئەۋەتىپ، ئون ئوق ئاقساقاللىنىڭ ھەرىكىتىنى توسماقچى بولغانىدى، نەتىجىدە ناھايىتى چوڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ قوشۇنلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن تاڭ ئوردىسىنىڭ يارلىقىنىڭ تەلىپى بويىچە، لىۇ جېڭتۇڭنىڭ

باشچىلىقىدىكى تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ بارغۇت، تۇگرا قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ماسلاشماي، ئەكسىچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمر - پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرمىگەن ئۇيغۇر قەبىلىسى (دۇكېچقا ئەگىشىپ گەنجۇغا كۆچۈپ بارمىغانلار) غا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاقلىرىنى ئۆز مەيلىچە پايخان قىلىپ، ئۇيغۇر ئاھالىلىرى بىلەن مال - چارۋىلىرىنى ئۆلتۈردى ۋە بۇلاپ - تالىدى. ئۇيغۇر قەبىلىسى ۋە ئىسيان كۆتۈرمىگەن باشقا تۇرا قەبىلىلىرى ئون ئوق ئاقساقاللىرىنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قاراپ، توپلىشىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ(54)، ئارقا - ئارقىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى ئۆزىگە تارتىپ، شىمالىي چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى بارغۇتلار بىلەن تۇگرالارغا جازا يۈرۈش قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت خاتا سىياسىتى ئاقىۋەتتە، قۇتلۇق چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن، تاڭ سۇلالىسىنى شىمالدىكى تۇرالارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىدىن مەھرۇم قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوبيېكتىپ جەھەتتە قۇتلۇقنىڭ شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇشى ئۈچۈن توسالغۇلارنى تازىلاپ بەردى. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى ھەرگىزمۇ ئويلاپ يېتەلمىگەنىدى. كۈلكىلىك يېرى شۈكى، ئون ئوق ئاقساقاللىرى ئويلىمىغان يەردىن ئۆزلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە سادىق بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلغانلىق تۆھپىسى ئۈچۈن ئوردىدىن ئۇلارنىڭ چاڭئەنگە بېرىپ، ئىنئام ئېلىشقا رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. تارىخلاردا تاڭ سۇلالىسىنىڭ «ئۇلارنىڭ يارلىققا ئەمەل قىلماي ئۇيغۇر قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئەيىبلەپ،

ئوردىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمىغان» («چىن بويى ماقالىلىرى
توپلىمى». يۇقىرى تىبەت چېگرىسىدىكى ئايماق، ناھىيىلەرنى
تىنچىتىشنىڭ ئۈچ تەرتىپى») لىقى خاتىرىلەنگەن بولۇپ،
مەنىۋى جەھەتتىلا ئۇلارغا بولغان نارازىلىقنى ئىپادىلىگەندى.
لېكىن مانا مۇشۇنداق ئېغىزنىڭ ئۈچىدىكىلا نارازىلىق تاڭ
سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ باشقىچە پىكىرلەرنى
قوزغىغانىدى. مەسىلەن، چىن زىئاڭ (تەخەللۇسى بويۇ) نىڭ
ۋۇزېتيەنگە يوللىغان مەكتۇپىدا ئۇن ئوقلارنىڭ ئاقساقاللىرىنى
ئاقلاش ئۈچۈن «بەدەۋىيلەرنىڭ ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ھۇجۇم
قىلىشى (غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى
كۆرسىتىدۇ) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۈچۈن ئامەت، ھازىرقى كۈندە
ئۇيغۇرلار ئاللىقاچان مەغلۇپ بولدى. بۇنى سۈرۈشتە قىلماس-
لىق كېرەك. ئۇن ئوقلار گۇناھسىز بولغاچقا، ئۇلاردىن ئادا -
جۇدا بولۇش پايدىسىز، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى مەغلۇبىيىتىدە
(تيەن) ياڭمىگىنىڭ سەۋەنلىكى بار. شۇڭا ۋاسساللارنىڭ رايى
بويىچە تەسەللى بېرىش كېرەك. دۆلەت ئۇن ئوقلارنىڭ ئاقسا-
قاللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا تېگىشلىك دەپ قارىسا ئۇلارنىڭ
ئوردىغا كېلىشىگە رۇخسەت قىلىپ، شۇنداق قىلىش كېرەك»
(يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش) دېگەنىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەي-
ران قالارلىق سەپسەتە ئىدى!

يۇقىرىقىلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش تارىخى
بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي زۇلۇم
سىياسىتى (بۇ جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئىنتايىن
ئاز بولسىمۇ)، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار ھەر نۆۋەت
تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرەش قىلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب
بولۇشى كېرەك، دەپ قارايمىز. ئەمما بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز
كېرەككى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار قۇدرەتلىك تاڭ

سۇلالىسىگە قوشۇلۇشنى ئۆزلىرى ئىختىيار قىلغانىدى، شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان فېئوداللىق ئىقتىسادى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەلگەن، بۇ شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا نىسبەتەن شەكسىزكى، ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. سىرتاردۇش خانلىقى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى خۇددى كەلكۈن سۇغا ئوخشاش دەۋرەپ كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. مىلادى VII ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى قوزغىغان، ھەر نۆۋەتلىك تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۆرەشلەر، ناھايىتى تېزلىكتىلا تىنچىتىلدى. بولۇپمۇ تاڭ گاۋزۇڭنىڭ لۇڭسۇ يىللىرىدا تاڭ سۇلالىسى قورال كۈچى بىلەن ئەمەس، بەلكى دالالەت قىلىش سىياسىتىنىڭ ياردىمى بىلەن كۆلىمى بىرقەدەر چوڭراق بولغان تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرەشلەرنى تىنچىتتى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرىدىن تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىدە ياشاشنىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن ئايرىلىپ ياشاشقا قارىغاندا ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرەش قىلىشى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىدىن قۇتۇلۇش بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلاش ياكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ مىللىي زۇلۇم سىياسىتى بىلەن ئۈزۈلدۈرەي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تاشقى ئۇرۇشنىڭ ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن ئازابىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈندۇر، ئەلۋەتتە شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىز يەنە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان ھەر نۆۋەتلىك تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرەشىدە، تۇرالارنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى

بىر قىسىم قارائىيەتچىلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىكىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز رول ئوينىدى. بۇ نۇقتا مىلادى 686 - يىلدىكى بارغۇت قەبىلىسى بىلەن توڭرا قەبىلىسىدىن ئىبارەت ئىككى قەبىلىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى قوزغىغان تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش ۋەقەسىدە ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەندى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى بىلەن كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى تەسىر كۈچىنى پۈتۈنلەي غولىتىپ، توڭرا قەبىلىلىرىنى تاڭ سۇلالىسىدىن ئايرىپ چىقىش ئىدى، شۇڭا بىز شىمالدىكى توڭرالار قوزغىغان ھەر نۆۋەتلىك تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرەشكە باھا بەرگىنىمىزدە، خەنزۇ ۋە توڭرا خەلقىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن، تاڭ سۇلالىسى يولغا قويغان مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىش سىياسىتى بىلەن توڭرا يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يۈرگۈزگەن بۆلگۈنچىلىكىنى قاتتىق تەنقىد قىلىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن توڭرا خەلقىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ مىللىي زۇلۇم سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولغان ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بېرىشىمىز كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق پوزىتسىيىلا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن، ماركسىزم - لېنىنىزملىق پوزىتسىيىدۇر. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى توڭرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشكە قارىتا ئابستراكت جەھەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئابستراكت جەھەتتىن ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتۇشنىڭ ھەممىسى خاتا.

ئىزاھلار:

① «چۈبەلەر بىلەن ئاتېمىزلار»، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر.تۇرالار» دا: «قىستان، قومۇق» دەپ يېزىلغان. بۇ يەردە «كونا تاڭنامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دىن ئېلىندى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» دىمۇ «چۈبە، ئاتېمىز» دەپ يېزىلغان، «‹غەيرىي ئىشلار› دا: ‹ئوردا خاتىرىلىرى› دە يەنە قىتان، قۇمۇق قاتارلىق 13 ئۇرۇقنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان» دېيىلگەن. قىتانلار بىلەن قۇمۇقلارنىڭ سىرتاردۇشلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغانلىقىغا، يەنە كېلىپ ئىچكىرىگە بەيئەت قىلغىنىغا ئۇزاق بولغانلىقىغا ئاساسلانغاندا لياۋخېغا يۈرۈش قىلغاندا، ئۇلار يەنىلا ئەل بولمىغانىدى. «كونا تاڭنامە. خانلار ھەققىدە خاتىرىلەر» گە قاراڭسۇن.

② «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. تۇرالار» دا بۇ ۋەقەنى «11 - ئايدا» يۈز بەرگەن دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» دە تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 20 - يىلى «بېلىق يىلى 9 - ئايدا» (9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى) دېيىلگەن. «‹كونا تاڭنامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە› نىڭ داۋامى» دىكى تەيزۇڭنىڭ شۇ يىلى ئىت يىلىنىڭ 10 - ئېيىدا (10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى) لىڭجۇدىن چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دىكى 11 - ئاي دېگىنىدە روشەن خاتالىق بار. «كونا تاڭنامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر» گە قاراڭسۇن.

③ تاڭ تەيزۇڭ جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار «ئەل بولغان» دىن كېيىن «مېنىڭ قەدىمكى كىشىلەر بويسۇندۇرالمىغان بەدەۋىيلەرنى بويسۇندۇرۇشۇمدىكى سەۋەب ئەلدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق كەلگەنلىكىدۇر. ئۆتمۈشتە ئۇلۇغ يۇ پۈتۈن ئەلدىكى پۇقرالارغا باشچىلىق

قىلىپ، تاغ ياساپ، ئورمان بىنا قىلغان، ئۆرغۈن دەريالارنى راۋاتلاشتۇرۇپ، چوڭ دېڭىزغا باشلىغان. بۇنداق ئەمەلگە ئىنتايىن مۇشكۈل بولسىمۇ، لېكىن ئاۋامنىڭ ھېچقايسىسى ئاغرىنمىغان، چۈنكى بۇ ئىشلار كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق كەلگەن، شۇنداقلا شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتكە ۋە ئاۋامنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ماس كەلگەن» («ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 198 - جىلد، تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 21 - يىلى) دېيىلگەنىدى.

④ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 198 - جىلد جېنگۇەننىڭ 20 - يىلىدىكى خۇسەنشېڭنىڭ ئىمزاسىدا: «دامىڭ ئوردىسىدىكى سۈرەتلەر» گە ئاساسلانغاندا، شۈەنۋۇ قوۋۇقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى شۈەنۋۇ ئوردىسىنىڭ ئارقىسىدا رۇخسارى قەسرى بار ئىدى، غۇز مېھمانلارغا شۈەنۋۇ ئوردىسىدا زىياپەت بېرىلەتتى. بۇ ئوردا ھازىرقى فاڭلەن قەسرى شۇ. ئۇنداق بولسا، رۇخسارى قەسرى قەيەردە؟» دېيىلگەن.

⑤ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىكى غەيرىي ئىشلار» نىڭ 10 - جىلدىدا: «بارغۇتلارنىڭ ئارىسىدا جىنۋېي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان دېيىلگەن. ‹كونا تاڭنامە›دە جىنۋېي› دەپ يېزىلغان. ‹ئوردا خاتىرىلىرى› بىلەن ‹تاڭ كالېندارى› نىڭ ھازىرقىسىغا قاراڭ دېيىلگەن. سېن جۇڭمىيەن «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى» نىڭ 1 - قىسمىدا ««يېڭى تاڭنامە›نىڭ 217 - جىلدىدا ‹جىنۋېي› دەپ يېزىلغان بىلەن ‹كېيىنكى خەننامە. خېرى ھەققىدە خاتىرە» دىكى «شىمالىي تەڭرىقۇتنى ئالتۇنتاغدا قورشىۋالدى› دېگەنگە ئاساسلانغاندا، جىنۋېي دېگەن نام ئەسلى مانا شۇنىڭدىن كەلگەن. ‹كونا تاڭنامە›نىڭ 199 - جىلدىدا ‹جىنۋېي› دېيىلگەن. بىراق «شوجى ماقالىلىرى توپلىمى» (يەنى ‹جاڭ شوجى ماقالىلەر توپلىمى› نى كۆرسىتىدۇ) نىڭ 10 - جىلد ‹پو چېنلى نەغمە - كۈي تېكىستلىرى› دىكى ‹خەن قوشۇنلىرى

قورۇلدىن چىققىچىلا جەنۇبىينى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇردى» دېگىنى
پۈتۈنلەي خاتا» دەپ قارايدۇ؛ سېن جۇڭمىيەننىڭ قارىشى توغرا.
بۇنىڭدا ئۇنىڭكى قوبۇل قىلىندى. جەنۇبىي مەھكىمىسى يەنى
«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسىنىڭ داۋامى» دا خاتا
ھالدا جەنۇبىي ئايمىقى دېيىلگەن.

⑥ «قانۇنلار قامۇسى. بايتېرقۇلار» دا «大» خېتى يوق.
بۇنىڭدا ««يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى»
ئاساس قىلىنغان.

⑦ «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى Ⅶ»دە، جېنگۇەننىڭ
2 - يىلى دېيىلگەن. بۇ خاتا. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خا-
تىرىلەر. شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى»، «ئەل-
نى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»نىڭ 198 -
جىلدىدا تۈزىتىلىپ جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى دېيىلگەن. بۇنى سېن
جۇڭمىيەن يازغان «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»
دېگەن كىتابنىڭ 1 - قىسىم، 257 - بېتىدىن كۆرۈڭ.

⑧ ««يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋا-
مى»دا جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى ئۇسۇتنىڭ تۇتۇقلۇققا تەيىنلەنگەن-
لىكى توغرىسىدىكى ۋەقە خاتىرىلەنمىگەن. بىراق «ئەلنى ئىدارە
قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»نىڭ 198 - جىلدىدىكى جېن-
گۇەننىڭ 22 - يىلىدىكى ماددىسىغا ئاساسلانغاندا، شۇ يىلى 12 -
ئايدا ئوردىغا تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن تۇرالارنىڭ قەبىلە ئاقساقال-
لىرى ئىچىدە «ئىزگىل قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئۇسۇت»مۇ بار
ئىدى. ياندۇرقى يىلى 1 - ئايدا تاڭ سۇلالىسى لۇشەن تۇتۇق
مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەنگەن ئىزگىللارنىڭ قەبىلە ئاق-
ساقىلى مۇشۇ كىشى بولسا كېرەك.

⑨ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە «قوندۇ
قەبىلىسى» دېيىلگەن، «都» خېتى ئوشۇقچە سۆز ھېسابلىنىدۇ.

⑩ جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى ھون قەبىلىسىدە گاۋلىيەن ئاي-

مىقى تەسىس قىلىنغان، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»
بىلەن «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسىنىڭ ئالدىنقىسى»
غا قاراڭ. ھالبۇكى، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە
نىڭ داۋامى»نىڭ ھون ماددىسىدا: «سىرتاردۇشلار مۇنقەرز بولغان-
دىن كېيىن بۈيۈك ئېلتەبىر ھون ۋاڭ قەبىلىلىرىگە باشچىلىق
قىلىپ، ئىچكىرىگە بەيئەت قىلغان، ئۇلارنىڭ تۇرۇشلۇق جايى گاۋ-
ليەن تۇتۇق مەھكىمىسى دەپ ئاتالغان، كېيىن شەرق ۋە غەربىي
ئايماققا بۆلۈنگەن، تەيزۇڭ ئاتەنجىنى ھون ۋاڭغا ھۆرمەت قىلىش-
نى بۇيرۇغان ۋە ھون ۋاڭغا ئەلچى ئەۋەتكەن. ھون ۋاڭى مەن-
سەپكە ئولتۇرۇشنى رەت قىلغان. پادىشاھ ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆ-
تۈنگىنىنى ماختاپ ئاتەنجىنى ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى-
نىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى، گاۋلىيەن ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى قىلىپ
تەيىنلىگەن» دېيىلگەن. ئالدىدا دېيىلگەن «گاۋلىيەن تۇتۇق مەھكى-
مىسى» بىلەن كېيىن دېيىلگەن «گاۋلىيەن ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى»
دېگەن سۆزدە ئۆزئارا زىددىيەت بار. گاۋلىيەن، جېنگۇەننىڭ 21-
يىلى ئايماق قىلىپ قۇرۇلغان، گاۋزۇڭنىڭ يۇڭخۇي تۇنجى يىلى
مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلگەن: «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىس-
سىنىڭ داۋامى»دا بۇ ئۆزگىرىشلەر ئېنىق ئەمەس بولۇپ، باش ئا-
خىرىدا زىددىيەت بار. ھون قەبىلىسى جايلاشقان گاۋلىيەن ئاي-
مىقىدىن باشقا، جېنگۇەننىڭ 22-يىلى تاڭ سۇلالىسى، يەنە سىر-
تاردۇشلاردىن بولغان ئاشىد سۆكۈن ئېركىننىڭ قەبىلىسىدىمۇ گاۋ-
لىيەن ئايمىقىنى تەسىس قىلغان، ئۇنىڭ ئورنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا
بولۇپ، لىلىڭ تۇتۇق مەھكىمىسىگە تەسىس قىلغان، ئۇنىڭ ئورنى
ھون قەبىلىسى تۇرۇشلۇق گاۋلىيەن ئايمىقى چۆللۈكنىڭ (شىمالىدا بو-
لۇپ، يەنە قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە تەۋە ئىدى). بىلەن نامى
ئوخشاش بولسىمۇ، ئورنى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئېھتىمال مۇشۇ
پەرق سەۋەبىدىن «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى VII» دىكى
بەددىچىنىڭ ئىچىدىكى ئۆلكە ۋىلايەت ماددىسىدا ھون قەبىلىسى

تۇرۇشلۇق كاۋلىيەن ئايمىقىنى شەرقىي كاۋلىيەن ئايمىقى دەپ ئاتى-
غان بولسا كېرەك. ئاشىر سۇكۇن قەبىلىسى جايلاشقان كاۋلىيەن
ئايمىقى يۈڭخۈينىڭ تۇنجى يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

⑪ «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى VII» دىكى سەد-
دىچىننىڭ ئىچىدىكى ئۆلكە - ۋىلايەت ماددىسىدا: «جىلۇ ئايمىقى
ئەسلىدە كاۋچۇ ئايمىقى بولۇپ، قوشۇر قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا تە-
سىس قىلىنغان. يۈڭخۈينىڭ تۇنجى يىلى كاۋچۇ ئايمىقى ئەمەلدىن
قالدۇرۇلۇپ، جىلۇ ئايمىقى قىلىندى، كېيىن يەنە ئەمەلدىن قال-
دۇرۇلدى، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاتېئىز قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا قاي-
تا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى» دېيىلگەن. كاۋچۇ ئايمىقى كېيىن جىلۇ ئايمىقىغا
ئۆزگەرتىلگەن. ئاتېئىز قەبىلىسىنىڭ قوشۇر قەبىلىسىنىڭ بىر تار-
مىقى ياكى ئەمەسلىكىنى تېخى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

⑫ خېجىننىڭ جىتىيەن ئايمىقىغا ئايماق بېگى بولغانلىقى
تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا خاتىرىلەنمىگەن. «مېتال -
تاش پۈتۈكلەر توپلىمى»نىڭ 107 - جىلدى «لى لياڭچېن مەڭگۈ
تېشى»دا: «ئاتېئىز قەبىلىسى دەپ ئاتىلىدىغانلار پۈتكۈل ئۇرۇقى
بىلەن كەلدى. مۇشاۋىر ۋاڭ خۇنىڭ نەسىھىتى بىلەن خېجى...
قوۋمىنى باشلاپ، جەنۇبتىكى لىڭۋۇغا كەلدى، ئىچكىرىدىكە بەيئەت
قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تەيزۇڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بول-
دى، تەيزۇڭ ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى ۋە قابىلىيىتىگە ئاپىرىن
ئوقۇپ ئۇنى كېگەش بېگى، جىتىيەن ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى قى-
لىپ تەيىنلىدى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن خېجىننىڭ ئاتېئىز قەبىلىسىنىڭ
باشلىقى ئىكەنلىكىنى، جىتىيەن ئايمىقىغا ئايماق بېگى بولغانلىقىنى
بىلگىلى بولىدۇ. يەنە شۇ كىتابنىڭ «لى گۇاڭچېن مەڭگۈ تېشى»دە:
«ئۇلار ئاتېئىز قەبىلىسىدىن بولۇپ، جېنگۇەننىڭ دەسلىپىدە بەگ
خېجىننىڭ باشچىلىقىدا بەيئەت قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، تەيزۇڭ
ئۇنى جىتىيەن ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىگەن» دېيىلگەن.
«جېنگۇەننىڭ دەسلىپى» بولغاندا «جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى» دېيىش

«تۇتۇق»لى «ئايماق بېگى» دېيىش خاتا بولسا كېرەك.

⑬ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ داۋامى»دا: «باغادۇر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى غالى كىچىك بولغاچقا قوۋمىنى باشلاپ بەيئەت قىلغان. بۇ چاغ جېنگۈەننىڭ 6 - يىلى ئىدى. پادىشاھ ئۇلارنى يارلىق چۈشۈرۈپ گەنجۇ بىلەن لياڭجۇ ئارىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ جاي يۇشى ئايمىقى دەپ ئاتالدى»، دېيىلگەن. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» بىلەن «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، يۇشى ئايمىقى جېنگۈەننىڭ 21 - يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ گەنجۇ بىلەن لياڭجۇدا، شۇنىڭدەك چۆبە غالىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى گەنجۇ بىلەن لياڭجۇدىكى چۆبە قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا تەسىس قىلىنمىغان، «كونا تاڭنامە. چۆبە غالىنىڭ تەرجىمھالى»، «كىتابلار جەۋھىرى» 977 - جىلد، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 194 - جىلد تەيزۇڭنىڭ جېنگۈەن 6 - يىلىدىكى ماددىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە غالى جېنگۈەننىڭ 1 - يىلى تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قەبىلىسىنىڭ يەنىلا گەنجۇ بىلەن لياڭجودا ئىكەنلىكى دېيىلىپ، بۇ جايدا يۇشى ئايمىقىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى سۆزلەنمىگەن. شۇنىڭدەك، غالى چۆبەلەرنى باشلاپ، جېنگۈەننىڭ 16 - يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن ئۆتۈپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، جېنگۈەننىڭ 21 - يىلى يۇشى ئايمىقىغا ئورۇنلاشقان چاغدا گەنجۇ بىلەن لياڭجۇدا چۆبەلەر قالمىغانىدى. جېنگۈەننىڭ 20 - يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارنىڭ ئاقساقاللىرى ئوردىغا سالامغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چۆبە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى چۆبە ئىركىنمۇ بار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى چۆبە ئىركىننى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن يۇشى ئايمىقىغا كەلگەنلەرنى ئىدارە قىلىشقا قويغان، چۆبەلەر بولسا چۆبە ئىركىن باشچىلىقىدىكى چۆبە قەبىلىسىدۇر؛ بىرقانچە يىللار-

دىن بۇرۇن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن كەلگەن غالىمنىڭ بۇزۇنقى قە-
بىلىسى بۇ ۋاقىتتا چۇبە ئېركىنىنىڭ قوۋملىرى بىلەن قوشۇلغان.
«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى»دىكى
«يارلىق چۇشۇرۇپ كەنجۇ بىلەن لياڭجۇ ئارىلىقىغا ئو-
رۇنلاشتۇرغان» دېگىنى بىلەن «ئۇ جاي يۇشى ئايمىقى دەپ ئا-
تالدى» دېگىنىنى بىۋاستە بىرلەشتۇرگەندە، تارىخىي ئەمەلىيەتكە
ئۇيغۇن كەلمەيدۇ (بۇ خىل خاتالىقنى سېن جۇڭمىيەن «تۇرك تا-
رىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 2 - قىسمىدا ئاللىقاچان
ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن سېن جۇڭمىيەن شۇ كىتابىنىڭ «قوشۇمچە.
شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بىلەن تەگرىقۇت
قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىن ئىبارەت ئىككى قورۇقچىبەگ مەھكى-
مىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئايماقلار توغرىسىدا مۇھاكىمە» سىدە
«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسىنىڭ داۋامى»دىكى خاتا-
لىقنى يەنە قايتا تەكىتلىگەن). يۇشى ئايمىقى گاۋزۇڭنىڭ يۇڭخۇي
4 - يىلى (مىلادى 653 - يىلى) قۇلان تۇتۇق مەھكىمىسىگە ئۆز-
گەرتىلىپ، داۋاملىق يەنە قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە تەۋە قى-
لىنغان. ھالبۇكى كونا ۋە يېڭى «تاڭنامە»دىكى «چۇبە غالىمىنىڭ
تەرجىمىھالى»نىڭ ھەممىسىدە جېنگۈەننىڭ 16 - يىلى غالىمنىڭ ئى-
نىسى سىرمانىنى لياڭجۇدا قۇلان تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى
تىلغا ئېلىنغان. تۇرالار ئورۇنلاشقان ئايماق - مەھكىمىلەرنىڭ
تەسىس قىلىنىشى جېنگۈەننىڭ 21 - يىلى باشلانغان، ئەمما قۇ-
لان تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى يۇڭخۇينىڭ 4 -
يىلى ئاندىن كۆرۈلىدۇ، جېنگۈەننىڭ 16 - يىلىدا سىرامان قۇلان
تۇتۇقى دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولسا كېرەك. ئىمكانىيەت
قالدۇرۇپ ئېيتقاندا، يەنى قۇلان تۇتۇق مەھكىمىسى جېنگۈەننىڭ
16 - يىلىدىن بۇرۇن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى
كەنجۇ بىلەن لياڭجۇدىكى چۇبەلەرنىڭ ئاقساقىلى غالىمنى تۇتۇق
قىلىپ تەيىنلىگەندە، غالىمنىڭ ئىنىسى سىرامان تۇتۇقلۇققا تەيىن-

لەنمىگەن بولۇشى كېرەك. سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى سىراماننىڭ قۇلان تۇتۇقى دېگەن نامىنى يۇشى ئايمىقىنى قۇلان تۇتۇق مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى «ئۆزگەرتىشلەر» دەپ گۇمان قىلىدۇ؛ بۇنداق دېيىش ئورۇنلۇق. يۇشى ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى ئەسلىدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى چۇبە قەبىلىسىنىڭ چۇبە ئېركىن جەمەتىدىن ئىدى. گەنجۇ بىلەن لياڭجۇدىكى چۇبەلەردىن بولغان سىرامان قانداقمۇ قۇلان تۇتۇقى دەپ ئاتالسۇن. سېن جۇڭمىيەن بۇ ھەقتە توختالمىغان. مەن سىرامان چۇبە ئېركىنگە ۋەكالىتەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى چۇبەلەرگە ئاقساقال بولۇپ، يوڭخۈينىڭ 4 - يىلى ئۇنىڭدىن كېيىن قۇلان تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەنگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمەن. چۈنكى سىرامان چۇبەلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، چۇبەكۆل (يەنى ئۈۋش باغا قاغان) نىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئۇنىڭ ئاكىسى چۇبە غالى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەتىۋارلىق ۋەزىرى بولغاچقا، چۇبە ئېركىن چۇبەلەرنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چۇبەلەرگە بولغان تەسىرى زورايغان. شۇڭا سىراماننىڭ چۇبە ئېركىننىڭ ئورنىغا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى چۇبە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى، قۇلان تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى بولۇش مۇقەررەر ئىدى. سىراماننىڭ ئۆلگەن يىلى ئېنىق ئەمەس. «كونا تاڭنامە. چۇبە غالىنىڭ تەرجىمىھالى» غا ئاساسلانغاندا، چۇبە غالىغا شيەنچىڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 657 - يىلى) «چىلىك بەگلىكىنىڭ بەگلىك ئۇتۇغاتى بېرىلگەن» (قەدىمكى چىلىك بەگلىكى ھازىرقى شەندۇڭنىڭ شىنشۇېن ناھىيىسىنىڭ تەۋەسىدە ئىدى). زۇڭجياڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 688 - يىلى) كۆرىيىنى تىنجىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن «قورغان قوشۇن باش سانغۇنى، ئوڭ قول قوشۇن باش سانغۇنى، لياڭ بەگلىكىنىڭ بەگلىك ئۇتۇغاتى بېرىلگەن»، يىفىڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 677 - يىلى) ئۆلگەندە «بىڭجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇقلۇقى» ھەدىيە قىلىپ بېرىلگەن.

قىسقىسى، ئۇ ھايات ياكى ئۆلگەندىن كېيىن بولسۇن. قۇلان تۇتۇقى دەپ ئاتالمىغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئوغلى چۇبە مىر «مىبتال - تاش پۈتۈكلەر توپلىمى. چۇبە مىر مەڭگۈ تېشى» گە ئاساسلانغاندا، «لىندې يىللىرى (لىندې مىلادى 664 — 665 - يىللار) دا سول قول ھەربىي ئەمەلدارلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى، قۇلان ئايمىقى (مەھكىمىسى) نىڭ تۇتۇقى» قىلىپ تەيىنلەنگەن، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، قۇلان تۇتۇقلۇق ئەمەلىنىڭ سىرامان ئۇرۇقىدىن غالى ئۇرۇقىغا ئۆتۈشى تەخمىنەن لىندې يىللىرىدا بولغانىدى. غالىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى گەنجۇ بىلەن لياڭجۇدىكى بۇرۇنقى چۇبە قەبىلىلىرى «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن ۋۇزېتيەننىڭ دەۋرىدە يەنە گەنجۇ بىلەن لياڭجۇغا قايتىپ كەتكەن.

⑭ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسىنىڭ ئالدىنقىسى» دا «68 ئورۇندا» دېيىلگەن. بۇنىڭدا «كونا تاڭنامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» بىلەن «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. شىمالىي تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» ئاساس قىلىنغان.

⑮ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسىنىڭ داۋامى» دا: «لۇڭسۇ يىللىرى (مىلادى 661 — 663 - يىللار) دا شۈەنچۈ ئايمىقى يۈۋۈ ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلىپ، خانگاي تۇتۇق (قورۇقچىبەگ) مەھكىمىسىگە تەۋە قىلىنغان» دېيىلگەن. يەنە شۇ كىتابنىڭ «جۇغراپىيە تەزكىرىسى VII» نىڭ سەددىچىسىنىڭ ئىچىدىكى ئۆلكە - ۋىلايەت ماددىسىدا «يۈۋۈ ئايمىقى ئەسلىدىكى شۈەنچۈ ئايمىقى بولۇپ، جېنگۇەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (ئىلاۋە «ئوتتۇرىلىرى» دېگەن سۆز «ئاخىرلىرى» دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان بولسا كېرەك) قۇرۇقانلارنىڭ ئارىسىدا تەسىس قىلىنغان. لۇڭسۇ يىللىرىدا نامى ئۆزگەرتىلگەن» دېيىلگەن، بۇنىڭدىن شۈەنجۈ ئايمىقىنىڭ كېيىن يۈۋۈ ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

⑯ «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى VIII» دە خاتىرىلىنىشىچە «داخۇن تۇتۇق مەھكىمىسى تاردۇش قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا تەسىس قىلىنغان، كېيىن ئىگسۇغا يۆتكەلگەن، بەش ئايماقنى باشقۇرغان: ئۇلار قۇيان ئايمىقى؛ بۇچىرۇ ئايمىقى. گۇجۇ ئايمىقى، دىسۇ ئايمىقى، شىدەن ئايمىقى يۇڭخۇي يىللىرىدا تاردۇشلارنىڭ مەغلۇپ بولۇپ تارقىلىپ كەتكەن قەبىلىلىرىنى يىغىپ تەسىس قىلىنغان» بولۇپ، شياجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايتتى. كەيۈەننىڭ 13 - يىلى 10 - ئايدا يېڭىدىن تەسلىم بولغانلارنىڭ ئىچىدە سىرتاردۇشلارنىڭ رەھبىرى داخۇن بار ئىدى (بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنمىگەن. سېن جۇڭمىيەن كەيۈەننىڭ 7 - يىلى ئۆلۈپ كەتكەن تاردۇش مولىننى شۇ دەپ قارايدۇ («تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى» 1 - قىسىم 392 - بەتتىن كۆرۈڭ). كەيۈەننىڭ 3 - يىلىدىن بۇرۇن داخۇن تۇتۇق مەھكىمىسى ئاللىقاچان قۇرۇلۇپ بولغانىدى؛ كەيۈەننىڭ 3 - يىلى بولسا تېخى ئىگسۇغا يۆتكىلىپ بولالمىغانىدى. شۇ يىلدىن بۇرۇن بۇ مەھكىمە ھازىرقى ئاراتۇرۇكنىڭ شىمالىدىكى مەلۇم بىر جايىدەك قىلىدۇ. شىدەن ئايمىقى يۇڭخۇي يىللىرىدا تەسىس قىلىنغان، تەسىس قىلىنغان ۋاقىتتا داخۇن تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا بولغان، كېيىن تۇتۇق مەھكىمىسى ئىگسۇغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، شياجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن.

⑰ «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. تەڭرىقۇت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» دە: «يۇڭخۇينىڭ تۇنجى يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى... دەشتى ماكان (ئىلاۋە: لۇڭشۇنىڭ 3 - يىلى ئاندىن دەشتى ماكان قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، بۇ يەردە يەنىرەن بولۇشى كېرەك) نىڭ قارىمىقىدا جىنۋېي، شىنلى قاتارلىق يەتتە تۇتۇق مەھكىمىسى شەنيۈ، قۇلان قاتارلىق سەككىز ئايماق بار» دېيىلگەن. شىنلى بولسا (车鼻) چۈبەلەرنىڭ ئارىسىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تۇرالارغا تەۋە ئەمەس.

شەنشى ئايمىقى تۇرالار ئايمىقى، ئۇنىڭ قۇرۇلغان يىلى يۇڭخۇينىڭ
تۇنجى يىلى 9 - ئايدىن ئىلگىرى بولۇشى كېرەك. يۇڭخۇينىڭ
تۇنجى يىلى 9 - ئايغا كەلگەندە يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى-
نىڭ ئومۇمىي قارىمىقىدىكى تۇرا ئايماقلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا،
مەھكىمىدىن جەمئىي يەتتىسى (جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى قۇرۇلغان
مەھكىمە ئالتە بولۇپ، يۇڭخۇينىڭ تۇنجى يىلى گاۋلىيەن ئايمىقى
مەھكىمە قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ قوشۇلغان)، ئايماقتىن جەمئىي سەك-
كىزى (جېنگۇەن 21 - يىلى يەتتە ئايماق قۇرۇلغان، شۇ يىلى
8 - ئايدا شيەنچۈ ئايمىقى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، كېيىن يەنە
شەنشى ئايمىقى تەسىس قىلىنغان. گاۋلىيەن ئايمىقى ئەمەلدىن قال-
دۇرۇلۇپ، مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلگەن) بار ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت
شىدەن مەھكىمىسى ئايمىقى شياجۇ مەھكىمىسىگە تەۋە ئىدى؛ جۇ-
يەن ئايمىقىنىڭ قايسى مەھكىمىگە تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس؛
توباسلار ئەل بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەھكىمە ئاي-
ماق تەسىس قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقى نامەلۇم.

⑱ يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا غەيرىي
تۇرا مەھكىمە، ئايماقلىرىمۇ بار ئىدى، لېكىن بۇ غەيرىي تۇرا
مەھكىمە ئايماقلىرىنىڭ ھەممىسى جېنگۇەننىڭ 22 - يىلىدىن كې-
يىن تەسىس قىلىنغان. شۇڭا يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى دەس-
لەپ قۇرۇلغان ۋاقىتتا، ئاساسەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار-
نىڭ مەھكىمە، ئايماقلىرىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرغان.
يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەرەققىيات جەريانى تۆۋەندى-
كىچە ئىدى: گاۋزۇڭنىڭ لۇڭشۇ 3 - يىلى (مىلادى 663 - يىل)
خانگاي قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ شىمالدىكى ئۇيغۇر-
لار زېمىنىغا كۆچۈرۈلگەن (يەنى ئۆتۈكەن تېغىدىكى سىرتاردۇشلار-
نىڭ كونا ئوردىسىغا). زۇڭجاڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 669 -
يىلى). يەنە شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە
ئۆزگەرتىلگەن، ۋۇزېتيەننىڭ چۇيگۇڭ 2 - يىلى (مىلادى 686 -

يىلى) شىمالدا قالايمىقانچىلىق چىقارغانلىقى ھەم قۇتلۇق چۆللۈك-
نىڭ جەنۇبىدا دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى (كېيىنكى تۈرك
خانلىقى) ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسى شىمالنى تىنىچلاندۇرغۇچى قورۇق-
چىبەگ مەھكىمىسىنى توقچىنىڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئېجىن-
ناجى خوشۇنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي)غا كۆچۈرگەن، كېيىن يەنە
شىئەن شەھىرى (ھازىرقى گەنسۇدىكى جاگيېنىڭ شەرقىي جەنۇبىي)
غا كۆچۈرۈلگەن، شىڭلىنىڭ 5 - يىلى (مىلادى 698 - يىلى) يەنە
يۈنچوڭ قورۇلى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى تۈمىد خوشۇنى)غا
جوڭزۇڭ دەۋرىدە يەنە تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى-
گە كۆچۈرگەن، ئەمما چۈيگوڭنىڭ 3 - يىلى قۇتلۇق چۆللۈكنىڭ
شىمالىدىكى تۈرالارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ شىما-
لىدىكى بارلىق جايلار تۈركلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەچكە،
شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى چۆللۈكنىڭ شىمالى-
دىكى تۈرا مەھكىمە ئايماقلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش رولىنى ئويناي-
المايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

⑲ «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 19 - جىلدىدا «جىڭگۇەننىڭ 13 - يىلى» تەسىس قىلىنغان دەپ خاتا يېزىلغان. «جىڭگۇەننىڭ 13 - يىلى» دېگىنى «جىڭگۇەننىڭ 23 - يىلى» دېگەننىڭ خاتا يېزىلىشى بولسا كېرەك.

⑳ فەن ۋېنلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخىدىن قىسقىچە توپلام» (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى) 3 - توپلام 2 - قىسىم.

㉑ فەن ۋېنلەن ئەپەندى «تۈرا قەبىلىلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئالىبۇرۇن ئۇيغۇر قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ شەكىللىنىپ بولغان، تومېد «قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا» ئۆزىنى خاقان دەپ ئاتىغان، دەپ قارايدۇ. ئەمما تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلاردىن ئەينى ۋاقىتتا تۈرا قەبىلىلىرى ئالىبۇرۇن ئۇيغۇر قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى قە-بىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتىغا

ئائىت ماتېرىياللارنى تاپقىلى بولمايدۇ.

㉒ ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا توققۇز جەمەت (يەنى توققۇز ئۇرۇق) بار بولۇپ، دېرىمار قەبىلىسى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى («كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»). سېن جۇڭمىيەن «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»نىڭ 1 - قىسمىدا «جولوڭ ئايمىقىنى جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى دەشتى ماكان تۇتۇقى (مەھكىمىسى) دېرىمار قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا ئايرىم تەسىس قىلىنغان» («يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى VII» ئۆلكە ۋىلايەتلەر ماددىسى) دېگەننى «دېرىمار كۆلبېينىڭ باشقىچە تەرجىمىسى. ئاخىرىغا بەرگەن ئىزاھاتىدا «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە دېرىمار دېگەن سۆز بار. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دىكى «دېر» (咄) دېيىلگىنى بەلكىم خاتا بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. سېن جۇڭمىيەننىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا كۆلبېي ئادەم ئىسمى ھەم قەبىلە نامى ئىدى. كۆلبېي دېگەن كىشىنىڭ ئىش - ئىزلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا خاتىرىلەنمىگەن.

㉓ تومېدنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى 10 - ئايدا دەپ خاتىرىلەنگەن. ھالبۇكى يېڭى، كونا «تاڭنامە»لەردە خاتىرىلەنمىگەن. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»نى تەكشۈرگەندە تەيزۇڭ شۇ يىلى 10 - ئايدا سۇي دۆلىتىنى «ئۇلاردىن ھال سوراشقا ئەۋەتكەن». تومېدنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتى 10 - ئاي ياكى 10 - ئايدىن ئىلگىرى بولۇشى كېرەك. بۇ تومېدنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئاخىرقى چېكى ھېسابلىنىدۇ ئەمما يېڭى، كونا «تاڭنامە»نى تەكشۈرسەك، سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىدىن 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشى شۇ يىلى 6 - ئايدا سېلىنگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ يەنىرەن قاتارلىق ئۈچ مەھكىمىگە ھۇجۇم قىلغان، 8 - ئايدا تاڭ سۇلالىسى دەشت سېيلاقىنى ئالتۇنتاغدىكى

سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇ ئىككى ئايدا تومپىدىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا بولغاچقا، چۇبەلەر بىلەن ئۇيغۇر بۇ ۋاقىتتا ئۆزگىرىش قىلىشقا پېتىنالمايتتى. قىسقىسى، ئۇيغۇرنىڭ تومپىدىنى 9 -، 10 - ئايلار ئارىلىقىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە خاتىرىلەنگەن ۋاقىت مۇشۇنىڭغا يېقىن كېلىدۇ.

㉔ جولۇڭ ئايىمىقى «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»، «يېڭى تاڭنامە» لەرنىڭ ھەممىسىدە جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى تەسىس قىلىنغان دېيىلگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، بۇ جېنگۇەننىڭ 23 - يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

㉕ بۇ يەردىكى «تۇرالارنىڭ 13 ئايىمىقى» تۇرالارنىڭ 13 قەبىلىسى» دەپ يېزىلىشى كېرەك.

㉖ «يېڭى تاڭنامە. گاۋزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»دە چىگىللەر بىلەن چوموللارنى «سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قوۋمى» دەپ تىلغا ئالغان. چىگىللەر بىلەن چوموللارنى سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قوۋمى دېيىش تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلاردا بىر جايدىلا كۆرۈلىدۇ. چىگىللەر بىلەن چومول ۋە سىرتاردۇشلارنىڭ ھەر قايسىسى ئايرىم قەبىلە بولۇپ، ئۇلارنى بىر قەبىلە دەپ ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ زېمىنى ئۇ ئەڭ گۈللەنگەن ۋاقىتتا تيانشاننىڭ شىمالىي يولىنىڭ شەرقىي بۆلۈكىگىچە يېتىپ بارغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا چىگىل، چومول قەبىلىلىرى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

㉗ بۇ تۈرك قوشۇنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىدىن توپلانغان. ئۇلارنىڭ كۆسەنگە ھەربىي يۈرۈش قىلغان يولى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن، ئەمما ئۇلار تۇرۇشلۇق

ئورۇنىنىڭ چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا،
ئۇلارنىڭ ھەربىي يۈرۈش يولى خېشى ئارىلىقى ئارقىلىق غەربتە
كۆسەن قاتارلىق جايلارغا بارغان بولۇشى مۇمكىن.
㉘ سېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپ-
لىمى» 1 - قىسىمدا «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر.
شىمالىي تۈركلەر»دە: «21 - يىلى قىش 11 - ئايدا تۈركلەردىن
بولغان چۇبەلەر ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى» دېگەن-
نىڭ ئاخىرىغا ئىزاھ بېرىپ مۇنداق دېگەن: ئايىقىدىكى
بايانىدا، 1 - ئايدا ئوڭ قانات شىرمەت چەۋەندازلار قاراۋۇلخا-
نىسىنىڭ يانداش كەپتاۋۇلى گاۋكەننى چۇبەلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا
ئەۋەتتى، دەپ كۆرسىتىلگەن، بۇ 22 - يىلى 1 - ئاي بولسا
كېرەك: ئەمما گاۋكەننىڭ چۇبەلەرگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتىنى تەك-
شۈرسەك «يېڭى تاڭنامە. گاۋزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»دە 23 - يىلى
11 - ئايدا دېيىلگەن بايانىدىمۇ يۈگۈبېنىڭ تۇنجى يىلى 9 -
ئايدا گاۋكەن چۇبەلەرگە ھۇجۇم قىلدى، قوشۇنى ئارساك تېغىغىچە
باردى، دېيىلگەن ۋاقتى بىلەن كۈننى ھېسابلىغاندا، ئەينى ۋاقىت
22 - يىلى 1 - ئاي ئەمەس. شۇڭا «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇ-
ھىم خاتىرىلەر» دىكىسىدە خاتالىق بار. سېن جۇڭمىيەننىڭ قارى-
شى ئىنتايىن توغرا، بۇنىڭدا ئۇنىڭكى قوبۇل قىلىندى.
㉙ سېن جۇڭمىيەن «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپ-
لىمى» 1 - قىسىم، 268 - بېتىدە: «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»نىڭ
199 - جىلدىدا گاۋكەننىڭ چۇبەلەرگە جازا يۈرۈش قىلغان ۋاقتى
23 - يىلى 1 - ئايدىن كېيىن بولۇپ، «يېڭى تاڭنامە. گاۋزۇڭ
ھەققىدە خاتىرە»دىكى 11 - ئايدىن پەرقلىق يېزىلغان. ئېھتىمال
تەيزۇڭنىڭ ھايات ۋاقتىدا يولغا چىقىپ، 11 - ئايدا يېتىپ بار-
غان بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ.
㉚ گاۋكەننىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرىغا
«ئاستىرتتىن باشچىلىق قىلىپ چۇبەلەرگە ھۇجۇم قىلغان.» قوشۇن

يولغا چىقىپ چۇبەلەر چېگرىسى ئىچىدىكى ئارساك تېغىدا يېتىپ بارغىچە جەمئىي بىر يىل ئالتە ئاي ۋاقىت كەتكەن، ۋاقىتنىڭ بۇنداق ئۇزۇن سوزۇلۇپ كېتىشىدىكى سەۋەب تاڭ سۇلالىسىدە تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئۆلۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

㉛ سېن جۇڭمىيەن: «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارغا تولۇقلىما ۋە ئېنىقلىما»، 38 - بەت.

㉜ گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 2 - يىلى (مىلادى 657 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى قارلۇقلارنىڭ مورون قەبىلىسى ئارىسىدا چۇغاي تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان بولۇپ، بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، ئۇنىڭ ئورنى تەخمىنەن ھازىرقى شىنجاڭنىڭ چۆچەك شەھىرى ھەمدە ئۇنىڭ غەربىدىكى ئالاكۆل ۋادىسىغا توغرا كېلىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئاشىناقۇلنى دەل مۇشۇ چۇغاي تېغىدا مەغلۇپ قىلغانىدى.

㉝ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە: «ئالتۇن تاغدا قايتا مەغلۇپ قىلىندى» دەپ ئارقىدىنلا: «ئۇنىڭ زېمىنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشغال قىلدى، غەربتە تالاس دەرياسىغىچە قوغلاپ باردى. ئاشىنا قۇلى شاش بەگلىكىگە قېچىپ كەتتى» دەپ كۆرسەتكەن. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئاشىناقۇلنى تالاس دەرياسىغىچە قوغلاپ بارغانلىقى بىلەن ئاشىناقۇلنىڭ شاش بەگلىكىگە قېچىپ كەتكەنلىكىنىڭ ھەممىسى شيەنچىڭ 2 - يىلى يۈز بەرگەن، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى شيەنچىڭنىڭ ئۈچىنجى يىلىدا دېگىنىدە روشەن خاتالىق بار.

㉞ «كونا تاڭنامە. كۇزىيە تەزكىرىسى»دە جېنگۇەننىڭ 19 - يىلى بىلەن 22 - يىلىدىكى ئىككى قېتىمقىسىملا خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدا «يېڭى تاڭنامە. كۇزىيە تەزكىرىسى» ئاساس قىلىنغان.

㉟ بۇنىڭدىكى «ئىزگىل كۆل ئېركىن تارمان»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»نىڭ 200 - جىلد گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 4 - يىلىدىكى بابىدا «ئىزگىل ئېركىن تارمان»

دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە ئاساسلانغاندا، غەربىي تۈركلەردىكى سادا قىلىقلاردا بەش ئىركىن بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئاسكىل كۆل ئىركىن دېيىلەتتى. بۇ قەبىلە بەش ئىركىننىڭ ئىچىدىكى «ئەڭ كۈچلۈكى» ئىدى. ئەمما «يېڭى تاڭنامە. گاۋزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» شيەنچىڭنىڭ 5 - يىلىدىكى ماددىسىغا ئاساسلانغاندا، تۆرالارنىڭ ئىزگىل قەبىلىسى (思结部) سكىل (悉结) دەپمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىكى «思» خېتى بىلەن «悉» خېتى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوخشاش ئاھاڭدا ئوقۇلاتتى. ئاسكىل كۆل ئىركىننى 阿思结阙 دەپ پەرقلەندۈرۈپ تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولاتتى. «يېڭى تاڭنامە. سۇ دىڭفاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دا «阿» خېتى قىسقارتىۋېتىلىپ «ئىزگىل كۆل ئىركىن» دەپ يېزىلىپ قالغان. ئاشىناقۇل مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن تارمان قوۋملىرىنى باشلاپ، تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. شيەنچىڭنىڭ 4 - يىلى (مىلادى 659 - يىلى) «ئۇ قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ قەشقەر، قاغىلىق، كۆكئارتتىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت بىلەن بىرلىشىپ قايتا ئىسيان كۆتۈرگەن»دە سۇ دىڭفاڭ تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ، ئەسىرگە چۈشكەن. تارماننىڭ غەربىي تۈركلەرگە قاراشلىق قوۋملەردىن ئىكەنلىكى گۇمانلىق. «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە «ئىزگىل ئىركىن تارمان» دەپ يېزىلىپ قالغاچقا، توققۇز تۇرالارنىڭ ئىزگىل قەبىلىسى بىلەن ناھايىتى ئاسان ئارىلىشىپ كېتىپ كىشىلەردە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويغان.

㊱ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 202 - جىلد گاۋزۇڭنىڭ يىفىڭ 3 - يىلى خانلىق بىلىم يۇرتىنىڭ ئۆلىماسى ۋېي يۈەنجوڭ يۇقىرىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، «مۇكاپاتلاشقا ۋە جازالاشقا تېگىشلىك ئادەملەر دۆلەتنى، قوشۇننى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى تۇتماقتا. مۇبادا تۆھپىسى بار بولۇپ، مۇكاپاتلانمىسا، گۇناھى بولۇپ جازالانمىسا، ياۋ بىلەن شۇنىڭ ئەقلىگىمۇ سىغمايدۇ، مۇنازىرە قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى

دېگۈدەك مۇشۇنداق جازا يۈرۈش ئىشلىرىدا مۇكاپاتلاشنىڭ قۇرۇق نامىلا قالدى، ھوقۇقى ئەمەس. دېيىشمەكتە. ئىقتىدارسىز ئەمەلدارلار ئەلنى باشقۇرۇشنىڭ يولىنى بىلمىگەچكە، ئاۋام قەدىرلەنسە ساڭدا ئاشلىقنىڭ قالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىدۇ، ئۇلار ئەزەلدىن ئەسكەرلەرنىڭ ھالىغا يەتكەن ئەمەس، زىيان قانچىلىك زورھە؟ پۇقرالارنىڭ ئورنى تۆۋەن بولسىمۇ، ئەمما ئالدامچىلىق قىلمايدۇ. شۇڭا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بۇيرۇقلارنى پەش قىلىپ، مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى تەسىس قىلمىغاندا، قانداقمۇ ئۇلاردىن تۆھپە كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلغىلى بولسۇن؟ سۇ دىڭفاڭ لياۋدۇڭغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، لى جىڭ پەخنىيانغا ھۇجۇم قىلغاندا مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلمىدى. لى جىڭنىڭ قوشۇنلىرى غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەندە، ئەزەلدىن بىرەر نۆكەر ياكى دورغىنى ئۆلتۈرۈپ، پۇقرالاردىن گۇناھىنى تىلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق» دېگەنىدى. بۇمۇ شيەنچىڭنىڭ 5 - يىلى (مىلادى 660 - يىلى) نىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ جازا يۈرۈشكە ئاتلاندۇرغان قوشۇنلىرىنىڭ تەمىناتىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىشىشقا باشلىغان بىر يىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

㊲ «مېتال، تاش پۈتۈك خاتىرىلىرىدىكى ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا تەھسىل» دە شيەنچىڭنىڭ 3 - يىلى بولغان دېيىلگەن. لېكىن «يېڭى تاڭنامە. گاۋزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 200 - جىلدىدا بۇ ۋەقە شيەنچىڭنىڭ 5 - يىلى 8 - ئايدا بولغان دەپ خاتىرىلەنگەن. «مېتال - تاش پۈتۈك خاتىرىلىرىدىكى ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا تەھسىل» دە دېگىنى خاتا بولۇشى مۇمكىن.

㊳ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە «يۇڭخۇينىڭ 6 - يىلى» (مىلادى 655 - يىل) دېيىلگەن. سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى ئۇنى خاتا دەپ پەرق قىلغان. «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» غا قاراڭ 1 - قىسىم، 222 - بەت.

㊴ بايان ئۇكسۇننىڭ تۇنجى يىلى 1 - ئايدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، سۇيىسى بىلەن بىرگە كۆرىيەگە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، شۇ يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قوزغىلاڭ پارتلىغان، يېڭى - كونا «تاڭنامە»دە ئۇنى ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن دېيىلگەن. بايان ئۇكسۇننىڭ تۇنجى يىلى 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلگەن بولۇشى كېرەك. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ قوشۇنى كورىيە ئالدىنقى سېپىدە بولغاچقا، ئۇ ئېھتىمال كورىيە ئالدىنقى سېپىدە ئۆلگەن بولۇشى ياكى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن.

㊵ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە «ئوغلى بىرۇت» دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە «بىيسۇغۇردۇ»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 200 - جىلد گاۋزۇڭنىڭ لۇڭسۇ تۇنجى يىلىدا «بىيسۇغۇردۇ» دېيىلگەن. «غەيرىي ئىشلار»دا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «‹يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە›دە ‹بايان ئۆلگەندە ئوغلى بىروت (ھازىرقى نۇسخىسىدا «粟» دەپ يېزىلغان) ۋارىسلىق قىلغان» دېيىلگەن(«كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ ھازىرقى نۇسخىسىغا قاراڭ) بۇنىڭدىن سىماگۇاڭنىڭ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»نى تۈزگەندە «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە «بىيسوغۇردۇ» دەپ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى چېلىقتۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھازىرقى نۇسخىدىكى «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى 妹比粟毒 (بىيسۇغۇردۇ) قىلىپ يېزىلغىنى بولسا، جەزمەن بىيسوغۇردۇ (姪比粟毒) نىڭ خاتا ئىپادىلىنىشىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىزلىرىنى قەبىلە باشلىقى قىلىش ئادىتىنىڭ بارلىقى مەلۇم ئەمەس. «ئومۇمىي ئىشلار»نىڭ ھازىرقىسىغا قاراڭ.

㊵ «كونا تاڭنامە. شۆرېنگۇينىڭ تەرجىمىھالى»دا: «شۆرېنگۇي ئۈچ تال ئوق ئۈزۈپ، ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈردى، بۇنىڭ بىلەن

قالغانلىرى دەرھال ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى... قوشۇننىڭ ئىچىدە مۇنداق قوشاق تارقالغان: «شۆ ساتغۇن ئۈچ ئوق ئۈزۈپ تىيانشاننى تىنجىتتى، ئەسكەرلەر بەخىرامان كۆەنجۈڭغا قايتتى» دېيىلگەن.

㊷ جىڭ رېنتەي بىلەن شۆ رېنگۈينىڭ زادى قانچىلىك تۈرا چارۋىچى خەلقىنى ئۆلتۈرگەنلىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخلاردا ياكى خاتا خاتىرلەنگەن، ياكى ئېنىق خاتىرلەنمىگەن. شۇڭا، ئېنىق ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرلەر»دە دېيىلگەن، «تەسلىم بولغانلاردىن 90 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن» دېگەن قاراشنى خاتا دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. «كونا تاڭنامە. شۆ رېنگۈينىڭ تەرجىمىھالى»دا: «شۇ چاغدا توققۇز جەمەتتىكىلەردىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. نەچچە ئونلىغان باتۇر ئەزىمەت ئاتلىق باستۇرۇپ كەلدى. شۆ رېنگۈي ئۈچ تال ئوق ئۈزۈپ، ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈردى. قالغانلىرى دەرھال ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۆ رېنگۈي كېيىنكى ئاپەتتىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋەتتى» دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلمىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا «ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن»لەر بەلكىم تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، ئۆلتۈرۈلمىگەن نەچچە ئونلىغان ئادەمنى كۆرسەتكەندەك قىلىدۇ. ھالبۇكى، شۆ رېنگۈي «ئۆلتۈرۈپ، كۆمۈۋەتكەن» تۈرالار نەچچە ئونلا ئادەم ئىدى. لېكىن بۇنى قانداقلا چۈشەنگەن بىلەن يەنە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان تەرىپىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۆلتۈرۈپ، كۆمۈۋەتكەن دېگەن سۆز بىلەن «كېيىنكى ئاپەتتىن قورقۇپ» دېگەن سۆزلەرنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. شۇڭا جىڭ رېنتەي بىلەن شۆ رېنگۈي ئەل بولغانلاردىن ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋەتكەنلەر نەچچە ئونلىغان ئادەملا بولماي، بەلكى تېخىمۇ كۆپ

بولۇشى كېرەك. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمنى ئۆلۈرە
ئەكلەر»نىڭ 200 - جىلدىدا بۇ ۋەقەنى ئېنىق قىلىپ «3 - ئاي-
دا جېك رېنتەي قاتارلىقلار تىيانشان تېغىدا تۇرالارنى مەغلۇپ قىل-
دى. توققۇز تۇرالار تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلى-
قىدىن خەۋەر تېپىپ، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يىغىلىشىپ قارشى
تۇرماقچى بولدى، نەچچە ئونلىغان باتۇر ئەزىمەت ئاتلىق باستۇ-
رۇپ كەلگەندە، شۆ رېنگۇي ئۈچ تال ئوق ئۈزۈپ، ئۈچ ئادەمنى
ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن قالغانلىرى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئەل بو-
لىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۆ رېنگۇي ئەندىشە قىلىپ ئۇلارنى ئۆل-
تۈرۈپ كۆمۈۋەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «كونا تاڭنامە»دە: «توق-
قۇز جەمەتتىكىلەرنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى» دېگەننى «100
مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يىغىلىشىپ قارشىلىق كۆرسەتتى» دەپ ئۆز-
گەرتكەن. شۇنداق قىلىپ «ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئەل بولىدىغانلىقى-
نى بىلدۈرگەن» تۇرالار بىلەن شۆ رېنگۇي «ئەندىشە قىلىپ ئۆلتۈ-
رۈپ كۆمۈۋەتكەن» تۇرالار تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا «قارشى
تۇرغان» 100 مىڭدىن ئارتۇق تۇرالارنى كۆرسىتىدۇ. جېك رېنتەي
بىلەن شۆ رېنگۇينىڭ قوشۇنلىرى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەل
بولغان تۇرالارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ چوڭ ماجىرانى كەلتۈرۈپ چىقار-
غانلىقىنى ئويلاشقاندا، ئۇلارنىڭ تۇرالارنىڭ ئەل بولغانلىرىدىن
ئۆلتۈرۈلگەنلىرى نەچچە ئونلىغان ئادەم بىلەنلا چەكلەنمەسلىكى
مۇمكىن.

㊸ «كىتابلار جەۋھىرى»نىڭ 135 - جىلدىدا «كاۋرۇگىنىڭ
لۇگۇ يىللىرىدا سول قول بەھەيۋەت ياساۋۇللار ئۇلۇغ سانغۇنى
جېك رېنتەي قاتارلىقلار تۇرالارغا جازا يۈرۈش قىلىپ، نەتىجە
قازىنالمىغانلىقتىن. تاڭ سۇلالىسى ئوڭ قول پەخرىي ياساۋۇللار
ئۇلۇغ سانغۇنى چۇبە غالىنى تۇرا ھەربىي يۈرۈش يولىنىڭ ئۇلۇغ
دالالەتچى ئەلچىسى، سول قول باسقاق سانغۇن جياڭكېننى مۇئا-
ۋىن ئەلچى قىلىپ تۇرلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنى ئەمىن تاپقۇ-

زۇشقا ئەۋەتتى؛ ئۇ يۈرۈشتە ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ پەرمان بويىچە دەپنە قىلىندىغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان» («يېڭى تاڭنامە، چۈبە غالىبىنىڭ تەرجىمىھالى») دېيىلگەن. بۇنىڭدا «يۈرۈشتە ئۆلگەن ئەسكەرلەر»نىڭ زادى قايسى ۋەقەدە ئۆلگەنلىكى سۆزلەنمىگەن. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، تاڭ سۇلالىسى ھەرگىزمۇ ئۆلگەنلەرنى «دەپنە قىلىش» ۋە «ئائىلىسىدىكى سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش» ئۇسۇلى بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشتا ئۆلگەن تۇرا ئەسكەرلىرىگە تەسەللىي ۋە مەدەت بەرمەيتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى پەرەز قىلغاندا، بۇ چوقۇم تاڭ سۇلالىسىنىڭ كورىيىگە قىلىنغان جازا يۈرۈشىدە كېسەل بىلەن ئۆلگەن ياكى ئۇرۇشتا ئۆلگەن تۇرا ئەسكەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئەينى ۋاقىتتا كورىيىگە قىلىنغان جازا يۈرۈش ئىنتايىن جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقاچقا، ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرۇلغان تۇرا (ئاساسلىقى، ئۇيغۇر قەبىلىسى) نىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى دەپنە قىلىدىغان ئادەم چىقمىغان. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ھەر خىل سېلىقلاردىن كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ئېتىبارلارغا ئېرىشەلمىگەن. شۇڭا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ نارازىلىقى بىلەن قارشىلىقىنى قوزغىغان بولۇشى مۇمكىن. چۈبە غالىبى تۇرالارنى ئەمىن تاپقۇزىدىغان بەزى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، تۇرا خەلقلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشىنى باستۇرۇش ئۈچۈن تۇرا خەلقىگە قىلغان يول قويۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق چۈشەنمەي باشقىچە چۈشەنگەندە، بەلكىم مەنا چىقماسلىقى مۇمكىن. بۇ تۇرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرەش قىلىشىدىكى سەۋەب ئۈستىدە ئىزدەنگەندە ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(44) سېن جۇڭمىيەن «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپـ

لىمى»نىڭ 1 - قىسمىدا بۇ ماددىنى نەقىل كەلتۈرگەن ھەمدە ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك ئىزاھ بەرگەن: «بۇيەردىكى تىيانشان تېغى چۆل-لۈكنىڭ شىمالىدىكى ھازىرقى موڭغۇلىيىدە، بەلكى ئۆتۈكەن تېغىنى تىيانشان تېغى دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن، شىجۇ (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تۇرپان ۋىلايىتى) دىكى تىيانشان ئەمەس. شۇڭا ئۇنى تورا قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا تەسىس قىلىنغانلىقى ئېنىق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.» سىراق، «قانۇنلار قامۇسى»نىڭ 174 - جىلدىدا «شىجۇدىكى يارغول ناھىيىسى جېنگۇەننىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەسىس قىلىنغان: تىيانشان ناھىيىسى يارغول ناھىيىسى بىلەن تەڭ تە-سىس قىلىنغان» دېيىلگەن. «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت ناھىيى-لەرنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ 40 - جىلدىدا «شىجۇدىكى تىيانشان ناھىيىسى جېنگۇەننىڭ 14 - يىلى تەسىس قىلىنغان دې-يىلگەن. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن تەسىس قىلىنغان». سېن جۇڭمىيەننىڭ قارىشى توغرا. بۇنىڭدا ئۇنىڭكى قوبۇل قىلىندى.

㊺ سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ زۇڭ جياڭنىڭ 2 - يىلىدىن ئاۋۋال شىدەن ئايمىقىدىن سىرت، باشقا ئايماقلاردا ئورۇنلاشقانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يوق.

㊻ «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. سىر-تاردۇشلار»دىمۇ، يارلىققا بىنائەن تۈركلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئۆتۈكەن تېغىغا بارغاندا، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى» دېيىلگەن. بۇ-نىڭدىن سىرتاردۇش قەبىلىسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، موڭغۇل دالاسى بىنالەن خانگاي تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدىكى را-يونلاردىن چىقىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەينى ۋا-قىتتا تاڭ سۇلالىسى پۈتكۈل شىمالدا ھۆكۈمرانلىق قىلالمىغانىدى. سىر-تاردۇشلاردا تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولۇشتىن باشقا يول قالمىغانىدى.

㊼ سېن جۇڭمىيەن، «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپ-لىمى»نىڭ 2 - قىسىم، 1014 - بېتىدە: داخۇن تۇتۇق مەھكىمىسى بەش ئايماقنى باشقۇرغان، «ئۇنىڭدىكى شىدەن ئايمىقى يۇگۇبي

يىلبىرىدا تەسلىم قىلىنغان، قالغان تۆت ئايماق بۇرۇن تەسلىم
قىلىنغان» دەپ قارىغان. گۇ يەن قاتارلىق تۆت ئايماقنىڭ «بۇ-
رۇن تەسلىم قىلىنغان»لىقى ھەققىدىكى قاراش تاڭ سۇلالىسى
دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن. بۇنىڭدا پە-
قەت شىدەن ئايمىقىنىلا چېلىقتۇرۇشقا بولىدۇ. گۇ يەن قاتارلىق
تۆت ئايماق تەخمىنەن يۇڭلۇڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 681 - يى-
لى) 7 - ئايدا سىرتاردۇشلارنىڭ 40 مىڭ ئۆيلۈك ئادىمى تاڭ
سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنى لىڭىۋ ناھىيى-
سىگە ئورۇنلاشتۇرغاندا تەسلىم قىلىنغان. ھالبۇكى، گۇ يەن قاتار-
لىق تۆت ئايماقنى بۇرۇن تەسلىم قىلىنغان دەپ قاراشقا بول-
مايدۇ، بەلكى كېيىن تەسلىم قىلىنغان (شىدەن ئايمىقى كېيىن
تەسلىم قىلىنغان). ئەمما، سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى داخۇن تۇتۇق
مەھكىمىسىنى كەييۈەننىڭ 3 - يىلى (مىلادى 715 - يىلى) 10 -
ئايدا تەسلىم قىلىنغان دەپ قارايدۇ. «كىتابلار جەۋھىرى»نىڭ
974 - جىلدىقا ئاساسلانغاندا، كەييۈەننىڭ 3 - يىلى سىرتاردۇش-
لارنىڭ داخۇن تۇتۇقى تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندا، تاڭ سۇ-
لالىسى ئۇنىڭغا ئوڭ قانات بەھەيۋەت ياساۋۇللار سانغۇنى دېگەن
نامنى بەرگەن، بۇنداق بولغاندا كەييۈەننىڭ 3 - يىلىدىن بۇرۇن-
مۇ داخۇن تۇتۇقى يەنىلا مەۋجۇت. شۇڭا سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى-
نىڭ قارىشى خاتا بولسا كېرەك.

㊽ چۇغاي غۇز تېغى «قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر»دە:
«总林山» دەپ يېزىلغان؛ «كونا تاڭنامە. گاۋزۇڭ ھەققىدە
خاتىرىنىڭ داۋامى»دا: «总管林山» دەپ يېزىلغان؛ «تۈنيۇقۇق
مەڭگۈ تېشى»دا «cughai — quzi» دەپ تىلغا ئېلىنغان. «يې-
ڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»گە ئاساسلانغاندا،
«总林山» دەپ يېزىلىشى كېرەك. خەن رولىن ئەپەندىنىڭ تەت-
قىقاتىغا ئاساسلانغاندا، چۇغاغۇز «يىنشىيەن تېغىنىڭ تۈركچە تەر-
جىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» («يۇگۇك ژۇرنىلى» VI توم، 8 — 9 -

يېرلەشمە سانلىرى)، بۇنىڭدا ئۇنىڭكى قوبۇل قىلىندى.

㊾ سېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» 2 - قىسىم، 858 - بەت. خەن رولىن «تۈرك يېزىقىدىكى تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» («يۇگوڭ ژۇرنىلى»نىڭ VI توم، 7 - سانىغا بېسىلغان)دا ئوغۇز دەپ تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇرلار دەپ قارىلغان.

㊿ «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»دا كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئوغۇزلار (铁勒 ياكى 乌护 دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان) نى بويسۇندۇرغانلىقى قۇتلۇقنىڭ ئۆتۈكەن تېغىدا ئوردا قۇرغانلىقىدىن بۇرۇن ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. سېن جۇڭمىيەن «قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر»دىكى قۇتلۇق تەرىپىدىن قاراقۇمدا مەغلۇپ قىلىنىپ «شىمالدىكى جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن» دېگەنگە ئاساسەن قۇتلۇقنىڭ ئوردىسى يەنىلا چۆللۈكنىڭ شىمالىدا بولغان»، بۇنىڭ بىلەن «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»دا خاتىرىلەنگەن ئوغۇزلارنى بويسۇندۇرۇش ۋەقەسى قۇتلۇقنىڭ قوۋملىرىنىڭ «شىمالدىكى جايلارغا تارقىلىپ كېتىشى» بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ۋەقە، يەنى ھەممىسى مىلادى 687 - يىلى يۈز بەرگەن دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر قەبىلىسى مىلادى 687 - يىلى قۇتلۇق تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندا، دۇكېچ قاتارلىقلارنىڭمۇ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن ئايرىلىپ گەنجۇ بىلەن لياڭجۇ ئارىلىقىغا بارغان ۋاقتى، بۇ ۋاقىتتىن ئىلگىرى بولسا كېرەك. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلارغا ئاساسلانغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى چۇيگۇگىنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 686 - يىلى) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن توڭچېڭغا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى شىمالدىن جەنۇبقا چۇيگۇگىنىڭ 2 - يىلىدىن بۇرۇن كۆچكەن بولسا كېرەك. دۇكېچ قاتارلىقلار ئېھتىمال شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى بىلەن بىرگە جەنۇبقا كۆچكەن بولۇشى مۇمكىن.

(41) «چىن بويۇ ماقالىلىرى توپلىمى»، تۈركلەر ھەققىدىكىگە تولۇقلىما».

(42) «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە: چۈيگۈگىنىڭ تۇنجى يىلى تەسىس قىلىنغان دېيىلگەن. سېن جۇڭ-مىيەن ئەپەندى «چىن بويۇ ماقالىلىرى توپلىمى. يەنە ھەربىيلەرنىڭ رەسىم پۈتۈكلىرىگە مۇقەددىمە» دىكى خاتالىقلارنى تېپىپ چىققانىدى، «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» 1 - قىسىم، 311 - بەت.

(43) «چىن بويۇ ماقالىلىرى توپلىمى. يەنە ھەربىيلەرنىڭ رەسىم-پۈتۈكلىرىگە مۇقەددىمە».

(44) «چىن بويۇ ماقالىلىرى توپلىمى. يۇقىرى تىبەت چېگرىسىدىكى ئايماقلارنى تىنجىتىشقا ئائىت ئىشلارنىڭ ئۇچ تەرتىپى» دە: ئۇنىڭ ئوقلارنىڭ «ئۇيغۇر قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلغان» لىقىنى بايان قىلىپ كېلىپ، ئاخىرىدا «چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تائىپىلەر غەيرىي ئەل تەرتىپىدىن ئىدارە قىلىندى» دەپ كۆرسەتكەن.

# XIV باب تاڭ سۇلالىسى ۋە كېيىنكى تۈرك خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۇرالار

تاڭ گاۋزۇڭنىڭ خۇڭداۋ تۇنجى يىلى (مىلادى 683 - يىلى) 12 - ئايدا تاڭ گاۋزۇڭ ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى ۋۇزېتيەنىڭ «بۈيۈك جۇ ئىنقىلابى» پارتلىغان يىلى (تيەنشۇنىڭ تۇنجى يىلى، مىلادى 690 - يىلى) غىچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدا لىجەمەتى بىلەن ۋۇجەمەتى ئوتتۇرىسىدا ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش بويىچە دەھشەتلىك كۈرەش قانات يايدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىر قىسىم ۋەزىر ۋە باش سانغۇنلىرى بۇنىڭغا بىۋاستە قاتناشقاچقا، قارىلىنىپ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى ياكى ئۆلتۈرۈلدى. ۋەزىرلەر، بولۇپمۇ باش ۋەزىرلەر بىلەن باش سانغۇنلار خۇددى غىلدىرەككە ئوخشاش ئارقا - ئارقىدىن ئالماشتى. بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىتىدە بىر مەھەل بىرقەدەر ئېغىر بولغان داۋالغۇش ۋە قالايمىقانچىلىق ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلدى. تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىغان دۆلەتنى قايتىدىن قۇرۇش ھەرىكىتى پەيدىنپەي قانات يېيىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

كېيىنكى تۈرك خانلىقى مەزگىلىدە (مىلادى 682 — 745 - يىللار) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارنىڭ كۆپ قىسمى قايتىدىن تۈرك قولدار - ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاس-

تامغا چۈشۈپ قالدى. كېيىنكى تۈرك خانلىقى قۇلدار سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چىداشنى خالىمىغان بىر قىسىم تۇرالار چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى سەددىچىننىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كېلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى؛ تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى بۇ تۇرالار يەنە جەنۇبىي تۇرالار دەپمۇ ئاتالدى. جەنۇبىي تۇرالار تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىش سىياسىتىگە قارشى كەسكىن كۈرەشنى قانات يايدۇردى. كۈرەشنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ۋە كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ جەنۇبىي تۇرالارنىڭ كۆپ قىسمى، شيەنزۇڭنىڭ كەيۈەن يىللىرى ئاخىرلىقىدا يەنە شىمالغا كۆچۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كەيۈەن، تيەنباۋ يىللىرىدا شىمالدا يەنە بىر قىسىم تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ چوڭ قوشۇلۇش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى ئالدىنقى تۈرك خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنىڭ ھارپىسىدا شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى بىلەن ناھايىتى ئوخشاپ كەتتى. شىمالدىكى تۇرالارنىڭ ئەڭ چوڭ قوشۇلۇشى تۇرالارنىڭ تەسىر كۈچىنى زورايتتى. تيەنباۋنىڭ تۆتىنچى يىلى (مىلادى 745-يىلى) تۇرالارنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى سۈيىنگدىل قاغان تۇرا قەبىلىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىپ بولمىش قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ موڭغۇل دالاسىدا يېڭى بىر كۈچلۈك دۆلەت — تارىختا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەپ ئاتالغان دۆلەتنى قۇردى. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار پەيدىنپەي بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كېتىپ تۇرا دېگەن نام بارا - بارا تاشلىنىپ قالدى. تۇرالارنىڭ تارىخى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

بۇ باپتا ئاساسلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلى (ۋۇ زېتيەننىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن شيەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ دەسلەپكى يىللىرىغىچە) ھەم كېيىنكى تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى تۇرالارنىڭ تارىخى بايان قىلىنىدۇ.

## 1. كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ھەم ئۇلارنىڭ تۇرالارنى بويسۇندۇرۇشى

### (1) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار تاڭ سۇلالىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت

شىمالدىكى تۇرالار مىلادى 686 - يىلى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ باستۇرۇشى ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتىكى قالايمىقانچىلىقلار توختىمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە قەبىلىلەر ئارىسىدا ۋە بىر قىسىم قەبىلىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا ئېغىر قارىمۇقارشىلىق ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون ئوق ئاقساقىلى قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ ناھايىتى تېزلا ئالتۇنتاغنىڭ غەربىگە چېكىنىپ كەتكەنىدى. ليۇ جىڭتۇڭنىڭ باشچىلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ نەچچە يۈز مىڭلىغان قوشۇنلىرىمۇ تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈگەن توڭرا، بارغۇت ئىككى قەبىلىنىڭ توتۇقلىرىنى قەتل قىلغاندىن كېيىن، ئارقا سەپ تەمىناتىنىڭ كەمچىللىكىدىن ياكى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى كېيىنكى تۈرك خانلىقى قوشۇنلىرىنىڭ قايتىدىن يولىنى ئۈزۈپ تاشلىشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقىدىن بولسا

گىرەك، خېششى ئارىلىقىغا چېكىنىپ كەتكەن ئىدى، بۇنىڭ بىلەن چۆللۈگـ
نىڭ شىمالى تۇرا قەبىلىلىرى باشلىقلىرىنىڭ قالايمىقان ئۇرۇش
ۋە قىرغىنچىلىق قىلىشىدىغان سورۇنىغا ئايلىنىپ قالدى. تارىخـ
لاردا خاتىرىلىنىشىچە، تۇگرا، بارغۇت قەبىلىلىرى ئۆز
قەبىلە تۇتۇقلىرى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قەبىلە ئىچىدە
«ئۆزئارا قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەن»، «تېلەنغۇتلار قايتىدىن
بىر بىرى بىلەن دۈشمەنلەشكەن، خەلق ئازاب - ئوقۇبەت
ئىچىدە قالغان، يىغا - غەليان دەستىدىن ئەل ئەمىن تاپـ
مىغان»، «ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن جىنجۇ ئايمىقىدىكىلەر
(يەنى چېن ۋېي ئايمىقى، بارغۇت قەبىلىسىنى كۆرسىـ
تىدۇ①) ئۆزئارا قىرغىن قىلىشقان». باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ
ئەھۋالى خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما پۈتكۈل شىمالدىكى
تۇرالارنىڭ جەمئىيىتىدە «خەلق ئاممىسى باشپاناھسىز②»
قالغان ئېغىر ئەھۋالنىڭ پەيدا بولۇشى شۈبھىسىز ئىدى.
تېلەنغۇت قەبىلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى «ئۆزئارا دۈشمەنـ
لەشكەن» ئىككى مەزھەپنىڭ بىر - بىرىگە بېقىنمايدىغانلىقى
توغرىسىدىكى خاتىرىسىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا تۇراـ
لارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى كۈرەشلەرنىڭ
خاراكتېرى ئاساسەن تاڭ سۇلالىسى تەرەپدارلىرى بىلەن تاڭ
سۇلالىسىگە قارشى گۇرۇھلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىدى.
بۇ مىلادى 686 - يىلى (چۇي گۇڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) كۈزدە
چېن زىڭاڭ جياۋ بۇچۇ (يەنى جياۋ جىجى) ئۇچۇن «تۇركلەر
توغرىسىدا» دېگەن مەلۇماتنى يازغان ۋاقىتتىكى③ شىمالنىڭ
ئەھۋالى ئىدى.

چېن زىئاڭ «تىبەت چېگرىسىدىكى ئايماقلارنى تىنچىتىشقا
ئائىت ئىشلارنىڭ ئۈچ تەرىپى» دە ۋۇ زېتيەنگە ئېيتقاندەك
ئەينى ۋاقىتتا «شىمالدىكى يات قوۋملارنىڭ قالايمىقانچىلىقـ
لىرى كىشىلەرنى دەككە - دۈككىگە چۈشۈرۈپ، قاتتىق خاتىرـ

جەمسىزلىك پەيدا قىلغان»④ ئىدى. توغرا، بارغۇت قەبىلىلىرىنىڭ تۇتۇقلىرى تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ كەلتۈرۈپ چىقارغان شىمالدىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ تۇرا قەبىلىلىرىگە ئېلىپ كەلگىنى، ئالدى بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ قارىمىقىدىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى» ئاندىن ھەرقايسى قەبىلە خەلقلىرىنىڭ قىرغىنچىلىق قىلىشلىرى بولدى؛ ئەڭ ئېغىرى جەنۇبتا باش كۆتۈرۈپ چىققان كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، شىمالنى ئىگىلەش خەۋپى ئىدى، بۇ خىل خەۋپ كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ زورايدى. بۇ خىل خەتەرلىك ۋەزىيەت شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىشىشىنى، شۇنىڭدەك تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىغا يېڭىباشتىن قايتىپ كېتىشنى ياكى ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، شۇ ئارقىلىق كۈندىن - كۈنگە يېقىنلىشىۋاتقان كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. چېن زىئاڭ ۋۇ زېتيەنگە: «بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىز چېگرىغا بېرىپ كۆز - كۆز قىلىپ، تارقىلىپ كەتكەنلەرنى توپلاشقا بۇيرۇق قىلساق، كۆچاۋكىلىرىنى تارقاقلاشتۇرساق، ئاقساقاللىرىدىن ئايرىلغان خەلق تامامەن بىزگە ئىتائەت قىلىدۇ» ⑤ دېگەنىدى. روشەنكى ئۇ شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قالايمىقانچىلىقتىن بىرلىشىشكە قاراپ ماڭغان تارىخىي يۈزلىنىشنى كۆرگەنىدى. ئەمما ئۇ بىرلەشكەندىن كېيىنكى تۇرا قەبىلىلىرى چوقۇم تاڭ سۇلالىسى بىلەن قارشىلىشىدۇ دەپ قارىغان، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ قارىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرى بۇ خىل يۈزلىنىشكە ۋەكىللىك قىلىپ شىمالدىكى ۋەيرانچىلىق ھالەتنى يىغىشتۇردى. لېكىن ئېلىمىزنىڭ تارىخلىرىدا بۇ توغرۇلۇق ھېچ نەرسە خاتىرىلەنمىگەن. بۇ باسقۇچتىكى تارىخ «تۈرك

يېزىقىدىكى تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»⑥ دا ئۇچرايدۇ. تۇنيۇقۇق جېنگۇەن يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ ئېلىك قاغاننىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئىدى. قۇتلۇق دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە، ئۇ قۇتلۇقنىڭ يېنىدا مۇھىم مەسلىھەتچى بولغا- نىدى. «قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر Ⅱ» دا: «ئۇ ناھايىتى تەدبىرلىك». «ھەتتا ۋاسساللارمۇ ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ» دېيىلگەن. مەڭگۈ تاشتا ئۇنىڭ قۇتلۇققا ئەگىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىز چوغاي قوزى ۋە قاراقۇمدا ئولتۇراقلاشقانىد- دۇق. كېيىك يەپ، توشقان يەپ كۈن كەچۈرەتتۇق. خەلقنىڭ قارنى توق ئىدى. دۈشمەنلىرىمىز ئەتراپىمىزدا قۇشلاردەك كۆپ ئىدى. بىز جانسىز ھايۋانلاردەك ئىدۇق. شۇنداق ئولتۇرغىنى- مىزدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن بىر ئالچاق كەلدى. ئۇنىڭ دېيى- شىچە توققۇز ئوغۇز (Toguz Oxuz)⑦ خەلقى ئۈستىدە خاقان ئولتۇرۇپتۇ» (1 - مەڭگۈ تاش، جەنۇبىي يۈزى 7 — 9 - قۇرلار). توققۇز ئوغۇزلار يەنى توققۇز تۇرالار 15 تۇرا قەبىلىسى ئىدى. بۇ يەردە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىي- دىغىنى شۇكى، تۈرك خانلىقىغا دوكلات قىلىنغان «توققۇز ئوغۇز خەلقى ئۈستىدە خاقان ئولتۇرۇپتۇ» دېگەن. «ئالچاق» (چارلىغۇچى) «ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن» ئىدى. توققۇز ئوغۇزلار- نىڭ يېڭىدىن ئولتۇرغان بۇ خاقانى يەنە مەڭگۈ تاشنىڭ سەل ئاستىنقى قۇرىدا ئۇيغۇرلارنى «بىز ئۇيغۇرلار» دېگەنىدى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خاقانى ئەسلىدە ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ قەبىلە باشلىقى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەگەر بۇ ئىشلارنى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان چىن زىئاڭنىڭ «تىبەت چېگرىسىدىكى ئايماقلارنى تىنچىتىشقا ئائىت ئىشلار- نىڭ ئۈچ تەرتىپى» دە ۋۇ زېتيەنگە دېگەن سۆزى بىلەن بىر- لەشتۈرسەك، بىز مىلادى 686 - يىلى (چۈيگۇڭنىڭ ئىككىنچى

يىلى) چىن زىئاڭ ۋۇ زېتيەنگە مەكتۇپ سۇنغاندىن كېيىن، شىمالدىكى تۇرالارنىڭ ئىچكى ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك راۋاجلانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز: ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بارغۇتلار بىلەن بولغان «دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق» تا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، شىمالنىڭ ۋەزىيىتىنى پۈتۈنلەي تىزگىنلىگەن ھەمدە ئۆزى تۇرا قەبىلىلىرىگە قاغان بولغان. «تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دا بۇ قاغان باز قاغان (Baz) دېيىلىدۇ⑧.

«تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» غا ئاساسلانغاندا، باز توققۇز ئوغۇزلارغا قاغان بولغاندىن كېيىن، دەرھال سانغۇن قۇنى (Quni) نى تاڭ سۇلالىسىگە، توغرا قەبىلىسىدىن بولغان سامىگ (Samig) نى قىتانلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمرانلىرىغا: «ئازغىنە تۈرك خەلقى (قۇتلۇق باشچىلىقىدىكى چوغاي، قوزى ۋە قاراقۇمنى بېسىپ ياتقان تۈركلەرنى كۆرسىتىدۇ) ھەرىكەتلىنىپ يۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ قاغانى (قۇتلۇقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنى ئىلتەرىش قاغان دەپ ئاتىغانىدى) باتۇر ئىكەن. مەسلىھەتچىسى (تۇنيۇقۇقنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ) دانىشمەن ئىكەن. بۇ ئىككىسىلا بولىدىكەن، تابغاچلارنى قىرىپ تاشلايدۇ. شەرقتە قىتانلارنى قىرىپ تاشلايدۇ. بىز ئوغۇزلارنى قىرىپ تاشلايدۇ» دېگەن. باز قاغان تەكلىپ بېرىپ: «سىلەر تابغاچلار جەنۇبتىن تېگىڭلار، قىتانلار سىلەر شەرقتىن تېگىڭلار! مەن شىمالدىن تېگەي، ئۈچىمىز بىرلىشىپ تۈرك خەلقى ئۈستىگە خان يولاتمايلى، مۇمكىن بولسا ئۇلارنى يوقىتايلى» («تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» 1 - مەڭگۈ تاش جەنۇبىي يۈزى 9 — 11 - قۇرلار) دېگەن.

«تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» غا ئاساسلانغاندا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قاغانى باز قاغاننىڭ يۇقىرىقىدەك تاڭ سۇلالىسى ۋە

قىتانلار بىلەن بىرلىشىپ، چۇغاي، قوزى ۋە قاراقۇمنى بازا قىلغان كېيىنكى تۈركلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكىتى ناھايىتى تېزلا پاراسەتلىك تونيۇقۇق تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن چارلىغۇچىلار تەرىپىدىن بىلىۋېلىنغانىدى. تونيۇقۇق «بۇ سۆزنى ئىشىتىپ تۈندە ئۇيقۇم كەلمىدى، كۈندۈزى ئولتۇرغۇم كەلمىدى» دېگەن. ئۇ غەمكىن ھالدا قۇتلۇققا «ئەگەر تابغاچ، قىتان، ئۇيغۇرلار بىرلىشىۋالسا، بىز تايانچىسىز قالىمىز؛ ئىچكى - تاشقى جەھەتتە تۇتۇلىمىز» («1 - مەڭگۇ تاش، جەنۇبىي يۈزى، 12 — 13 - قۇرلار») دېگەن. تونيۇقۇقنىڭ سۆزى مۇبالىغە ئەمەس، چۈنكى ئاز ۋاقىت ئىلگىرى ئاشىنا قوشۇنى مەغلۇپ بولغانىدى. ئۇنىڭ مۇھىم سەۋەبى «ئۇيغۇرلار قاتارلىق چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قەبىلىلەر چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا قىستاپ كەلگەن» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 22 - جىلد گاۋ زۇڭنىڭ كەيياۋ تونجى يىلى) لىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ قانلىق ساۋاقنى قۇتلۇق بىلەن تونيۇقۇق يەنە قايتىدىن ئەسكە ئېلىشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەرھال «تاڭ سۇلالىسىگە بېسىپ كىرىش» ۋە شىمالدا ئوغۇزلارغا باستۇرۇپ بېرىش» يەنى ئالدى بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئاندىن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرۇشنى قارار قىلغانىدى.

## (2) كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرغان ۋاقتى ۋە جەريانى

قۇتلۇقنىڭ «شىمالدا ئوغۇزلارغا باستۇرۇپ بارغان» لىقى زادى قانداق ۋاقىتتا يۈز بەرگەن؟ ئورقۇن مەڭگۇ تاشلىرىدا بۇ ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن. بۇ مەسىلە ھەققىدىكى گەپ - سۆز- لەر مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىن «كونا تاڭنامە.

تۇرالار ھەققىدە قىسسە» ۋە «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە ئۇچرىسىمۇ، ئەمما تولىمۇ مۇجمەل. «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: «ۋۇ زېتيەننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، تۈركلەر كۈچەيگەنلىكتىن، شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنى تەدرىجىي قوشۇۋالدى. ئۇيغۇر، چۇبە، ئىزگىل، خۇن قەبىلىلىرى گەنجۇ بىلەن لياڭجۇدىن ئىبارەت ئىككى ئايماققا كۆچۈپ باردى» دەپ كۆرسىتىلگەن. مىلادى 683 - يىلى تاڭ گاۋزۇڭ ئۆلۈپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتى خانىكە ۋۇ زېتيەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ۋاقىتتىن باشلاپ، تاكى مىلادى 704 - يىلى (چاڭئەننىڭ تۆتىنچى يىلى) ئۇ ئۆلگەنگە قەدەر 21 يىل ۋاقىت ئۆتكەنىدى. بۇ ئارىدىكى ھەرقانداق بىر يىلنى «ۋۇ زېتيەن دەۋرى» دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا سېن جۇڭمىيەن بۇنىڭغا ئىزاھات بەرگەندە «يىلىنى ئېنىق بېكىتىشكە بولمايدۇ»⑨ دېگەنىدى. بۇ ماتېرىيالغا ئاساسلىنىپلا، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ شىمالدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرغان كونكرېت ۋاقتىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولمايدۇ. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە «ۋۇ زېتيەننىڭ دەۋرىدە تۈركلەرنىڭ بەگچۇر قاغانى كۈچىيىپ تۇرالارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر، چۇبە، ئىزگىل، خۇن قاتارلىق ئۈچ قەبىلە چۆللۈكتىن ئۆتۈپ گەنجۇ ۋە لياڭجۇ ئايماقلىرىغا كۆچۈپ باردى» دېيىلگەن. بەگچۇر قۇتلۇقنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان (قۇتلۇقتىن كېيىن تەختكە چىققان) تۈرك قاغانى، ئۇ مىلادى 691 - يىلىدىن 716 - يىلىغىچە (ۋۇ زېتيەننىڭ تيەنشۇ ئىككىنچى يىلىدىن شېنلۇڭنىڭ تۆتىنچى يىلىغىچە) تەختتە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ خانىكە ۋۇ زېتيەن تەختكە ئولتۇرغان مىلادى 691 - يىلىدىن 704 - يىلىغىچە، ئوخشاش ۋاقىتتا تەختتە ئولتۇرغانىدى. شۇڭا بۇ سۆزگە ئاساسەن، يەنىلا كېيىنكى تۈرك خان-

لىقىنىڭ شىمالدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرغان كونكرېت ۋاقىتنى ئېنىقلاپ چىقىشلى بولمايدۇ. «كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇنىڭدا شىمالدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرغان ۋاقىتنىڭ بەكچۇر قاغان دەۋرىدە ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ «تۈرك يېزىقىدىكى تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» ۋە «تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلاردىكى تېلىلار (توققۇز ئوغۇزلار) نى قۇتلۇق قاغان ۋاقتىدا بويسۇندۇرغانلىقى بىلەن بىۋاستە زىددىيەتلىكتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇڭ چىنىڭ بۇ سۆزى ھېچقانداق بىرەر ئەسەردىمۇ كۆرسىتىلمىگەن، تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت بىرقەدەر بۇرۇنقى تارىخىي كىتابلاردىن مەسىلەن: «قانۇنلار قامۇسى»، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» ۋە «كونا تاڭنامە» قاتارلىقلاردىمۇ ھېچقانداق ئاساس تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ شىمالدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرۇش بىلەن ۋاقىت جەھەتتە مۇناسىۋىتى بولغان ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ جەنۇبقا كۆچۈپ كەنجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىغا بېرىشى، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى «دۈكېچ تەختكە چىققان» ۋاقىت يەنى خانىش ۋۇ زېتيەننىڭ سىشىڭ يىللىرى (سىشىڭ پەقەت بىر يىللا داۋاملاشقان يىلنامە بولۇپ، مىلادى 684 - يىلى) ئىدى. بۇ ۋاقىت دەل قۇتلۇقنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشقان ۋاقىت بولۇپ، بەكچۇر تەختكە چىقىپ قاغان بولغان ۋاقىت يەتتە يىل بۇرۇن ئىدى. شۇڭا «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى بەكچۇرنىڭ شىمالدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرغانلىقى ھەققىدىكى قاراشنى گۇمانلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ، قىسقىسى بىز پەقەت يېڭى ۋە كونا «تاڭنامە» لەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپلا كېيىنكى

تۈرك خانلىقىنىڭ تۇرالارنى بويسۇندۇرغان ۋاقتى تۇغرۇلۇق كىشىنى قايىل قىلالايدىغان يەكۈنگە ئېرىشەلمەيمىز. بۇ مەسىلىنى تولۇق ھەل قىلىش ئۈچۈن، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن تېپىلغان تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى كىتابلاردىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش زۆرۈر.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قۇتلۇق مىلادى 682 - يىلى چۇغاي (قوزى) تېغىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن تارتىپ 671 - يىلى (تيەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) ئۇ ئالەمدىن ئۆتكىچە، ھەر يىلى دېگۈدەك «جەنۇبتا تاڭ سۇلالىسىگە بېسىپ كىرگەن». زادى قايسى يىلىدىكى «جەنۇبتا تاڭ سۇلالىسىگە بېسىپ كىرگەن» نى بىلەن «شىمالدا ئوغۇزلارغا بېسىپ كىرگەن» گە مۇناسىۋەتلىك. ئەلۋەتتە بىز يۇقىرىدىكى بايانلارغا ئاساسلىنىپ قۇتلۇقنىڭ شىمالدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرغان ۋاقتى مىلادى 686 - يىلى كۈز (شۇ يىلى توڭرا، بارغۇت قەبىلىلىرى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. تاڭ سۇلالىسى شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تۇڭچىڭغا كۆچۈرگەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى شىمالغا بېسىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىسيانىنى تىنچىتقان) دىن كېيىن بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەمەس. يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەرنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق، قۇتلۇقنىڭ چۇيگۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادى 687 - يىلى) دىكى ھەربىي ھەرىكەتلىرىنىڭ ئادەتتىكى يىللاردىن ئالاھىدە پەرق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مۇشۇ يىلى ئىككىنچى ئايدا ئۇ چوڭ قوشۇننى باشلاپ سەددىچىنگە بېسىپ كىرگەن، 8 - ئايدا يەنە سۇجۇ ئايمىقىغا باستۇرۇپ

كىرگەن. خۇاڭخۇادۇي (خۇاڭخۇادۇي، ھازىرقى شەنشى ئۆل-
كىسىنىڭ يېشيەن ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىدە) دە تاڭ سۇلالىسى
قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. قۇتلۇق قوشۇنىنى
باشلاپ سەددىچىندىن چىقىپ كەتكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ
قوشۇنلىرى ئارقىسىدىن قوغلىغان بولسىمۇ قۇتلۇق تۇيۇقسىز
ئارقىغا يېنىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ سول قوۋۇق ياساۋۇلخانىسى-
نىڭ كەپتاۋۇلى ئەن باۋبى باشچىلىقىدىكى 12 مىڭ كىشىلىك
خىل قوشۇننى سەددىچىنىنىڭ يېنىدا پۈتۈنلەي يوقاتقان[10].
بۇ ئىلگىرىكى مەزگىللەردىكى تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبتا ئېلىپ
بارغان ئۇرۇشلىرى ۋە ئەھۋاللىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ. بۇ
قېتىم قۇتلۇق باشچىلىقىدىكى تۈرك قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا غەلىبە
قىلغاندىن كېيىن «پۈتۈنلەي شىمالغا كېتىپ قالغان»[11]
(ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 24 -
جىلد جۇيگۇڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى) بۇنىڭدىكى «شىمالغا كېتىپ
قالغان» دېگەن سۆز، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدىكى
قۇتلۇقنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلىرى بايان
قىلىنغان بىردىنبىر خاتىرە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇتلۇقنىڭ
شۇ يىلقى ھەربىي ھەرىكەتلىرى «جەنۇبتا تاڭ سۇلالىسىگە
بېسىپ كىردىش»، «شىمالدا ئوغۇزلارغا باستۇرۇپ بېرىش»تىن
ئىبارەت بېكىتىلگەن فاڭجېنىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ھەربىي ھەرىكەت دەپ قارالغان. قۇتلۇقنىڭ شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنى
بويسۇندۇرغان ۋاقتىنى مۇشۇ يىل (مىلادى 687 - يىل)
قىلىپ بېكىتىش ئەينى ۋاقىتتىكى شىمالنىڭ ۋەزىيىتىگە ماس
كېلىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى مۇشۇنىڭدىن بىر يىل
بۇرۇن، شىمالدىن چېكىنىپ چىققان. شىمالدىكى تۇرالار تاڭ
سۇلالىسىنىڭ باستۇرۇشى، غەربىي تۈركلەرنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ
قىلىشى ۋە ئىچكى نىزالار ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى[12] قاتار-
لىقلارنىڭ دەستىدىن زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەنىدى،

تۇرا خەلقى مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان. شۇڭا تۈركلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇشۇ يىلى ئۇلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىمالغا بېسىپ كىرىپ، تۇرالارنى بويسۇندۇرىدىغان تەڭرى ئاتا قىلغان ياخشى پۇرسىتى ئىدى. كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ شىمالدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرغان ۋاقتى بولغان مىلادى 687 - يىلنى چوقۇم توغرا دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ھەرخىل قاراشلار ئىچىدە بىرقەدەر ئىشەنچلىك قاراش دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قۇتلۇقنىڭ كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ شىمالدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرۇش جەريانى توغرۇلۇق تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ئىنتايىن ئاز خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. «تۈرك يېزىقىدىكى تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دە «قۇتلۇق ئوغۇزلار بىلەن بەش قېتىم ئۇرۇش قىلدى» دېيىلگەن (2 - مەڭگۈ تاش جەنۇبىي يۈزى 49 - قۇر). بۇ بەش قېتىملىق ئۇرۇشتىن تۆت قېتىملىقى ئاساسلىقى ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلەرنىڭ ئات. قويلىرىنى بۇلاش ئۈچۈن ئىدى. قۇتلۇقنىڭ تۇرا قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇشى ئېھتىمال ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇيغۇرلارغا قىلغان ھۇجۇمىدا ئىشقا ئاشقان بولۇشى مۇمكىن. مەڭگۈ تاشتا ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق بايان قىلىنغان: «كۆك ئۆڭ (ئۆگ؟ يەنى ھازىرقى كۆكخوت شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى شارمۆرۈن دەرياسى⑬) دىن يۇقىرىلاپ قوشۇننى ئۆتۈكەن تېغىغا باشلىدىم. ئوغۇزلار ئىنەك - ئۆكۈزلىرى بىلەن تۇرا (دەريا) دىن كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەسكىرى [3000 ئىكەن]⑭، بىز 2000 ئىدۇق. سوقۇشتۇق، تەڭرى ساقلىدى. تارمار قىلدۇق. (ئۇلار) دەرياغا چۈشتى. قايتىش يولىدا يەنە (ئۇلارنىڭ) نۇرغۇنى ئۆلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزلارنىڭ ھەممىسى كەلدى. تۈرك خاقانىنىڭ، تۈرك خەلقىنىڭ ئۆتۈكەندە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، مەنكى بىلگە تونيۇقۇقنىڭ ئۆتۈكەندە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ جەنۇبتىكى خەلقلەر ۋە غەربتىكى،

شىمالدىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى كېلىشتى. [بىزگە تەۋە بولدى]» («تۈرك يېزىقىدىكى تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى». 1 - مەڭگۈ تاش. جەنۇبىي يۈزى 15 — 17 - قۇرلار)، بۇنىڭدىن تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ چۆللۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئۆتۈكەن تېغىنى ئىگىلىگەنلىكىنى، ئاندىن ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شەرقىدىكى تۇرا دەرياسى بويىدا تۇرا قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. تۇرا قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولغان، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئالدى بىلەن ئەل بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئۆتۈكەن تېغى ئەتراپىدىكى خەلقلەر يەنى تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى تۈركلەرگە ئەل بولغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇيغۇر قەبىلىسى باشچىلىق قىلغان تۇرا قەبىلىلىرى خەلقى تۈركلەرنىڭ باستۇرۇپ كىرىشىگە نىسبەتەن كەڭ كۆلەملىك، ئۇزۇن مۇددەتلىك قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتمىگەن. بۇ ئېھتىمال تۇرا قەبىلىلىرى ئەينى ۋاقىتتا زور قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، بەلكى ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

«تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» (كۆلتېگىن قۇتلۇقنىڭ ئوغلى) دىمۇ تۈركلەرنىڭ توققۇز ئوغۇزلارنى قۇتلۇقنىڭ دەۋرىدە بويسۇندۇرۇلغانلىقى ئېيتىلغان. مەڭگۈ تاشتا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ «تارقىلىپ كەتكەنلەرنى يىغقانلىقى»، چۇغاي قوزىنى ئىگىلەپ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۆرەش قىلغاندىن كېيىن «جەنۇب تەرەپتە تابغاچلار دۈشمىنىمىز ئىكەن، شىمال تەرەپتە باز قاغان ۋە توققۇز ئوغۇزلار دۈشمىنىمىز ئىكەن. قىرغىزلار، قۇرىقانلار، ئوتتۇز تاتارلار، قىتانلار، تاتابىلارنىڭ ھەممىسى دۈشمىنىمىز ئىكەن. ئاتام قاغان 47 قېتىم ئەسكەر چىقىرىپتۇ، 20 قېتىم جەڭ قىپتۇ. تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىپتۇ، خاقانى بارلارنى خاقانىدىن مەھرۇم قىپتۇ، دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇرۇپتۇ. تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپتۇ، بېشى بارلارنى باش ئۇردۇرۇپتۇ. خاقان ئاتام ئاشۇنداق قىلىپ دۆلەت قۇرغان

ۋە قانۇن - تۈزۈم ئورناتقاندىن كېيىن، بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ»⑮ (شەرقىي يۈزى 14 — 16 - قۇرلار) دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا بايان قىلىنغانلارنى بىرلەشتۈرگەندە، بۇ مەڭگۈ تاشتا بايان قىلىنغان تۈركلەرنىڭ ئېلىپ بارغان 47 قېتىملىق ئۇرۇشىدىن ئوغۇزلار (تۇرالار) بىلەن ئېلىپ بارغىنى پەقەت بەش قېتىم. بۇ تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۇرا قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرغاندا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قىسقىسى، تۈرك يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن بارلىق ئاساسلارنى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلاردىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلار بىلەن بىرلەشتۈرگەندە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى قۇتلۇق شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىگە قارىتا بويسۇندۇرۇش ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭ ۋاقتى مىلادى 687 - يىلى بولۇشى كېرەك، دېمەك، شىمالدىكى تۇرالار جېنگوۋەن يىللىرىنىڭ دەسلەپىدە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ 60 يىلدىن كېيىن يەنە يېڭىباشتىن تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغانىدى.

## 2. تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بەگچۇر قاغانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرىشى ۋە جەنۇبقا كۆچۈشى

**(1) كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى قۇتلۇق، بەگچۇر قاغانلارنىڭ شىمالدىكى تۇرالارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى**

كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرى-

نى بويسۇندۇرۇشى، كۆپلىگەن تۇرالارنى قۇل بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. قۇتلۇق جەمەتى ۋە قۇتلۇققا ئەگىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن تۈركلەر ئاساسلىقى تۇرالارنى ۋە ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاشقا تايىنىپ بىر دەمدىلا بېيىغان كىشىلەرگە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلاندى. «تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» غا ئاساسلانغاندا دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ «يوقسۇللىرى بېيىغان، (ۋەجى) ئازلىرىنىڭ (ۋەجى) كۆپەيگەن» (شەرقىي يۈزى 16 - قۇر)، مەڭگۈ تاشتا ماختانغان هالدا مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ چاغدا قۇللار قۇللۇق بولدى، دېدەكلەر دېدەكلىك بولدى، ئىنىسى ئاكىسىنى تونۇماس، ئوغلى ئاتىسىنى تونۇماس بولدى» (شەرقىي يۈزى 21 - قۇر).

قۇتلۇق شىمالدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرغاندا، ئەڭ زور زىيانغا ئۇچرىغانلار ئۇيغۇر قەبىلىسى بولدى. جېنگۇەن يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە شەرقىي تۈرك خانلىقى هالاك بولغاندا، جەنۇبقا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان كۆپلىگەن تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئاددىي خەلقى بۇ ۋاقىتتا كۆپ ساندىكىلىرى قۇتلۇقنىڭ چوڭ قوشۇنىغا ئەگىشىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەلدى. ئۇرقۇن دەرياسى بىلەن ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئوت - سۇيى ئەلۋەك كەڭ يايلاقلار يەنە تۈركلەرنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان ماكانىغا ئايلاندى. قۇتلۇق ئوردىسىنى قاراقۇمدىن ئۆتۈكەن تېغىغا يۆتكىدى. «تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دا: «بۇ ئەلنى ئىدارە قىلىدىغان بارگاھ ئۆتۈكەن تېغىدا ئىكەن» (جەنۇبىي يۈزى 4 - قۇر). سىرتاردۇشلار خانلىقى مۇنقەرز بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۇنىڭ يايلاقلىرىنى سېلىنگا دەريا بويىغىچە بولغان زېمىنى يەنى بۇ يەردە تەسىس قىلىنغان خانگاي تۇتۇق مەھكىمىسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە چارۋىچىلىرى

تۈركلەرنىڭ ياۋۇز قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قوغلىۋېتىلدى. ئۇيغۇر قەبىلىسىدىكى نۇرغۇنلىغان چارۋىچى خەلقلەر بىردىنلا ئۆزلىرىنىڭ ئۆتۈكەن تېغى ۋە ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى يايلاقلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ قاغانى (باز قاغان) ئۆلتۈرۈلدى⑯، ئۇلارنىڭ چارۋىلىرى بۇلاندى، چېدىرلىرى كۆيدۈرۈلدى، كۆپ ساندىكى كىشىلەر بولۇپمۇ ياش، قاۋۇل قىز - يىگىتلەر بۇلاپ كېتىلىپ تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇللىرىغا ئايلاندى.

تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى ئۆتۈكەن تېغى ۋە ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئۇيغۇرلارنى قوغلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋالغاندىن سىرت، يەنە مەجبۇرىي دېگۇدەك باشقا تۈرا قەبىلىلىرى ۋە مىللەتلەرنى مۇستەملىكە قىلدى. «تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دا: «شەرق تەرەپتىن قادىرقان (ھىنگان تاغلىرى)⑰ تېغىدىن ئېشىپ، خەلقلەرنى ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇردۇق، ئاشۇنداق تەشكىللىدۇق. غەربتىن تاكى كەنگو تارمانغىچە⑱ بېرىپ، تۈرك خەلقىنى ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇردۇق، ئاشۇنداق تەشكىللىدۇق» (شەرقىي يۈزى 21 - قۇر) دېيىلگەن. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تارقالغان شىمالدىكى كەڭ يايلاقلارنى تەپ تارتماستىن مۇستەملىكە قىلىۋېلىش قىلمىشى ئەمەلىيەتتە تۈرا قەبىلىلىرى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم يايلاقنى (ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى يايلاقلارنى) تارتىۋېلىش ئىدى. بۇ شۇبھىسىزكى ئۇيغۇر قەبىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرا خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتاتتى. تۈرك خانلىقىنىڭ بۇ خىل مۇستەملىكىچىلىك ھەركىتى، ئېھتىمال بىر قىسىم تۈرك چارۋىچىلىرىنىڭ يايلاققا بولغان تەلىپىنى قاندۇرۇشتىن سىرت، يەنە تۈرا قەبىلىرىنىڭ يايلاقلىرىدا ھۆكۈمرانلىق نۇقتىلىرىنى قۇرۇش. شۇ ئارقىلىق تۈرا خەلقلىرىنى بىۋاسىتە باستۇرۇش، بۇلاش ۋە

هۆكۈمرانلىق قىلىشنى مەقسەت قىلسا كېرەك.

كېيىنكى تۈرك خانلىقى ئىستىبلاچىلىق ئۇرۇشىدا، بىر قىسىم تۇرا خەلقىنى بولاپ قۇل قىلغاندىن سىرت، تۇرالارنىڭ ئەسلىدىكى ئۇرۇق ۋە قەبىلە باشلىقلىرىنى ئۆلتۈرمەي، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقىدەك ئۇرۇق ۋە قەبىلە بويىچە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشىغا رۇخسەت قىلدى. تۈرك خانلىقى ئەل بولغان تۇرالاردىن پايدىلىنىپ تۇرالارغا هۆكۈمرانلىق قىلدى. مەسىلەن، تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى تۇرالار ئىچىدىكى ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ياكى تۈركلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەشكە قاتناشمىغان بىر قىسىم قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە سەركەردىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ گۇماشتىلىرى ۋە قول چوماقى قىلىپ تەيىنلەپ، شۇلار ئارقىلىق كەڭ تۇرا خەلقىغە هۆكۈمرانلىق قىلدى. «تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» ۋە «تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ بىر يۈزىنىڭ كۆپ يېرىدە قايتا - قايتا «توققۇز ئوغۇز ئۇلۇسى بىز بىلەن دۈشمەنلەشتى، دېيىلگەن («تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»، شەرقىي يۈزى 14 - قۇر «تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» شەرقىي يۈزى 14 - قۇر)، يەنە بىر يۈزىدە «تۈرك ۋە ئوغۇز بەگلىرى» («Bag» ئاقسۆڭەك ياكى ئەمەلدار دېگەن مەنىدە) گە تاڭ سۇلالىسىنىڭ «تاتلىق سۆزلىرى» گە ئىشەنمەڭلار، «يايلىق بىلەن ئاجىزلاشتۇرۇشقا» ئالدانماڭلار دەپ چاقىرىق قىلغان («تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» جەنۇبىي يۈزى 5 — 6 - قۇرلار، «تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» شىمالىي يۈزى 4 - قۇر). مەڭگۈ تاشتا تۈركلەرنىڭ دۈشمىنى دەپ قارالغان «ئوغۇز ئۇلۇسلىرى»، شۈبهىسىزكى تۇرا خەلقىنى كۆرسىتىدۇ. «ئوغۇز بەگلىرى» يەنى ئىچىن كۆڭلىدىن نەسىھەت قىلغانلار، شۈبهىسىزكى تۈركلەرگە تەسلىم

بولغان ھەم تۈركلەرگە ياردەملىشىپ تۇرا خەلقىنى ئېكسپىلا-
تاتسىيە قىلغان ۋە ئەزگەن قەبىلە باشلىقلىرى قوماندانلىرى
دۇر. تۈركلەرگە نىسبەتەن دۈشمەنلىشىش نىيىتىدە بولغان ياكى
تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغان ئاشۇ تۇرا قەبىلە
باشلىقلىرى ۋە ھۆكۈمرانلىرىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
باز قاغانغا ئوخشاش ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى
مۇمكىن.

تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى تۇرالارنى قانداق ئەزگەن ۋە
بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان ھەم تۇرالار كېيىنكى تۈرك خانلىقىدا
زادى قانداق ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرگەن؟ ھازىرغىچە
ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يازما ماتېرىياللاردا بولسۇن ياكى تۈرك
يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا بولسۇن، بۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك
ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. ئەمما بىز باشتا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك،
كېيىنكى تۈرك خانلىقى قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت بول-
غاچقا، شۇڭا تۇرالار قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا مۇپ-
تىلا قىلىنغان، ئۇلار قۇل قىلىنىپ، ئېچىنىشلىق تۇرمۇش
كەچۈرگەنىدى.

كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىككى قاغانى
(قۇتلۇق بىلەن بەگچۇر) ئىككىسىلا ئۇرۇشپەرەس ئىدى، ئۇلار
ئۆزىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ھەر يىلى
سىرتقا نىسبەتەن كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشلارنى قوزغاپ ئادەم
ۋە بايلىقلارنى بۇلايتتى. ھالبۇكى ئۇرۇش ئېلىپ كەلگەن
غايەت زور دەرىجىدىكى ئادەم ۋە بايلىقنىڭ خورىشى پۈتۈن-
لەي دېگۈدەك تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى
سىنىپلىرى ئىچىدە كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان تۇرالارنىڭ
زىممىسىگە چۈشەتتى. شۇڭا تۈرك خانلىقىنىڭ سىرتقا نىسبە-
تەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، ئۇنىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭ -
كىچىك، ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقا، غەلىبە قىلىشى ۋە مەغلۇپ

بولۇشى قاتارلىقلارنىڭ تۇرالارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ھەم تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي كۈرەش ۋە سىنىپىي زىددىيەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە بىۋاستە تەسىرى بار ئىدى. پەقەت تۈرك خانلىقىنىڭ سىرتقا نىسبەتەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ جەريانى ۋە نەتىجىسى بىلەن باغلىغاندىلا ئاندىن تۇرالارنىڭ تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

قۇتلۇق بىلگە قاغان ئۆز دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۈزلۈكسىز ئەسكەر چىقىرىپ، تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپ ئادەم ۋە بايلىق بۇلىدى. ئۇ ئۆلگەندە ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان بەگچۇر قاغان (692 — 716 - يىللار) نىڭ، تاڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىغان بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىنىڭ كۆلىمى ئىلگىرىكىدىن زور بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سانىمۇ كۆپ بولدى. مىلادى 684 - يىلى (چاڭشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى) لىڭجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، «ئەسكەر ۋە خەلقنى ئۆلتۈردى ۋە بۇلاپ - تالىدى». مىلادى 696 - يىلى (ۋەنسۈي تۇڭتيەننىڭ تۇنجى يىلى) «لىڭجۇ ئايمىقىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ»، تۇتۇق شۈي چىنمىڭنى ئۆلتۈردى. مىلادى 697 - يىلى (شېن گۇڭنىڭ تۇنجى يىلى) «تاڭ سۇلالىسى لىڭجۇ ۋە شىڭجۇدىن ئىبارەت ئىككى ئايماقنى قولدىن بېرىپ قويدى». مىلادى 698 - يىلى (شېڭلىنىڭ تۇنجى يىلى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسىنى قايتىش سەپىرىدە يولسىزلىق بىلەن تۇتۇۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسىدىن «40 مىڭ كۈرە ئاشلىق، 50 مىڭ توپ يىپەك رەخت، 3000 دانە دېھقانچىلىق قورالى، 40 مىڭ جىڭ تۆمۈر» قاقتى - سوقتى قىلىپ ئېلىۋالغان ھەمدە ئالتە غۇز ئايمىقىدىكى ئەل بولغان 6000 تۈتۈن ئادەمنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى،

كىيىن يەنە شەخسەن ئۆزى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىپ، چىققان. پىڭدى (ھازىرقى شەنشىنىڭ سۇشيەن ناھىيىسى) چىڭيى (ھازىرقى خېبېينىڭ خۇەيلەي ناھىيىسى) قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىپ، گۇي، تەن، ۋېي، دىڭ، جاۋ، شيا قاتارلىق ئايماقلارنى ئىگىلىۋالدى. تۇرار جايلارنى كۆيدۈرۈپ، نۇرغۇن كىشىنى ئۆلتۈردى. مىلادى 699 - يىل (شىڭلىنىڭ ئىككىنچى يىلى) دەيجو بىلەن يىڭجو ئىككى ئايماققا ھۇجۇم قىلدى. مىلادى 700 - يىلى (جيۇشىنىڭ تۇنجى يىلى) لوڭشىغا ھۇجۇم قىلىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاتنى بۇلاپ كەتتى. مىلادى 701 - يىلى (دازۇنىڭ تۇنجى يىلى) «كۆپ قېتىم سەددىچىنگە بېسىپ كىرىپ»، «چېگرىنى بۇلاپ - تالىدى». مىلادى 702 - يىلى (چاڭئەننىڭ ئىككىنچى يىلى) «يەن، شيا قاتارلىق ئايماقلارغا باستۇرۇپ كىرىپ»، «10 مىڭ ئات - قوينى بۇلاپ كەتتى». قىسقىسى، خانىكە ۋۇزېتيەنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە بەگچۇر ھەر يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. بۇ ۋاقىتتا، خانىكە ۋۇزېتيەن ئىچكى سىياسىي جەھەتلەردىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەخسۇس سەركەردىلەرنى تەيىنلەپ چېگرىغا ئەۋەتەلمەدى. ئۇردا ۋەزىرلىرى ۋە باش سانغۇنلار چىقىشالماي، بىر-بىرىنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈشتى. تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىغا نىسبەتەن ئىزچىل بولغان ئۈنۈملۈك مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرلىرى كەمچىل بولدى. شۇڭا بەگچۇرنىڭ ئاھالە ۋە مال - مۈلۈك بۇلاشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، ئومۇمەن ئالغاندا ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولغان. دەل بىلگە قاغان (قۇتلۇقنىڭ ئوغلى. بەگچۇردىن كېيىن تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. مىلادى 716 — 734 - يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) «تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۇ

تېشىدا بايان قىلغاندەك ئەينى ۋاقىتتىكى تۈرك ئاقسۆڭەك-
لىرى ئۆتۈكەن تېغىدا تۇرۇپ، تابغاچقا «كارۋان» ئەۋەتىپ
تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىگە تۇشۇپ كەلگىنى «مول ئاشلىق، ئاسا-
يىشلىق»، «مەڭگۈ باياشادلىق» ھەددى - ھېسابسىز بايلىق
بولدى (جەنۇبىي يۈزى 8 - قۇر). بارلىق تۈرك قۇلدار ئاق-
سۆڭەكلەر سىنىپى، تۈركلەر ئۈچۈن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا تە-
يىنلەنگەن غالچا ئوغۇز بەگلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلار ئا-
ساسلىقى ئۇرۇشقا تايىنىپ بايلىققا ئېرىشىپ، باياشاد ۋە
ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى. شۇڭلاشقا ھۆكۈمران-
لار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمى بىرقەدەر تىنچ ئىدى. ھۆكۈم-
رانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ تەرەپتە زور مىقداردىكى ئۇرۇش ئول-
جىلىرى، تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنى ئىستېمال ۋاسىتىلىرى بىلەن
تەمىنلىدى ۋە شۇ ئارقىلىق سىرتقا نىسبەتەن ئېلىپ بارغان
بىر قىسىم ئۇرۇشلارنىڭ چىقىمىنى تولۇقلاپ، تۇرا خەلقىنىڭ
يۈكىنى يېنىكلەتتى. شۇڭا قۇتلۇق ۋە بەگچۇر ھۆكۈمرانلىق
قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە بىز مەيلى يازما ھۆججەتلەر
بولسۇن ياكى مەڭگۈ تاشلاردىن بولسۇن، ھېچقايسىسىدىن
تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي زىددىيەتنىڭ
ئۆتكۈرلەشكەنلىكى ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ كەسكىنلەشكەنلىكى-
گە دائىر خاتىرىلەرنى ئۇچرىتالمايمىز. بۇ كېيىنكى تۈرك
خانلىقىنىڭ مۇقىم ۋە گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى.

لېكىن، مىلادى 704 - يىلى خانىكە ۋۇزېتيەن ئۆلگەن-
دىن كېيىن، ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. تاڭ سۇ-
لالىسى جۇڭزۇڭ (705 — 709 - يىللار) دىن باشلاپ. بو-
لۇپمۇ غەيرەتكە كېلىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشقان
تاڭ شۈەنزۇڭ (712 — 755 - يىللار) تەختكە چىققان دەۋ-
رىدىن باشلاپ، تارىختا ئەڭ گۈللەنگەن ۋە قۇدرەت تاپقان
مەزگىلگە قەدەم قويۇشقا باشلىدى. تاڭ سۇلالىسى تۈركلەر-

ىنىڭ ھۆججۈمىغا نىسبەتەن بۇرۇلۇش ياساپ، قاتتىق مۇداپىئە قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. جۇڭ زوڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن كەينى - كەينىدىن «چامباشچىلىق سەنئىتى يۇقىرى جەسۇر ئەسكەرلەرنى يىغىش، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشىغا رۇخسەت قىلىش، ئۇردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ تۈركلەرنى يوقىتىشقا يېتەرلىك بولغان مەسلىھەتلەرنى بېرىش» ھەم «بەگچۇرنى ئۆلتۈرگەنلەرنى بەگلىككە تەيىنلەيدىغانلىقىنى، ياساۋۇلخانا ياندىشى سانغۇنلۇق ئۇنۋانىنى بېرىدىغان» لىقى («كونا تاڭنامە. جۇڭ زوڭ ھەققىدە خاتىرە») توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. مىلادى 707 - يىلى (جىڭلوڭنىڭ تۇنجى يىلى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ شاجادىكى ساداقەتمەنلەر قوشۇنى بەگچۇر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. جۇڭ زوڭ مەشھۇر سەركەردە جاڭ رېنتەن (يەنى جاڭ رېنيۈەن) نى ساداقەتمەنلەر قوشۇنىغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ بەگچۇر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ «ئۇنى مەغلۇپ قىلدى». شۇ يىلى جۇڭ زوڭ چۇرېنتاننى ئوڭ قول باش تەپتىش بېگى سوفاڭ يولى باش ئالاقىچىسى قىلىپ، شىمالدىكى مۇھىم ھەربىي قورغان لىڭۋۇدا تۇرۇپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىدىكى ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. ئىككىنچى يىلى (مىلادى 708 - يىلى جىڭ لوڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) جاڭ رېنتەن جۇڭ زوڭنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا «خېبېي (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدا) تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىدىن ئۈچىنى بىنا قىلدى». ئۈچ شەھەرنىڭ ھەممىسىدە بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرلەرنى تۇرغۇزۇپ، «شىمالدا 300 چاقىرىمدىن ئارتۇق يەرنى ئاچتى. تەسلىم بولغانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھازىرقى كۆكخوت شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چوغاي تېغىنىڭ شىمالىدا 1800 دىن ئارتۇق تۇر ياسىدى». شۇنىڭدىن كېيىن «تۈركلەر

چۈغاي تېغىغا چىقىپ قوي باقالمايدىغان بولدى. سوفاك قارىتا بۇلاڭ - تالاڭ ۋە ھۇجۇمغا ئۇچرىمىدى. ھەربىي قورغاندىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئازلاپ 10 مىڭغا چۈشۈپ قالدى» («كونا تاڭنامە. جاڭ دېنيۈەننىڭ تەرجىمىھالى»). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى قىرغىزلار ۋە تۈركەش قەبىلىسى بىلەن ئاكتىپلىق بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، تۈرك خانلىقىغا شەرق ۋە غەرب ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. قىرغىزلار ھازىرقى يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، VIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكىدىن باشلاپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولغانىدى. تۈركەشلەر ئەسلى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون قەبىلىسىنىڭ بىرى ئىدى. VIII ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە ئون قەبىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ سويابنى مەركەز قىلغان چوڭ دۆلەت قۇرغانىدى. مىلادى 708 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى شاھكۆلگە «تۆت ئوق قاغانى» دېگەن ئۇتۇغاث نامىنى بەردى. بەگچۇر تاڭ سۇلالىسىگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ تېخىمۇ كۆپ ئاھالە ۋە بايلىققا ئېرىشەلمەيدىغان بولۇپ قالدى ھەم تاڭ سۇلالىسىنىڭ قىرغىز ۋە تۈركەشلەر بىلەن بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، مىلادى 708 - يىلى ئالدى بىلەن «چېگرىنى تازىلاپ غەربكە جازا يۈرۈشى» قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قىرغىز بىلەن تۈركەشلەرنى مەغلۇپ قىلدى. مىلادى 711 - يىلى (جىڭيۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى) دىن باشلاپ، بەگچۇر يەنە ئۇدا بىرنەچچە يىل ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قارلۇقلارغا ھۇجۇم قىلدى، «قارلۇقلار بۇ ۋاقىتتا ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇۋالغان» (تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» شىمالىي يۈزى 1 - قۇر) بولغاچقا، بەگچۇرنىڭ ھۇجۇمىغا قارىتا قاتتىق قايتارما زەربە بەردى.

بۇ كەلسكەن ئۇرۇش مىلادى 715 - يىلى (تاڭ شۈەنزاڭنىڭ كەيىيۈەن ئۈچىنچى يىلى) گە كەلگەندىمۇ يەنە ئاخىرلاشمىدى.

كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ مىلادى 708 - يىلىدىن باشلاپ ئېلىپ بارغان قىرغىز، تۈركەش ۋە قارلۇقلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشلىرى، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئادەم ماددىي كۈچ بايلىقى مەنبەسىنى زور دەرىجىدە خوراتتى. بەگچۇر قىرغىز ۋە تۈركەشلەرنى بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادى قالاق چارۋىچى مىللەتلەر بولغاچقا، تۈرك خانلىقىنىڭ قولدارلىرى ئۇلارغا نىسبەتەن ئېلىپ بارغان بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىدا تېخىمۇ كۆپ بايلىقلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلالمىدى. شۇڭا تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچىدىكى تۈرالارنىڭ ئۇرۇش يۈكى، ئادەتتىن تاشقىرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. نۇرغۇن قاۋۇل تۈرا قىز - ئوغۇللىرى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ، يارىلاندى ياكى ھاشاردا كېسەل بولۇپ، مېيىپ بولۇپ قالدى، خوتۇن - قىزلار بىلەن ئۆسمۈرلەر تۈرك قولدارلىرى تەرىپىدىن ھەر خىل ئېغىر باج - سېلىقلارنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغاچقا قىيىنچىلىق ۋە ئاچلىقنىڭ ئازابىغا دۇچار بولدى. «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە، «بەگچۇر شاھكۆلنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئىنتايىن قۇترەت تاپتى. قوشۇنلىرىنىڭ ھەيۋىسىگە تايىنىپ ئۇنىڭ خەلقىنى قاتتىق ئەزدى. بەگچۇر ياشىنىپ قالغاچقا قول ئاستىدىكى قەبىلىلەر ئارقا - ئارقىدىن تارقاپ كەتتى» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلگەن: «بەگچۇر قېرىغانسېرى تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ كەتتى. ھەرقايسى قەبىلىلەر غەيرەتكە كېلىپ، ئۇنىڭغا قارشى قاتتىق ئىسيان كۆتۈردى». تۈرا خەلقىنىڭ كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان غەزىپى سۆڭەك - سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كەتتى، خانلىق ئىچىدىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىد-

دلىيەت ناھايىتى تېزلا كەسكىنلىشىپ، ئاخىرى تۇرا خەلقىنىڭ كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كەڭ - كۆلەملىك كۈرىشى پارتلىدى.

**(2) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارنىڭ كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كەڭ كۆلەملىك كۈرىشى ۋە جەنۇبقا — تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە كۆچۈشى**

«تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» غا ئاساسلانغاندا، تۇرالاردىن بايىرقۇ قوللار ھەممىدىن ئاۋۋال قوزغىلىپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغانلار ئىدى. مىلادى 707 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە بايىرقۇ قەبىلىسى قەبىلە ئاقساقىلى ئۇلۇغ ئېركىننىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بەگچۇر تۈرك قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ تۈرگى يارخۇن (Türgi — yarhun) كۆلى (تۈرنى ئېنىق ئەمەس) بويىدا ئۇلۇغ ئېركىننى مەغلۇپ قىلدى، بايىرقۇ خەلقى ناھايىتى كۆپ ئۆلتۈرۈلدى ۋە يارىدار قىلىندى. «ئۇلۇغ ئېركىن قېچىپ قالغان ئاز بىر قىسىم ئادەملىرىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى»، (شەرقىي يۈزى 34 - قۇر)، قوزغىلاڭ باستۇرۇۋېتىلدى.

مىلادى 713 - يىلى (كەييۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى) يەنى دەل بەگچۇر چوڭ قوشۇننى باشلاپ، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان قارلۇق قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلغاندا، شىمالدىكى تۇرالارنىڭ تۇرغۇن ئۇرۇق قەبىلىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۈرك خانلىقىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، قۇملۇقتىن ئېشىپ، جەنۇبقا كېلىپ، تاڭ سۇلالىسى چېگرىسىدىكى سەددىچىننىڭ ئىچىگە كەلدى. بۇ ۋەقە تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلىرىدا خاتىرىلەنمىگەن. ھالبۇكى، «كونا تاڭنامە. جاڭ جياجېننىڭ تەرجىمىھالى» دا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا

مۇنداق دېيىلگەن: «گەييۇەن يىللىرىنىڭ دەسلەپكى... ۋاقتىدا توققۇز ئۇغۇزلار كېلىپ بەيئەت قىلدى. تەييۇەننىڭ شىمالغا تارقىلىپ ماكانلاشتى»، «يېڭى تاڭنامە. جاڭ تىڭگۇينىڭ تەرجىمىھالى» دىمۇ «ۋاڭجۇ خاننىڭ پەرمانىنى ئېلىپ خان قوشۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئەمدىلا قايتىشىغا خاننىڭ يارلىقى سەددىچىن ئەتراپىغا يەنە يېتىپ كەلدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىدىكەن دېيىشتى» دېيىلگەن. خان قوشۇنلىرى بىڭجۇ ئايمىقىدىكى تەييۇەن شەھرىنى ساقلايتتى. ۋاڭجۇ كەييۇەننىڭ تۇنجى ۋە ئىككىنچى يىلىنىڭ باشلىرىدا⑲ چېگرىنى كۆزدىن كەچۈرگەنىدى. كەييۇەننىڭ تۇنجى يىلىدا تەييۇەننىڭ شىمالى بىلەن سەددىچىننىڭ ئەتراپىغا ئۇيغۇر قەبىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرا قوۋملىرى توپلانغانىدى. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. لىڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «كەييۇەننىڭ تۇنجى يىلى توققۇز ئۇغۇزلارغا گاۋلەن، يەنرەن، يەنشەن، جىتيەن، شى (جى) لۇ، جۇلۇڭ قاتارلىق ئالتە ئايماقنى قايتا تەسىس قىلىپ، لىڭجۇ ئايمىقىغا قاراشلىق قىلىندى». «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى I» نىڭ لىڭجۇ ئايمىقى ماددىسىدا «لىڭجۇ ئايمىقىغا قاراشلىق قىلىندى». دېگەننى «لىڭجۇ ئايمىقىنىڭ قارىمىقىدا باشقۇرۇلغان» دەپ يازغان. بۇ ئالتە ئايماقنىڭ نامىدىن قارىغاندا، يەنشەن ئايمىقىنىڭ قاچان، قايسى قەبىلىسىنىڭ⑳ ئارىسىدا تەسىس قىلىنغانلىقى ئېنىق بولمىغاندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا شىمالدا تەسىس قىلىنغانىدى. گاۋلەن ھۇن قەبىلىسىدە، يەنرەن تېلەنغۇتلاردا، جىتيەن ئاتېمىزلاردا، جى لۇ قۇمۇقلاردا، جۇلۇڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قۇلۇب قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان. بۇ ئالتە ئايماق قۇتلۇق شىمالدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرغاندا

گولدىن كەتكەن ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسا كېرەك.
كەييۈەن يىللىرىنىڭ تۆنجى يىلى لىگجۇ ئايمىقىدا تەسىس
قىلىنغان گاۋلەن قاتارلىق ئالتە ئايماقنىڭ نامى ئوخشاش
بولىسمۇ، لېكىن تەسىس قىلىنغان ئورنى ئوخشاش ئەمەس ئى-
دى. «كونا تاڭنامە» دە دېيىلگەن لىگجۇ ئايمىقىنىڭ «قارى-
مىقىدا باشقۇرۇلغان» دېگىنى روشەنكى، كەييۈەن يىللىرىنىڭ
تۆنجى يىلىدا شىمالدا يېڭىدىن ئەل بولغان تۇرا قەبىلىلىرى-
نىڭ ئارىسىدا تەسىس قىلىنغانىدى. ئايماق ناملىرىدىن مە-
لۇمكى، شۇ يىلى بەگچۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، جە-
نۇبقا كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان ئۇيغۇر (قۇلۇب)
قەبىلىسىدىن باشقا، يەنە كۆپلىگەن تېلەنگۇت، خۇن، قۇمۇق،
ئاتېئىز قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قوۋملىرى بار ئىدى[21]. ئادەم
سانى ئېنىق ئەمەس ئىدى.

مىلادى 714 - يىلى (كەييۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى) تاڭ
سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى زاڭ خۇەيكى بىلەن تۈركلەرنىڭ قو-
شۇنلىرى بۆرە تېغى (ئورنى ئېنىقلانمىغان) دا ئۇرۇش قىلدى،
بارغۇت قەبىلىسىنىڭ سەركەردىسى جېمىرتىپ سەپكە ئاتلىنىش
ئالدىدا، 280 تۇتۇن ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ تۈرك خانلى-
قىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بول-
غانىدى.

مىلادى 715 - يىلى (كەييۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) تۇ-
را قەبىلىلىرى تۈركلەرنىڭ قارلۇقلارنى جازالاش ئۇرۇشىدا
قاتتىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۈرك
خانلىقىغا قارشى كەڭ - كۆلەملىك ئىسيان كۆتۈرۈپ قېچىپ
كەتتى ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شۇ يىلى 2 - ئايدا تۇرالار-
نىڭ ئاتېئىز قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئاۋاسارت قەبىلىسىنى
باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە قېچىپ باردى. تاڭ شۈەنزۇڭ يۇقى-
رى دەرىجىلىك ئەمەل ۋە نۇرغۇن دەپى - دۇنيا بىلەن ئاۋا-

سارتنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى تەقدىرلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئالىي دەرىجىلىك تۆرە، ئۇلۇغ قانات مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنلىرىنىڭ غەيرىي رەسمىي ئەمەلدارى، قوشۇمچە ئاتلىق قەبىلىسىنىڭ تۇتۇقى قاتارلىق ئۇنۋانلارنى بەردى. ئالبان بەگلىكىنىڭ بەگلىكىلىك ئوتۇغاتىنى بېرىپ، 3000 تۇتۇن، بىر پاتمان يەر سۇيۇرغال قىلىپ بېرىپ، ئۈچ تۇياق ئات، 500 توپ يىپەك بۇيۇم بىلەن تارتۇقلىدى. ئاۋۋال سارت تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، بايىرقۇ قەبىلىسىدىن ئىزگىل (Izgil)㉒ قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. تۈركلەر ئالدىراپ - تېنەپ قوشۇن ئەۋەتىپ باستۇرۇپ «ئىزگىلنىڭ جەمەتىنى يوقاتتى» (ئىزگىلنىڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەرلا يوقىتىلىپ. بايىرقۇ قەبىلىسى پۈتۈنلەي يوقىتىلمىغانىدى). ئارقىدىنلا. تونگرا قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئابۇس شىمالدىكى «توققۇز تۇرالارنىڭ ئاقساقىلى» غا تەيىنلىنىپ بەگچۇر باشچىلىقىدىكى تۈرك قوشۇنلىرى بىلەن شىمالدا ئۇرۇش قىلدى. «تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» دا كۆلتېگىننىڭ 31 ياشقا تولغان ۋاقتىدىكى ئەھۋاللار تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەنگەن: «توققۇز ئوغۇزلار ئەسلىدە ئۆز خەلقىم ئىدى، جاھان قالايمىقانلاشقانلىقى ئۈچۈن، بىز بىلەن دۈشمەنلەشتى» (شىمالىي يۈزى 4 - قۇر). بۇ دەل ئابۇسنىڭ ئىسيانىنى كۆرسىتىدۇ، مەڭگۇ تاشتا ئارقىدىنلا يەنە تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ توققۇز ئوغۇزلار بىلەن بىر يىل ئىچىدە بەش قېتىم ئۇرۇشقانلىقىنى، «دەسلەپكى قېتىم توغۇ شەھىرىدە ئۇرۇشتۇق». «ئىككىنچى قېتىم قوشلاغاچتا ئاتىئىزلار بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق. ئاتىئىزلار شۇ يەردە يوقىتىلدى»، «ئۈچىنچى قېتىم ئوغۇزلار بىلەن ئۇرۇشتۇق، قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئېلىنى ئالدۇق»، «تۆتىنچى قېتىم بىز چۇش دېگەن بولاقتا سوقۇش قىلدۇق، تۈرك خەلقى تەۋرىنىپ قالدى، ئەھۋال يا-

مانىلاشتى. كۆلتېگىن ئۇزۇپ كەلگەن قوشۇننى چېكىندۈرۈپ
توگرا ئېكىن مازىرىدا㉓. توگرا قەبىلىسىنىڭ بىر ئۇرۇقتىكى
ئون نەپەر باتۇرىنى ئۆلتۈردى»، «بەشىنچى قېتىم ئەزگەنتى
قارازدا ئوغۇزلار بىلەن ئۇرۇشتۇق ... قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسـ
نى يوقاتتۇق» (شىمالىي يۈزى 4 — 7 - قۇرلار)㉔ دەپ كۆر-
سىتىلگەن. ئومۇملاشتۇرغاندا مەڭگۈ تاشتا خاتىرىلەنگەن بەش
قېتىملىق ئۇرۇشتىن ئىككى قېتىمقىسى ئاتېمىز، توگرالار بىـ
لەن، ئىككى قېتىمقىسى ئوغۇزلار بىلەن، بىر قېتىمقىسىنىڭ
پەقەت توغۇ شەھىرىدە ئۇرۇشقانلىقى سۆزلىنىپ، قايسى قەبىـ
لە بىلەن ئۇرۇشقانلىقى سۆزلەنمىگەن، توغۇ شەھىرى، دۇخۇ
شەھىرى (قورۇقچىبەگ شەھىرى)㉕ دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان
بولۇپ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانگاي تۇتۇق مەھكىمىسى ئۇيغۇر-
لار رايونىدا قۇرۇلغان، ئۇرۇش توغۇ شەھىرىدە ياكى باشقىـ
چە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلار بىلەن بولغانىدى. ئوغۇز. توقـ
قۇز ئوغۇزلار، يەنى تۇرا، توققۇز تۇرالارنىڭ باشقىچە ئاتىلىـ
شىدۇر. شۇ يىلىدىكى بەش قېتىملىق ئۇرۇشتىن ئۈچ قېتىمقىـ
سىدا ئۇيغۇر ئاتېمىز، توگرا قاتارلىق ئۈچ قەبىلە بىلەن ئايـ
رىم - ئايرىم ئۇرۇشقان، ئىككى قېتىمقىسىدا تۇرا قەبىلىلىرىـ
نىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشقان. بەش قېتىملىق ئۇ-
رۇشنىڭ پەقەت بىر قېتىمقىسىدا يېڭىش - يېڭىلىش سۆزلەنـ
مىگەن. قالغان تۆت قېتىمقىسىدا ياكى ئۆزلىرى تىز پۈكـ
كەنلىكى، ياكى دۈشمەن قوشۇنى يوقىتىلغانلىقى سۆزلەنگەن.
قارىغاندا، بەگچۇرنىڭ تۈرك قوشۇنلىرى بەزى ۋاقىتتا تۇرا-
لارنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشى بىلەن كۈرەش دائىرىسى تەۋ-
رەپ قالغان بولسىمۇ (مەسىلەن، تۆتىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا)،
ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا تۇرالارنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى
مەغلۇپ قىلىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن. تۈرك قوشۇنلىرىـ
نىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولغان. تۇرا قەبىلە خەلقـ

لىرى ئارقا - ئارقىدىن شىمالدىكى يايلاقلىرىدىن ئايرىلىپ، جەنۇبقا كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا، شۇ يىلى كۈزدە تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان تۇرا قەبىلىلىرى بىلەن قەبىلە ئاقساقاللىرى تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەنگەنىدى:

كۈز. ٩ - ئايدا توققۇز ئىزگىللارنىڭ تۇتۇقى بايسان قاتارلىقلار كېلىپ بەيئەت قىلدى («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق نۇمۇنىي ئۆرنەكلەر» 211 - جىلد، شۈەنزۇڭنىڭ كەيۈەن ئۈچىنچى يىلى).

شۇ يىلى كۈزدە، بەگچۇر توققۇز قەبىلە باشلىقى ئابۇس قاتارلىقلار بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئۇرۇش قىلدى. توققۇز قەبىلە مەغلۇپ بولۇپ نۇرغۇن ئادەم ۋە چارۋا - مال ئۆلدى. ئابۇس قوۋمىنى باشلاپ كېلىپ بەيئەت قىلدى («كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە، I»).

10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا شىمالدىكى ۋاساللاردىن ئەل بولغان توققۇز ئىزگىللارنىڭ تۇتۇقى بايسان سول قانات بەھەيۋەت ياساۋۇلخانا سانغۇنلۇقىغا؛ قوشۇرلارنىڭ ئاقساقىلى ئىلچورنى ئوڭ يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ ياساۋۇلخانا سانغۇنلۇقىغا؛ چۈبەلەرنىڭ تۇتۇقى ياموشىنى ئوڭ قانات بەھەيۋەت ياساۋۇلخانىنىڭ سانغۇنلۇقىغا؛ باغلىت تۇتۇقى باغاتۇر بەگنى ئوڭ قانات شىرمەتلەر ياساۋۇلخانىسىنىڭ سانغۇنلۇقىغا؛ سىرتاردۇشلارنىڭ ئاقساقىلى قۇنداز تۇتۇقنى ئوڭ قانات بەھەيۋەت ياساۋۇلخانىسىنىڭ سانغۇنلۇقىغا؛ نۇلەيلەرنىڭ ئاقساقىلى، ئىلگىرىكى (بەي) دىگجۇنىڭ ئاي ھاق بېگى نۇرشاھىنى ئوڭ يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ سانغۇنلۇقىغا؛ ئاۋاسارلارنىڭ ئاقساقىلى، ئايماق بېگى قۇۋئاينى ئوڭ يۆنىلىش سەردارى قىلىپ تەيىنلى-

دى ھەمدە ئۇلار ئىلگىرىكىدەك غەيرىي رەسمىي ئەمەلدار تەمىناتىدىكى ئايماق بېگى بولۇپ تۇرۇۋەردى. سۆسۈن تۇن، ئالتۇن كەمەر ۋە بېلىق شەكلىدىكى ھەميانىدىن يەتتىنى، ھەر خىل يىپەك توقۇلمىدىن 300 توپ ھەدىيە قىلدى («كىتابلار جەۋھىرى» 974 - جىلد).

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «كىتابلار جەۋھىرى» دە خاتىرىلەنگەن تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان ئىزگىل، قوشۇر، چۇبە، سىرتاردۇش، نۇلەي. ئاۋاسار قاتارلىق توققۇز قەبىلە «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە بايان قىلىنغان. ئابۇسىنىڭ باشچىلىقىدا شىمالدا تۈرك خانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇملۇقتىن ئۆتۈپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان توققۇز قەبىلە بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن㉖. باغلىت قەبىلىسى بىلەن نۇرشاھ قەبىلىسىنىڭ تۇرالارنىڭ قايسى قەبىلىسىگە تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىقسىز بولغاندىن سىرت، مىلادى 715 - يىلىدىكى تۇرالارنىڭ چوڭ قوزغىلىڭىغا قاتناشقان تۇرا قەبىلىلىرى مەڭگۈ تاشتىكىسى بىلەن ھۆججەتلەردىكىنى قوشقاندا (تەكرارلىنىپ قالغانلىرىنى چىقىرىۋەتكەندە)، جەمئىي بايىرقۇ، ئۇيغۇر، توڭرا، ئاتېمىز (يەنى ئاۋاسار)، ئىزگىل، قوشۇر، چۇبە، سىرتاردۇش قاتارلىق سەككىز قەبىلە بولۇپ، بۇ شىمالدىكى 15 تۇرا قەبىلىسىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، شۇڭا بۇ تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆلىمى زور بولغان بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ كۆرۈنۈشىدۇر.

مىلادى 716 - يىلى (كەييۈەننىڭ تۆتىنچى يىلى) باھاردا بەگچۇر يەنە «ئوغۇزلارغا يۈرۈش قىلغان» («تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» شەرقىي يۈزى 31 -، 32 - قۇرلار). «كونا تاڭنامە. شۈەنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسلانغاندا، بۇ ئوغۇزلار مىلادى 713 — 715 - يىللىرى

قوزغىلاڭغا قاتنىشىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ياكى قاتناشقان
بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جەنۇبقا كۆچۈپ تاڭ
سۇلالىسى چېگرىسىغا كېلىۋالالمىغان ئۇيغۇر، توڭرا، ئاقشىد،
بايىرقۇ، بارغۇت قاتارلىق بەش قەبىلە خەلقى (ياكى
قالدۇق قوۋملىرى) نى كۆرسىتىدۇ. بەگچۇر تۈركلەرنى
ئىككى قوشۇنغا بۆلۈپ، كۆل تېگىن باشچىلىقىدىكى قوشۇننى
ئۆتۈكەن تېغىدىكى ئوردىنى قوغداشقا قالدۇرغان؛ ئۆزى يەنە
بىر بۆلەك قوشۇننى باشلاپ ئوغۇزلارغا ھۇجۇم قىلغان «ئۈچ
ئوغۇز قوشۇنى بېسىپ كەلگەن» (شەرقىي يۈزى 32 - قۇر)؛
ئىككى ئوغۇز قوشۇنى بەگچۇر بىلەن ئۇرۇشقان، بىر قوشۇن
ئوردىدىكى بايلىقلارنى بۇلاشقا ماڭغان. مەڭگۈ تاشتىكى
خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىم ئۇرۇشقا چىققان تۈرك-
لەرنىڭ ئادەم سانى ئوغۇزلاردىن ئاز بولغاچقا، ئەسكەرلەر
بىر ئاز «قىيىن ئەھۋالدا قالغان» (شەرقىي يۈزى 33 - قۇر).
بەگچۇر ۋە كۆلتېگىن ھەر ئىككىسى ئوغۇزلارنى ئاسان
يەڭگەن. ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىلگە قاغان
بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ جەريانىنى بايان قىلغاندا خاتىرجەم-
سىزلەنگەن ھالدا «ئەگەر مەن تىرىشمىغان بولسام، تۈرك خەلقى
ئۆلگەن بولاتتى، يوقالغان بولاتتى» (يۇقىرىقى بىلەن ئوخ-
شاش)، «ئانام خاتۇن قاتارلىق ئانىلىرىم، ئاچىلىرىم، كېلىن-
لىرىم، مەلىكىلىرىمنىڭ ئىچىدە، تىرىك قالغانلىرىڭلار دېدەك
بولاتتىڭلار، جەسەتىڭلار بولسا خارابىلىقتا، يولدا قالاتتى!
كۆلتېگىن بولمىغان بولسا، ھەممىڭلار ئۆلگەن بولاتتىڭلار!»
(«تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» (شىمالىي يۈزى
9 — 10 - قۇرلار) دېگەن. بۇنىڭدىن ئوغۇزلارنىڭ ھەربىي
ھۇجۇمىنىڭ شىددەتلىك بولغانلىقىنى، بەگچۇر ئوغۇزلار
ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئوغۇزلار ئولتۇراقلاشقان
جايغا تۇيۇقسىز كىرىپ، «ئۆي - ۋاقلىرىنى بۇزغان» ئوت

قويۇپ، ئۆلتۈرۈپ، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ ئىنتايىن زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «ئوغۇزلار توققۇز تاتارلار بىلەن بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ» («تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» شەرقىي يۈزى 30 — 34 - قۇر)، بەگچۇر بىلەن ئاغۇ (Aghu) (ھازىرقى ئورنى ئېنىق ئەمەس) دېگەن جايدا ئۇرۇشقان، ئوغۇز — تاتارلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، تەسلىم بولغان، مەڭگۈ تاشتا ئارقىدىنلا «ئاتام قاغان، تاغام قاغان (بەگچۇرنى كۆرسىتىدۇ، بىلگە قاغان بەگچۇرنىڭ ئاكىسى قۇتلۇقنىڭ ئوغلى. يەنى بەگچۇرنىڭ جيەنى، شۇڭلاشقا بەگچۇرنى ئاتام قاغان دېگەن). تەختتە ئولتۇرغاندا، تۆت تەرەپتىكى شۇنچىۋالا كۆپ خەلقنى تەشكىللىگەنىكەن» (يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش). بەگچۇر قاغاننىڭ ئۆلۈمى توغرىزلۇق «قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر» دە: «كەيىۋەنىنىڭ تۆتىنچى يىلى بەگچۇر يەنە بايىرقۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى، ئۇرۇش تۇرا دەرياسىدا بولدى، بايىرقۇلار مەغلۇپ بولدى. بەگچۇر غەلىبىدىن كۆرەڭلەپ، تەييارلىقسىز قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ئورمانلىقتا يوشۇرۇنۇۋالغان بايىرقۇلاردىن بولغان ئىزگىلنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئۆلدى، ۋاسساللارغا ئەلچىلىككە بارغان خاۋلىڭچۈەن بەگچۇرنىڭ كاللىسىنى پايتەختكە ئېلىپ كەلدى» دېيىلگەن. بۇنى مەڭگۈ تاشتىكى خاتىرىلەر بىلەن بىرلەشتۈرسەك، بەگچۇر ئوغۇز (بايىرقۇلار ئوغۇزلار بولۇپ، يەنى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرى ئىدى) تاتار بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، قايتىش يولىدا ئۆلگەنىدى. بەگچۇر بىلەن ئوغۇز - تاتارلار ئۇرۇش قىلغان ئاغۇ (Aghu) دېگەن جاي تۇرا دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا بولۇشى كېرەك. بەگچۇر ئۆلگەندىن كېيىن، قۇتلۇق قاغاننىڭ ئوغلى كۆل تېكىن بەگچۇرنىڭ ئوغلى ھەم ئۇنىڭ جەمەتىدا-

كىملەرنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاپ ئاكىسى بىلگەنى بىلگە قاغان قىلىپ تىكلىدى. تۈرك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بىر مەزگىل ھاكىمىيەت تالىشىپ قالايمىقانچىلىق گىردابىغا چۈشۈپ قالدى، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلە خەلقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوملۇقنىڭ قىشىدىن جەنۇبقا كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. «كونا تاڭنامە. شۆنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە بەگچۇر ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالنى مۇنداق يازغان: «ئۇنىڭ ئۇيغۇر، توڭرا، ئاقشىد، بايىرقۇ، بارغۇت قاتارلىق بەش قەبىلىسى كېلىپ بەيئەت قىلدى. چوڭ قوشۇن شىمالغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى»، «تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» دىمۇ بەگچۇر ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالنى خاتىرىلەپ مۇنداق دېگەن: «توققۇز ئوغۇز خەلقى يەر - سۇيىنى تاشلاپ تابغاچقا باردى» (شەرقىي يۈزى، 35 - قۇر). مەڭگۇ تاشتا دېيىلگەن توققۇز ئوغۇزلار شۈبھىسىزكى «كونا تاڭنامە. شۆنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە سۆزلەنگەن ئۇيغۇر قاتارلىق بەش قەبىلىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

يۇقىرىدىكىلەرنى ئومۇملاشتۇرغاندا، مىلادى 707 - يىلىدىن بولۇپمۇ، مىلادى 713 - يىلىدىن باشلاپ شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرى بەگچۇر قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ھەيۋەتلىك زور كۆرەشنى قانات يايدۇرغان. رەھىمسىز بەگچۇر قاغان ئاخىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن تۇرا خەلقى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. مىلادى 716 - يىلى بەگچۇر ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتقا كەلگەندە، شىمالدىكى 15 تۇرا قەبىلىسىنىڭ ئىچىدە موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىكى كۆرەشكە قاتناشمىغان چەت - ياقا جايلارغا جايلاشقان قورىقانلار بىلەن توباسلاردىن سىرت، قالغان 13 تۇرا خەلقىنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قوزغىلىپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغان. ئۇلار بەگچۇر قاتارلىقلار

قارلۇقلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىگە كۆچۈپ كەلگەن ياكى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ قەبىلىلىرىنى باشلاپ جەنۇبقا قېچىپ كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان.

تۇرا خەلقى كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كەڭ - كۆلەملىك كۈرەشنى قانات يايدۇرغان ۋاقىتتا، تۈركلەردىن بولغان ئادەتتىكى چارۋىچىلار (مەڭگۈ تاشتا «تۈرك خەلقى» دەپ ئاتالغان) ھەم بەگچۈرنىڭ تەتۈر يول تۇتقانلىقىغا نارازى بولغان، خەنزۇلار رايونىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلانغان ماددىي - مەدەنىيەتكە مەپتۇن بولغان تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى (مەڭگۈ تاشتا «تۈرك بەگلىرى» دەپ ئاتالغان) مۇ بەس - بەس بىلەن جەنۇبقا كۆچۈپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان.

كېيىنكى تۈرك خانلىقىدىكى ئەمگەكچى چارۋىچىلار، بولۇپمۇ قول ئورنىدا تۇرۇۋاتقان كەڭ تۇرا خەلقىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن قېچىپ تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىگە كۆچۈپ كىرىشى، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنى زور دەرىجىدە تەۋرىتىپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئېغىر كرىزىس پەيدا قىلغانىدى.

## 3. بىلگە قاغاننىڭ يېڭى سىياسىتى ۋە تۇرا خەلقىنى شىمالغا جەلپ قىلىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتۇرۇش سىياسىتى

بەگچۈرنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ تەختكە چىققان بىلگە قاغان، ئىنتايىن كەسكىن ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەنىدى.

بۇ «تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا: «مېنى قاغان قىلىپ ئولتۇرغۇزدى. مەن روناق تاپقان خەلق ئۈستىدە ئولتۇرمىدىم، (بەلكى) يېگىلى ئېشى، كىيگىلى كىيىمى يوق، يوقسۇل بىچارە خەلقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم» (شەرقىي يۈزى، 26 - قۇر) دەپ بايان قىلىنغانىدى. بۇ قۇتلۇق ۋە بەگچۇر قاغانىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تۈرك خانلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى «قۇللار قۇللۇق بولغان، دېدەكلەر دېدەكلىك بولغان) ئەھۋالىنىڭ روشەن سېلىشتۇرمىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا يۈزلەنگەن يەنە بىر خىل ئەھۋال شۇكى، قۇتلۇق ۋە بەگچۇر قاغانلار دەۋرىدە بويسۇندۇرۇلغان تۆت ئەتراپتىكى مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئارقا - ئارقىدىن مۇستەقىل بولغان ياكى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغانىدى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 211 - جىلد، شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن تۆتىنچى يىلىدا «تۈركلەرنىڭ بەگچۇر قاغانى ئۆلگەندە قۇمۇقلار، قىتانلار، بايئېرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئەل بولدى. تۈركەشلەرگە سۇلۇ (شاھكۆل ئۆلگەندىن كېيىن. سۇلۇ تۈركەش قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولغان) خان بولدى. تۈرك قەبىلىسىنىڭ كۆپ قىسمى تارقاپ كەتتى. بىلگە قاغان قىيىن ئەھۋالدا قالدى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن بىلگە قاغان تەختكە چىققاندا، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى - تاشقى جەھەتتە مۇشكۈل ئەھۋالدا قېلىپ، پارچىلىنىشقا يۈزلەنگەن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بىلگە قاغان تۈرك خانلىقىدىكى ماختاشقا ئەرزىيدىغان سىياسىئون ئىدى. يېڭى ۋە كونا «تاڭنامە» نىڭ «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» لىرىدە بۇ «رەھىمدىل، كىشىلەرگە نىسبەتەن دوستانە، مېھرىبان»، «كىشىلەر ئۇنى ياقتۇراتتى»، «قوۋملىرى ئۇنى ھىمايە قىلاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ

ئىنىسى كۆلتېگىن «ئۇرۇشقا ماھىر، تەڭدىشى يوق» («كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە») ئادەم ئىدى. خانلىقنى خەتەرلىك ۋەزىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ۋە ئىنىسى كۆلتېگىن «تۇنلىرى (خاتىرجەم) ئۇخلىمىغان، كۈندۈزلىرى (خاتىرجەم) ئولتۇرمىغان»، «ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي ئىشلىگەن» («تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» شەرقىي يۈزى 22 - قۇر). بولۇپمۇ ئۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئىلگىرىكى گۇمانىدىن ۋاز كېچىپ، بەگچۇر-نىڭ ئۈگەسىنى ئىشلەتتى. بەگچۇر ئۆلگەندىن كېيىن «ئۆلۈم-دىن كەچۈرۈم قىلىنىپ، ئەمىلىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۆز قەبىلىسىگە قايتۇرۇلغان» تۇنيۇقۇق بىلەن دۆلەت سىياستىنى ئورتاق مەسلىھەتلەشتى. بۇ ۋاقىتتا تۇنيۇقۇق 70 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما «ناھايىتى تەدبىرلىك، ياشىنىپ قالغان بول-سىمۇ ناھايىتى پاراسەتلىك ئىدى» («كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»). بىلگە قاغان ئاساسلىقى تۇنيۇقۇقنىڭ ياردىمى بىلەن تۈرك خانلىقىنى قايتىدىن كۈچەيتىش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ بىر يۈرۈش سىياسەت تەدبىرلىرىنى تۈزدى ۋە يولغا قويدى. «تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئەسەرلەرگە ئاساسلانغاندا، يېڭى سىياسەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندى-كى بىرقانچە تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى:

بىرىنچى، تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ماجىرانى بېسىقتۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسى چېگرىسىغا سەرگەردان بولۇپ كەتكەن تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى ۋە چارۋىچىلىرىنى ئەس-لىدىكى ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇپ كەلدى ھەم يېڭى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ قايتىپ كەلگەن تۈركلەر «يالىڭاچلىرى كىيىملىك، يوقسۇللىرى باي، ۋەجى ئازلىرى كۆپ ۋەجىلىك» بولدى. شۇنىڭ بىلەن «ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان خەلق (تۈرك مىللىتىنى

كۆرسىتىدۇ) قه جان كىردى» («تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» شەرقىي يۈزى 29 - قۇر).

ئىككىنچى، تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان تۈرا قەبىلىلىرىنى شىمالىي چۆللۈككە قايتۇرۇپ كەلدى، شىمالغا قايتىپ كەلگەن تۈرا قەبىلىلىرىگە نىسبەتەن، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات قىلىپ بەگچۇر قاغاننىڭ مۇستەبىتلىكىگە قارىغاندا بىر ئاز كەڭ قول سىياسەت قوللاندى. مۇشۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلاپ، ئۇلارنى ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتى.

ئۈچىنچى، تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن دوستانە سىياسەت قوللاندى. بىلگە قاغان «بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تابغاچ خەلقى بىلەن ياراشتىم» («تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» شىمالىي يۈزى 3 - قۇر) دەپ كۆرسەتكەنىدى. تارىخىي كىتابلاردىن تەكشۈرسەك، ئۇنىڭ دېگىنىنىڭ يالغان ئەمەسلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇ تەختكە چىقىپ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 717 - يىلى، شۈەنزۇڭنىڭ كەيۈەن بەشىنچى يىلى) تارمان تارقاننى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ ئات تارتۇق قىلدى ۋە «تىبەت ئەلچىسى تابغاچقا كېلىشنى خالىمايدىكەن» دېگەن ھەم قۇمۇقلار ۋە قىتانلارنىڭ ئەھۋالىنى تاڭ سۇلالىسىگە مەلۇم قىلدى. شۈەنزۇڭ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ جاۋابەن ئەلچى ئەۋەتىپ «بىلگە قاغان ئاق كۆڭۈل، ئۇۋۇلۇق - شۇملۇقتىن خالى، بىلمىدىغانلىرى كۆپ» («كىتابلار جەۋھىرى» 947 - جىلد) دېگەنىدى. بىلگە قاغان تەختكە چىقىپ 19 - يىلى، مىلادى 720 - يىلى (شۈەنزۇڭنىڭ كەيۈەن سەككىزىنچى يىلى) تاڭ سۇلالىسىگە قارايدىغان بېشبالىقنى ۋە گەنجۇ بىلەن لياڭجۇ ئىككى ئايمىقىنى پاراكەندە قىلدى، بۇنى ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ باسمى

لار بىلەن تۈرك خانلىقىغا ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان㉗ بولۇپ، روشەن مۇداپىئە خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. بۇ قۇتلۇق، بەگچۈرنىڭ دەۋرىدىكى مەخسۇس ئادەم ۋە بايلىق بۇلاش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىگە قىلىنىدىغان ھۇجۇمدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. بىلگە قاغان شۈەنزۇڭنى ئاتام، تەڭرى قاغان دېگەن ھەمدە كۆپ قېتىم تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. مىلادى 727 - يىلى (كەييۈەن 15 - يىلى) تىبەتلەر بىلگە قاغانغا بىرلىشىپ تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەندە، بىلگە قاغان رەت قىلدى ھەم ئەلچى ئەۋەتىپ بۇنى تاڭ شۈەنزۇڭغا مەلۇم قىلدى. شۈەنزۇڭ بۇنىڭغا جاۋابەن ئىلتىپات كۆرسىتىپ، غەربتىكى تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىدە «سودا - سېتىق ئورنى» قۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى. قىسقىسى، بىلگە قاغان تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈرك خانلىقىنىڭ تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىناقلىق مۇناسىۋەتنى ئورناتقانىدى.

تۆتىنچى، ئىلگىرىكى ئەتراپتىكى قارام قەبىلە ۋە دۆلەتلەر (تۈركەش، قارلۇق، قىرغىز، قىتان، قۇمۇق قاتارلىق) گە نىسبەتەن، پەقەت ئۇلار تۈرك خانلىقىغا قايتىدىن ئىتائەت قىلىش ياكى تۈرك خانلىقىغا نىسبەتەن دوستانە پوزىتسىيىدە بولسىلا، ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىغا ياكى مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويدى. مەسىلەن، قۇتلۇق ۋە بەگچۈر قاغانلار ئەتراپتىكى مىللەت ۋە دۆلەتلەرگە قوللانغان «دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىلغان، قاغانى بارلارنى قاغانىدىن مەھرۇم قىلغان، دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇرغان، تىزى بارلارنى تىزلاندۇرغان» («تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» شەرقىي يۈزى 13 - قۇر) دىن ئىبارەت، بۇ دەھشەتلىك تۈزۈمنى ئۆزگەرتىپ، «ئۇلارنى دۆلىتى بار، قاغا-

نى بارلاردىن ياخشى ياشايدىغان قىلدى» (شەرقىي يۈزى 24 - قۇر). بىلگە قاغان يەنە قۇدىلىشىش بىلەن بۇ دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى ئۆزىگە تارتتى ۋە رام قىلدى. ئۇ مەڭگۈ تاشتا: «مەن تەختكە ئولتۇرغىنىمدا، تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەرنى تەشكىللىدىم، تەرتىپكە سالدىم، ئىنتا- يىن داغدۇغىلىق توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ قىزىمنى تۈركەش قاغانىغا ياتلىق قىلدىم»، «يەنە ئىنتايىن داغدۇغىلىق توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ تۈركەش قاغانىنىڭ قىزىنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەردىم. كەنجى سىڭلىمنى ئىنتايىن داغدۇغىلىق توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ قىرغىز قاغانىغا ياتلىق قىلىپ بەردىم» (شىمالىي يۈزى 9 ÷ 10 - قۇرلار) دېگەنىدى.

بىلگە قاغان بىلەن تونيۇقۇقلارنىڭ يۇقىرىدىكى يېڭى سىياسەتلىرى ئىچىدە، ئادەم سانى كۆپ بولغان تۇرا قەبىلىلىرىنى جەلپ قىلىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتۇرۇپ، ئۇلارنى شىمالدىكى يايلاقلاردا ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقى- رىش بىلەن شۇغۇللاندۇرۇشى، تۈرك خانلىقىنى كىرىزىستىن قۇتقۇلدۇرۇش، تۈرك خانلىقىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئالاھىدە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە قانداق تەدبىرلەرنى تۈزگەن ۋە قول- لانغانلىقى توغرىسىدا بىز مەڭگۈ تاش ۋە قەدىمكى كىتابلار- دىن پارچە - پۇرات ماتېرىياللارنىلا ئۇچرىتالايمىز. تۆۋەندە بۇ پارچە - پۇرات ماتېرىياللارنى بىرئاز رەتلەپ ۋە تەھلىل قىلىپ، بۇ خىل سىياسەتنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

بىلگە قاغان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئالدى بىلەن «توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بەگلىرى ۋە خەلقى» («تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» شىمالىي يۈزى 1 - قۇر) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا

قېچىپ كەتكەن بارلىق ئەمەلدارلىرى ۋە خەلقىگە مۇراجىئەتنامە چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ شىمالدىكى ئەسلىدىكى زېمىنلىرىغا قايتىپ كېلىشنى چاقىرىق قىلدى. ئۇ شىمالغا كۆچۈپ كەتكەن تۈرك ۋە تۇرالارغا تابغاچلارنىڭ «تاتلىق سۆزلىرى» بىلەن «بايلىق ئارقىلىق ئادەمنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان» سۇيىقەستىنى ئېچىپ بەردى؛ ئۇلارنى تابغاچلارنىڭ ئالدامخالتىسىغا قايتا چۈشۈپ كەتمەسلىككە، بولۇپمۇ تابغاچلارنىڭ تاتلىق سۆزلىرى بىلەن بايلىقلىرىغا ئالدىنىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ: «ئۆتۈكەن تېغى (بۇ تاغنىڭ ئوت - سۈيىنىڭ ئاز، تۇرمۇشنىڭ جاپالىقلىقىغا قارىتىلغان) دا تۇرۇۋەرسە بولمايدۇ دەپ، جەنۇبقا كۆچمەكچى بولۇپ، تۈزلەڭلىككە قوشۇن تارتماقچى بولغان»؛ «ئەگەر تابغاچقا يىراق بولساڭلار، ناچار سوۋغا بېرىدۇ، يېقىن بولساڭلار ياخشى سوۋغا بېرىدۇ» (شىمالىي يۈزى 5 - قۇر) دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرىگە ئىشەنمەسلىكنى چاقىردى. بىلگە قاغان جەنۇبقا كۆچۈپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان تۈركلەر بىلەن تۇرالارنىڭ قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىغا ھېسداشلىق قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىيىن ئەھۋالغا قالغانلىقىنى جەنۇبقا كۆچكەنلىكىدىن بولغان دەپ قارىدى. ئۇ «سىلەر ئۆزۈڭلارنى بېقىۋاتقان قاغانلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي ھەر ەرەپكە پىتىراپ كەتتىڭلار (يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى)»، «نەتىجىدە ھالسىزلاندىڭلار، ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالدىڭلار» (شىمالىي يۈزى 4 -، 5 -، 7 - قۇرلار) دېگەنىدى. ئۇ جەنۇبقا كۆچۈپ كەتكەن تۈركلەر بىلەن تۇرالارنىڭ يولدىن ئازغانلىقىنى تونۇپ، ئۆتۈكەن تېغىغا تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

ئىككىنچىدىن، ئۇ ئىنسان كۆتۈرۈشنى پىلانلاشقا قاتناشمىغان ھەم ئىنسان كۆتۈرۈشنى پىلانلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن

ئەل بولغان ئۇرا قەبىلىلىرى (بولۇپمۇ ئۇيغۇر قەبىلىسى) نىڭ ئاقساقاللىرى ۋە يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنى خانلىقنىڭ بىر قىسىم ھوقۇق ۋە مەنپەئەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلدى. «تۈرك يېزىقىدىكى تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا: «تۈرك بىلگە قاغان تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا» (ئىككىنچى مەڭگۈ تاش، شىمالىي يۈزى 62 - قۇر) دېيىلگەن. بىلگە قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئىلخان قاغان يەنە مەڭگۈ تاشتا «ئاتام تۈرك بىلگە قاغان تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىتتا، توققۇز ئۇيغۇرلار (ئەسلى تېكىستتە Toquzohuz دېيىلگەن، سېن جۇڭمىيەنىڭكىگە ئاساسلانغاندا، توققۇز ئوغۇز دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك) نىڭ مەشھۇر بەگلىرى ۋە خەلقى ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتتى» («تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» شەرقىي يۈزى 1 - قۇر)㉘ دەپ بايان قىلغانىدى. ھەتتا ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى كۆل بىلگەنىڭ ئوغلى مويۇنچۇرنى «تۈرك خانلىقىنىڭ ئىدۇقۇتلۇقىغا تەيىنلىگەن»㉙ ئىدى. ئاتېمىز قەبىلىسىنىڭ ئاقساقلى ئاۋاسارت قۇتچۇر، ئاۋاسار سىپار، ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن بولغان ئۇيغۇر تارقان، سىرتاردۇش قەبىلىسىدىن تاردۇش كۆلچۇر، ئىزگىل قەبىلىسىدىن سىبەگ ئىۋەز كۆلچور قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تۈرك خانلىقىنىڭ «ۋەزىر»، «ئاقساقال»، «باش ئاقساقال»، «باش ئەلچى» سى بولغان ھەم ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە بارغان («كىتابلار جەۋھىرى» 975 - جىلدقا قاراڭ) ئىدى.

يۇقىرىقى پاكىتلار، ئۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسىم قەبىلە باشلىقلىرى ۋە يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ تۈرك خانلىقىدىكى ئورنى قۇتلۇق ھەم بەگچۇر قاغان دەۋرىگە قارىغاندا ھەقىقەتەن بىر ئاز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنىڭمۇ

ئېتىبارغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
ئۈچىنچىدىن، بىلگە قاغان تۈرك خانلىقىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنغان تۈرلۈك قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى، بولۇپمۇ تۈرك قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن تۈرلۈك چارۋىچىلىرىنى يەنىلا بەگچۈرغا ئوخشاش دەھشەتلىك باستۇردى. مەسىلەن، مەڭگۈ تاشتا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ خانلىق تەختكە چىققاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى چېگرىسىدىن شىمالغا قايتىپ كېلىپ تۈرك خانلىقىغا بويسۇنۇشنى رەت قىلغان «توقۇز ئوغۇزلار» (يەنى مىلادى 716 - يىلى تاڭ سۇلالىسى چېگرىدىن شىمالغا قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇر قۇلۇب، تېلەنگۇت، ھون، قۇمۇق قاتارلىق قەبىلىلەر) نى ۋەھشىيانە باستۇردى. ئەمما ئۇ بەگچۇر قاغانغا ئوخشاش ئۇسۇل قوللانمىدى. مەڭگۈ تاشتىن قارىغاندا، ئۇ دەسلەپتە بۇ بىر قىسىم ئوغۇزلارنى تۈرك خانلىقىغا بويسۇنۇش ئالدىنقى شەرتى بىلەن «ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىغا يول قويماقچى بولغان» (يەنى چەكلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا)، لېكىن بۇ ئوغۇزلارنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئەسكەر چىقىرىپ باستۇردى. مەڭگۈ تاشقا ئاساسلانغاندا، بىلگە قاغان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان يەنى ئۇ بۇ بىر قىسىم ئوغۇزلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئەسلىدىكى قەبىلىلىرى بويىچە ئويۇشۇشقا رۇخسەت قىلغان، پەقەت ئاز بىر قىسىم تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغانلارنى ئۆلتۈردى «تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» (شەرقىي يۈزى 35 — 37 - قۇرلار). ھالبۇكى بەگچۇرنىڭ دەۋرىدە تۈركلەر «ئازلار» (يەنى بايىر قۇلار) نى باستۇرۇپ، «ئاز خەلقنى يوقاتقان» («تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» شىمالىي يۈزى 3 - قۇر) ئىدى. ئاتېيىزلارغا ھۇجۇم قىلىپ «ئاتېيىزلارنى يوقاتتى»

(يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش 6 - قۇر)؛ توغرا تېگىن مازىرىدا توغرالارنى قورشىۋېلىپ «پۈتۈنلەي يوقاتتى» (يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش 7 - قۇر)؛ ئازغانتى - قاداز (Azganti — qadaz) دا ئوغۇزلارغا ھۇجۇم قىلىپ، «ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى» (يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش 8 - قۇر). بىلگە قاغان بويسۇندۇرۇلغان تۇرا خەلقىنى توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشقا رۇخسەت قىلىپ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ باش جىنايەتچىلىرىنى ۋە ئاز ساندىكى ئاخىرىغىچە دۈشمەنلەشكەنلەرنى جازالىغانىدى. بۇ كەڭ تۇرا چارۋىچىلىرىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا روشەن ئارتۇقچىلىققا ئىگە ئىدى.

دېمەك، يۇقىرىدىكى تۇرالارنى جەلپ قىلىپ، شىمالغا قايتۇرۇپ كېلىش سىياسىتى، ئاساسلىقى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى ۋە يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنى سېتىۋېلىش ۋە ئۆزىگە تارتىش بىلەن چەكلەنگەنىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرالار ئىچىدىكى قۇلدارلار ئىدى، شۇڭلاشقا بۇ خىل سىياسەتنىڭ سىنىپىي تامغىسى ناھايىتى روشەنىدى. لېكىن بۇ خىل سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن مالىمانچىلىق ئامىللىرى ئازىيىپ، تۈرك خانلىقىنىڭ ئاددىي تۇرا چارۋىچىلىرى ئۈستىدىكى ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمىنى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيتتى.

يېڭى سىياسەتنى يولغا قويۇشنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسى مەڭگۈ تاشتىكى سۆز بويىچە ئېيتقاندا «تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەرنىڭ ئورتاق تىنچلىقىنى قوغداش» («تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» شىمالىي يۈزى، 10 - قۇر) بولدى. مىلادى 682 - يىلى قۇتلۇق دۆلەتنى قايتىدىن

قۇرغاندىن باشلاپ ئون يىلدىن ئارتۇقراق داۋاملاشقان سىرتقا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار بىلگە قاغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن ئاساسەن ئاخىرلاشتى، تۈرك خانلىقى ئىچىدىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىدا مۇقىملىق ۋە بەزى ياخشىلىنىشلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بىلگە قاغان «مەن تەختكە ئولتۇرغىنىمدا ئۆلگۈدەك ھەسرەتتە قالغان تۈرك بەگلىرى ۋە تۈرك خەلقى ئىنتايىن سۆيۈنۈپ ئۇلارنىڭ جانسىز كۆزلىرىگە جان كىردى» (شەرقىي يۈزى 2 - قۇر) دېگەنىدى. جەنۇبقا كۆچكەن ياكى كۆچسىمۇ بىلگە قاغان تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە. شىمالغا قايتىپ كەلگەن بىر قىسىم تۇرا ئاقساقاللىرى ۋە خەلقنىڭ ئەھۋالىدىمۇ ياخشىلىنىش بولدى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، بىلگە قاغانىنىڭ يېڭى سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشى تاڭ سۇلالىسىدە تۇرۇپ قالغان تۇرا خەلقىگە بولۇپمۇ تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىغا ۋە سانغۇنلىرىغا نىسبەتەن، تەبىئىيكى ناھايىتى زور قىزىقىش پەيدا قىلدى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 211 - جىلد، كەييۈەنىنىڭ تۆتىنچى يىلىدىكى ماددىسىدا: «تۈركلەرنىڭ ئەل بولغان ئاھالىلىرى دەريا بويلىرىدا تۇراتتى، بىلگە قاغانىنىڭ تەختكە چىققانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى كۆپ قىسمى قايتىپ كەتتى» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى «تۈركلەرنىڭ ئەل بولغان ئاھالىلىرى» تۈرك خانلىقىدىن جەنۇبقا كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان ئاھالىلەر، تۇرالارنىڭ ئەل بولغان ئاھالىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. دەرۋەقە ئۇلار بىلگە قاغانىنىڭ يېڭى سىياسىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتكەنىدى.

## 4. تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى تۇرالارنىڭ جايلىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىش سەۋەبلىرى بىلەن جەريانى

تۈرك خانلىقى قايتا قۇرۇلغاندىن مىلادى 716 - يىلى بەگچۇر قاغان قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن تۇرالار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر، شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ ساندىكى چارۋىچىلىرى قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە سەركەردىلىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، جەنۇبقا بېرىپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانىدى. ئۇلار تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالى ۋە شىمالىي قىسمىدىكى بەش رايوندا (لياڭجۇ، لىڭجۇ، شياجۇ، فىڭجۇ، بىڭجۇ ئايماقلىرىدا) توپلىشىپ ئولتۇراقلاشتى. توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، تاڭ سۇلالىسى گاھىدا ئۇلارنىڭ جېڭگۈەن يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى مەھكىمە، ئايماق نامىنى شۇ بويىچە قوللىنىشقا رۇخسەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرىنى، سەركەردىلىرىنى تۇتۇق، ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، بۇلارنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۇ جايلاردىكى مەھكىمە ئايماقلىرىنىڭ دورغاپلىرى ئارقىلىق بىر تۇتاش باشقۇردى ياكى ئۇلارنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى چېگرا قورۇللىرىدا تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇپ، قەبىلە ئاقساقاللىرى بىلەن سەركەردىلىرىگە ھەربىي خىزمەتلەرنى بېرىپ، ھەربىي قورغانلار ئارقىلىق باشقۇردى. ئالدىنقىسى ياكى كېيىنكىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان بارلىق تۇرالارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي

چېگرىسىنى قوغداپ بېرىش ۋە تۈرك خانلىقىنىڭ جەنۇبقا
باستۇرۇپ كىرىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىدى.
بۇ يەردە شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش كېرەككى، كېيىن-
كى تۈرك خانلىقى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن
قەبىلە تەشكىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويمىغاچ-
قا ۋە تۇرا قەبىلىلىرىگە نىسبەتەن بۆلۈپ ئىدارە قىلىش
سىياسىتىنى يولغا قويغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرالارنىڭ
كۆپىنچىسى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئوخشاش بولمى-
غان جايلاردىن تۈركۈم-تۈركۈملەپ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن ئايرىل-
غاچقا، ئوخشاش بىر قەبىلىدىكى تۇرالارنىڭمۇ قۇملۇقتىن
ئۆتۈپ تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان ۋاقتى بىلەن ئورۇنلىرى-
مۇ ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر قەبىلىسى
مىلادى 683 — 684 - يىللىرى گەنجۇ بىلەن لياڭجۇغا
كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، كېيىن تاڭ سۇلالىسى
تەرىپىدىن لياڭجۇغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، لياڭجۇ تۇرالىرىنىڭ
بىر قىسمىغا ئايلانغانىدى؛ مىلادى 713 - يىلى تاڭ سۇلالى-
سىگە بەيئەت قىلغان تۇرالار، تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن
لىڭجۇغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، لىڭجۇ تۇرالىرىنىڭ بىر قىسمىغا
ئايلاندى؛ مىلادى 716 - يىلى لىڭجۇغا كېلىپ تاڭ سۇلالى-
سىگە بەيئەت قىلغان تۇرالار تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن داۋۇ
قورۇلىنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىڭجۇ تۇرالىرىنىڭ
بىر قىسمىغا ئايلاندى. مەسىلەن، يەنە خۇن
قەبىلىسىنى ئالساق، ئۇلار لياڭجۇ تۇرالىرىنىڭ
ئىچىدىمۇ ھەم لىڭجۇ تۇرالىرىنىڭ ئىچىدىمۇ بار ئىدى.
بۇنداق ئوخشاش قەبىلىلەرنىڭ ئوخشاشمىغان جايىدا جايلى-
شىش ئەھۋالى باشقا تۇرا قەبىلىلىرى ئىچىدىمۇ دائىم
كۆرۈلۈپ تۇراتتى. تۇرالار كۈچلۈك قەبىلە ۋە ئۇرۇق ئۇقۇمىغا
ئىگە مىللەت، ئۇلار ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ۋە قىيىنچى-

كېتىش سەۋەبىدىن ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان بولسىمۇ، ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان ئەسلىدىكى قەبىلە بىلەن ئۇرۇقنىڭ نامىنى ئۇنتۇمىغان ۋە تاشلىۋەتمىگەنىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى-نىڭ جايلىشىشى بىلەن ئۇلارنىڭ شىمالغا قايتىش مەسىلى-سىنى تۆۋەندىكىدەك ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىمىز.

### (1) تۇرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىدە جاي-لىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ قەبىلە تەشكىلى

لياڭجۇ تۇرالىرى جەمئىي تۆت قەبىلە بولۇپ، ئۇلار: ئۇيغۇر، چۇبە، ھون، ئىزگىلدىن ئىبارەت. «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە ۋۇزېتيەن دەۋرىدە تۇرالاردىن «ئۇيغۇر، چۇبە، ئىزگىل، ھونلار گەنجۇ بىلەن لياڭجۇغا كۆچۈپ باردى» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ ۋۇزېتيەنىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە بۇ تۆت قەبىلە «قوماۇقتىن ئۆتۈپ گەنجۇ بىلەن لياڭجۇ ئارىلىقىغا كۆچۈپ باردى» دېيىلگەن. لېكىن «يېڭى تاڭنامە. ۋاڭ جۇنچۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا كەيىۋەن يىللىرىدا «لياڭجۇدا ئۇيغۇر، چۇبە، ئىزگىل، ھون قاتارلىق تۆت قەبىلە بار ئىدى» دېيىلگەن. يەنى دېمەك ئۇيغۇر قاتارلىق تۆت قەبىلە گەنجۇ بىلەن لياڭجۇدىن ئىبارەت ئىككى ئايماقتا ماكانلاشقان، كېيىن ماكانلاشقانلار ئاستا - ئاستا شەرققە سۈرۈلۈپ كەيىۋەن يىللىرىغا كەلگەندە تۆت قەبىلىنىڭ ھەممىسى لياڭجۇ دائىرىسىگە توپلانغانىدى.

گەنجۇ بىلەن لياڭجۇ تۇرالىرىنىڭ كەيىۋەن يىللىرىدىن ئىلگىرىكى ئىش - ئىزلىرى تارىخىي كىتابلاردا كەمدىن - كەم خاتىرىلەنگەن. كەيىۋەننىڭ ئىككىنچى يىلى گۇجيۇن، كەيىۋەننىڭ توققۇزىنچى يىلى (مىلادى 721 - يىلى) ۋاڭ

جۇنچىيۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خېشى، لوڭيۇ ھىراۋۇلى، لياڭجۇنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەنگەن ۋاقىتتا. لياڭجۇ چېگرىسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى «خانگاي ئۇلۇغ تۇتۇقى ئۇيغۇر ئوگتېبېر» دەپ ئاتالغانىدى؛ چۇبە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى «قۇلان تۇتۇقى چۇبەچىمىر» دەپ ئاتالغانىدى؛ ئۈزگىل قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى «لۇشەن تۇتۇقى، ئۈزگىل بەيئەتچى» دەپ ئاتالغانىدى؛ پەقەت ھون قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىلا «ئۇلۇغ پەزىلەتلىك ھون» دەپ ئاتالغان بولۇپ، «ئۇلۇغ تۇتۇق» ياكى «تۇتۇق» دېگەن ئەمەل نامى يوق ئىدى. جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى تاڭ سۇلالىسى شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ئارىسىدا مەھكىمە ئايماق تەسىس قىلىنغان ۋاقىتتا، ئۇيغۇر قەبىلىسى خانگاي تۇتۇق مەھكىمىسىگە تەۋە بولدى؛ چۇبە قەبىلىسى دەسلەپ يۇشى ئايمىقىغا، يۇڭۋېينىڭ تۆتىنچى يىلىدىن كېيىن قۇلان تۇتۇق مەھكىمىسىگە تەۋە بولدى؛ ئۈزگىللار لۇشەن تۇتۇق مەھكىمىسىگە تەۋە بولدى؛ ھون قەبىلىسى دەسلەپتە گاۋلەن ئايمىقىغا تەۋە بولدى، يوڭۋېينىڭ ئۈچىنچى يىلى گاۋلەن تۇتۇق مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ئۇيغۇر، چۇبە، ئۈزگىللارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ تۇتۇق دەپ ئاتالغان مىساللارغا ئاساسلانغاندا، ھون قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئۇلۇغ پەزىلەتلىك ھونمۇ تۇتۇق دەپ ئاتىلىشى كېرەك ئىدى. ئېھتىمال ئۇلۇغ پەزىلەتلىك ھوننىڭ ئالدىدىكى «گاۋلەن تۇتۇقى» دېگەن بىرقانچە خەت چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن تۆت قەبىلە جەنۇبقا كۆچۈپ گەنجۇ بىلەن لياڭجۇغا كەلگەندىن كېيىن يەنىلا تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى بىلەن مەرتىۋىلىرىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

«كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى Ⅲ» نىڭ لياڭجۇدىكى تۇتۇق مەھكىمىلەر ماددىسىدا «تۈيغۇن قەبىلىسى،

شىڭشى قەبىلىسى، گېمېن مەھكىمىسى، گاۋلەن مەھكىمىسى، لۈشەن مەھكىمىسى، جىنشۈي ئايمىقى، دەيلىن ئايمىقى، قۇلان ئايمىقى قاتارلىق سەككىز ئايماقتا ناھىيە تەسىس قىلىنمىغان، تۇيغۇن، چۇبە، ئىزگىل قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە» دېيىلگەن. «سەككىز ئايماق مەھكىمىسى» نى «سەككىز مەھكىمە ئايماق» دېيىش خاتادەك قىلىدۇ؛ يەنە تۇيغۇن، شىڭشىلار ئايماق دېيىلمىگەن، ئۇنىڭ تۆۋەنىدىكىلەر «گېمېن مەھكىمىسى» قاتارلىق دەپ داۋاملاشتۇرۇلغان سەككىز ئايماقنىڭ سانى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تۇيغۇن، شىڭشىلارنىڭ كەينىدىكى «مەھكىمە» دېگەن سۆز چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي كىتابلاردا تۇيغۇن بەزى ۋاقىتتا ھون قەبىلىسى دەپمۇ يېزىلغان. تۇيغۇن تېز ئوقۇلغاندا ھون سۆزىگە يېقىن كېلىدۇ. ھون قەبىلىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى تو (吐) لو (落) سۆزلىرى خېتىگە قاراپ تەبىر بەرگۈچىلەر تەرىپىدىن كەلسە ـ كەلمەس قوشۇپ قويۇلغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇ يەردىكى تۇيغۇن قەبىلىسى ھون قەبىلىسىنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى ياكى خاتا تەرجىمىسى بولسا كېرەك㉚. شىڭشى دېگەن سۆزدىكى «يۇ» سۆزى خاتا ھالدا «شىڭ» دەپ يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. «شىڭشى» نىڭ «يۇشى» غا ئوخشاپ كېتىشى چۇبە قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا تەسىس قىلىنغان يۇشى ئايمىقىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدەك قىلىدۇ㉛. جىنشۈي، يەنى ئۇيغۇر قەبىلىسى ئولتۇراقلاشقان جىنخې دەرياسى بولۇپ، جىنشۈي ئايمىقى ئۇيغۇرلار رايونىدا تەسىس قىلىنغان بولۇشى كېرەك㉜. جېنگۇەن يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدا تەسىس قىلىنغان مەھكىمە ئايماقلىرىنىڭ نامىغا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىدىكى

سەككىز مەھكىمە ئايماقىنىڭ ئىچىدە كېيىن ئايمىقىغا تۇرا قەبىلىلىرـ
ىنىڭ قايسى قەبىلىسىنىڭ تەۋە ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغانـ
دىن سىرت، قالغان يەتتە مەھكىمە. ئايماقىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر قەبىلىسى
جىنشۇي ئايمىقىغا تەۋە؛ چۇبە قەبىلىسى بىلەن شىبىڭ (يۇ)
شى قەبىلىسى قۇلان ئايمىقىغا تەۋە؛ ئىزگىل قەبىلىسى لۇشەن
مەھكىمىسى بىلەن دەيلىن ئايمىقىغا تەۋە؛ ئۇيغۇرلار بىلەن
ھون قەبىلىسى گاۋلەن ئايمىقىغا تەۋە ئىدى. ئۇلار يەنىلا
ئەڭ بۇرۇن گەنجۇ بىلەن لياڭجۇغا كۆچكەن تۆت قەبىلە
دەپ ئاتالغانىدى. جىنشۇي ئايمىقىدا خانگاي مەھكىـ
مىسى يوق ئىدى، بەلكى قۇلان مەھكىمىسى قۇلان ئايمىقى
دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ئىدى.
بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بولسىمۇ ئەمما بۇ سەككىز
مەھكىمە ئايماق، ئايرىم ـ ھالدا تۇرالارنىڭ تۆت
قەبىلىسىگە تەۋە بولۇپ، «كونا تاڭنامە. ۋاڭ جۇنچۇنىڭ
تەرجىمىھالى» دا خاتىرىلەنگىنى بىلەن بىردەك ئىدى.

لياڭجۇ تۇرالىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى
ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىز يەنە لياڭجۇ تۇرالىرى ئىچىدىكى
چۇبە قەبىلىسى ھەم بۇ قەبىلە ئارىسىدا تەسىس قىلىنغان
قۇلان ئايمىقى (مەھكىمىسى) نىڭ تەرەققىيات جەريانىنى
تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بايان قىلىشىمىز كېرەك.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تاڭ سۇلالىسى ئەڭ بۇرۇن
گەنجۇ بىلەن لياڭجۇدا ئولتۇراقلىشىشقا رۇخسەت قىلغانلار،
چۇبە قالى باشچىلىقىدىكى چۇبە قەبىلىسىنىڭ 6000 تۈتۈن
ئاھالىسى بولۇپ، بۇ ۋاقىت جېنگۇەننىڭ ئالتىنچى يىلى يەنى
مىلادىنىڭ 632 ـ يىلى ئىدى. مىلادى 642 ـ يىلى سىرـ
تاردۇشلارنىڭ قاغانى يانۇن قالىنىڭ ئانىسى گۇساڭ خاتۇن
بىلەن ئىنىسى سىرامانىنى قەبىلىسىدىن يۈز ئۆرۈپ شىمالغا
بېرىشقا قىزىقتۇرغاچقا، ئۇلار شىمالدىكى چۇبە ئېركىن باش

چىلىقىدىكى باشقا بىر تارماقتىكى چۇبە قەبىلىسىگە بېرىپ قوشۇلدى. مىلادى 646 - يىلى چۇبە قالىنىڭ «لىڭجۇ قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ تاردۇشلارغا ھۇجۇم قىلغان» («كىتابلار جەۋھىرى» 991 - جىلد) لىق ھەققىدىكى خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا گەنجۇ بىلەن لياڭجۇدا قېپقالغان چۇبە قەبىلىسىدىكى كىشىلەرنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز (ياكى پۈتۈنلەي يوق دېيەرلىك) ئىكەنلىكى مەلۇم، شۇڭا قالى ئۆز قەبىلىسى (چۇبە قەبىلىسى) نىڭ قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلمىغان (لياڭجۇ لەشكەرلىرى يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەھكىمە ئەسكەرلىرى) ئىدى. مىلادى 647 - يىلى تەيزۇڭ شىمالدىكى چۇبە قەبىلىلىرى ئارىسىدا يۇشى ئايمىقىنى تەسىس قىلىپ، چۇبە ئېركىنىنى ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ئايماق يەنىرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارايتتى. مىلادى 653 - يىلى يۇشى ئايمىقى قۇلان مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا يەنىرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىدى. ئۇنىڭ ئورنى شۈبھىسىزكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئىدى. مىلادى 650 - يىلى تاڭ گاۋزۇڭ چۇبە غالىنىڭ ئوغلى چۇبە مىرنى يۇياڭ ناھىيىسىگە تۇنجىبەگ قىلىپ تەيىنلىدى (يۇياڭ ناھىيىسى ھازىرقى خېبېيدىكى جىشيەن ناھىيىسى)؛ مىلادى 651 - يىلى غەربىي تۈركلەردىن بولغان ئاشىناقۇلنى جازالاش يۈرۈشىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن گاۋزۇڭ چۇبە غالىغا چىڭ بېگلىك ئۇتۇغاتىنى (قەدىمكى چىڭ بەگلىكى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى شېن ۋېن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) بەردى. «كوناتاڭنامە. گاۋزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە (شيەنچىڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) مىلادى 659-يىلى «چىڭ بېگى چۇبە قالى» دەپ تىلغا ئېلىنغانلىقى، «كونا تاڭنامە. چۇبە غالىنىڭ تەرجىمھالى» دا 668 - يىلى (زۇڭجاڭنىڭ تۇتىنچى يىلى) گە كەلگەندە

چۇبە غالىنىڭ كورىيىگە يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىدا پىخنىيالدا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن «قورغان قوشۇنىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى، سول قول باسقاقبەگ مەھكىمىسىنىڭ يۈرۈشتىكى سانغۇنلۇقىغا قوشۇمچە لياڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن» لىكى ئېيتىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىلادى 642 - يىلى گەنجۇ بىلەن لياڭجۇدىكى چۇبە قەبىلىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ، شىمالغا كەتكەندە چۇبە قالى لياڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىنىشتىن بىر يىل ئىلگىرى يەنى مىلادى 667 - يىلىغىچە لياڭجۇدا چۇبە غالى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغاندا باشلاپ كەلگەن چۇبە قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرىنىڭ قالمىغانلىقىنى، چۇبە قالىنىڭ ئائىلىسىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىنىڭمۇ لياڭجۇدا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىلادى 653 - يىلى تاڭ سۇلالىسى يۈشى ئايىمىقىنى قولان تۇتۇق مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتكەندە، چۇبە قالىنىڭ ئىنىسى سىرامانى تۇتۇقلۇققا تەيىنلىدى. سىرامانىنىڭ تۇتۇقلۇققا تەيىنلىنىشى، شىمالدىكى چۇبەلەرنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئەسلىدىكى شىمالدىكى چۇبە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى چۇبە ئېركىنىنىڭ جەمەتىدىن چۇبە غالى جەمەتىگە ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سىرامانىنىڭ قايسى ۋاقىتتا قولان تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەنگەنلىكى تارىختا ئېنىق ئەمەس. مىلادى 661 — 663 - يىللىرى شىمالدا ئۇيغۇر قەبىلىسى باشچىلىق قىلغان توققۇز تۇرالارنىڭ چوڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى، چۇبە قەبىلىسى شۈبھىسىزكى، تاڭ سۇلالىسىگە قارشى بۇ قېتىمقى كۆرەشكە قاتناشقانىدى. سىرامانىنىڭ بۇ قېتىمقى كۆرەشكە نىسبەتەن زادى قانداق پوزىتسىيە تۇتقانلىقى نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاكىسى چۇبە غالى بۇ قېتىمقى «قالايمىقانچىلىق» نى تىنچىتىشتا تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەنىدى. مىلادى 664 -

يىلى تاڭ گاۋزۇڭ چۇبە غالىنىڭ ئوغلى چۇبە مىرنى سول قول نۆكەرلەر ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنلۇقىغا قوشۇمچە قولان ئايمىقى (مەھكىمىسى) نىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەنگەنىدى، بۇۋەقە شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، بۇ ۋاقىتتا شىمالدىكى چۇبە قەبىلىسىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى سىرامان جەمەتىدىن غالى جەمەتىگە ئۆتكەنىدى. مىلادى 688 - يىلى (زۇڭجاڭنىڭ تۇنجى يىلى) غالى چىڭ بەگلىكىدىن لياڭ بەگلىكىگە يۆتكەلدى. بۇ چۇبە مىرنىڭ قولان تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى لياڭجۇدىن شىمالدىكى چۇبەلەر ئارىسىدا تەسىس قىلىنغان قولان مەھكىمىسىگە بېرىشتا ئېرغۇنا كۆلى ئارقىلىق شىمالغا مېڭىپ بىۋاسىتە قومۇلقتىن ئۆتىدىغان يولدىن، چىڭ بەگلىكى خېلىلا يېقىن ئىدى. چۇبە قالى لياڭجۇغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، چۇبە مىر شىمالدىكى قولان مەھكىمىسى بىلەن لياڭ- جۇ ئارىلىقىدا بېرىپ - كېلىپ تۇرۇشى تەبىئىي ئىدى. لياڭجۇ بولسا خېشى ئارىلىقىدىكى ئاۋات جاي بولغاچقا، چۇبە مىر ئۆزىنىڭ ئەمىلىنى دادىسىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى بولغان لياڭجۇغا يۆتكەپ شىمالدىكى چۇبە قەبىلىسى- گە يىراقتا تۇرۇپ باشچىلىق قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ لياڭجۇغا تەۋە چۇبە غالىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى بولغان لياڭ بەگلىكى يەنىرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمە- سى قارىمىقىدىكى چۇبە مىرنىڭ قولان مەھكىمىسى بىلەن ئاستا - ئاستا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. 683 — 684 - يىللىرىغا كەلگەندە شىمالدىكى ئۇيغۇر، چۇبە، ئىزگىل، ھون قەبىلىلىرى جەنۇبقا كۆچۈپ گەنجۇ بىلەن لياڭجۇغا كەلگەندە، بۇ خىل شەكىل جەھەتتىكى بىرلىك ماھىيەت جەھەتتىكى بىرلىككە ئايلاندى. تارىخچىلار قولان مەھكىمىسىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، غالىنىڭ لياڭ بەگلىكىنىڭ

بىكىلىكىگە يۆتكەلگەن يىلى (زۇڭجاڭنىڭ تۇنجى يىلى، مىلادى 668 - يىلى) نى خاتا ھالدا، قۇلان مەھكىمىسىنى لياڭجۇ مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان يىل دەپ قۇلان مەھكىمىسى ھەم لياڭجۇ مەھكىمىسىدىكى تۇرا مەھكىمە ئايماقلىرىنىڭ ھەممىسى زۇڭجاڭنىڭ تۇنجى يىلىدىن باشلاپ لياڭجۇ مەھكىمىسىگە تەۋەبولغان يىل دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى VII» نىڭ قارام ئايماق لوڭخىي ۋىلايىتى ماددىسىدا لياڭجۇدىكى تۇرا مەھكىمە ئايماقلىرى «دەسلەپ يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە تەۋە ئىدى. زۇڭجاڭنىڭ تۇنجى يىلىدىن باشلاپ لياڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىگە قاراشلىق قىلىندى، دەپ كۆرسىتىلگەن. باشتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك لياڭجۇ تۇرالىرىدىن بولغان ئۇيغۇر، چۇبە ئىزگىل ھون قاتارلىق تۆت قەبىلە مىلادى 684 — 863 - يىللىرى شىمالدىن كۆچۈپ كەلگەنىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ تۆت قەبىلە ھەم ئۇلار ئارىسىدا قۇرۇلغان مەھكىمە ئايماقلارنىڭ ھەممىسى شىمالدا بولۇپ، ھەممىسى يەنرەن (كېيىن خانگاي قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە، كېيىن يەنە ئەنبېي قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن) قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارايتتى. يۇقىرىدىكى «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە دېيىلگىنى يېڭى، كونا «تاڭنامە» دە خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇر، چۇبە، ئىزگىل، ھونلارنىڭ گەنجۇ - لياڭجۇغا كۆچۈپ كەلگەن ۋاقتىغا ماس كەلمەيلا قالماستىن بەلكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەرقانداق بىر كىتابتىن بۇنىڭغا قوشۇمچە دەلىل تاپقىلى بولمايدۇ.

قىسقىسى، لياڭجۇ مەھكىمىسىدىكى تۇرالارنىڭ تۆت قەبىلىسى كېيىنكى تۈرك خانلىقى دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە قۇتلۇقنىڭ كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شىمالدىن كۆچۈپ

كەلگەنىدى. تۆت قەبىلىنىڭ ئىچىدىكى چۆبە قەبىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرى (تۇتۇقلىرى) چۆبە قەبىلىسىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قەبىلىدىكى خەلقنىڭ ھەممىسى جېنگوۋەننىڭ ئالتىنچى يىلى چۆبە غالى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغاندا باشلاپ كەلگەن بۇرۇنقى قەبىلىلەر ئەمەس ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە گەنجۇ بىلەن لياڭجۇدا ئىزچىل ئولتۇراقلاشمىغانىدى. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شىمالدىن كۆچۈپ كەلگەن (چۆبە قالى، چوبەمىر قاتارلىق ئاز ساندىكى يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ لياڭجۇ مەھكىمىسىگە كۆچۈپ كەلگەن ۋاقتى بۇنىڭدىن سەل بۇرۇنراق)ئىدى.

**لىڭجۇ تۇرالىرى** لىڭجۇ تۇرالىرى جېنگوۋەن يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغانىدى. «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى I» نىڭ لىڭجۇ باش تۇتۇق مەھكىمىسى ماددىسىدا: «جېنگوۋەننىڭ 20 - يىلى تۇرالار ئەل بولغاندا گاۋلەن، گاۋلى، چىلىيەن قاتارلىق ئۈچ ئايماق تەسىس قىلىنىپ، لىڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىگە قارايدىغان قىلىپ ئايرىپ بېرىلدى. يوڭخۇينىڭ تۇنجى يىلى گاۋلەن قاتارلىق ئۈچ ئايماق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى» دېيىلگەن. سېن جوڭمىيەن گاۋلىنى گاۋچۇ ئايمىقىنىڭ خاتا ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن ㉝ دەپ گۇمان قىلىدۇ. «تۇرالار ئەل بولغاندا» ئۈچ ئايماق تەسىس قىلىندى دېگەن بۇ سۆزگە ئاساسلانغاندا بۇ ئۈچ ئايماق تۇرالارنىڭ ئايماقلىرى بولۇپ، گاۋلى ئايمىقى دېيىشكە بولمايدۇ، سېن جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ قارىشى ئورۇنلۇق، بۇ ئۈچ ئايماق تەسىس قىلىنىپ، ياندۇرقى يىلى (جېنگوۋەننىڭ 21 - يىلى) 1 - ئايدا تاڭ سۇلالىسى شىمالدىكى تۇرالار رايونىدا ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماق تەسىس قىلىنغانىدى. ئالتە مەھكىمە يەتتە ئايماق ئىچىدە گاۋلەن

مەھكىمىسى ۋە گاۋچۇ ئايمىقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھون، قوشۇر قەبىلىلىرى رايونىدا تەسىس قىلىندى. چىلىيەن ئايمىقى «سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى» ئارىسىدا تەسىس قىلىندى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا لىڭجۇدىكى. تۇرالارنىڭ ئۈچ ئايمىقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھون، قوشۇر ۋە تاردۇشلارنىڭ بىر قىسىم قەبىلىلىرى ئارىسىدا تەسىس قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۈچ ئايماقتىكى تۇرا قەبىلىلىرى سىرتاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولغان ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغانىدى. بۇ روشەنكى شىمالدىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قالايمىقانچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنغان بولۇش ئېھتىماللىقىمۇ ناھايىتى يېقىن، سىرتاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى شىمالدىكى ھون، قوشۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئايرىم - ئايرىم گاۋلەن، گاۋچو، چىلىيەن قاتارلىق ئۈچ مەھكىمە، ئايماقنى تەسىس قىلدى. بۇ ئېھتىمال مەھكىمە، ئايماق ناملىرىنىڭ تەكرارلاشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن بولسا كېرەك. شۇڭا گاۋزوڭ تەختكە چىقىپ تۇنجى يىلى يارلىق چۈشۈرۈپ بۇ ئۈچ ئايماقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەنىدى، لېكىن بۇ ئۈچ ئايماقتىكى خەلق شىمالغا قايتماي يەنىلا لىڭجۇ تەۋەسىدە تۇرۇپ قېلىپ، لىڭجۇ ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانىدى.

«كونا تاڭنامە. سۇي جىۋېننىڭ تەرجىمھالى» دا گاۋزوڭنىڭ لىندې (لىندې يىلنامىسى جەمئىي ئىككى يىل داۋام قىلغان بولۇپ، مىلادى 664 - يىلىدىن 665 - يىلىغىچە ئىدى) يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سۇي جىۋېن لىڭجو تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ئەمىر - لەشكەرلىكىگە تەيىنلەنگەن ۋاقىتتا «ئايماق دائىرىسىدە ھون، قوشۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئون مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادىمى بار» ئىدى، پۇقرالار ئۇلارنىڭ «بۇلاڭ-

تالاڭ قىلىنىشى» دىن قورقۇپ «دېھقانچىلىقنى تاشلاپ ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشنى ئۆگەنگەن» ئىدى. سۇي جەۋسىن ئوردىغا «خېبېي» (لىڭجۇ تەۋەسىدىكى خۇاڭخېنىڭ شىمالىدا، ھازىرقى نىڭشيانىڭ يىڭچۈەن، چىڭتوڭشيا ۋە ئىچكى موڭغۇل-نىڭ ئالاشەن خوشۇنى ئەتراپى) غا يۆتكىلىش توغرۇلۇق مەكتۇپ سۇنغانىدى. بۇ يەردىكى ھون، قوشۇرلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جېنگۇەن يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا لىڭجۇدا ماكانلاشقان ھون، قوشۇرلار بولۇشى كېرەك. «سۇي جەۋىنىڭ تەرجىمھالى» دا خاتىرىلەنگەن. ئۇلارنىڭ خېبېينىڭ شىمالىغا كۆچكەندىن كېيىن «چارۋا مەي-دانلىرىنىڭ مۇنبەت، ئوت سۈيى ئۆكسىمىگەن، قەبىلىلەر-نىڭ كۈندىن - كۈنگە روناق تاپقان» لىقىدىن قارىغاندا، ئۇلار بۇ يېڭى زېمىندا قانچىلىق ۋاقىت تۇرغانلىقى، كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى تارىخىي كىتابلاردا تولۇق خاتىرىلەنمىگەن. بىراق كېيىنكى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە بەگچور چوڭ قوشۇننى باشلاپ كۆپ قېتىم لىڭجودا دەريادىن ئۆتۈپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ لوڭيۇ، لىڭجو ئايماقلىرىغا ھۇجۇم قىلغانىدى. لىڭجونىڭ خېبېي دېگەن جايدىكى ھونلار بىلەن قوشۇرلارنىڭ يايلاقلىرى تۈركلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان بولۇشى كېرەك. بۇ بۆلەك تۇرالارمۇ ئېھتىمال تۈركلەر تەرىپىدىن شىمالغا ھەيدەپ كېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

تۇرا قەبىلىلىرى مىلادى 713 - يىلى (كەيزەننىڭ تۇنجى يىلى) شىمالدىن يەنە بىر قېتىم كەڭ كۆلەمدە لىڭجو دائىرىسىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغانغا ئوخشاش، شۇ يىلى شىمالدىكى تۇرالاردىن تېلەنغۇت، ھونە قومۇق، ئاتېمىز ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ كۆلىبىي جەمەتى قاتارلىق قەبىلىلەردىكى قىسمەن قەبىلىلەر كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ

ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ جەنۇبقا قېچىپ كېلىپ تاڭ
سۇلالىسىگە ئەل بولدى. ئۇلار دەسلەپ تەيبۇەنىڭ شىمالـ
دىكى تەڭرىقۇت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى (ھازىرقى ئىچكى
موڭغۇلدىكى ھۆرىنگېرنىڭ شىمالى)نىڭ تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشتى.
تەڭرىقۇت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن قورۇقـ
چىبېگى جاڭ جىيون «ئۇلارنى قوراللىرىنى پۈتۈنلەي تاپشۇـ
رۇپ دەريانىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈشكە بۇيرۇغان» («كونا تاڭناـ
مە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە») ئىدى. تاڭ سۇلالىسى شۇ يىلى
ئۇلارنىڭ رايونلىرىدا شەرقىي گاۋلەن (ھون)، يەنرەن (تىلەنـ
غۇت)، يەنشەن، جىلۇ (قۇمۇق)، كۆلبېي (ئۇيغۇرنىڭ كۆلبېي
ئۇرۇقى) قاتارلىق لىڭجۇ ئايمىقىغا تەۋە ئالتە قارام ئايماقنى
تەسىس قىلدى. «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى VII»
گە ئاساسلانغاندا، يەنرەن، جىلۇ. جىتيەن قاتارلىق ئۈچ
ئايماقتىكى كۆچمەنلەر «دەسلەپ خۇيلېغا كۆچۈپ كەلگەن»
(ھازىرقى نىڭشيانىڭ لىڭۋۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالى)؛ كۆلبېي،
يەنرەن ئىككى ئايماقتىكى «كۆچمەنلەر بۇرۇن ۋېنچىغا كۆچۈپ
كەلگەن» (ھازىرقى نىڭشيانىڭ لىڭۋۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي
جەنۇبى)؛ شەرقىي گاۋلەن ئايمىقىدىكى «كۆچمەنلەر
بۇرۇن مىڭ شاۋغا كۆچۈپ كەلگەن» (ھازىرقى لىڭۋۇنىڭ
غەربىي جەنۇبى. جوڭنىڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالى ئىدى). قىسقىـ
سى، ھازىرقى نىڭشيانىڭ شىمالى، خۇاڭخېنىڭ شەرقىدىكى
جايلارنىڭ ھەممىسى تۈرالارنىڭ ئالتە قارام ئايمىقى جايلاشـ
قان رايونلار ئىدى. كېيىنكى تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى
لىڭجۇ تۈرالىرى يەنى مۇشۇ ئالتە قارام ئايماقتىكى
تىلەنغۇت، ھون، قۇمۇق، ئاتىبىز، كۆلبېي قاتارلىق قەبىلىلەر-
نى كۆرسىتىدۇ.

شياجۇ تۈرالىرى ئاساسەن سىرتاردۇش، بارغۇت، ئاتىبىز
قاتارلىق قەبىلىلەردىكى تۈرالاردىن تەركىب تاپقان، سىرتار-
دۇش قەبىلىسى مىلادى 687 - يىلى تۈرك ئاقسۆڭەكى ئاشنا
قۇنان مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سەددىچىنىڭ سىرتىدا

تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغانىدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار 40 مىڭ
تۇتۇن بولۇپ، تەخمىنەن 100 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئىدى.
تاڭ سۇلالىسى سەددىچىنىڭ سىرتىدىن ئۇلار كۆچۈپ كەلگەن
شياجۇنىڭ نىڭسۇ ناھىيىسىدە داخۇن تۇتۇق مەھكىمىسىنى
تەسىس قىلىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. «يېڭى تاڭنامە.
جۇغراپىيە تەزكىرىسى VII نىڭ داۋامى»غا ئاساسلانغاندا،
داخۇن تۇتۇق مەھكىمىسى گويەن ئايمىقى، بوچىنو ئايمىقى،
شىدەن ئايمىقى، گۇجۇ ئايمىقى. دىسۇ ئايمىقىنى باشقۇرغانىدى.
بۇنىڭ ئىچىدە شىدەن ئايمىقى دەسلەپ گاۋزۇڭنىڭ يوڭخۇيى
تۇنجى يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئەسلى ئورنى چۆللۈك-
نىڭ شىمالىدا ئىدى. مىلادى 681 - يىلى شىدەن ئايمىقى-
دىكى سىرتاردۇش چارۋىچىلىرى (يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان
ئاشنا قۇنان مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم
بولغان 40 مىڭ تۇتۇن) تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن
كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ نىڭسۇ ناھىيىسىدە ئولتۇراق-
لىشىشىغا رۇخسەت قىلدى. يوڭخۇيىنىڭ تۇنجى يىلى تەسىس
قىلىنغان شىدەن ئايمىقى بىلەن نام جەھەتتە ئوخشاشىمۇ،
ئەمما ئورۇن جەھەتتىن پەرق قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا
تۆت ئايماق ئەسلىدىكى شىدەن ئايمىقىدىكى چارۋىچىلار تار-
قالغان جايلاردا تەسىس قىلىنغانىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ
بۇنداق قىلىشى ئېھتىمال ئۇلارنىڭ كۈچىنى بۆلۈپ، شۇ ئارقى-
لىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. مىلادى
715 - يىلى (كەييۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) سەددىچىنىڭ
سىرتىدىكى سىرتاردۇشلارنىڭ يەنە بىر تارماق قەبىلىسى،
سەركەردىسى مولىيەنىڭ باشچىلىقىدا تاڭ سۇلالىسىگە ئەل
بولدى. تاڭ سۇلالىسى شياجۇ ئايمىقىدا نىڭسۇ ناھىيىسىنى
تەسىس قىلدى. شۇ يىلى تاڭ سۇلالىسى سىرتاردۇشلارنىڭ
ئاقساقىلى داخۇن تۇتۇق (ئادەم ئىسمى خاتىرىلەنمىگەن) نى

سول قول بەھەيۋەت سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەپ، شياجۇدىكى سەرتاردۇش قەبىلىسىگە باشچىلىق قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىنى قوغداشقا بۇيرۇدى. شياجۇدىكى تۇرالار ئىچىدىكى بارغۇتلار ئەڭ دەسلەپ «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى I» شياجۇ تۇتۇق مەھكىمىسى ماددىسىدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «بارغۇت ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى، سوفاڭ ناھىيىسى دائىرىسىدە ئىدى» دېيىلگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ سوفاڭ ناھىيىسى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چېگىبيەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا ئىدى. بۇنىڭدىكى بارغۇت قەبىلىسىنىڭ شىمالىدىن قايسى ۋاقىتتا كۆچۈپ كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. مىلادى 714 - يىلى بارغۇتلار سەركەردىسى شادقۇتنىڭ باشچىلىقىدا تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان. ماتېرىياللار كەمچىل بولغاچقا تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ ئەل بولغان بارغۇتلارغا شياجۇدا تەسىس قىلىنغان بارغۇت تۇتۇق مەھكىمىسى ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلغان - قىلمىغانلىقىنى ئالدىراپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. شياجۇدىكى ئاتېئىزلار، ئاۋاسارلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى I» نىڭ قويان ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى ماددىسىدا «تاڭغىت قەبىلىسى، سوفاڭ ناھىيىسىگە ماكانلاشقان، قۇلى ئايمىقى، ناجىي ئايمىقى، ئاۋسار ئايمىقى قاتارلىق ئۈچ كىچىك ئايماقنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دىمۇ قويياندا تەسىس قىلىنغان تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ قارمىقىدا دېيىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنى تۈرك قەبىلىسى دەپ ئاتىغانىدى. ئاۋاسار ئاتېئىزنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇلار تاڭغىت ياكى تۈرك قەبىلىسى دەپمۇ قارالمىغانىدى. بۇنىڭدىكى ئاۋاسار ئايمىقى ئېھتىمال كەيىۋەننىڭ ئۈچىنچى يىلى تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ئاۋاسار قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا تەسىس قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىدىكىلەر شياجۇ تۇرالىرىگە ئائىت

خاتىرىلەردۇر.

**فىڭجۇ تۇرالىرى.** بۇ ئايماقتىكى تۇرالار مىلادى 715 - يىلى (كەييۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) كۈزدە توققۇز قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى ئابوسىنىڭ باشچىلىقىدىكى شىمالدىكى تۈرك خانلىقىغا قارشى كۆرەش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كېلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان تۇرالار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىزگىل، قوشۇر، چۇبە، بالغىت، سىرتاردۇش، ئاتىمىز قاتارلىق قەبىلە خەلقلىرى بار ئىدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ ئايماققا قايسى ۋاقىتتا كۆچۈپ كەلگەنلىكى نامەلۇم بولغان تۇتۇق تاۋمۇنىڭ باشچىلىقىدىكى بارغۇت قەبىلىسىنىڭ خەلقلىرىمۇ بار ئىدى. فىڭجۇدىكى تۇرا قەبىلىلىرى «تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى ئەتراپىغا تارقىلىپ جايلاشقانىدى» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 212 - جىلد كەيۈەننىڭ سەككىزىنچى يىلى). بۇ جاي ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل تەۋەسىدىكى خۇاڭخېنىڭ شىمالىدىكى چوغاي تېغىنىڭ تۆۋىنى، يەنى تارىخلاردىكى داڭلىق تۇرا تۈزلەڭلىكى ئىدى.

يۇقىرىدىكى لىڭ، شيا، فىڭ قاتارلىق ئۈچ ئايماقتىكى تۇرالار، خېچۇ (يەنى خىتاۋ) نىڭ ئىچى - سىرتى ياكى ئەتراپىغا تارقالغاچقا، تارىخلاردا ئادەتتە خېچۇدىكى توققۇز قەبىلە ياكى خېچۇ تۇرالىرى دەپمۇ ئاتالغانىدى.

**بىڭجۇ تۇرالىرى.** خىدۇڭ تۇرالىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مىلادى 716 - يىلى بەگچۇر ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ ئالدى - كەينىدە جەنۇبقا كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان بايىرقۇ، توڭرا، ئۇيغۇر، بارغۇت ۋە ئاقشىد قاتارلىق بەش قەبىلە خەلقىدىن تەركىب تاپقان. دەسلەپتە، تاڭ سۇلالىسى ئەل بولغان بۇ بەش قەبىلە خەلقىنى «داۋۇ قورۇلىنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرغان». («كونا تاڭنامە. شۈەنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»)

ئىدى. داۋۇ قورۇلى داتۇڭ قورۇلى دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، هازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ سۈيشيەن ناهىيىسىنىڭ شىمالىدا ئىدى. مىلادى 717 - يىلى (كەييۈەننىڭ بەشىنچى يىلى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىڭجۇ ئايمىقىنىڭ دورغاپى جاڭ جياجېن ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، «تۈركلەردىن توققۇز قەبىلە (تۈركلەرگە قاراشلىق توققۇز تۇرا قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ) يېقىندىلا ئەل بولدى، ئۇلار تەيۈەننىڭ شىمالىدا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشتى، شۇڭا بۇ يەردىكى قورغانلاردا تۇرغۇزۇشقا خەل قوشۇنلار ئەۋەتىلسە» دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن «تاڭ سۇلالىسى پەغپۇر قوشۇنلىرىنى يىڭجۇدا تۇرغۇزۇپ، 80 مىڭ ئەسكەر توپلاپ جاڭ جياجېننى پەغپۇر قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 211 - جىلد كەيۈەننىڭ بەشىنچى يىلى)، خۇسەنشىڭنىڭ بەرگەن ئىزاھاتىدا: پەغپۇر قوشۇنى «بىڭجۇ شەھىرىدە تۇرىدۇ» (هازىرقى تەيۈەن شەھىرىنىڭ جەنۇبى) دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە. جاڭ شۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا «ئەينى ۋاقىتتا (كەييۈەننىڭ 8 - يىلى بىڭجۇ ئايمىقىدىكى داتۇڭ، فېڭيى قاتارلىق قورۇللاردا توققۇز قەبىلىدىن بولغان توڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بار ئىدى» دېيىلگەن. خېڭيى قورۇلى ئەسلى فېيخۇ (هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ تەيۈەن ناهىيىسى) دا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، كەيۈەننىڭ ئالتىنچى يىلى «جاڭ جياجېن توققۇز قەبىلىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىلگىرىكى دەيچۈن ۋىلايىتىدىكى دائەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا يۆتكەلدى» («تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. ھېراۋۇللار»). دائەن شەھىرى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋېيشيەن ناهىيىسىدە ئىدى. يۇقىرىقى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، هازىرقى تەيۈەننىڭ شىمالى، خۇاڭخې دەرياسى، سۈشيەن ناهىيىسىنىڭ شەرقى، تەيخاڭشەن تېغى،

ۋېيشيەن ناھىيىلىرىنىڭ غەربىي قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممى
سىگە بايىرقۇ قاتارلىق بەش تۈرا خەلقى تارقالغانىدى.
ئەمما، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ تارقالغان كونكرېت ئورنى
ئېنىق ئەمەس. مىلادى 718 - يىلى (كەيۈەننىڭ ئالتىنچى
يىلى) شۈەنزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ بايىرقۇلارنىڭ تۇتۇق
بېگى ئۈزگىلىگە «خېگيې قورۇلىنىڭ جازا يۈرۈش قىلغۇچى
قىسمىنىڭ قوماندانى» دېگەن نامنى بېرىپ ئۇنىڭغا 3
مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بەردى؛ تۇڭرالارنىڭ تۇتۇق بېگى بىلگە
مۇچۇرغا «خېگيې قورۇلىنىڭ جازا يۈرۈش قىلغۇچى تۇرشاۋۇل
قىسمىنىڭ قوماندانى» دېگەن نامنى بېرىپ، 2 مىڭ ئاتلىق
ئەسكەر بەردى؛ ئاقشىدلارنىڭ تۇتۇق بېگى بيانغا «خېگيې
قورۇلىنىڭ ھىماتچى قىسمىنىڭ جازا يۈرۈش قىلغۇچى قومان-
دانى» دېگەن نامنى بېرىپ 2 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر
بەردى؛ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتۇق بېگى ئەل تېكىن ئېلتەبىرگە
«داۋۇ قورۇلىنىڭ ئوڭ قول جازا يۈرۈش قىسىملىرىنىڭ قومان-
دانى» دېگەن نامنى بېرىپ، ئۇنىڭغا 1000 ئاتلىق ئەسكەر
بەردى؛ بارغۇت قەبىلىسىنىڭ تۇتۇن بېگى ئېركىنگە «داۋۇ
قورۇلىنىڭ سول قول جازا يۈرۈش قىسىملىرىنىڭ قوماندانى»
دېگەن نامنى بېرىپ، 800 يۈز ئاتلىق ئەسكەر بەردى.
تارىختا بۇلار جازا يۈرۈش قىلغۇچى بەش تۇتۇق قوماندان
دەپ ئاتالغانىدى. شۈەنزۇڭ جازا يۈرۈش قىلغۇچى تۇتۇق
قوماندانلىرىنىڭ ھەممىسىگە «پەغپۇر قوشۇنلىرىنىڭ ھىرا-
ۋۇللىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش»؛ «ۋەقە سادىر بولسا
دەرھال ئەسكەر ئەۋەتىپ بېسىقتۇرۇپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ
بېرىپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، قوغلاپ زەربە بېرىش ياكى
قوشۇننى يىغىۋېلىش. ۋەقە سادىر بولمىسا لەشكەرلەرنى
ئۆز قەبىلىسىگە قايتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش،
چوقۇم ئۆز قەبىلىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ ئەھۋالىنى

سۇرۇشتۇرۇپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش كېرەك» دەپ يارلىق چۈشۈرگەنىدى (تاڭ سۇلالىسىگە دائىر بايانلار» 21 ـ جىلد). بۇ يارلىقتىمۇ بىگجۇ تۇرالىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەرنى ئومۇملاشتۇرغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى تۇرالار غەربتە لياڭجۇدىن باشلاپ شەرقتە بىگجۇغىچە بولغان تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ پۈتكۈل شىمالىي چېگرىسىغا دېگۈدەك تارقالغانىدى. بۇ تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئىككى قاغانى يەنى قۇتلۇق قاغان بىلەن بەگچۇر قاغاننىڭ دەۋرىدە جەنۇبقا كۆچۈپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا كەلگەنىدى. تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل بولغاچقا، بىز پەقەت شياجۇ تۇرالىرىنىڭ ئىچىدىكى سىر تاردۇش قەبىلىسىنىڭلا 40 مىڭ تۈتۈن ئادىمىنىڭ بارلىقىنى، بىگجۇ تۇرالىرىنىڭ ئىچىدىكى بەش قەبىلىدە ئاز بولغاندىمۇ 9000 تۈتۈن (بىگجۇدىكى بەش تۇرا قەبىلىسىنىڭ جەمئىي 8800 گە يېقىن ئاتلىق ئەسكىرى بار ئىدى، بىر تۈتۈندىن بىردىن ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىش بويىچە ھېسابلانغان) ئادىمىنىڭ بارلىقىنى، ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 50 مىڭ تۈتۈن، ئادەم سانىنىڭ 200 مىڭدىن ئارتۇقلىقىنى بىلەلەيمىز. ئۇنىڭدىن سىرت لياڭجۇ تۇرالىرى بىلەن شياجۇ تۇرالىرىنىڭ ئىچىدىكى بارغۇت، ئاتېز قاتارلىق قەبىلىلەردە جەمئىي زادى قانچىلىك تۈتۈننىڭ بارلىقى ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلەلمەيمىز. ㉞ لېكىن «تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، «تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» ھەم تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشى، كۆللىنىشى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى-

دىكى تارقىلىشىنىڭ كەڭلىكىدىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان ئومۇمىي تۇتۇن سانى، شىمالدىكى تۇرالارنىڭ «بىر مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسى» نىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى شىمالدىكى قاڭقىللارنىڭ جورجانلارنىڭ ئاسارىتىدىن قېچىپ كەڭ كۆلەمدە جەنۇبتىكى ۋېي سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا كۆچۈپ كېلىشى بىلەن ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. بىراق تۇرالار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنغانىدى، ھالبۇكى قاڭقىللارنىڭ ۋېي خانلىقىغا ئەل بولۇشى ۋېي خانلىقىنىڭ قورال كۈچى بىلەن مەجبۇرلىشى ۋە ئالدىشى قاتارلىق ئامىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

**(2) تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى تۇرالارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىش سەۋەبلىرى ۋە جەريانى**

شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ جەنۇبقا كۆچۈپ تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىگە كېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ توختىماس ھەربىي ئالۋانلىرى ۋە تۈرك قۇلدارلار سىنىپى يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە سىنىپىي زۇلۇم ئۇلارنى ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن شىمالدىكى يايلاقلاردا داۋاملىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالدۇرغانىدى. ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۈكسەك راۋاجلانغان فېئوداللىق ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىگە مەپتۇن بولغانىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر جېنگۇەن يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى تاڭ تەيزۇڭنىڭ شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن بىر قەدەر كەڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەسلىگەن بولۇشى ھەمدە بۇ خىل سىياسەتنىڭ تۇر خەلقىگە

بىر مەزگىل گۈللىنىش، تىنچلىق، بەخت ئاتا قىلغانلىقىنى ئەسكە ئالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇلار شىمالدا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالغاندا، ئالتۇنتاغدىن ئېشىپ غەربكە قېچىپ كەتمەي ياكى شەرققە قېچىپ قۇمۇق، قىتانلار ۋە قادىرقان تاغلىرىنىڭ شەرقىغىمۇ بارماي، ئەكسىچە قۇملۇقتىن ئۆتۈپ جەنۇبقا تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىگە كۆچۈپ باردى. شۈبھىسىزكى ئۇلار تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى-نىڭ غەمخورلۇق قىلىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز ساندىكى قەبىلە ئاقساقاللىرىغا يۇقىرى ئەمەل بېرىپ، ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ ئۆزىگە تارتقان ۋە سېتىۋالغانلىقىنى، ھالبۇكى ئاددىي تۇرا چارۋىچىلىرى ۋە بىر قىسىم ئورنى بىرقەدەر تۆۋەن، ئادىمى ئاز قەبىلىلەرنىڭ سەر-كەردىلىرىگە نىسبەتەن ھەدەپ ئەمەلدار ۋە سانغۇنلارنى ئەۋەتىپ خالىغانچە ئېزىپ تالان - تاراج قىلغانلىقىنى كۆردى. «تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» دا جەنۇبقا كۆچكەن تۈرك ۋە تۇرالار «پۇتۇنلەي نامراتلىشىپ (يەنى تاڭ سۇلالىسى زېمىنىدا)» «ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى» دېيىلگەن. بۇ گەرچە غەرەزلىك ھالدا ئاشۇرۇپ مۇبالىغە قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تۇرۇ-ۋاتقان ئەمەلىي شارائىتنىڭ ئەينەن تەسۋىرى بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىدىكى تۇرالار بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن ياۋۇز بەگچۇر قاغاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا كەڭ قول ۋە «رەھىمدىل» بىلگە قاغاننىڭ تەختكە چىققانلىقىنى ئاڭلىغاندا ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى سەركەردىلىرى-نىڭ قۇترىتىشى بىلەن تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، بىلگە قاغاننىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىشتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ خاتا سىياسىتى ۋە ئەمەلدار - سانغۇنلارنىڭ خالىغانچە

ئەسكىلىك قىلىشى، تۇرالارنىڭ شىمالغا قايتىشىدا، يەنى «يۈز ئۆرۈپ، تۈركلەرگە تەسلىم بولۇشى» دا. ھەقىقەتەن خېلى چوڭ روللارنى ئوينىغانىدى.

تاڭ سۇلالىسى يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ خورلىشىغا ۋە زۇلمىغا ئالدى بىلەن قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر لىڭجۇ ۋە شىياجۇ ئايمىقىدىكى تۇرالار ئىدى. بۇ ئىككى ئايماقتىكى تۇرالار «ئالۋان - ياساقتىن جاق تويۇپ كەتكەن»[35] ئىدى، بولۇپمۇ لىڭجۇدىكى تۇرا خەلقى مىلادى 713 - يىلى قۇملۇقتىن ئۆتۈپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەگرىقۇت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ئەل بولغانىدا. مۇئاۋىن قورۇقچىبەگ جاڭ جيۇن ئۇلارغا ھېچقانداق مېھىر - شەپقەت كۆرسەتمەستىن بەلكى ئۇلارغا قارىتا دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن قارىدى، ئۇ تۇرالارنىڭ بارلىق قورال - ياراق ۋە ئوقيالىرىنى ئۆكتەملىك بىلەن يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى مەجبۇرىي ھالدا «دەريا (خۇاڭخې) نىڭ جەنۇبىغا كۆچۈشكە» زورلاپ لىڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئوت - چۆپى، سۈيى مول بولمىغان خۇيلې، ۋېنچى، مىڭشيا رايونلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ تۇرالارنىڭ ئوقيالىرى يىغىۋېلىنغاچقا، ئۇلار «ئوۋ ئوۋلىيالمىدى»، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ئەزەلدىن كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر پائالىيەت ئىدى، تۇرالار جاڭ جيۇننىڭ شەپقەتسىزلىكىگە نىسبەتەن ئىنتايىن «غەزەپلەنگەن» («كونا تاڭنامە. تۈركلەر I») ئىدى، ئاممىنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى تۇرالارنىڭ قاتتىق تەلىپى ئاستىدا ئۇلارنىڭ ئوقيالىرىنى تارقىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى، ئەمما تۇرالارغا بولغان زۇلۇم ۋە كەمسىتىش ئازايتىلمىدى، بەزى تۇرا خەلقى كىچىك كۆلەمدە تەشكىللىك قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. «كونا تاڭنامە. ۋاڭ جيۈننىڭ تەرجىمىھالى» دا ئۇلارنىڭ قارشىلىق

كۆرەشلىرىنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالى توغرىسىدا: «بۈگۈنكى
كۈنلۈكتە خىچۈغا ئەل بولغان غۇزلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسى-
مۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قىيىن، شارائىتى ناچار... ھېلىھەممۇ ئەل
بولغان بولسىمۇ بەزى قەبىلىلەر ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا
بويسۇنماي ھەرىكەتلىنىپ كۆپ قېتىم ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ
ۋە يارىدار قىلىۋاقتا. مەلۇم بولۇشىچە، شىڭجۇ ئايمىقىنىڭ سول
تەرىپى (شىڭجۇ ئايمىقى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ توكتو
ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئۇنىڭ سول تەرىپى يەنى
شياجۇ ئايمىقى ئىدى) دە 500 چە ئادەم چىقىم بولۇپتۇدەك،
ئۇلار كۆزىتىش ئورۇنلىرىنى ياساپ، يوشۇرۇنچە قارشىلىق
كۆرسەتمەكتىكەن. ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەر ئۇ يەرلەرگە بېرىش-
تىن قورقىدىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. يەنە بىر قىسىم تۇرالار
«غۇزلار (تۈركلەر) بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ ئۆزئارا
ئەھۋال ئۇقۇشۇپ تۇرغان» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق
ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 211 - جىلد كەييۇەننىڭ تۆتىنچى يىلى)
ئىدى. باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان بۇنداق ئالاقە تاڭ سۇلا-
لىسىنىڭ سانغۇنلىرىنىڭ قاتتىق دىققىتىنى ۋە گۇمانىنى قوز-
غىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن تاڭ ئوردىسىدا، ۋەزىر - ۋۇزرا،
ئەمىر - ئۇمرالار ئىچىدە خىچۈيدىكى تۇرالارنى مەجبۇرىي
ھالدا ئىچكى جايلارغا كۆچۈرۈش - كۆچۈرمەسلىك توغرىسى-
دىكى تالاش - تارتىشلار ئوتتۇرىغا كېلىپ چىقتى. تاڭ
ئوردىسى بىلەن لىڭجۇ ۋە شياجۇ ئايماقلىرىدىكى تۇرالار
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. مىلادى
716 - يىلى شياجۇ ئايمىقىدىكى تۇرالاردىن بولغان ئاۋاسار
(ئاتىبىز) قەبىلىسىنىڭ ئاقساقلى ئاۋاسارت بىلەن تۇرالارنىڭ
«بەيئەتچى تۇتۇنلەر» ئارسلانى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لىڭجۇ
بىلەن شياجۇ ئايماقلىرىدىكى تۇرالارنى تاڭ سۇلالىسىدىن
يۈز ئۆرۈشكە كۈشكۈرتۈپ، تاڭ سۇلالىسىگە قارشى داغدۇغىلىق

قوزغىلاڭ كۆتۈردى. تۇرالار تەگرىقۇت قورۇقچىبەگ مەھكىمى
سىنىڭ مۇئاۋىن قورۇقچىبېگى جاڭ جيۇننىڭ «تەييارلىقسىز
تۇرغان» لىقىدىن پايدىلىنىپ چىڭگاڭ چوققىسى (خۇسەنشىڭنىڭ
بەرگەن ئىزاھاتىدا: «چىڭگاڭ چوققىسى جىڭجۇ ئايمىقىنىڭ
فاگچۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا، لىڭجۇ ئايمىقىنىڭ جەنۇبىدا»
دېيىلگەن. چىڭگاڭ چوققىسى چىڭگاڭ ئېغىزى، چىڭگاڭ ۋادىسى
دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى گەنسۇنىڭ خۇەنشيەن ناھىيىسىنىڭ
غەربىي شىمالى) دا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ
قىلىپ، جاڭ جيۇننى تىرىك قولغا چۈشۈردى. ئارقىدىنلا
ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، دابىن ناھىيىسى (ھازىرقى شەنشىدىكى
سۇدېنىڭ غەربىي شىمالىدا) نىڭ شىمالىدا خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ
چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا قايتتى. تاڭ ئوردىسى
سۇفاڭ ھەربىي يۈرۈش يولىنىڭ باش ئاغلاقچىسى شۆنانى ئەسكەر
باشلاپ ئارقىسىدىن قوغلاشقا ئەۋەتتى. تۇرالارنىڭ غەربىي
يول قوشۇنى خۇاڭخېدىن ئۆتكەندىن كېيىن قاراتاغنىڭ قويان
جىلغىسىغا كەلگەندە (تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھى-
رىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 80 چاقىرىم يىراقلىقتا، ھازىرقى
باۋتۇ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سان-
غۇن گو جيۇن باشچىلىقىدىكى قوغلاپ كەلگەن قوشۇنلىرى
تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى. تۇرالار جاڭ جيۇننى قويۇۋېتىپ
قورال - ياراقلىرىنى تاشلىۋېتىپ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ شىمالغا
كەتتى. تۇرالارنىڭ شەرقىي يول قوشۇنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ
يىڭجۇ ئايمىقىنىڭ دورغاپى ۋاڭ چۈننىڭ باشچىلىقىدىكى
قوغلاپ كەلگەن يىڭجۇ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ
3000 دىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلدى ۋە ئەسىرگە چۈشتى؛ قالغان-
لىرى شىمالغا قېچىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى كۈرەش ئارقىلىق
لىڭجۇ ۋە شياجۇ ئىككى ئايماقتىكى 100 مىڭ تۇرانىڭ مۇت-
لەق كۆپ سانىدىكىسى شىمالغا قايتىپ كەتتى. مىلادى 712 -

يىلى (كەيىۋەننىڭ توققۇزىنچى يىلى) لانچى غوزلىرىدىن بولغان كاڭ دەيىسىنىڭ باشچىلىقىدىكى لىڭجۇ، شياجۇ قاتارلىق ئالتە ئايماقتىكى غوزلار تاڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىچىدە تۈرالار كۆرۈنمىدى.

لىڭجۇ ۋە شياجۇ ئىككى ئايماقتىكى تۈرالارنىڭ «بەيئەتچى تۇتۇنلىرى» ئىسيان كۆتۈرۈپ شىمالغا كەتكەندىن كېيىن، ئارقىدىنلا فېڭجۇ ئايمىقىدىكى «بەيئەتچى تۇتۇنلەر» نىڭ ئاقساقىلى، بارغۇت قەبىلىسىنىڭ تۇتۇق بېگى شاۋمۇ ھەم ئىزگىل قەبىلىسىدىن «ئەل بولغان» ئابۇسىنىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن، تېزلا تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرىدى. «كونا تاڭنامە. ۋاڭ جۈننىڭ تەرجىمھالى» دا: «بۇ ۋاقىتتا تۈركلەرنىڭ ئاۋاسار قەبىلىسى بىلەن بارغۇتلارنىڭ تۇتۇق بېگى شاۋمۇ قاتارلىقلار تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشتى. ئۇلار تۈركلەر بىلەن بىرگە ھەربىي قەلئە (يەنى تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىدىغان ئۈچ شەھەر) نى ئىشغال قىلىپ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولدى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن فېڭجۇ ئايمىقىدىكى تۈرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش مەخپىي سۇيىقەستىنىڭ لىڭجۇ بىلەن شياجۇ ئىككى ئايماققا ئوخشاش ئاساسلىقى تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ قوترىتىشىدىن بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئىچكى جەھەتتە چەت ئەللەرگە باغلىنىشتىن ئىبارەت ئارقا كۆرۈنۈشىمۇ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تارىخىي كىتابلاردىن تاڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ فېڭجۇ تۈرالىرىنى ئەزگەن ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقىغا دائىر خاتىرىلەرنى ئۇچرىتالمىساقمۇ، ئەمما لىڭجۇ بىلەن شياجۇ ئىككى ئايماقتىكى ئەل بولغان تۈرالارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن قارىغاندا فېڭجۇ-

دىكى ئەل بولغان تۇرالارنىڭ ئەھۋالىنىڭكىدىن ياخشى ئەمەس ئىدى؛ ئەكسىچە ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئالدىنقى سېپىدە ئولتۇراقلاشقاچقا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدار سانغۇنلىرىنىڭ ئۇلارغا بولغان نازارىتى، ھەربىي سېلىقلىرى، قاتتىق - سوقتىلىرى تېخىمۇ ئېغىر بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ يەردە تۇرالارنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلىشلىرى بەلكىم تۇرالارنىڭ ئاددىي چارۋىچىلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىغا بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان بولۇشى مۇمكىن. مىلادى 720 - يىلى (كەييۈەننىڭ سەككىزىنچى يىلى) شاۋمۇ قاتارلىقلار باشچىلىقىدا تاڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ پارتلىدى. «باچۈەن ئىنانچىغانلىرىنىڭ مەڭگۈ تېشى» دا: «جومۇ (سېن جوڭمېيەن بۇنى شومو دەپ قارايدۇ) قېچىپ قاراتاغ ئېغىزىغا بارغاندا، ئۇنىڭ خىل ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى يوقىتىلدى؛ شى خۇي (سېن جوڭمېيەن ئابۇس دەپ قارايدۇ) مۇ ئىسيان كۆتۈرۈپ خوڭتاۋجاڭغا بېرىپ قورال - ياراق، ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى يوشۇرۇپ قويدى»㊲ دېيىلگەن. بۇنىڭدىن شىامۇ قاتارلىقلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ قاراتاغ ئېغىزى (قاراتاغنىڭ قويان جىلغىسى بولۇشى كېرەك) ئارقىلىق شىمالدىكى تۈركلەرنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت كىتابلاردا بۇ ئىش توغرىسىدىكى خاتىرىلەر پۈتۈنلەي بىردەك ئەمەس. «كونا تاڭنامە. جاڭ شۈننىڭ تەرجىمھالى» دا «سەككىزىنچى يىلى (كەييۈەننىڭ ئالتىنچى يىلى) كۈزدە سۇفاڭ قوماندانى ۋاڭ جۈن خېچۈدىكى ئەل بولغان ئۇزلاردىن ئابوس باشچىلىقىدىكى 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېيىلگەن. «ۋاڭ جۈننىڭ تەرجىمھالى» دا ۋاڭ جۈن ئاۋارسار قەبىلىسى بىلەن

بارغۇتلارنىڭ تۇتۇق بېگى شاۋمۇنى ئىسيان كۆتۈرمەكچى دەپ
قاراپ، «سەككىزىنچى يىلى كۈزدە ئاۋسار قاتارلىق
قەبىلىدىن 800 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئالداپ تەسلىم بولغان-
لارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى»، «ئۇلارغا زىيا-
پەت بېرىپ، قاتتىق مەست قىلغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي قىرىپ
تاشلىدى»㊳ دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق
ئومۇمىي ئۈلگىلەر» 212 - جىلد كەييۈەننىڭ سەككىزىنچى
يىلىدا: «شاۋمۇ قاتارلىقلارنى ئالداپ تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل
قىلىش شەھىرىدە زىياپەت بېرىپ، مۆكتۈرۈپ قويغان لەشكەر-
لىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈۋەتتى،
خېچۇدىكى بەيئەتچى تۇتۇنلەر پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاندى»
دېيىلگەن. «جاڭ شۇنىڭ تەرجىمھالى» ۋە «ئومۇمىي ئۈلگە-
لەر» گە ئاساسلانغاندا شاۋمۇ بىلەن ئابوسلار ئۆلتۈرۈلگەن،
«ۋاڭ جۇننىڭ تەرجىمھالى» غا ئاساسلانغاندا، ئالداپ ئۆلتۈ-
رۈلگەنلەر «ئاۋاسار قەبىلىسىدىكىلەر ئىدى». بۇ كىتابلاردا
ئالداپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىلا سۆزلىنىپ، ئىسيان كۆتۈر-
گەنلىكى سۆزلەنمىگەن. ئابۇس بىلەن شاۋمۇنىڭ ئۆلتۈرۈل-
گەنلىكى ياكى ئىسيان كۆتۈرۈپ كېتىپ قالغانلىقى مەسىلىسىدە
«با چۈەن ئىنانچىخانلىرى مەڭگۈتېشى» دە «ئىسيان كۆتۈرۈپ
كېتىپ قالدى» دېگىنى توغرا بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
فېڭجۇ ئايمىقىدىكى تۇرالارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇلارغا ئەگىشىپ
ئىسيان كۆتۈرۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىدا نەقىل
كەلتۈرۈلگەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈلگە-
لەر» دە بۇ ۋەقەدىن كېيىن «خېچۇدىكى بەيئەتچى تۇتۇنلەر
(فېڭجۇ ئايمىقىدىكى تۇرالارنى كۆرسىتىدۇ) پۈتۈنلەي قىرىپ
تاشلانغانلىقى ئېيتىلغان «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 366 -
جىلدىدا خېچۇدىكى ئەل بولغان تۇتۇنلەرنىڭ «ئاخىرى يوقال-
غان» لىقى سۆزلەنگەن. فېڭجۇ تۇرالىرىنىڭ ئارىسىدا ئاتىنىز،

ئىزگىل، بارغۇت، سىرتاردۇش، چۆبە قاتارلىق قەبىلىلەر بار بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىدىكى تۇرالار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ بىرى ئىدى، شۇڭا پەقەت مىڭ ئادەمنى ئالداپ ئۆلتۈرۈۋېتىش بىلەن ئۇلارنىڭ «ئاخىرى يوقىلىشى» ۋە «پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىنىشى» مۇمكىن ئەمەس. ئېھتىمال شاۋمۇ كۆپ قىسىم تۇرالارنى باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ شىمالغا كېتىپ قالغاندىن كېيىن ۋاڭ جۈن ئۇ يەردىكى ئاز ساندىكى كىشىلەرنى قايتا ئىسيان كۆتۈرىدۇ دەپ گۇمانلىنىپ، ئالداپ مەست قىلىپ «ئاخىرى يوقىتىپ» «پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىغان». دېمەك ئۇ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى بىلەن ئارقىدىنلا ئالداپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئاقىۋەتنى كۆرسەتسە كېرەك. قىسقىسى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلمى، تۇرا يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشى ۋە شىمالدىكى كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن فىڭجۇ تۇرالىرى مىلادى 620 - يىلى كۈزگە كەلگەندە كۆپ قىسمى ئىسيان كۆتۈرۈپ، شىمالغا كەتكەنىدى. ئاز بىر قىسمى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن قىرىپ تاشلانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن فېڭجۇدىكى تۇرالار «ئاخىرى يوقىتىلغان» ئىدى.

بىڭجۇ تۇرالىرىنىڭ ئىچىدە بايىرقۇ، ئۇيغۇر، توڭرا، ئاقشىد، بارغۇت قاتارلىق بەش قەبىلە بار ئىدى، مىلادى 620 - يىلى ۋاڭ جۈن تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىنىڭ يېنىدا فېڭجۇدىكى قالدۇق تۇرالارنى ئالداپ ئۆلتۈرگەندە، ئۇلار پاراكەندە بولۇپ، «قورقۇپ كېتىپ دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ قالدى». بېڭجۇنىڭ دورغاپى، تەڭرىقۇت قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى جاڭ شۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، «يېنىك قوراللار بىلەن قوراللانغان 20 نەپەر ئاتلىق ئەسكەرنى ئېلىپ، بىۋاسىتە ئۇ قەبىلىلەرگە كېلىپ، چېدىرىدا قەبىلە ئاقساقاللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى»،

ئېھتىمال جاڭ شۇنىڭ سەممىي پوزىتسىيىسىدىن كېيىن «توققۇز قەبىلە (بىڭجۇدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ) ئاخىرى تىنچلانغان («يېڭى تاڭنامە. جاڭ شۇنىڭ تەرجىمىھالى») بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچى يىلى (كەييۇەنىنىڭ توققۇزىنچى يىلى مىلادى 712 - يىلى) لانچى ئايمىقى (ھازىرقى نىڭشيادىكى لىڭۋۇ) دىكى غۇزلارنىڭ ئاقساقىلى كاڭ دەيىسىن ئالتە ئايماقتىكى غۇزلارغا باشچىلىق قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە قارشى چىققاندا، تاڭ شيەنزۇڭ «خېدۇڭدىكى توققۇز قەبىلىگە جازا يۈرۈش قىلىش» توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. («كونا تاڭنامە. شۇەنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»). بۇنىڭدىكى «خېدۇڭدىكى توققۇز قەبىلە» يەنى بىڭجۇدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا «خېدۇڭدىكى توققۇز قەبىلە ئاتلىق قوشۇنلىرى» يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال خۋاڭخېدىن ئۆتۈپ لىڭجۇ بىلەن شياجۇ ئايمىقىغا كىرىپ، «توپىلاڭچى قوشۇنلار» غا شىمالدىن ھۇجۇم قىلدى. كاڭ دەيىسىن قوزغىغان ۋەقە شۇ يىلى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى قولغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلاردا بىڭجۇدىكى تۇرالار توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئۇچرىمايدۇ. مىلادى 726 - يىلى (كەييۇەنىنىڭ 14 - يىل) مەككار ۋەزىر لى لىنفۇ پادىشاھ تاڭ شۇەنزۇڭغا جاڭ شۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز سۇنغان، ئەرزدە: «تەييۇەندىكى توققۇز قەبىلىگە نەچچە ئون مىڭ تۇياق قوي، ۋە پۇل تارقىتىپ بەردى» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. جاڭ شۇنىڭ تەرجىمىھالى» غا ۋە «شۇەنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسلانغاندا، جاڭ شۇ كەييۇەنىنىڭ سەكىزىنچى يىلى بىڭجۇ دورغاپى، قوشۇمچە تەگرىقۇت قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى بولغان، توققۇزىنچى يىلى توققۇز قەبىلە ئاتلىق قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، كاڭ دەيىنىڭگە جازا يۈرۈش قىلى

قالىلىق تۆھپىسى ئۇچۇن لەشكىرى پىرقىنىڭ دىۋان بېگى ھەم
قارا دىۋان ـــ ئىشكىئاغا مەھكىمىسىنىڭ 3 - دەرىجىلىك ئامـ
باللىقىغا ئۆستۈرۈلدى، 10 - يىلى جاڭ شۇ سۇ فاڭ لەشكەرلىرىنىڭ
باش ھـــىراۋۇلى بـولغان، 11 - يىلى ئىشكىئاغا بولغـان،
لى لىنفۇ ئەرز سۇنغان ۋاقىتتا ئىشكىئاغالىققا ئۆستۈرۈلگەنىدى.
توققۇز قەبىلىگە قوي، پۇل تارقىتىپ بېرىش ئىشىنى جاڭشۇ چوقۇم
بىڭجۇنىڭ دورغاپلىقىغا، خان لەشكەرلىرىنىڭ باش قوماندانـ
لىقىغا ياكى لەشكىرىي پىرقىنىڭ دىۋانبەگلىكىگە تەيىنلەنگەندە
قىلغان بولۇشى ھەم خېڭدۇدىكى توققۇز قەبىلىنىڭ كاڭ دەيـ
يىنگە جازا يۈرۈش قىلغان تۆھپىسى ئۇچۇن قوي، پۇل تـارـ
قىتىپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. بىڭجۇ تۇرالىرى سۇفاڭ قوـ
شۇنلىرى قوماندانىنىڭ بـاشقۇرۇش رايونــى ئىچىدە ئەمــەس
ئىدى، ئۇنىڭ توققۇز قەبىلىگە قوي، پۇل تارقىتىپ بېرىشـى
سۇ فاڭ باش ھىراۋۇللۇقىغا ۋە ئىشكىئاغالىقىغا تەيىنلەنگـەنـ
لىكىدىن ئەمەسلىكى ناھايىتى ئېنىق. شۇڭا ئەرز گەرچــە مىـ
لادى 726 - يىلى يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋەقە چوقۇم
مىلادى 720 - يىلىدىن (كەييۈەنىنىڭ سـەككىزىــنچـى يىلى)
721 - يىلىغىچە (كەييۈەنىنىڭ توققۇزىنچى يىلى) بولغان ئاردـ
لىقتا بولغان. قىسقىسى، مىلادى 720 - يىلى كاڭ دەيىىنگـە
جازا يۈرۈش قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمــەي، بىڭجۇ تۇرالىرى بىڭجۇ
ئايمىقىدىن كۆچۈپ كەتكەن، بۇ تۇركۇم تۇرالار شـەكسىزكـى
شىمالغا قايتىپ كەتكـەن بولۇشـى مۇمكىن. بىراق ئۇلارنىڭ
كۆچۈش جەريانىغا دائىر خـاتىرىـلـەر تـارىـخىي كىتـابلاردا
خاتىرىلەنمىگەنىدى.

لىياڭجۇ تۇرالىرى. خەنزۇ رايونلىرىدا بىر قەدەر ئۇزۇن
ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسى، تۇتۇق
دۇكـېچىن باشلاپ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى يۇقىرى قاتلامدىـ
كىلەرنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ «ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشـ

لىرىدا خىزمەت كۆرسەتكەنلەردۇر». ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە شىمال-
دىن قېچىپ لياڭجۇغا كەلگەندە، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ
ئۆچ ئېلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسى-
دىن ئۆزلىرىنى قوغداشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ
تاڭ سۇلالىسى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئۈمىد
قىلغانلىقىدا شەك يوق. چۈبە قەبىلىسى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش،
قەبىلە ئاق ساقلى (چۆبەمىر، مىرنىڭ ئوغلى زۇڭ، زۇڭنىڭ
ئىنىسى سۇڭ ئارقا - ئارقىدىن قولان تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ
تۇتۇقى بولغان) ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى يۇقىرى قاتلام-
دىكىلەرنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇناسى-
ۋەتنى ساقلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭمۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن يې-
قىن ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. ھون، ئىزگىل تۇتۇقلىرى-
نىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يازما مەنبە-
لەردە ئاز كۆرۈلسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ ئۇيغۇر، چۈبە قەبىلى-
رىگە ئوخشاش تاڭ سۇلالىسى تەرەپدارلىرىنىڭ باشچىلىقىدا
چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىگە كۆ-
چۈپ كەلگەنىدى. ئۇلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
مۇئەييەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ئىدى. تاڭ سۇلالىسى
تەرەپتىن ئېيتقاندا ئەينى ۋاقىتتا خېشى رايونىنىڭ شىمالىدا
كۈچلۈك تۈرك خانلىقى، جەنۇبىدا ياۋۇز تىبەتلەر بار ئىدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، خېشى رايونىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئادىمى
شالاڭ بولغاچقا، بۇ يەرنى كۈچلۈك ھەربىي قوشۇن بىلەن
قوغداشقا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. لياڭجۇ تۇرالىرى
دەل خېشى رايونىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىدا بىر ئۆلۈش تۆھپە
قوشتى. يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، تاڭ سۇلالىسى
دائىم ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن «يارامىلىق ئاتلىق ئەسكەر»،
«قىزىللىسۇ يارادەمچى قوشۇنى» (قىزىللىسۇ قوشۇنلىرى لياڭجۇ
شەھىرىدە تۇراتتى. «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسس-

سە I») تۇتۇپ تۇراتتى. چۇبە. ئىزگىل. ھونلارمۇ «ياراملىق
ئاتلىق ئەسكەر» لىككە تۇتۇلۇپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى-
نى قوغدىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا تاڭ سۇلالىسى ئوردى-
دىن باشلاپ تۆۋەنكى چېگرىدىكى سانغۇنلارغىچە ئادەتتە ھەم-
مىسى لياۋجۇ تۇرالىرى بولۇپمۇ ئۇيغۇر، چۇبە قەبىلىلىرى
بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى قوغداشنى خالايتتى. ئۇيغۇر قە-
بىلىسىدىن بولغان خانگاي تۇتۇقى دۇكېچ ئۆلگەندە، ئوغلى
ئوكتېبىر ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. تەخمىنەن مىلادى
714 — 715 - يىللىرى (كەييۈەننىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى
يىللىرى) ⑩ تاڭ سۇلالىسى ئوكتېبىرنى «خېشى مۇئاۋىن باس-
قاق بېگى، قوشۇمچە قىزىلسۇ قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى قىلىپ
تەيىنلىدى» («تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. ئۇي-
غۇرلار»). چۇبە قەبىلىسىدىن بولغان قۇلان تۇتۇقى چۇبە
مىرنىڭ «بۈيۈك جۇ ئىنقىلابى» (مىلادى 690 - يىلى) مەز-
گىلىدىكى مەنسىپى «قورغان قوشۇنلىرىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى،
ھەربىي يۈرۈش سول قول شۇڭقار ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئۇلۇغ
سانغۇنى، قوشۇمچە قۇلان ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى» ئىدى. ئۇزاق
ئۆتمەي يەنە «سۇ فاڭ ھەربىي يۈرۈش يولىنىڭ ئاغلاقچىسى
قوشۇمچە لياڭ، (گەن)، سۇ، گۇا، شيا قاتارلىق بەش ئايماق-
نىڭ باسقاق بېگى» («چۇبە مىرنىڭ مەڭگۇ تېشى») لىككە
تەيىنلەندى. مىلادى 695 - يىلى (ۋەنسۈي تۇنجى
يىلى) چۆبەمىر ئۆلگەندە تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ ئوغۇللىرى
چۇبە زوڭ بىلەن چۇبە سۇڭلارنى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، تۇ-
تۇق قىلىپ تەيىنلىدى. مىلادى 716 - يىلى (كەييۈەننىڭ
تۆتىنچى يىلى) شيەنزۇڭ تۈركلەرگە جازا يۈرۈش قىلىشقا
يارلىق چۈشۈرگەندە، سول قول ياساۋۇلخانا قوشۇنلىرىنىڭ
ئۇلۇغ سانغۇنى ئوكتېبىر، سول قول (ئوڭ قول) باسقاق مەھ-
كىمىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى. ھون يۈەن جۇڭ، سول قول

ھەربىي ئەمەلدارلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى، سى خېشۇ («似» بەلكىم «思»، «舒和似» بولسا بەلكىم «舒和思结» دېگىنى قوشۇر، بولۇشى مۇمكىن)، ئوڭ قول ھەربىي ئەمەلدارلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى، قوشۇمچە قۇلان ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى چۆبە چىگىبىر ④③ («چۆبە سۇگىنىڭ ئوغلى) نى غەربىي يول قوشۇنلىرىنىڭ مۇئاۋىن ئاغىلاقچىسى قىلىپ تەيىنلىدى» («ئەدەبىيات جەۋھەرلىرى» 459 - جىلد، «شۈنا قاتارلىقلارغا توققۇز قەبىلە بىلەن شىمالدىكى بەگچۇرغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا پەرمان»، «بۆيۈك تاڭ يارلىقلىرى» نىڭ 130 - جىلدىدا «پەرمان» دەپمۇ خاتىرىلەنگەن). قىسقىسى، تاڭ سۇلالىسى لياڭجۇ تۇرالىرىنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلىرىگە ئىشەنگەن، ئۇلارنىڭ ئۇستىگە يۇقىرى ئەمەل، ياخشى تەمىنات بىلەن ئۇلارنى يېنىغا تارتقانىدى. لياڭجۇ تۇرالىرىنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلىرىمۇ تاڭ سۇلالىسىگە بولغان سادىقلىقىنى بىلدۈرگەنىدى، مەسىلەن، مىلادى 720 - يىلى تۈركلەر گەنجۇ بىلەن لياڭجۇغا بېسىپ كىرگەندە چۆبە قەبىلىسىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ كېتىپ قالغان»، قۇلان تۇتۇقى چۆبە سوك «تۈركلەر بىلەن قىسقىلا جەڭ قىلىپ»، «بۇلاڭچىلارنى ئەسىر ئېلىپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىپ، بىرىنىمۇ ساق قويمىغان» («چۆبە سوگىنىڭ قەبرە تېشى») ئىدى، دېمەك، بەزى خەنزۇ ئەمەلدارلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ھەرھالدا ۋەزىپىسىگە سادىق بولۇپ خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ جەڭ قىلغانىدى. شۇڭا لياڭجۇدىكى تۇرا قەبىلىلىرى لياڭجۇغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان دەسلەپكى 40 يىلدا، تاڭ سۇلالىسى لياڭجۇدىكى تۇرالار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولغان، تۇرا چارۋىچىلىرى بۇ يەردە ماكانلىشىپ ئومۇمەن خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرگەنىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيىۈەن يىللىرىدىن كېيىن، تاڭ

شۇەنزۇڭ چىگرا ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇ تاڭ
رۇيزۇڭ ۋاقتىدىكى چېگرىدىكى مۇھىم جايلاردا ھەربىي قور-
غان ھەم ھىراۋۇل تەسىس قىلىش ئۇسۇلىنى تۇيۇقسىز كې-
ڭەيتتى ۋە خېشى، لوڭيۇ، يۇ جو (كېيىن فەنياڭغا ئۆزگەرتىل-
گەن)، جيەننەن، سۇفاڭ، تيەنبىڭ (كېيىن خېدۇڭغا ئۆزگەر-
تىلگەن)، ئەنشى، بېشبالىق قاتارلىق جايلارغا ھىراۋۇل تە-
سىس قىلدى. ھىراۋۇللاردىن تۆھپىسى بارلار ئوردىغا كىرىپ
ۋەزىر بولاتتى، ۋەزىرلەر بەزى ۋاقىتتا ھىراۋۇللىققىمۇ تەيىن-
لىنەتتى. ھىراۋۇللار بىرەر رايوندىكى بىرنەچچە ئايماقنىڭ
ھەربىي - مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك چاڭ-
گىلىغا ئېلىۋالاتتى. بەزى ھىراۋۇللار يۇقىرى مەرتىۋە چوڭ
ھوقۇققا تايىنىپ خاننى ئالداپ، تۆۋەننى بېسىپ، خالىغىنىنى
قىلاتتى. بۇ نۇقتا بولۇپمۇ خېشى ئارىلىقىدا گەۋدىلىكرەك
بولدى. مىلادى 712 - يىلى خېشى لوڭيۇ ھىراۋۇلى گوجيۇن
ئۆلگەندىن كېيىن شۇەنزۇڭ گوجيۇننىڭ قول ئاستىدىكى ئە-
مەلدار ۋاڭ جۈنچونى خېشى لوڭيۇنىڭ ھىراۋۇللۇقى بىلەن
لياڭجۇنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلىدى. ۋاڭ جۈنچۇ «ئات مىنىشكە
ماھىر، ئوق ئېتىشقا ئۇستا بولۇپ، غەربىي چېگرىدا نامى
چىققان» بولسىمۇ، ئەمما ئۇ جاسارىتى بار، پاراستى يوق،
قابىلىيەتسىز، سەۋر - تاقەتسىز ئادەم ئىدى. ئۇ ھىراۋۇللۇق-
قا تەيىنلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي لياڭجۇدىكى ئۇيغۇر، چۆبە،
ئىزگىل، ھون قاتارلىق تۆت تۇرا قەبىلىسى بىلەن قېيدىشىپ
قالدى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»
213 - جىلد كەييۇەننىڭ 15 - يىلىدىكى ماددىسىدا ئۇنىڭ
تۆت قەبىلە بىلەن قېيدىشىپ قالغىنىنىڭ جەريانى تۆۋەندى-
كىدەك خاتىرىلەنگەنىدى: «ۋاڭ جۈنجو ئەمەلگە ئولتۇرۇشتىن
ئىلگىرى تۆت قەبىلە بىلەن بېرىش - كېلىش قىلاتتى، ئۇلار
(تۆت قەبىلە) ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى؛ خېشى ھىراۋۇلى بولغان-

دىن كېيىن ھەممە ئىشتا قانۇن بويىچە ئىش كۆرىدىغان، دەپ تۇرۇۋالدى. تۆت قەبىلە غەزەپلىنىپ، شەرقىي ئاستانىگە مەخپىي ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەرز قىلدى. ۋاڭ جۈنچو ئوردىدا «تۆت قەبىلىنى ئىدارە قىلماق تەسلىشىپ كەتتى، ئۇلار توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىماقتا، دەپ خەۋەر يەتكۈزدى» ئوردا ئەلچى ئەۋەتىپ تەكشۈرگەن بولسىمۇ قەبىلىلەر ئىشەنچىگە ئېرىشەلمىدى». ۋاڭ جۈنچۈ شەخسىي ئاداۋىتىنى دەپ تۆت قەبىلىگە توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى دەپ قارا چاپلاپ مەكتۇپ يوللىدى، ھەم ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئوردىدىن يوشۇردى، شۇنىڭ بىلەن شۈەنزۇڭ مىلادى 727 - يىلى (كەييۈەننىڭ 15 - يىلى) 9 - ئايدا دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن دېگەن گۇناھ بىلەن «خانگاي مەھكىمىسىنىڭ ئۇلۇغ تۇتۇقى ئۇيغۇر چىڭزۇڭ (مىلادى 719 - يىل ئۆكتەبىر ئۆلۈپ، ئوغلى چىڭزۇڭ ۋارىسلىق قىلغان) نى راڭجۇ ئايمىقىغا سۈرگۈن قىلدى، ئۇلۇغ پەزىلەتلىك ھوننى جىجو ئايمىقىغا سۈرگۈن قىلدى، قۇلان تۇتۇقى چۆبە چىگىمىرنى تىڭجۇ ئايمىقىغا سۈرگۈن قىلدى؛لۇشەن تۇتۇقى ئىزگىل بەيىەتچىنى جىڭجۇ ئايمىقىغا سۈرگۈن قىلدى» («كونا تاڭنامە. جۈنچۈنىڭ تەرجىمھالى»). تۆت قەبىلىنىڭ ئەرزىنىڭ ئاقمىغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن كىشىلەر ئىنتايىن غەزەپلەندى. ئۇلار ۋاڭ جۈنچۈنىڭ قانۇنسىز ۋە يولسىز قىلمىشىغا تولىمۇ خاپا بولۇشتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئادىل بىر تەرەپ قىلمىغانلىقىغىمۇ ئىنتايىن نارازى بولدى. ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن بولغان خانگاي مەھكىمىسىنىڭ ئەمىر - لەشكىرى، چىڭزۇڭنىڭ ئوغلى قوشۇ «يېقىنلىرىنى توپلاپ، ۋاڭ جۈنچۈنى ئۆلتۈرۈپ ئۆچ ئېلىشنى پىلانلىدى» (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش). بۇ ۋاقىتتا ۋاڭ جۈنچۈ شەخسەن ئۆزى تىبەت ئەلچىلىرىنى توسۇش ئۈچۈن بىرىپ قايتىش ۋاقتىدا قوشۇ ئۇنى گەنجۇ ئايمىقىنىڭ خۇبى ئۆتىڭىدە پىستىرما قو-

يېيىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. لياڭجۇ تۇرالىرى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، «ئەنشىدىن ئوردىغا ئولپان ئېلىپ كېلىدىغان يولنى ئۈزۈپ تاشلىدى» («يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»). تۇرالارنىڭ تۆت قەبىلىسى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىدىكى چوڭ ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغاندىن كېيىن «خېشى بىلەن لۇڭيۇنى زىلزىلىگە سالدى» («كونا تاڭنامە. سۇسوڭنىڭ تەرجىمىھالى»). تاڭ سۇلالىسى خېشىغا قوشۇن ئەۋەتىپ باستۇردى، قوشۇ ئۇيغۇر قاتارلىق تۆت قەبىلىگە باشچىلىق قىلىپ ئۇرۇشۇپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قوۋمىنى باشلاپ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ «ئۆتۈكەن تېغىغا بېرىپ پاناھلاندى» («كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە «تۇركلەر خېشىغا قېچىپ كەتتى» دېيىلگەن㊸) لياڭجۇ تۇرالىرىنىڭ كۆپ قىسمى قوشۇنغا ئەگىشىپ شىمالغا قايتىپ كەتتى.㊷

يۇقىرىدىكىلەرنى ئومۇملاشتۇرغاندا، مىلادى 716 - يىلىدىن 726 - يىلىغىچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى لىڭ، شيا، فېڭ، بېڭ، لياڭ قاتارلىق بەش ئايماقتىكى تۇرالار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ شىمالغا قايتىپ كەتتى. كېيىنكى تۈرك خانلىقىدىكى قۇتلۇق، بولۇپمۇ بەگچۇر قاغاننىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن كېلىپ چىققان تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش، تارقىلىپ كېتىش، قېچىپ كېتىش ۋەزىيىتى بىلگە قاغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرگە كەلگەندە ئاساسەن ئاخىرلاشتى. تۇرا خەلقى شىمالدا يەنە قايتىدىن جەم بولدى. بىلگە قاغاننىڭ يېڭى سىياسىتى بولۇپمۇ تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ «ئۇلۇسقا ئايلىنىش» قا يول قويۇشى ھەم تۇرا قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىدارە قىلىش

قا يول قويۇش سىياسىتى ئۇنۇمگە ئېرىشتى. لېكىن بۇ خىل سىياسەت يەنە تۇرا قەبىلىلىرى ئاقساقاللىرى بىلەن ئۆز قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا ھەم قەبىلە ئاقساقاللىرى ئارىسىدا بىر قەدەر مۇستەھكەم بولغان دائىملىق مۇناسىۋەتنى ئورنىتالىشى مۇمكىن. بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولۇش ھارپىسىدا ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى كۆل بىلگىنىڭ باشچىلىقىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ چوڭ ئىتتىپاقى شەكىللەندى. مىلادى 745 - يىلى (تيەنباۋنىڭ تۆتىنچى يىلى) كېيىنكى تۈرك خانلىقى بۇ ئىتتىپاقنىڭ كۈچىنىڭ زەربىسى بىلەن مۇنقەرز بولدى.

## 5. ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللىنىشى

### (1) ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى

بىلگە قاغاننىڭ كۆلتېكىن، تونيۇقۇقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى بىلەن يولغا قويغان يېڭى سىياسىتى كېيىنكى تۈرك خانلىقىغا بىر مەزگىللىك جانلىق ۋەزىيەت ئاتا قىلغانىدى، ئىچكى جەھەتتە تارقىلىپ كەتكەنلەرنى ئۆزىگە تارتىش سىياسىتى ئۈنۈم بەردى، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى تۈركلەر بىلەن تۇرا قەبىلىلىرى تۈركۈم - تۈركۈملەپ شىمالغا قايتىپ كەلى

دى. شىرت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتە مىلادى 720 -
يىلى 8 - ئايدا تونيۇقۇق چوڭ قوشۇننى باشلاپ غەربكە يۈ-
رۈش قىلىپ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ تۈرك خانلىقىغا
قىستاپ ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغان بېشبالىقتىكى باسمىللارغا
تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. 9 - ئايدا تونيۇقۇق بېشبالىق-
تىن قوشۇن تارتىپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ
گەنجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىغا بېسىپ كىرىپ، لياڭجۇ تۇتۇقى
ياڭ جىڭشۇنى مەغلۇپ قىلىپ، «چۆبە قەبىلىسىنى بۇلاڭ - تا-
لاڭ قىلىپ قايتىپ كەتتى» («كونا تاڭنامە. شۈەنزۇڭ ھەققىدە
خاتىرە»). بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئەسلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ باس-
مىللار بىلەن تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىدىن ئۆچ
ئېلىش يۈزىسىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، مەق-
سىتىگە يەتكەندىن كېيىنلا قوشۇنلىرىنى شىمالغا چېكىندۈرۈپ
كەتكەنىدى، شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 734 - يىلى (كەييۈەن-
نىڭ 22 - يىلى) بىلگە قاغان ئالەمدىن ئۆتكىچە، كېيىنكى
تۈرك خانلىقى تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى
ساقلاپ كەلدى. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا قايتا ئۇرۇش پارت-
لىمىدى. بىلگە قاغاننىڭ يېڭى سىياسىتى ئۇنىڭ شەرقتىكى
قوشنىسىغىمۇ تەسىر قىلدى. مىلادى 730 - يىلى (كەييۈەن-
نىڭ 18 - يىلى) قىتان، قۇملۇقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ،
تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ تۈركلەرگە ئەل بولدى. بۇلار-
نىڭ ھەممىسى بىلگە قاغاننىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىمۇ، غا-
يەت زور نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
قىسقىسى يېڭى سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى تۈرك خانلىقىغا
مۇقىملىق ۋە مەلۇم دەرىجىدە گۈللىنىش ئېلىپ كەلدى.
بىلگە قاغان «تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دا
ئۆزىنى ماختاپ «مەن تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، يوقسۇل
خەلقنى يىغدىم، يوقسۇللارنى باي قىلدىم، ئاز خەلقنى كۆپ

قىلدىم، مېنىڭ بۇ سۆزۈمدە يالغانچىلىق بارمۇ؟!»، (جەنۇبىي يۈزى 10 - قۇر) دېگەنىدى.
بىلگە قاغاننىڭ دەۋرىدىكى، شىمالدىكى تۇرالار (جەنۇبتىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىن شىمالغا قايتىپ كەلگەن تۇرا قەبىلىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ پائالىيەتلىرى يازما مەنبەلەردىكى خاتىرىلەردە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇرقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا پەقەت بىلگە قاغاننىڭ تەختكە ئولتۇرغان دەسلەپكى يىلى ۋە ئىككىنچى يىلىدىكى يەنى مىلادى 716 - يىلى ۋە مىلادى 717 - يىلى شىمالدىكى تۇرالارنىڭ جەنۇبقا بېرىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغانلىق ۋەقەسىلا خاتىرىلەنگەنىدى. ھالبۇكى، شىمالدىكى تۇرالارنىڭ مىلادى 718 - يىلىدىن كېيىنكى ھېچقانداق پائالىيىتى خاتىرىلەنمىگەنىدى. بۇ بەلكىم بىلگەقاغان ۋاقتىدا تۇرا چارۋىچىلىرى گەرچە يەنىلا تۈرك قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما تۇرمۇشىنىڭ بىرقەدەر مۇقىملىقىنى، شۇڭلاشقا بەگچۇر قاغاننىڭ دەۋرىدە كۆرۈپ ئۆتكەندەك ئۇنداق شىددەتلىك بوران - چاپقۇن شەكلىدىكى قارشىلىق كۆرەشلىرىنىڭ پارتلىمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن.
بىلگە قاغاننىڭ دەۋرىدە شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرىدا ئۆزگىرىش بولغاندەك قىلىدۇ. «تۈرك يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تۆھپىدار بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «ئۇنىڭ ئېلى، ئۇنىڭ [يۇرتى؟] سۈيى سېلىنگا دەرياسى ئىكەن. ئۇنىڭ خەلقى ... قەدىمدىن تارتىپ ئۇ يەردە چارۋىچىلىق قىلىپ ياشىغانىكەن...ـ ئۇ بۇ ۋادىدا قالغان خەلق ـ ئون ئۇيغۇرلار ۋە توققۇز ئوغۇزلارنى 100 يىل ئىدارە قىلغان».㊹ تۆھپىدار بىلگە قاغان كېيىنكى تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن شىمالدىكى باش كۆتۈرگەن

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قارا قاغانى ئىدى. قارا قاغان مىلادى 759 - يىلى (تاڭ سۇزۇڭنىڭ چيەنيۈەن ئىككىنچى يىلى) ئالەمدىن ئۆتتى. بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرىكى يەنى مىلادى 659 - يىلىدىكى ۋاقىتقا نەزەر سالساق، ئەينى ۋاقىتتا شىمالدا ئولتۇراقلاشقان تۇرا قەبىلىلىرى ئولتۇراقلاشقان جايلار، جېڭگۇەن يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا تاڭ تەيزۇڭ شىمالدا تەسىس قىلغان ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماق بولۇپ، بۇ مەڭگۈ تاشتا ئېيتىلغان توققۇز ئوغۇزلار (يەنى تۇرا قەبىلىلىرى) 100 يىل ئولتۇراقلاشقان سېلىنگا دەرياسى بىلەن ماس كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ، 100 يىل دېيىلگىنى پەرەز بولۇپ، بۇ 100 يىلغا يەتمەيدۇ ياكى 100 يىل دەپ ئاتاشقىمۇ بولمايدۇ. مەڭگۈ تاشتا دېيىلگەن بۇ 100 يىل كېيىنكى تۈرك خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلانغان. ئەينى ۋاقىتتا شىمالدىكى تۇرالار جەمئىيىتىدە، تۈركلەرنىڭ قۇتلۇق قاغانىنىڭ بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرى تۈپەيلىدىن چوڭ داۋالغۇش يۈز بېرىپ، سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمى ئولتۇراقلاشقان جايلار، توققۇز تۇرا (توققۇز ئوغۇز) خەلقى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا ئايلانغان. بۇ ئىش دەل شۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەنىدى. كېيىن بىلگە قاغانىنىڭ دەۋرىدە، جەنۇبتىكى تۇرالارنىڭ شىمالغا كۆپلەپ قايتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، سېلىنگا دەرياسى ۋادىسى شىمالدىكى تۇرالار ئاساسلىق توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونغا ئايلاندى. بۇ خىل ئۆزگىرىش تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىشىپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى.

بىلگە قاغانىنىڭ دەۋرىدە شىمالدىكى تۇرالارنىڭ جەمئىيىتىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ قوزغايدىغان ئۆزگىرىش ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بەگچۇر قاغانىنىڭ دەۋرىدىكى تارقىلىپ

كېتىش جەريانىدىن كېيىن، سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىدا قايتىدىن باش كۆتۈردى. ئۇيغۇر قەبىلىسى توققۇز تۇرالارنىڭ ئىچىدىكى ئۇزۇن تارىختا ۋە يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلىش ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر قەبىلە ئىدى. شىمالىي سۇلالىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۇيغۇر (袁纥) دەپ ئاتالغان بولۇپ، قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ بىرى ئىدى، ئۇلار جورجان خانلىقى بىلەن توغبات-ۋېي سۇلالىسىگە قارشى كەسكىن كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغانىدى. تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلار توققۇز تۇرا قەبىلىسى (15 تۇرا قەبىلىسى) نىڭ بىرى بولغان، ھەم سىرتاردۇش، تونگرا، بايئېرقۇ، چۆبە قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدىكى چوڭ قەبىلىگە ئايلانغان، ئالدىنقى تۈرك خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئۇلارنىڭ ئاقساقلى پوسات 5 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن مالىيشەن تېغىدا تۈركلەرنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ «شىمالنى زىلزىلىگە سالغان». ئەينى ۋاقىتتا شىمالدا «پەقەت ئۇيغۇرلار بىلەن سىرتاردۇشلارلا ئەڭ كۈچلۈك ئىدى» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»). ئۇيغۇر قەبىلىسى بىر سەكرەپلا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە سىرتاردۇشلاردىن قالسىلا ئىككىنچى چوڭ قەبىلىگە ئايلاندى. جېنگۇەن يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا سىرتاردۇش خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ، جەنۇبقا بېرىپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. تاڭ تەيزۇڭنى ھۆرمەتلەپ خاقانى چىن دەپ ئاتىدى ھەمدە تاڭ سۇلالىسىدىن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار رايونىدا مەھكىمە ئايماق تەسىس قىلىپ بىر تۇتاش ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا خانگاي تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، تۇمىدنى خانگاي تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىدى،

كېيىن تۇمېد ئۆزىنى «قاغان» دەپ ئاتىدى. ئۇ شىمالدىكى
تۇرا قەبىلىلىرى ئىچىدە بىردىنبىر «خاقان» مەرتىۋىسىگە
ئىگە بولغان «قاغان تۇتۇق» ئىدى. بۇ ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ
شىمالدىكى تۇرالارنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي باش رولچى ئورنىغا
ئىگە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن
شىمالدىكى تۇرالار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇرۇشلىرىغا ياردەم بې-
رىپ تۇردى، تاڭ سۇلالىسى بەزىدە ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاق-
ساقاللىنى تۇرالار قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى قىلىپ تەيىنلىسە،
بەزىدە ئاساسەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى جازا ئۇرۇشلىرىغا سالات-
تى. ئۇيغۇرلار تاڭ تەيزۇڭ، تاڭ گاۋزۇڭنىڭ دەۋرىدى-
كى زېمىن كېڭەيتىشكە ئاكتىپ تۆھپە قوشقانىدى. ۋۇزېتيەن
ۋە كېيىنكى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر قەبىلىسى باشقا
تۇرا قەبىلىلىرىگە ئوخشاش، كېيىنكى تۈرك خانلىقى قۇلدارلى-
رىنىڭ ئىستىبدات قىلىشىغا ۋە زۇلمىغا ئۇچرىدى، ئەمما ئۇيغۇر
قەبىلىسىنىڭ خاتىگاي تۇتۇقى باشچىلىق قىلغان يۇقىرى قات-
لام رەھبەرلىك گۇرۇھى بىلەن بىر قىسىم قەبىلە خەلقى بۇن-
داق ئىستىبدات قىلىنىشتىن ئىلگىرىلا شىمالدىن ئايرىلغانىدى. بۇ
ئۇرۇق قەبىلىلەرنىڭ غوللۇق قىسمى تۈركلەر تەرىپىدىن بوي-
سۇندۇرۇلمىغاچقا، تارقىلىپ كەتتى. يازما مەنبەلەرگە ئاساس-
لانغاندا، كېيىنكى تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولۇش ھارپىسىدا،
ئۇ ياغلاقار، قۇرتاغار، دېرىمار، بايىسىرىق، ئاۋشار، قاساۋ،
قوغۇرسۇ، ئوۋۇنغار، ئاياۋىر قاتارلىق توققۇز ئۇرۇقتىن تەشكىل-
لىنىپ («توكونا تاگنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ)،
تارىختا توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ ئۇرۇق، قەبىلە
تەشكىلى مۇكەممەل ئىدى. بۇ باشقا تۇرا قەبىلىلىرى خەلقى-
نىڭ تارقىلىپ كېتىشى، ئۇرۇق قەبىلىلەرنىڭ پارچىلىنىش
ئەھۋالى بىلەن دەل روشەن سېلىشتۇرما ئىدى. ئۇيغۇر قەبىلى-
سى تۇمېد ئەل بولغاندىن كېيىن، بايان، بېسىۋغۇردۇ، دوكېچ،

ئۆكتەبىرا چىڭزۇڭ قاتارلىق ئالتە ئەۋلاد قاغانىنىڭ 80 يىلـ
دىن ئارتۇق ۋاقت ئىچىدە، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىزچىل دوستانە
مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ زور كۈچ
بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ يۇقىرى
قاتلام ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئۇدا ياغلاقار ئۇرۇقىنى مەركەز
قىلدى. تومبىد ھەم ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئاساسەن
مۇشۇ ئۇرۇقتىن كېلىپ چىقتى. ئۇيغۇر قەبىلىسى ئۇرۇق
قەبىلە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ بۇنداق مۇقىملىقىنى ۋە ئۈز-
لۈكسىزلىكى تۇرا قەبىلىلىرى ئىچىدە تېخىمۇ ئۆزگىچە ئىدى.
ئۇيغۇر قەبىلىسى بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۇقىرى قاتلىمى تاڭ
سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيىتىگە مەپتۇن ئىدى. باشقا تۇرا قەبى-
لىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تاڭ سۇلالىسىدىن بىر قەدەر
كۆپ ھۆكۈمرانلىق تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلغانىدى.
قىسقىسى، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر قەبىلىسى
بىلگە قاغانىنىڭ دەۋرىدە. بولۇپمۇ مىلادى 727 - يىلى
لياڭجۇ ئۇيغۇرلىرى شىمالغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
ئۇ ناھايىتى تېزلا شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ئىچىدە ئەڭ
تەشكىللىك، ئەمەلىي كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغان قەبىلە
بولۇپ شەكىللەندى. «تۈرك يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تۆھپىدار
بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «مەن 27 ياش ۋاقتىمدا
تۈرك دۆلىتىنىڭ ئىدىقۇتى بولدۇم» دېيىلگەن. مەڭگۈ تاشتا
ئارقىدىنلا يەنە «... ئۇ قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا ... مەن ئۆز
خەلقىم بولغان توققۇز ئوغۇزلارنى يىغدىم»[45] دېيىلگەن.
«ئۇ قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا» دېگەن بۇ جۈملىنىڭ باش-
ئاخىرى كەمتۈك بولغاچقا تېكىستتىكى مەقسەت تازا ئېنىق
ئەمەس. ئەمما كېيىنكى جۈملىدە ئېنىق ھالدا توققۇز ئوغۇز-
لار «ئۆز خەلقىم» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن تۈرك دۆلىتىنىڭ
26 ياشلىق ئىدىقۇتى بولغان مويۇنچۇرنىڭ، كېيىنكى تۈرك

خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى توققۇز تۇزلارغا ئىدىقۇت بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مويۇنچۇر 759 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. مويۇنچۇرنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقتىدىكى يېشى بىزگە نامەلۇم. ئەمما ئۇ 70 ياش ياشىغان تەقدىردىمۇ 26 يېشىدا بىلگە قاغان ئۆلگەندىن كېيىن يەنى بىلگە قاغان ھەم ئۇنىڭ ۋارىسى ئىل قاغان ۋاقتىدا بولۇشى كېرەك. شۇڭلاشقا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئىدىقۇتلۇق ئەمىلىگە مۇقەررەركى بىلگە قاغان ياكى ئىل قاغان ۋاقتىدا ئاندىن ئىگە بولغان. يەنە «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا مويۇنچۇر كۆل بىلگىنىڭ ئوغلى، كۆل بىلگە قۇشۇنىڭ ئوغلى ئىدى. شۇڭا مويۇنچۇر 26 ياش ۋاقتىدا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئىدىقۇتلۇقىغا تەيىنلەنگەن ۋاقىت مىلادى 727 - يىلى قوشۇ ۋاڭ جۇنچۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ - شىمالغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى بۇنىڭدىن ئانچە ئىلگىرى بولماسلىقى مۇمكىن. ياپونىيە ئالىمى ئونىگاۋا خىدېمىمۇ (小野川秀美) مەڭگۈ تاشقا ئاساسلىنىپ «تۈركلەرنىڭ ئۆرمىش تېگىنى قاغان بولۇشتىن ئىلگىرى (يەنى مىلادى 742 - يىلىدىن ئىلگىرى) كۆل بىلگىنىڭ ئوغلى مويۇنچۇر توققۇز قەبىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولغانىدى»[46] دەپ قارايدۇ. «تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «مەن سىلەرنىڭ (توققۇز ئوغۇزلارنى كۆرسىتىدۇ) قاغان بولۇشۇمغا قوشۇلۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن خاتىرە بىلەن توققۇز ئوغۇزلارغا ئۇلۇسنى قايتا قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ يارلىقتىكى خاتىرىگە ئاساسەن كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىلگە قاغانىنىڭ دەۋرىدە شىمالدىكى تۇرالار ئاللىبۇرۇن بىرلىككە كەلگەن «ئۇلۇس» بولۇپ شەكىللىنىپ، ئۇيغۇرلار ئاللىبۇرۇن بۇ بىرلىككە كەلگەن «ئۇلۇسنىڭ رەھبىرىگە

ئايلانغانىدى. ھالبۇكى، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى مويۇنچۇر بۇ بىرلىككە كەلگەن «ئۇلۇس» نىڭ ئىدىقۇتى (پادىشاھى) بولغانىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىلگە قاغاننىڭ دەۋرىدە ئۇيغۇر قەبىلىسى باشچىلىق قىلغان چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار يەنىلا كېيىنكى تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولسىمۇ، ئەمما خېلى زور دەرىجىدە تۈرك خانلىقى ئىچىدىكى دۆلەت بولۇپ قالغانىدى.

**(2) كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللىنىشى**

يۇقىرىدا بىز، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى بىلگە قاغاننىڭ يېڭى سىياسىتىنى مۇھاكىمە قىلدۇق ھەم ئۇنىڭ تۈرك ۋە تۈرك خەلقىنى شىمالغا قايتىشقا جەلپ قىلىش تەدبىرلىرىنى بايان قىلغانىدۇق. ئەمما بىز بىلگە قاغان يولغا قويغان يېڭى سىياسەت، پەقەت كېيىنكى تۈرك خانلىقىنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قېلىپ كېيىنكى تۈرك خانلىقىنى گۈللەندۈرۈش مەقسىتىدىكى ۋاقىتلىق تەدبىر ئىكەنلىكىنى ھەم تۈرك خانلىقىنىڭ دۆلەت ئىچىگە نىسبەتەن يولغا قويغان قۇلدارلىق ھۆكۈمرانلىقى، سىرتقا نىسبەتەن ئېلىپ بارغان قۇلدارلىق زېمىن كېڭەيمىچىلىكىنى ئۆزگەرتمىگەن ھەم ئۆزگەرتەلمىگەن ماھىيىتىنى كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەك. شۇڭلاشقا كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن بەلكى مەلۇم شارائىتتا يەنە ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ ۋە كەسكىنلىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

مىلادى 731 - يىلى (كەييۈەننىڭ 19 - يىلى) بىلگە قاغاننىڭ ئىنىسى كۆلتېگىن ئالەمدىن ئۆتتى. كۆلتېگىن كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ تەدبىرلىك ۋە نۇرغۇنلىغان ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈرگەن سانغۇنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىلگە قاغان يېڭى سىياسىتىنىڭ ئاساسلىق قوللىغۇچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلگە قاغانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا شۈبھىسىزكى، بىر ئېغىر زەربە ئىدى. مىلادى 734 - يىلى (كەييۈەننىڭ 22 - يىلى) بىلگە قاغان سىياسىي رەقىبى، باش ۋەزىر بۇيرۇقچۇر تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچىدە ئىككى نىزا پەيدا بولدى ھەم كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىپ ئاخىرى ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلانغانىدى.

بىلگە قاغان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئىل قاغان تەختكە چىقتى، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىل قاغانمۇ ئۆلۈپ، ئوغلى تەڭرى قاغان ۋارىسلىق قىلدى. تەڭرى قاغاننىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئانىسى سارىبېگ قاتۇن دۆلەت سىياسىتىگە ئارىلاشتى. قەبىلىلەر بۇنىڭغا قايىل بولمىدى. قۇمۇق، قىتانلار ئارقا - ئارقىدىن تۈركلەردىن يۈز ئۆرۈپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى. تەڭرى قاغاننىڭ ئىككى تاغىسى قوشۇنلارنى بۆلۈۋېلىپ، ئوڭ ۋە سول شادلار دەپ ئاتالدى. تۈركلەرنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى مۇشۇ ئىككىسىنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. تەڭرى قاغان ئىككى تاغىسىنىڭ ھوقۇق ۋە كۈچىدىن قورقۇپ، مىلادى 741 - يىلى (كەييۈەننىڭ 29 - يىلى) ئوڭ شادنى ئالداپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. سول شاد كۆلتېگىن خەۋپىنىڭ ئۆزىگە كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قوشۇن باشلاپ بېرىپ، تەڭرى قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، بىلگە قاغاننىڭ ئوغلى (ئىسمى خاتىرىلەنمىگەن) قاغان قىلىنىپ تىكلەندى. بۇ قاغان ئۇزاق ئۆتمەي يەنە قۇتلۇق يابغۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈ-

رولدى. قۇتلۇق يابغۇ قاغان بولدى.

تۈرك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى غالجىرلىق بىلەن ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، باسمىل، قارلۇق ئىككى قەبىلە تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىللىق جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «توققۇز قەبىلىنىڭ ھەممىسى ئىسيان كۆتۈردى» («مىتال تاش پۈتۈكلەر توپلىمى. ۋاڭ جۇگشى ئابىدىسى»)، تۇرا قەبىلىلىرىمۇ قارشىلىق كۆرسىتىش تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. مىلادى 742 - يىلى (تيەنباۋنىڭ (تۇنجى يىلى) ئۇيغۇر،[47] باسمىل، قارلۇق قاتارلىق ئۈچ قەبىلە بىرلىك سەپ تۈزۈپ، تۈركلەرنىڭ قۇتلۇق يابغۇسىنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ قەبىلە ئورتاق ھالدا باسمىل قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىنى ئىلتەرىش قاغان قىلىپ سايلىدى، ئۇيغۇر ۋە قارلۇقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوڭ ۋە سول يابغۇلۇقنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مىلادى 743 - يىلى (تيەنباۋنىڭ 2 - يىلى) تۈركلەر كۆلتېگىننىڭ ئوغلى ئۆزمىشنى قاغان قىلىپ تىكلىدى. ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى كۆل بىلگەنىڭ ئوغلى مويۇنچۇرغا قوشۇننى باشلاپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ «ئۇنى (ئۆزمىشنى كۆرسىتىدۇ) ئەسىرگە ئالدى» ھەمدە ئۇنىڭ خوتۇنىنى كېنىزەك قىلدى (مويۇنچۇرنى كۆرسىتىدۇ). «تۈرك خەلقى شۇ يەردە پۈتۈنلەي يوقىتىلدى» («تۈرك يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تۆھپىدار بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»). تاڭ سۇلالىسى كۆل بىلگەنىڭ «ئۆزمىشنى ئۆلتۈرگەنلىك تۆھپىسى» ئۈچۈن ئۇنىڭغا «سۆيىنگىل قاغان» («تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. ئۇيغۇرلار») دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە قۇتلۇق بىلگىگە كۆل سۆيىنگىل قاغان دېگەن ئۇنۋانىنى قوشۇپ بەردى. تاڭ سۇلالىسى زور كۈچ

بىلەن قوللىغاچقا، شىمالىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ كۆچى
ناھايىتى زورايدى. باسمىللارنىڭ ئىلتېرىش قاغانى تەشۋىش-
كە چۈشۈپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ سۈيىنگىل قاغانى قارلۇق-
لارنىڭ قوللىشى بىلەن باسمىللارنى تارمار قىلىپ، ئىلتېرىش
قاغاننى ئۆلتۈردى. مىلادى 745 - يىلى سۈيىنگىل قاغان ئۆز
قەبىلىسىگە باشچىلىق قىلىپ ئۆزمىشتىن كېيىن تەختكە چىق-
قان ئاي تەڭرىدە بولمىش قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قوۋم-
لىرىنى پۈتۈنلەي ئەسىرگە ئېلىپ، تۈرك خانلىقىنى مۇنقەرز
قىلدى. چۆللۈكنىڭ شىمالىدا «شەرقتە سېرۋىلاردىن، غەربتە
ئالتۇنتاغقىچە، جەنۇبتا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان جايلار-
نى كونترول قىلدى»، «ھونلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىنىڭ
ھەممىسى» ئۇيغۇرلارنىڭ سۈيىنگىل قاغانىغا تەۋە بولدى (يېڭى
تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»). سۈيىنگىل قاغان «جە-
نۇبىدىكى تۈركلەرنىڭ بۇرۇنقى زېمىنىدە ئولتۇراقلىشىپ ئوردىنى
ئۆتۈكەن تېغى بىلەن ئورقۇن دەرياسى ئارىلىقىغا كۆچۈردى»
(يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش. يەنى ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى
خانگاي تېغىنىڭ شەرقىي تىزمىسى بىلەن ئورقۇن دەرياسىنىڭ
يۇقىرى ئېقىنى ئارىلىقىدىكى قارا بالغاسۇن دېگەن جاي).
سۈيىنگىل قاغان قۇرغان خانلىق تارىختا ئورقۇن ئۇيغۇر خان-
لىقى (مىلادى 744 — 845 - يىللار) دەپ ئاتالدى.

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە «تۇرا»، «توققۇز تۇرا»
ھەم ئۇنىڭ قىسقارتىلمىسى بولغان «توققۇز ئولۇس» دېگەنلەر-
نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تارىخلاردىن يوقالدى.
ئۇنىڭ ئورنىنى كىشىلەر دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان «توققۇز
ئۇيغۇر» دېگەن نام ئىگىلىدى. توققۇز ئۇيغۇرلار توغرىسىدا
«تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. ئۇيغۇرلار» دا مۇن-
داق خاتىرىلەنگەن: «ئۇلارنىڭ توققۇز قەبىلىسىنىڭ بىرىنچى-
سى ئۇيغۇر، ئىككىنچىسى بارغۇت، ئۈچىنچىسى ھون، تۆتىنچى-

سى بايىرقۇ، بەشىنچىسى توگرا، ئالتىنچىسى ئىزگىل، يەتتىنـ
چىسى چۇبە دېيىلىدۇ. يۇقىرىقى يەتتە قەبىلە خانلىقىنىڭ دەسـ
لەپكى يىللىرىدىن بۇيان تارىخلارنىڭ قىسىملىرىدە
خاتىرىلەنگەن. سەككىزىنچىسى ئابۇس، توققۇزىنچىسى كۆل
ئوغۇز دېيىلىدۇ. («ئۇلۇغ ئادالەتلىك دۇنيا خاتىرىسى» دە
«恐» خەتتى «思» دەپ يېزىلغان)، بۇ ئىككى قەبىلە «تيەنباۋ
يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ يەتتە قەبىلە بىر قاتاردا
تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى». تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى
15 تېلى قەبىلىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سىرتاردۇش، قو-
رىقان، توباس، تېلەنگۇت، قۇمۇق، ئاقشىد، ئاتىئېز، قوشۇ قا-
تارلىق سەككىز قەبىلە ئازلىغان. بۇنىڭغا ئابۇس بىلەن كۆل
ئوغۇز ئىككى قەبىلە قوشۇلغان. كېيىنكى تۈرك خانلىقى ۋاقـ
تىدا، بولۇپمۇ كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇش
ھارپىسىدىكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى چوڭ سىياسىي ئۆزگىـ
رىشلەردە تۇرالارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى زاۋال تېپىپ ئۇنىڭ
ئەزالىرى تارقىلىپ، تۇرالارنىڭ باشقا قەبىلىلىرىگە قوشۇلۇپ
كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، تۇرالارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى خىلمۇ
خىل سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن قەبىلە نامىنى ئۆزگەرتكەن بولۇشى
مۇمكىن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان توققۇز ئۇيغۇر ئاساسەن ئەسلىدىـ
دىكى توققۇز تۇرا بولۇشى كېرەك؛ پەقەت ئۇيغۇر قەبىلىسى
بۇ ۋاقىتتا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغاچقا ھەمدە
ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ نامىدىكى خانلىق، ئورقۇن ئۇيغۇر خانـ
لىقىنى قۇرغاچقا، تۇرا قەبىلىلىرى تۇرا دېگەن نامنى تاشلاپ
ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىدى. «توققۇز تۇرا»، «توققۇز
ئۇيغۇر» دەپمۇ ئاتالدى. تارىخشۇناسلار ئۇيغۇر قەبىلىسى
ئىچىدىكى ياغلىقار، قوتورغۇر، دېرىمار، بايىرساق، ئاۋسار،
قاسار، قوغۇرسۇ، ئۇۋۇغار، ئاياۋمىر قاتارلىق توققۇز ئۇرۇقنى
قەبىلىسىنىڭ ئىچكى توققۇز ئۇرۇقى ياكى ئىچكى توقـ

قۇز قەبىلىسى دەپ ئاتىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۇرا قەبىلىلىرىنى تەشكىل قىلغان توققۇز ئۇيغۇرلار تاشقى توققۇز ئۇرۇق ياكى تاشقى توققۇز قەبىلە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر خانلىقى يۈز يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئارقىلىق، تىل، ئۆرۈپ - ئادەت ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئومۇملۇقىغا ئىگە بولغان چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى يەنە بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللەندى.

ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى تۇرالارنىڭ تارىخىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىزاھلار:

① سېن جوڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ بىرىنچى قىسىم 316 - بېتىدە مۇنداق دېگەن: ‹ى ئاڭ «يەنرەن سىزما سۈرەتلىرىگە مۇقەددىمە» دە «جىنۇبىي ئايماقىنىڭ تۇتۇقىنىڭكى بارغۇت باش تارتىشقا باشلىغان»، بۇ يەردە دېيىلگەن ئۇيغۇرلار جىنجۇ ئايمىقىدا ئۆز ئارا ئۆكتەملىك قىلىشىپ، قىرغىنچىلىق قىلىشتى، دېگىنى ئېھتىمال بارغۇتلارنى كۆرسەتسە كېرەك» دەيدۇ. سېن جوڭمىيەنىڭ قارىشىمۇ شۇنداق بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭكى ئاساس قىلىندى.

② «چېن بۇيۇماقاللىرى توپلىمى. تۈركلەر ھەققىدە تولۇقلىما».

③ «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» بىرىنچى قىسىم 310 - بەتتىكى مۇناسىۋەتلىك دەلىللەرگە قاراڭ.

④ ⑤ «چېن بۇيۇ ماقالىلىرى توپلىمى. تىبەت چېگرىسىدىكى ئايماقلارنى تىنچىتىشقا ئائىت ئىشلارنىڭ ئۇچ تەرىپى».

⑥ «تۈرك يېزىقىدىكى تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ تېكىستى-
نى مەملىكىتىمىزدە ئۈچ كىشى تەرجىمە قىلغان. خەن رولىنىڭ
تەرجىمىسى 1936 - يىلى «يۈيگۇڭ يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ VI
توم 7 - سانىغا بېسىلغان؛ جۈيەنفېڭنىڭ تەرجىمىسى 1943 - يىلى
«جىلىن» مەجمۇئەسىنىڭ 4 - سانىغا بېسىلغان؛ سېن جۇڭمىيەننىڭ
تەرجىمىسى 1958 - يىلى نەشر قىلىنغان، «تۈرك تارىخىغا ئائىت
ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ ئىككىنچى قىسمىغا بېسىلغان. ئىزاھ
بېرىلمىگەنلىرىمۇ سېن جوڭمىيەننىڭ تەرجىمىسىدىن ئېلىندى.

⑦ خەن رۇلىننىڭ تەرجىمىسىدە بۇنى «توقۇز ئۇيغۇر»
دېگەن: جۈيەنفېڭنىڭ تەرجىمىسىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. «توقۇز
ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» دا «Toguzuigur» دېيىلگەن.
مەڭگۈ تاشتا بۇنى «Toguzoghuz» دېگەن بولۇپ، ئىككىسىنىڭ
روشەن پەرقى بار. سېن جوڭمىيەننىڭ تەرجىمىسىدە بەزىدە «توقۇز-
غۇز» بەزىدە «توقۇز ئوغۇز» دەپ ئېلىنغان.

⑧ «تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي
يۈزى 14 - قۇرىدا «شىمالدىكى Baz قاغان ھەم توقۇز ئوغۇز-
لار مېنىڭ دۈشمىنىم» دېيىلگەن. بۇ Baz قاغاننى دانىيە ئالىمى
تومسۇن (V·Thomsen) «ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى بولۇشى مۇمكىن»
دەپ قارايدۇ (خەن رۇلىن تەرجىمە قىلغان «كۆلتېگىن، بىلگە
قاغان، تونيۇقۇق مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ ئىزدىكىسى» غا قارالسۇن. بۇ
ماقالا 1936 - يىلى «يۈيگۇڭ يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» VI توم 7 - سا-
نىغا بېسىلغان. سېن جوڭمىيەن مۇنداق دەيدۇ: «Baz قاغان يەنى
ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى، «كونا تاڭنامە» نىڭ 195 - جىلدىكى
«ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا بىسۇغۇردۇ ياكى
دوكېچىنىڭ دەۋرىگە ئاساسەن ماس كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ داۋامى-
نىڭ 16 - قۇرىدا بۇ قاغان، يەنى قۇتلۇق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.
دېيىلگەن. بۇ يۇقىرىدىكى ئىككى كىشىنىڭ بىرىمۇ ئەمەسمۇ بىر
نەرسە دېيىش قىيىن. «栗» خېتىنى ياپونىيىلىكلەر «zuku» دەپ

ئوقۇيدۇ. 比粟 بىلەن Baz سۆزى ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ»، («تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» ئىككىنچى قىسىم 895 — 896-بەتلەرگە قارالسۇن). «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» «كونا تاڭنامە»گە ئاساسلانغاندا، بۇ ۋاقىتتا بىيسۇغۇردۇ ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن، دوكېچىمۇ جەنۇبقا كۆچۈپ تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىگە بارغان. قۇتلۇق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شىمالىي چۆللۈكتىكى Baz قاغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولۇش ئېھتىمالى ناھايىتى ئاز. ئەكسىنچە يېڭىدىن تەختكە چىققان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قاغانى بولۇشى مۇمكىن.

⑨ «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» بىرىنچى قىسىم 330 - بەت.

⑩ ئەن باۋبى قوشۇنى بىلەن تۈرك قوشۇنى جەڭ قىلغان جاي «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 443 - جىلدىدا سەددىچىندىن 20 چاقىرىم نېرىدا دېيىلگەن. «قانۇنلار قامۇسى»، «تۈركلەر»، يېڭى كونا «تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» نىڭ ھەر ئىككىلىسىدە» 2 مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يىراقلىقتا» دېيىلگەن. شۇ يىلى 8 - ئايدا خېبى چىچاڭنىڭ باشچىلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى خۇاڭخۇادۇيدە تۈرك قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان: خۇاڭخۇادۇي ھازىرقى سەنشىنىڭ سەنيىن ناھىيىسىدە بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قارىمىقىدىكى سەددىچىننىڭ ئىچىدە ئىدى. تۈرك قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن سەددىچىندىن چىقىپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا چېكىنىپ بارغان. ئەن باۋبىنىڭ قوشۇنى ئاران 10 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. قۇتلۇقنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى تايانچ بازىسىنى قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ، تايانچىسىز قوشۇن بىلەن شىمالغا ئىككى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق ئىچكىرىلەپ كىرىشى مۇمكىن ئەمەس. «20 چاقىرىم»، «2 مىڭ چاقىرىم» دەپ خاتا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن، «كىتابلار جەۋھىرى» دىكى قاراشقا ئاساسلىنىش كېرەك.

⑪ مۇشۇ يىلدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى كۆزەتكەندە، مەن تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ خۇاڭخۇادۇيدىكى مەغلۇبىيىتىدىن گۇمانلانمىمەن، تۈرك قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئالداپ ئىچكىرىگە ئەكىرىپ پۈتۈنلەي يوقىتىش مەقسىتىدە يالغاندىن مەغلۇپ بولغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئەن باۋېينىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سەددىچىننىڭ سىرتىدا پۈتۈنلەي يوقىلىشى، دەل قۇتلۇقنىڭ پىلانىنىڭ نەتىجىسى. شۇڭلاشقا قۇتلۇقنىڭ «شىمالغا كېتىشى»، تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ شىمالغا قېچىشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئەمەس بەلكى، ئاكتىپلىق بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، تۇرالارغا جازا يۈرۈش قىلىش ھەرىكىتىدۇر. «كونا تاڭنامە. خېيچىجاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى تۈركلەرنىڭ «شىمالغا كېتىشى» خۇاڭخۇادۇيدىكى جەڭدىن كېيىن، ئەن باۋېي قوشۇنى يوقالغاندىن كېيىن ئەمەس. خاتالىق بولۇشى مۇمكىن.

⑫ شىمالدىكى قۇرغاقچىلىق، كېسەللىك ۋە ئاچارچىلىق ئاپەتتى توغرۇلۇق، چۇيگۇڭنىڭ ئىككىنچى يىلى (بىڭشۇ يىلى، مىلادى 686 - يىلى) دىكى جىياۋجىجىنىڭ ۋۇزېتيەنگە سۇنغان مەكتۇپىدا مۇنداق دېيىلگەن: «مەن تۇرۇۋاتقان بۇ شەھەر ئېرغۇناكۆلى بىلەن تۇتاش، غەربىي خۇەي ‹خەي› نەن ئېغىزىغا يېقىن، شىمالدىن كەلگەن تۈركلەر (مەنبەلەرگە قارىغاندا، بۇ «تۈرك» لەر ئەمەلىيەتتە تۇرالارنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ ھەممىسىنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇلاردىن قېرى - چۈرىلەرنى يۆلەشتۈرۈپ، تۈركۈم - تۈركۈملەپ كېلىپ، ئەل بولغانلارنىڭ سانى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ناچار، پۈتۈنلەي ئادەم قىياپىتىنى يوقاتقان بولۇپ، يوللاردا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالى ئۈزۈلمەي كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئالدى بىلەن توققۇز قەبىلە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى. ئۈچ يىل ئۆتتى، ھەممە يەر قاقاسلىشىپ كەتتى، ئوت - چۆپلەر ئۈسمىدى. شۇ سەۋەبتىن

چارۇقلارنىڭ ئۇلىدىن يەتتىسى ئۆلۈپ تۈگىدى، ياشانغان بىر كىشى توققۇز قەبىلە بار بولغاندىن تارتىپ بۇنداق ئاچارچىلىق ئاپىتى يەلۈپ باقمىغان دېدى» («چىن بۇيۇماقاللىرى توپلىمى. تۈركلەر ھەققىدىكى تولۇقلىما»).

⑬ بۇنىڭدا سىن جوڭمىيەننىڭ تەكشۈرۈپ ئىزاھلىشى ئاساس قىلىندى. «تۈركلەر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ئىككىنچى قىسىم، 870 - بەتكە قاراڭ.

⑭ تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەرنى تەرجىمە قىلغۇچىلار ئەسلى مەتىنگە ئاساسلىنىپ قوشۇپ قويغان. سۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا «؟» بەلگىسى قوشۇپ قويۇلغانلىرى تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ قوشۇلغان بۇ سۆزگە نىسبەتەن گۇمانى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

⑮ سىن جوڭمىيەن تەرجىمە قىلغان «تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» غا قاراڭ. مەڭگۈ تاشنىڭ بۇ يېرىدە مۇبالىغە قىلىنغانلىقى ئېنىق. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن «دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن، خاقانى بارلارنى خاقانىدىن مەھرۇم قىلدىم» دېگىلى بولمايتتى.

⑯ «تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىدىكى يۈزى 16 - قۇرىدا «قاغان (بىلگە قاغاننى كۆرسىتىدۇ) ئاتامنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بازقاغاننى بالبال قىلىپ تىكلەپتۇ» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى Baz قاغان قۇتلۇق قاغاننىڭ قولىدا ئۆلگەن. قۇتلۇق تۇرا قەبىلىلىرىگە جازا يۈرۈش قىلغاندا ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

⑰ V تومۇن Qadirqan تېغىنى ھىنگان تېغى دېيىشتىن گۇمانلىنىدۇ. «خەن رۇلىن» تەرجىمە قىلغان «موڭغۇلىيىدىكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارغا مۇقەددىمە» («يوگوك يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» VII توم، 1 -، 2 -، 3 - سانىغا بېسىلغان) گە قاراڭ، سىن جوڭمىيەن موڭغۇلىيىدىكى چوڭ - كىچىك كىنتاي تاغلىرى

دەپ قارايدۇ. «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» ئىككىنچى قىسىم، 892 ـ بەتكە قاراڭ.

⑱ كانگنيه تارىخلاردىكى سوغدىيانا بولۇپ، ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەند، تارماننى V تومسۇن سايەن چوقىسى ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ.

⑲ سېن جوڭمىيەن «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» بىرىنچى قىسمىدا مۇنداق دېگەن: «كونا تاڭنامە» 106 ـ جىلدتىكى «ۋاڭ جيۈنىڭ تەرجىمىھالى» دا: 11 ـ ئايدا باش تەپتىش بەگكە دەستەك ئېلىپ تيەنبىڭ قورۇلىنىڭ شىمالىدىكى قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈشكە پەرمان چۈشتى. 12 ـ ئايدا يىلنامە كەيۈەنگە ئۆزگەرتىلدى. مەنسەپ نامىمۇ ئۆزگەردى. بۇنىڭ بىلەن سوتىڭتۇڭ ياندىش ئامبال بولدى. ئىككىنچى يىلى 2 ـ ئايدا قايتىپ كەلدى. پايتەختكە يېتىپ كەلگۈچە «سوتىڭتۇڭ زىجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگىلىكىدىن قالدۇرۇلدى» دېيىلگەن. يەنە شۇ كىتاب 8 ـ جىلد كەيۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى، كەبىسە 2 ـ ئايدا: «ۋاڭ جيۈ زىجۇ ئايمىقىنىڭ سول قول ئايماق بېگىلىكىگە تەيىنلەندى» دېيىلگەن. ئۇنىڭ چېگرىدىنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋاقتى «كەيۈەننىڭ تۇنجى يىلىنىڭ ئاخىرى، ئىككىنچى يىلىنىڭ بېشى بولۇشى كېرەك. بۇ سېن جوڭمىيەننىڭ قارىشى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭكى ئاساس قىلىندى.

⑳ «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 2 ـ قىسمىدا: «يەنشەن ئايمىقى ۋېنچىنى باشقۇرىدۇ، كەيۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى بەگچۈرنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى كۆچ ئېلتەبىرشىشىبى پاناھلىق تىلەپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا يەنشەننىڭ ئىنالچىلىقىنى سۈيۈرغال قىلىپ بەرگەن. ئۇنىڭ قەبىلىسىنىڭ ئورنى توغرۇ-

سىدا گۇمان بار» دېيىلگەن. سىبىن جوڭمىيەننىڭ قارىشىغا ئاساس-
لانغاندا، ئۇنداق ئەمەس، يەنىشەن ئايمىقى بەيشەتچىنى تۇرالار
ئۇچۇن تەسىس قىلىنغان تۇرالار ئايمىقى، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر
مۇھىم خاتىرىلەر. لىڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسى» بىلەن «يېڭى تاڭنا-
مە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دىمۇ شۇنداق قاراش بار. كۆچ
ئېلتەبىر شى شىبىگە قاراشلىق قەبىلىلەر تۈركلەردىن ئەل بولغان
تۇتۇنلەر، ئەگەر ئۇنىڭ قەبىلىسى ئۇچۇن ئايماق تەسىس قىلىنسا
تۈرك ئايمىقى بولۇشى كېرەك.

㉑ ئونوگاۋا خىدېمى (OnogawaHidemi) «تۇرالار
توغرىسىدا مۇھاكىمە» دە: «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرى-
لەر. لىڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسى» دە خاتىرىلەنگەن كەيپۇەننىڭ
ئوتتىنچى يىلى تەسىس قىلىنغان ئالتە تۇرا ئايمىقىنى نەقىل كەل-
تۈرگەندىن كېيىن «بۇنىڭ (لىڭجۇدىكى ئالتە تۇرا ئايمىقىنى
دېمەكچى) بىلەن ‹تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر› 98 -
جىلد ‹ئۇيغۇرلار› دا تىلغا ئېلىنغان توققۇز قەبىلىنىڭ قانداق
مۇناسىۋىتى بارلىقى ھەققىدە پايدىلىنىدىغان تارىخىي ماتېرىياللار
بولمىغاچقا ئەھۋال ئېنىق ئەمەس» دەيدۇ. ئەگەر ئەينى ۋاقىت-
تىكى كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا جىددىيلىشىپ
كەتكەن سىنىپىي زىددىيەتنىڭ ئەھۋالى ۋە «ۋاڭ جيۈننىڭ تەرجىمە
ھالى»، «جاڭ جياجېننىڭ تەرجىمىھالى» دىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ
جەنۇبقا كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان دېگەن ئازغىنە ما-
تېرىياللاردىن پايدىلانماي، بەلكى كەيپۇەننىڭ ئونىنچى يىلى لىڭ-
جۇدا ئاسادىيىپ «توققۇز قەبىلە ئۇچۇن تەسىس قىلىنغان» ئالتە
تۇرا ئايمىقى دەپ قارىساق، ھەقىقەتەن «ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس»
دەيدىغان تۈيغۇ پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

㉒ V. تومسون يازغان، خەن رولىن تەرجىمە قىلغان «كۆل-
تېكىن، بىلگە قاغان، تونيۇقۇق مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ ئىندېكسى»
(بۇ ماقالە «يۇيگوڭ يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» VI توم 7 - سانىغا

بېسىلغان) نىڭ Izgil گە بەرگەن ئىزاھاتىدا «ئۇيغۇر قەبىلىسى
بولۇشى مۇمكىن» دېگەن. ماچاڭشۇ «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلى-
قى» دا «ئىزگىل» دەپ تەرجىمە قىلغان. سېن جوڭمىيەن «تۈرك
تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ ئىككىنچى قىسمىدا
«Izgil» نى تەكشۈرۈپ بايئىرقۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئىزگىل-
نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارىغان. بۇ يەردە سېن جوڭمىيەن-
نىڭ قارىشى ئاساس قىلىندى.

㉓ «كونا تاڭنامە. شۈەنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە: «كەي-
يۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى 2 - ئايدا تۈرك قاغانى بەگچۇرنىڭ
ئوغلى تونگا تېكىن باشچىلىقىدىكى قوشۇننى بېشبالىق قورۇقچىبەگ
مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ ئوڭ قول شىرمەت چەۋەن-
دازلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ سەركەردىسى گوچيەنگۇەن تەرىپىدىن
مەغلۇپ قىلىندى، شەھەر سىرتىدا تونگا تېكىننى ئۆلتۈردى» دې-
يىلگەن. مەڭگۈ تاشتىكى تونگا تېكىن مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ئادەم
بولۇشى كېرەك. مەڭگۈ تاشتىكى تونگا تېكىن كۆلتېگىن 30 ياش
ۋاقتىدا (كەييۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى) ئۆلتۈرۈلۈپ، ئىككىنچى
يىلى دەپنە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

㉔ بۇ يەردە سېن جوڭمىيەن تەرجىمە قىلغان «تۈرك يېزىقىدىكى
كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» غا ئاساسلىنىلغان. خەن رولىن تەرجىمە
قىلغان «تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دا پەقەت تۆت
ئورۇندىكى جەڭلا تەرجىمە قىلىنىغان، بىر جەڭنىڭ تەرجىمىسى
چۈشۈپ قالغان. بۇنى تولۇقلاش كېرەك (بۇ نۇقتىنى سېن جوڭ-
مىيەن ئەپەندى ئاللىبۇرۇن كۆرسىتىپ ئۆتكەن). «تۈرك يېزىقىدى-
كى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا بۇ يىلىدا «تۆت قېتىم جەڭ
بولدى» دېيىلگەن. بۇ كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشىنىڭ «بىر يىلدا بىز
بەش قېتىم ئۇرۇش قىلدۇق» دېيىلگەندىن بىر قېتىم كەم. ئىنچى-
كىلىك بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا
كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشىدىكى 3 - قېتىملىق جەڭ خاتىرىلەنمى-

گەن. يەنە ئىككىنچى قېتىملىق جەڭدە كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشىدا
ئاتېمىزلار بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق دېگىنى بىلگە قاغان مەڭگۈ تې-
شىدا قايسى قەبىلە بىلەن جەڭ قىلغانلىقى يېزىلمىغان. جەڭ قىل-
غان جاينىڭ ئورنىمۇ ئىككى مەڭگۈ تاشتىكىسى بىر - بىرىدىن
پەرقلىنىدۇ.

㉕ دوخو شەھىرى. ئەسلى تېكىستتە tohu - balig دې-
يىلگەن. ياپونىيە ئالىمى ئىۋاسا سېيچىرو (岩佐精一郎)
«تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى يىلنامىسى» («شەر-
قىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 23 - تومى تۆتىنچى سانىغا
بېسىلغان) تەرجىمىسىدە قوروقچىبەگ شەھىرى دەپ تەرجىمە
قىلىنغان.

㉖ ياپونىيە ئالىمى، دوكتور خانېدا ئوتانى «توققۇز ئويغۇر-
لار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» ئابوسنى
ئىزگىللارنىڭ تۇتۇقى موسان دەپ قارىغان.

㉗ تاڭ سۇلالىسى بىلەن باسمىل قاتارلىقلارنىڭ تۈركلەرگە
ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغانلىقى توغرىسىدا: «كېيىنكى تاڭنامە.
تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرە «سەككىزىنچى يىلى قىشتا
(بۇ خاتا. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەل-
نى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» گە ئاساسلان-
غاندا «يەتتىنچى يىلى قىش» بولۇشى كېرەك)، باش تەپتىش
ۋاڭ جۈن سۇفاڭ باش ئاغلاقچىسى بولغاندا غەربتىكى باس-
مىللار بىلەن شەرقتىكى قومۇق، قىتان قاتارلىق ئىككى يات ئەل-
گە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. ياندۇرقى يىلى
كۈزنىڭ باشلىرىدا سۇفاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى باشلاپ،
«تۈركلەرنىڭ تۇرا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئوردىسىغا
تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى» دېيىلگەن.

㉘ بۇ يەردە خەن رولىن تەرجىمە قىلغان «تۈرك يېزىق-
دىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» گە ئاساسلىنىلدى. سېن جوڭ-

مىيەنىنىڭ تەرجىمىسىدە بۇ جۈملىنى «ئاكام بىلگە قاغان تەختكە ئولتۇرغانىدا، ھەممە خاتىرجەم بولۇپ، بۇ [......؟] لارنىڭ ھەممىسى يەنى بەگلەر ھەم خەلقلەرنىڭ ھەممىسى توققۇز ئوغۇزلار ئىدى» دەپ ئالغان. بۇ يەردە نېمە دېمەكچى بولغانلىقى تازا ئېنىق ئەمەس.

㉙ مويۇنچۇرنى «تۈرك دۆلىتىنىڭ ئىدىقۇتى» دەپ يېزىش «تۈرك يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تۆھپىدار بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دا كۆرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مويۇنچۇر 26 ياش بولۇپ، بۇ بىلگە قاغان تەختكە ئولتۇرغان ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئىدىقۇت دېگەن سۆز يەنە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى» دىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا: «ئىدىقۇت قوجۇ خانلىقىنىڭ (ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن قۇرغان خانلىق. تارىختا قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەپ ئاتالغان) پادىشاھىنىڭ نامى» دېيىلگەن. راشىددىنمۇ «جامىئۇت تاۋارىخ» تا: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ- ئادىتىدە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خانىنى ئىدىقۇت دەپ ئاتايدۇ. بۇ بەخت ئىگىسى دېگەن مەنىدە» (فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» نىڭ 58- بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن ئېلىندى) دەيدۇ. سېن جوڭمىيەن «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ بىرىنچى قىسمىدا «ئىدىقۇت»، «قۇرۇقچىبەگ» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ.

㉚ «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى Ⅶ» دە لياڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىگە قاراشلىق «تۇغۇن قەبىلىسى» دە «部» خېتىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، «谷» خېتىنى قوشۇپ قويۇپ «吐谷浑» (تۇيغۇن) دەپ يازغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت ھۆججەتلەردە تۇيغۇنلار كۆپىنچە «吐浑» (تۇغۇن) دەپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، تۇرالارنىڭ ھون قەبىلىسى (ئۇلارنى دائىم

ھون قەبىلىسى دەپ ئاتايدۇ) بىلەن ئاساسەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن.
ئەمما مېنىڭ بىلىشىمچە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت ھۆججەت-
لەردە تۈيغۇنلار ھەرگىز «تۈغۇن قەبىلىسى» دەپ ئاتالمىغانىدى.
شۇڭا مەن «تۈغۇن قەبىلىسى» نى «ھون قەبىلىسى» نىڭ خاتا
يېزىلىپ قېلىشى بولسا كېرەك دەپ قارايمەن.

㉛ «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى VII» دە «كونا
تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دىكى «شىبگىشى قەبىلىسى» نى
«شىبگىشى تۇتۇق مەھكىمىسى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتاپ، تۈرك
ئايمىقى دەپ لياۋجۇ تۇتۇق مەھكىمىسى تەۋەسىگە كىرگۈزۈپ
قويغان. سوڭ چى بۇ ئۆزگىرىشنى، شىبگىشى قەبىلىسىنى غەربىي
تۈرك خانلىقىنىڭ خانى شىبىڭ شۇۋاڭ قاغانىنىڭ قالدۇق
قوۋملىرى دەپ قاراپ، بىر تەرەپ قىلغان بولۇ-
شى مۇمكىن. ئەمما «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە
تەزكىرىسى» دە شىبىڭ شى قاتارلىق سەككىز مەھكىمە ئايماقنىڭ
«ھەممىسى تۈيغۇن، تۇرالاردىكى ھون قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ».
چۈبە، ئىزگىل» قاتارلىق تۇرا قەبىلىلىرى ئارىسىدا تەسىس قىل-
لىنغان دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، شىبگىشى قەبىلىسىنى
تۈرك قەبىلىسى دەپ قاراش «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرى-
سى» دىكى بىلەن ماس كەلمەيدۇ. بۇ خاتا بولۇشى مۇمكىن،
«كونا تاڭنامە» دە نېمە ئۈچۈن يۇقىرىقى خاتا ھالدا شىبگىشى دەپ
قارايدۇ؟ «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە لياۋجۇ ئاي-
مىقىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى مىلادى 727 - يىلى چۈبە
قاتارلىق تۆت قەبىلە ئىسيان كۆتۈرۈپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كېتىپ
قالغاندىن كېيىن قېپقالغان تۇرا قوۋملىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە
چۈبەلەرنىڭ قوۋملىرى يەلكىلى ئۆزىنى يۇشى ئايمىقىدىكىلەر دەپ
ئاتىۋالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇلاردا تارىخچى-
لىرى چۈبە قەبىلىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن
يۇشى ئايمىقى مەۋجۇت بولماي قالغاچقا، ئاھاڭغا قاراپ شىبگىشى

قەبىلىسى دەپ ھېسابلىغان، بۇنداق دېيىش پەرەزدەك بولسىمۇ، ئەمما مۇمكىنچىلىكى بار.

㉜ سېن جوڭمېيەن «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»نىڭ بىرىنچى قىسمىدا «جىنشۇي دەرياسى» يەنى «كېيىنكى خەننامە» دە خاتىرىلەنگەن گەنخۇي دەرياسى، «شۇاڭشى دەرياسى بويىدا تەرك ئېتىلگەن نەزمىلەرگە تەمسىل» دىكى جىنشۇي دەرياسى بولۇشى كېرەك؛ دىڭچيەن ھازىرقى تامىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بولۇپ، ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى بايقالغان جايغا يېقىن كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ. جىنشۇي دەرياسى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىدا. يەنە «چېن بويۇ ماقالىلىرى توپلىمى. يۇقىرى تىبەت چېگرىسىدىكى ئايماقلارنى تىنچىتقا ئائىت ئىش-لارنىڭ ئۈچ تەرتىپى» دە «ئۇيغۇرلارنىڭ جىنشۇي دەرياسى (ئالتۇنسۇ)» دېگەن جۈملە بار. جىنشۇي ئايمىقى دەشتى-ماكان تۇتۇق مەھكىمىسى تەۋەسىدىكى بىر ئايماق بولۇپ، ئەسلىدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئىدى. ئۇيغۇر قەبىلىسى جەنۇبقا كۆچكەندە بۇ ئايماق لياڭجۇغا يۆتكەلگەن.

㉝ «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» بىرىنچى قىسىم 254 - بەت.

㉞ «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن لياڭ، لىڭ، شيادىن ئىبارەت ئۈچ ئايماقتىكى تۇرالارنىڭ تۇتۇن سانى تيەنباۋ يىللىرىدا يەنىلا خەنزۇ رايونلىرىدا ئولتۇراقلىشىۋاتقان تۇرا-ئاھالىسىنى كۆرسىتىدۇ. كەييۈەن يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇسيان كۆتۈرۈپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كەتكەنلەرنىڭ سانى بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس. ناھايىتى ئېنىقكى كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىن خېلى زور دەرىجىدە كۆپ. شياجو تۇرالىرى ئىچىدىكى سىرتاردۇش-لار دەسلەپ ئاز بولغاندا 40 مىڭ تۇتۇن 200 مىڭ ئادەمگە يېقىن ئىدى. كەييۈەن يىللىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئۇسيان كۆتۈرۈپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن، بۇ يەردە ناھايىتى ئاز سانىدىكى

كىشىلەرلا قىپقالغان. «كونا تاڭنامە، جۇغراپىيە تەزكىرىسى» گە
ئاساسلانغاندا جۇن تۇتۇق مەھكىمىسى تەۋەسىدىكى بەش ئايماقتا
پەقەت «124 تۇتۇن، 495 ئادەملا بار ئىدى».
㉟ تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى لىڭجۇ، شياجۇ ئايماقلىرىدىكى
تۇرالارنىڭ ھەربىر ئادىمىدىن ھەر يىلى قانچىلىكتىن ئالۋان ـ
ياساق تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىغانلىقى تارىخىي كىتابلاردا ئاز خاتىرى-
لەنگەن. «كونا تاڭنامە. ۋاڭجۇننىڭ تەرجىمھالى» دا كەيۈەن-
نىڭ توققۇزىنچى يىلى (مىلادى 721 ـ يىل) «لانچى ئايمىقىدىكى
غۇزلارنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋان ـ ياساق ناھايىتى ئېغىر بولغاچقا
ئەل بولغان غۇزلارنىڭ قىپقالغانلىرى شياجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم
قىلىپ، توپىلاڭ كۆتۈردى» دەپ خاتىرىلەنگەن. لانچى ئايمىقى
لىڭجۇغا تەۋە «غۇزلار» تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغان ۋاقىتتا،
چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى خەنزۇ رايونلىرىغا قېچىپ كەلگەن غەربىي
يۇرتتىكى سوغدىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن
لىڭجۇ ئايمىقى بىلەن شياجۇ ئىككى ئايماققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.
كەيۈەننىڭ توققۇزىنچى يىلى سەركەردە كاڭدەيبىننىڭ باشچىلى-
قىدىكى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭنىڭ سەۋەبىمۇ يۇقىرىقى
نەقىلدە دېيىلگەندەك «ئالۋان ـ ياساق ناھايىتى ئېغىر بولغانلىقى»
دىن ئىدى. «ئەل بولغان تۇرالارنىڭ قالغانلىرى» ئىسيان كۆ-
تۈرمەي كەتمىگەن تۇرالارنى كۆرسەتسە كېرەك. تۇرالار بىلەن
غۇزلار ئوخشاشلا لىڭجۇ، شياجۇ ئايماقلىرىدا ئولتۇراقلاشقان
بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەممىسى يات مىل-
لەتلەر ئىدى. لىڭجۇ، شياجۇلاردىكى غۇزلارنىڭ ئۈستىدىكى
«ئالۋان ـ ياساقنىڭ ئېغىرلىقى» دىن قارىغاندا، تۇرالارمۇ ناھا-
يىتى ئېغىر ئالۋان ـ ياساق تۆلەشكە مەجبۇر بولغان.
㊱ بۇ ئابۇسى بىلەن تيەنباۋنىڭ 11 ـ يىلى (مىلادى
752 ـ يىل) ئىسيان كۆتۈرۈپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كەتكەن، تيەنباۋ-
نىڭ 13 ـ يىلى (مىلادى 754 ـ يىلى) تاڭ ئوردىسى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ

چاغئەندە ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئابۇس ئىككىسى ئىككى ئادەم بولۇشى كېرەك، سېن جوڭمىيەن يازغان «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ بىرىنچى قىسمىدا «چەت ئەل كىشىلىرىنىڭ ئىسىملىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ. بۇ ئابۇس بولسا قەبىلىنىڭ نامى. مەخسۇس بىر ئادەمنى كۆرسەتمەيدۇ» دېيىلگەن. تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرى بىلەن ئادەم ئىسمى بولۇپ كېلىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. زادى قەبىلە نامىمۇ ياكى ئادەم ئىسمىمۇ، پۈتۈنلەي ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ھەممىسىنى بىر قاتارغا قويۇشقا بولمايدۇ. «كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە ئېيتىلغان «توققۇز قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى» بولغان ئابۇس ئادەم ئىسمى بولۇشى كېرەك.

㊲ «جاڭشۇجى ماقالىلىرى توپلىمى» 17 - جىلد.

㊳ «كونا تاڭنامە. ۋاڭجۇننىڭ تەرجىمىھالى» دا: «زىياپەتتە مەست قىلىپ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېگەن بۇ جۈملە سۆز يوق، خاتىرىلەنمەي چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە «كىتابلار جەۋھىرى» 366 - جىلدنىڭ تولۇقلىمىسى ئاساس قىلىندى.

㊴ «كىتابلار جەۋھىرى» 995 - جىلدتا: «تاڭ شيەنزۇڭنىڭ يۈەنخې ئالتىنچى يىلى (مىلادى 811 - يىلى) 1 - ئايدا جېنۋۇ ھىراۋۇلى لى يۈگنىڭ مەكتۇپىدا «قارا تاغنىڭ ئەتراپىدىن چۈبە قەبىلىسىدىن بولغان 473 تۈتۈن يىغىۋېلىندى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دا «تەيخې يىللىرى (مىلادى 827 — 835 - يىللار) نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلار چۈبەلەرنىڭ تۈتۈنلىرىنى جېنۋۇدا ئەل قىلدى» دېيىلگەن. جېنۋۇ شەھىرى تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىدە ئىدى. بۇ يەردىكى قارا تاغ (ئىچكى موڭغۇلدىكى چۇغاي تېغى) نىڭ ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان 100 تۈتۈن چۈبە قەبىلە خەلقى فېڭجۇ تۇرالغۇسى ئىچىدىكى چۈبەلەرنىڭ ئىسيان كۆتۈرمەي كەتمەي قالغانلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. «ئاخىرى يوقالغان» دېگەن سۆزمۇ تۈزىتىشكە تېگىشلىك، ئەلۋەتتە.

㊵ بۇ يەردە سېن جوڭمىيەن ئەپەندى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىغىنى ئاساس قىلىندى. «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» بىرىنچى قىسىم 394 - بەتكە قاراڭ.

㊶ «بۈيۈك تاڭ يارلىقلىرى» 130 - جىلدتىكى «شۆنا قاغانلىقلارغا توققۇز ئوغۇزلار بىلەن بىللە بەگچۇرغا جازا يۈرۈش توغرىسىدا پەرمان» دا «چۇبەلەرنىڭ چېگرىسى» دەپ يېزىلغان.

㊷ «كونا تاڭنامە. ۋاڭجۇنچونىڭ تەرجىمىھالى»دا «قوشۇ ۋاڭجۇنچونى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ تىبەتلەرگە قېچىپ بارغان» دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»نىڭ 213 - جىلد كەيۈەننىڭ 15 - يىلىدىكىسىمۇ ئوخشاش «تىبەت» دېگەن سۆز «شىمالدىكى ۋاسساللار» (يەنى تۈركلەر) دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

㊸ «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا تيەنباۋ يىللىرىدا لياڭجۇ تۇرالىرىنىڭ ئىچىدىكى تۆت قەبىلىنىڭ «جەمئىي 5048 تۈتۈن، 17 مىڭ 212 ئادىمى بار ئىدى». بۇلار كەيۈەن يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسيان كۆتۈرمەي شىمالغا قايتمىغان تۇرالار بولۇپ، ئۇلار يەنىلا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە ئىدى. مىلادى 840 - يىلى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، بۇ قىسىم تۇرالار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن گەنجۇغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ، تاڭ، سۇڭ دەۋرىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەشكىلىي قىسمىغا ئايلانغان.

㊹㊺ ۋاڭ جىگرۇ «تۈرك يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىنۇھپىدار بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنىڭ تەرجىمىسىگە ئىزاھ»، «فۇرېن داشۇ ئىلمىي ژۇرنىلى» VII توم.

㊻ (ياپونىيە) ئوناگاۋا خىدېمى (小野川秀美)، «تۇرالار توغرىسىدا مۇھاكىمە».

㊼ بۇ «ئۇيغۇرلار» ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باشچىلىقىدىكى توققۇز تۇرالارنى كۆرسەتسە كېرەك.

## خاتىمە

مەملىكىتىمىز قەدىمدىن بۇيان خەنزۇلار (يەنى خۇاشيا مىللىتى) نى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىدى. قەدىمدە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالى، ھازىرقى شىمالىي شەنشى، شىمالىي سەنشى، ئىچكى موڭغۇل ھەم چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلار ئوت - چۆپى ۋە سۇيى ئەلۋەك بىپايان گۈزەل يايلاق ئىدى. يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەندىن بۇيان، بۇ جاي كۆپلىگەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تىرىكچىلىك قىلىپ، كۆپىيىپ، كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئورنى بولغانىدى. شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى گۈيفاڭ، تۇفاڭ، توفاڭ، شىمالىي دى، شيەنيۈن، خەن، ۋېي دەۋرىدىكى ھون، دىڭلىڭ، ئوغان، سىيانپى، 16 پادىشاھلىق شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى جورجان، قاڭقىل، توغبات، سىيانپى، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تۈرك، تۇرا، ئۇيغۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ جاينى سەھنە قىلىپ ئۇزاق دەۋرلىك تارىخىي خاراكتېرلىك پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، پارلاق يايلاق مەدەنىيىتىنى ياراتتى.

بۇ كىتابقا چېتىلىدىغان بۇ تارىخىي دەۋرلەردىكى ھون، جورجان، تۈرك، تۇرا، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئىلگىرى-

كېيىن بولۇپ، بۇ جاي (ئاساسەن موڭغۇل دالاسى) دا ھون ئىمپېرىيىسى، جورجان خانلىقى، تۈرك خانلىقى، سىرتاردۇش خانلىقى ۋە ئۇرقۇن — ئۇيغۇر خانلىقى قاتارلىق مەشھۇر خانلىقلارنى قۇرغان. بۇ يايلاق ئىمپېرىيىلىرى گەرچە ئوخشاشمىغان مىللەتلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار زېمىن ۋە ۋاقىت جەھەتتىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بىر - بىرىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ گۈللىنىشى بىلەن ھالاك بولۇشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ خاندانلىقلىرىنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. ھون دۆلىتى تەخمىنەن 300 يىل (مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن مىلادى I ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە) مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى جورجان خانلىقى. تۈرك خانلىقى، سىرتاردۇش خانلىقى ۋە ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئىچىدە سىرتاردۇشلارنىڭ دۆلەت قۇرغان ۋاقتى بىرقەدەر قىسقا بولغاندىن سىرت، قالغانلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 100 يىلدىن 200 يىلغىچە داۋام قىلدى. بۇ يايلاق ئىمپېرىيىلىرىنىڭ تارىخى شۈبھىسىزكى مۇشۇ دەۋردىكى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى مىللەتلەر تارىخىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئەمما، ھون، جورجان ۋە تۈركلەرنىڭ دۆلەت قۇرۇشى تارىختا قانچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە شىمالدىكى موڭغۇل دالاسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارمىغانىدى، ئۇلار شىمالدىكى موڭغۇل دالاسىدىكى يەرلىك مىللەت ئەمەس ئىدى. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى چوغاي تاغلىرى ھونلارنىڭ كېلىپ چىققان جايى ئىدى، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى كرولېن، ئابۇغانار دەريا ۋادىسى ئىدى، جورجانلارنىڭ كېلىپ چىققان جايى تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىققان جايى

جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى (كېيىن ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىغا، ھازىرقى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا كۆچكەن) ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىستېلاچىلىق سەۋەبىدىن شىمالدىكى موڭغۇل دالاسىغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرىمۇ شىمالدىكى موڭغۇل دالاسىدىكى مىللەتلەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئاندىن قۇرۇلغانىدى. بۇ نۇقتا ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى يازما مەنبەلىرىدە بىرقەدەر ئېنىق خاتىرىلەنگەن.

يازما مەنبەلەردىكى خاتىرىلەر ۋە قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالىسىنىڭ ئاساسلىق يەرلىك ئاھالىسى شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى گۈيفاڭلار؛ خەن، ۋېي دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار؛ 16 پادىشاھلىق، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللار؛ سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تۇرالار ئىدى. مەسىلەن، بۇ كىتابنىڭ «مۇقەددىمە» سىدە ئېيتىلغاندەك، گۈيفاڭ، دىڭلىڭ، قاڭقىل، تۇرالار ئوخشاش بىر مىللەتنىڭ ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋردىكى ئاتىلىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ نوپۇسى كۆپ بولۇپلا قالماستىن بەلكى شىمالدىكى كەڭ زېمىنلارنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ھون دۆلىتى، جورجان خانلىقى ۋە تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئېزىلگۈچى مىللەت ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى بىلەن ھۆكۈمرانلىقنى ھىمايە قىلىشى ياكى قارشى تۇرۇشى، ھون، جورجان، تۈركلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەشى ھون، جورجان، تۈرك قاتارلىق چارۋىچى ئېمپىرىيىلەرنىڭ

كۆللىنىش ـ مۇنقەرز بولۇشى ۋە ئالمىشىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىراتتى.
تۈرك خانلىقىنىڭ خارابىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان سىرتاردۇش
خانلىقى گەرچە قىسقا مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بول-
سىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى تۇرا مىللىتىنىڭ موڭغۇل دا-
لاسىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى مىللەتكە ئايلىنىشقا باشلىن
خانلىقىدىن دېرەك بەردى، ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان
دىن كېيىن تۇرا مىللىتىنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى ھۆكۈمران-
لىق قىلغۇچى مىللەتلىك ئورنى يەنىمۇ بىرقەدەم ئىلگىرىلى-
گەن ھالدا تىكلەندى.

دېمەك، ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى
شىمالدىكى موڭغۇل دالاسىنىڭ تارىخىنى، مىللەتلەر مۇناس-
ۋىتى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئاساسلىقى ھون، جورجان،
تۈركلەرنىڭ دىڭلىڭ، قاڭقىل، تۇرا خەلقىنى بويسۇندۇرۇپ،
ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ھەم دىڭلىڭ، قاڭقىل، تۇرالارنىڭ يات
مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش تارىخى، بۇ
مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك سىنىپىي كۆرەش ۋە مىللىي
كۆرەش ئارقىلىق پەيدىنپەي ھۆكۈمران مىللەتكە ئۆتۈش تا-
رىخىدۇر. ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئىلگىرى، ھون، جورجان،
تۈرك قاتارلىق مىللەتلەر قۇرغان. دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى
ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مۇنقەرز بولدى، ئۇلارنىڭ خەلقلىرى
تاراپ كەتتى ياكى باشقا مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ-
لارنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى تارىخىمۇ قۇرۇلغان دۆلەتلەرنىڭ
مۇنقەرز بولۇشى بىلەن ئاياغلاشتى. لېكىن پەقەت مۇشۇ مىل-
لەت (دىڭلىڭ، قاڭقىل، تۇرا) لارلا باشتىن ـ ئاخىر موڭغۇل
دالاسىدا ئولتۇراقلىشىپ ھون دۆلىتى، جورجان خانلىقى، تۈرك
خانلىقىنىڭ پۈتكۈل تارىخى جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈش
ئارقىلىق شىمالدىكى موڭغۇل دالاسىنىڭ تارىخىنىڭ ئۈزلۈكسىزلىك

ۋە ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ بەردى.

يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقكى، تارىختا خەنزۇ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ مىللىي كەمسىتىش ۋە سىنىپىي زۇلۇم سىياسىتى شۇنىڭدەك قاڭقىل، تۇرالارنىڭ بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ يامان غەرەز بىلەن قۇترىتىشى، ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى تۈپەيلىدىن، ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت، كۈرەش ھەتتا ئۇرۇش يۈز بەرگەنىدى، ئەمما ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش مۇناسىۋىتى، ئىككى مىللەت مۇناسىۋىتىدە باشتىن - ئاخىر ئەڭ ئاساسىي تەرەپ ھەم ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلدى.

تارىختا مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بىلەن موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى ئارىلىقىنى توغرىسىغا كېسىپ چوڭ چۆللۈك چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى خەلقلەر بىلەن جەنۇبىي چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى خەلقلەر، بولۇپمۇ خۇاڭخې ۋادىسىدىكى خەنزۇ خەلقى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشتا ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ ئەمەس ئىدى. قەدىمكى دەۋردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شانلىق مەدەنىيىتى، شىمالدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قاتتىق جەلپ قىلغان. تۈركۈم - تۈركۈملىگەن دىڭلىڭ خەلقىنىڭ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ جەنۇبقا كۆچۈشى بىلەن 1 مىليوندىن ئارتۇق قاڭقىل خەلقى ۋە سانىنى ئېلىش تەس بولغان تۇرا خەلقىنىڭ سەددىچىنىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا كېلىشى چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەرىپىدىكى جايلار ئارىسىدىكى قاتناش ئالاقە بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ تارىخنىڭ تەجرىبىسىدۇر، ھالبۇكى، تارىخنىڭ تەجرىبىسى چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىكتۇر.

# دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالار تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

| ۋاقتى | چوڭ ئىشلار |
|---|---|
| شاڭ سۇلالىسى ۋۇدىڭ مەزگىلىدە | ۋۇدىڭ گۈيفاڭلارغا يۈرۈش قىلىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇلارنى يەڭگەن. گۈيفاڭلار شىمالغا كۆچۈشكە باشلىغان. |
| شاڭ سۇلالىسى ۋۇيى مەزگىلىدە | جۇۋاڭجى شىلودىكى گۈيرۇڭلارغا يۈرۈش قىلىپ، 20 نەپەر دي خانىنى ئەسىرگە ئالغان. |
| شاڭ سۇلالىسى شياجۇ مەزگىلىدە | بىر قىسىم گۈيفاڭ خەلقى شاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان، شياجۇ ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلىغا گۇر بەگلىكىنىڭ ئوتتۇغاتنى بېرىپ گۇر بېگىنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالغان. |
| جۇ سۇلالىسى كاڭ ۋاڭۋاڭ مەزگىلىدە | يۈيى ئىككى قېتىم گۈيفاڭلارغا جازا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، گۈيفاڭلارنىڭ ئۈچ نەپەر ئاقساقىلىنى ئەسىرگە ئالغان، گۈيفاڭ خەلقىدىن |

داۋامى

| | |
|---|---|
| | 20 مىڭ كىشىگە يېقىن كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىرگە ئالغان. |
| مىلادىدىن ئىلگىرى 202 — 201 | باتۇر تەڭرىقۇت دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرۇپ موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. |
| مىلادىدىن 71 يىل ئىلگىرى | دىڭلىڭلار تۇنجى قېتىم هونلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. |
| مىلادىدىن 60 يىل ئىلگىرى | دىڭلىڭلار ئىككىنچى قېتىم هونلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. |
| مىلادىدىن 51 يىل ئىلگىرى | قۇتىبۇش تەڭرىقۇت غەربكە كۆچۈش سەپىرىدە «شىمالدا دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرغان». |
| مىلادى 85 - يىل | دىڭلىڭلار ئۈچىنچى قېتىم هونلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. |
| مىلادى 1 ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى | جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلار جەنۇبقا كۆچۈپ موڭغۇل دالاسى ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا كۆچۈشكە باشلىدى. |

| | |
|---|---|
| مىلادى II ئەسىر- نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا | تانشىخۋاي سىيانپى قەبىلىلىرىنىڭ ھەربىي چوڭ ئىتتىپاقىنى قۇرغان ھەمدە «شىمالدا دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرغان». دىڭلىڭلارنىڭ جەنۇبقا كۆچۈش پائالىيىتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. |
| مىلادى 180 - يىلىنىڭ ئەتراپىدا | تانشىخۋاينىڭ قەبىلىلەر چوڭ ئىتتىپاقى پارچىلانغان. جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلار قايتا جەنۇبقا كۆچكەن. |
| مىلادى I ئەسىر- نىڭ ئاخىرلى- رىدىن مىلادى V ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە | دىڭلىڭلار موڭغۇل دالاسى ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى ۋە تۇغيات سىيانپىلار بىلەن قوشۇلغان. |
| مىلادى 231 - يىلى | دىڭلىڭلارنىڭ ئاقساقىلى ئېرجيەن باۋجۇ ئايمىقىغا كېلىپ ساۋۋېي ھاكىمىيىتىگە داڭلىق ئاتلارنى تارتۇق قىلغان |
| مىلادى 265 — 285- يىللار | سەددىچىننىڭ سىرتىدا كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەندە، تۇرالار سەددىچىننىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىرگەن. |

| | |
|---|---|
| مىلادى 316 - يىل | جۇڭشەن دىڭلىڭلىرىدىن بولغان دى شۇ شىلاردىن يۈز ئۆرىگەن. |
| مىلادى 330 - يىلى | جۇڭشەن تۇرالىرىدىن دى بىن شىلاغا بەيئەت قىلىپ شىياڭ بەگلىكىگە بارغان شىلا دى بىنگە جۇدىڭنىڭ بېگىلىك ئۇتۇغاتىنى بەرگەن. |
| مىلادى 357 - يىل | ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرى سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى قاڭقىللارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئالغان. 130 مىڭ تۇياق ئات غەنىيمەت ئالغان. |
| مىلادى 362 - يىل | ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقى شىمالدىكى تۇرالارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، زور غەلىبىگە ئېرىشكەن. |
| مىلادى 363 - يىل | دەي پادىشاھلىقىنىڭ بېگى شى يىجيەن قاڭقىللارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئون مىڭ ئادەمنى ئەسىر ئالغان. نەچچە مىليون تۇياقتىن ئارتۇق ئات، كالا، قوينى ئولجا ئالغان. |

| | |
|---|---|
| مىلادى 367 - يىل | ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقى «شىمالغا ھۇجۇم قىلىپ» قاڭقىللارنىڭ نەچچە ئون مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئات، كالا، قويلىرىنى ئولجا ئالغان. |
| مىلادى 370 - يىلى | شى يەنجيەن قاڭقىللارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. |
| مىلادى 371 - يىلى | ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى فۇجيەن جۇڭشەن دىڭلىڭلىرىنى شىن ئەن بىلەن مىيەنچىگە كۆچۈرگەن. |
| مىلادى 383 - يىلى | دى بىن شىن ئەن، مىيەنچى دىڭلىڭلارىغا باشچىلىق قىلىپ ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. |
| مىلادى 384 - يىلى | كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ خانى مورۇڭچۇي دى بىننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. دى بىننىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى دى جىن دىڭلىڭلارنى باشلاپ خەندەن ئارقىلىق جۇڭشەنگە قېچىپ كەتكەن. |
| مىلادى 385 - يىلى | دى جىن، دى چېڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، دىڭلىڭلارنىڭ كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىغا قارشى كۈرەشى |

| | |
|---|---|
| | مەغلۇپ بولغان. دى لياۋ لى ياڭغا قېچىپ كەتكەن. |
| مىلادى 386 - يىل | دى لياۋجىن سۇلالىسىنىڭ لى ياڭ ۋالىيسى تېك تيەننى ئۆلتۈرۈپ، لى ياڭنى ئىگىلەپ بۈيۈك ۋېي بەگلىكىنى قۇرغان. |
| مىلادى 389 - يىل | دەي پادىشاھلىقىنىڭ بېگى توقباتگۇي قاڭقىللارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. |
| مىلادى 390 - يىلى | توقباتگۇي قوملۇقتىن ئۆتۈپ تۇرا دەرياسى بويىدىكى قاڭقىلارنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. كېيىن يەنە بۆرە تېغىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇچىن قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلغان. |
| مىلادى 392 - يىلى | كېيىنكى يەن پادىشاھلىقى دىڭلىڭلارنىڭ بۈيۈك ۋېي بەگلىكىنى مۇنقەرز قىلغان. |
| مىلادى 399 - يىل | جاۋجۇن ۋىلايىتىدىكى تۇرالار توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. توقباتگۇي زور قوشۇن باشلاپ قوملۇقتىن ئۆتۈپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ قاڭقىللارغا تۇيۇقسىز |

| | |
|---|---|
| | ھۇجۇم قىلىپ 90 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئالغان، 350 مىڭ تۇياق ئات، بىر مىليون 600 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق كالا - قوي، 200 مىڭدىن ئارتۇق ئېگىز چاقلىق ھارۋا ئولجا ئالغان. |
| مىلادى 400 — 401 يىللىرى | قاڭقىللاردىن باغاتېگىن، پان تېگىن 3900 دىن ئارتۇق ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولغان. |
| مىلادى 402 - يىلى | شىلۇ تالۇ، خۇگۇەن دىڭلىڭلىرى توغبات ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. جورجانلاردىن سەللان قاڭقىل قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، جورجان خانلىقىنى قۇرغان. |
| مىلادى 403 - يىلى | ۋېي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى يى ۋېي شىمالدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈپەن قەبىلىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. |
| مىلادى 416—417- يىللىرى | بەي جىيەنشەن بىلەن غەربىي تاغدىكى دىڭلىڭلار توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. |

| | |
|---|---|
| مىلادى 428 - يىلى | دىڭجۇ دىڭلىڭلىرى توغبات - ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. |
| مىلادى 429 - يىلى | توغبات - ۋېي دۆلىتى جورجانلارغا جازا يۈرۈش قىلغان. قاچقىنلار پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كېيىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا ئەل بولغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئەل بولغان تۇرالاردىن 600 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈپ، ھەربىي قورغان تەسىس قىلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان. |
| مىلادى 430 - يىلى | يېڭى نجوڭ بىلەن خېشى ئارىلىقىدىكى قاچقىنلاردىن ئون مىڭ تۈيلۈكتىن ئارتۇق ئادەم شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. ۋېي سۇلالىسى دىۋان بېگى فېڭ تېينى جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. |
| مىلادى 471 - يىلى | غەربىي تۇرالارنىڭ ھەممىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ، گاۋپىڭجيا قورغىنىنىڭ سانغۇنى شى لىڭنى، باش غوجىدار لويۇن |

| | |
|---|---|
| | نى ئۆلتۈرگەن، كېيىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ غەربكە قاراپ كۆچكەندە، باۋخەن ۋە جىن چېگىدا قونالاپ كەلگەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يوقىتىلغان. |
| مىلادى 472 – يىلى | توگۇەن، لىيەچۇەن، تۇرالىرى «ئىسيان كۆتۈرۈپ شىمالغا كۆچكەن» دە شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قوشۇن ئەۋەتىپ باستۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەرقىي قىسمىدىكى تۇرالار «ئىسيان كۆتۈرۈپ جورجانلارغا ئەل بولۇپ كەتكەن». |
| مىلادى 481 – يىلى | قاڭقىل قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئاپورغور قوچۇ بېگى كەن شوكوينى ئۆلتۈرۈپ دۇڭخۇاڭلىق جاڭ مېڭمىڭنى قوجۇغا خاقان قىلىپ تىكلىگەن. |
| مىلادى 487 – يىلى | ئاپورغور بىلەن ئىنىسى كۈنچى قاڭقىلارنىڭ پۈۋۈغۇر قەبىلىسىدىن 100 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، جورجان خانلىقىدىن ئايرىلىپ، غەربىي شىمالغا قاراپ كۆچۈپ قاڭقىل دۆلىتىنى قۇرغان. |

| | |
|---|---|
| مىلادى 490 - يىلى | قاتقىل دۆلىتى غۇز سودىگەرلىرىنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى يۈي تىنى قاتقىل دۆلىتىگە «ئىچكى ئەھۋالنى كۆزىتىپ»كېلىشكە ئەۋەتكەن. |
| مىلادى 492 - يىلى | يۈي تى بۇيرۇق بويىچە قاتقىل دۆلىتىدىن قايتىپ كەلگەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ 70 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، جورجانلارغا ھۇجۇم قىلغان. قاتقىل دۆلىتىمۇ قوشۇن ئەۋەتىپ، تىيانشاندىن ئۆتۈپ كىنگىت، پىشامشاننى ئىشغال قىلغان. |
| مىلادى 496 - يىلى | قاتقىل دۆلىتى قوشنى ئىشغال قىلغان. |
| مىلادى 497 - يىلى | قاتقىللار قوشتىن چېكىنىپ چىققان ۋە قوشلۇقلارنى كىنگىتكە كۆچۈرگەن. |
| مىلادى 498 - يىلى | شۇققار چۆللۈكىنىڭ جەنۇبىدىكى قاتقىللارغا باشچىلىق قىلىپ، توغبات- ۋېي دۆلىتىنىڭ ھەربىي ئالۋان - ياساقلىرىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ئېفتالىتلار كىنگىتنى ئىشغال قىلىپ، كۆنچىنى ئۆلتۈرۈپ، مىئوتونى ئەسىر ئېلىپ، كېيىن تېزلا چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن. قوچۇخانى چۇرجىيا ئىككىنچى ئوغلىنى |

| | |
|---|---|
| مىلادى 498—500- يىللىرى | كەڭگەت بېگى قىلىپ ئەۋەتىپ كەلگەننى باشقۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈيغۇنلار پىشامشاننى ئىشغال قىلغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇننى «3 مىڭ چاقىرىم ئېرىدىكى قەبىلە ۋە غەربتىكى غۇزلارنىڭ باش ھىماتچىسى» قىلىپ ئەۋەتكەن. |
| مىلادى 502-، 505 - يىللار | قاڭقىل دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ماجىرا يۈز بېرىپ، ئاپۇرغۇل ئۆلتۈرۈلگەن. بالىيان تەختكە چىققان، ئېفتالىتلار مىۋتونى قوشۇن بىلەن دۆلىتىگە ئۇزىتىپ قويغان، قاڭقىل دۆلىتىدىكىلەر مىۋتۇنى قاغان قىلىپ تىكلىگەن. |
| مىلادى 508 - يىلى | مىۋتۇ قوشۇنىنى باشلاپ بېرىپ، بارسكۆلىنىڭ شىمالىدا جۇرجان قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، جۇرجان خانى فۇتونى ئۆلتۈرگەن. |
| مىلادى 516 - يىلى | جورجانلار قاڭقىللارنى مەغلۇپ قىلغان، مىۋتۇ ئۆلتۈرۈلگەن. قاڭقىل دۆلىتىدىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئېفتالىتلاردىن پاناھلىق تىلىگەن. |

| | |
|---|---|
| مىلادى 517 — 519 - يىللىرى | قاڭقىللار مىشوتونىڭ ئىنىسى ئىلبەگنى ئۆزلىرىگە ئاقساقال قىلىپ تەيىنلىگەن. ئېفتالىتلار «ئىلبەگنىڭ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلغان». |
| مىلادى 520 - يىلى | قاڭقىللار جورجانلارنى مەغلۇپ قىلغان. چىيۇنۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاچقا، ۋەزىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. جورجان- لارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەن. |
| مىلادى 521 - يىلى | ئىلبەگ قاڭقىل قوشۇنلىرىنى باشلاپ جورجان خانلىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن. جورجان قاغانى ئاناغاي، بىراخمانلار ۋېي سۇلالىسىگە قېچىپ بارغان، «جور- جان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ پۇقرالىرى تارقىلىپ كەتكەن». |
| مىلادى 522 - يىل | شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئىلبەگكە غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، بارسكۆل ۋىلايىتىنىڭ تۇنجى بېگى. قاڭقىل خانى دېگەن نامنى بەرگەن. |

| | |
|---|---|
| مىلادى 523 - يىلى | ئاناغاي ئىسيان كۆتۈرۈپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قېچىپ كەتكەن. |
| مىلادى 524 - يىلى | ئاناغاي ئىلبەگنى مەغلۇپ قىلغان. ئىنىسى يۈجۈ (越居) ئىلبەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى خان بولغان. ئالتە قورغان (ھەربىي كەنت) قوزغىلىڭى پارتىلىغان. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللار قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتناشقان. |
| مىلادى 525 - يىلى | شىمالىي ۋېي سۇلالىسى جورجان قوشۇنىدىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭنى باستۇرغان. غەربىي تۇرالارنىڭ ئاقساقىلى يىللىغ، قوغۇرسۇ ئالتۇنىلار قوۋملىرىنى باشلاپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولغان. ئالتە قورغان قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغان. |
| مىلادى 526 - يىلى | دىڭلىڭلاردىن بولغان شيەنيۈشيۇلى خەلققە باشچىلىق قىلىپ دىڭجۇدىكى زۇجىڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. |
| مىلادى 535 — 636 - يىللىرى | جورجانلار يۈجۈنى مەغلۇپ قىلغان. يۈجۈنىڭ ئوغلى بېشى ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى خان بولغان. |

داۋامى

| | |
|---|---|
| مىلادى 540 — 541 - يىللىرى | بېشى جورجانلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. يۈجۈنىڭ ئوغلى چۈبەن خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان. |
| مىلادى 541 - يىلى | چۈبەن قالدۇق قوۋمىنى باشلاپ شەرقىي ۋېي خانلىقىغا تەسلىم بولغان، كېيىن كېەل سەۋەبىدىن ئۆلگەن. قاڭقىل دۆلىتى مۇنقەرز بولغان. |
| مىلادى 546 - يىلى | جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى تۇرالار شەرقتىكى جورجانلارغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، تۈركلەرنىڭ باشلىقى تۈمەن قوشۇن باشلاپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ 50 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆزىگە قوشۇۋالغان. |
| مىلادى 552 — 553 - يىللىرى | تۈمەن ئۆزىنى ئېلىك قاغان دەپ ئاتاپ، جورجان خانلىقىنى يوقاتقان. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، تۈرك خانلىقىنى قۇرغان. |
| مىلادى 563 — 567 - يىللىرى | تۈركلەر ئالتۇنتاغ تىنىڭ غەربىدىكى قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرغان. |

داۋامى

| | |
|---|---|
| شىمالدىكى باسارغۇت، تۇگرا قەبىلىلىرى قوشۇنى تارتىپ چىقىپ تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغان. | مىلادى 582 - يىلى |
| شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن، غەربىي تۈركلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىمالنى ئىشغال قىلىۋالغان. شىمالدىكى تۇرالارنىڭ قوغۇرسۇقاتارلىق قەبىلىلىرى جەنۇبقا بېرىپ سۇي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. | مىلادى 599 — 600 - يىللىرى |
| ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تۇرالارنىڭ سىرتاردۇش قاتارلىق قەبىلىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ شەرقىي تۈركلەرنىڭ نىلى قاغاننى مەغلۇپ قىلغان. | مىلادى 601 - يىلى |
| شىمالدىكى تۇرا قەبىلىلىرى كەڭ كۆلەمدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، تاردۇش قاغان تۇيغۇلارغا قېچىپ كەتكەن. ئاقىۋىتى مەلۇم ئەمەس. | مىلادى 603 - يىلى |

| | |
|---|---|
| مىلادى 605 - يىلى | غەربىي تۈركلەرنىڭ خاقانى چۇلۇق خاقان سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىدىن ئەچچە يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن. جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى تۇرالار چۇبە — سىرتاردۇش خانلىقىنى قۇرغان. |
| مىلادى 607 - يىل | چۇبەلەر دۇنخۇاڭ قورۇلىدا سۇي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان، ئارقىدىنلا ئەلچى ئەۋەتىپ «گۇناھىنى تىلەپ، ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلغان». سۇي سۇلالىسى بۇيرۇق چۈشۈرۇپ، تۇيغۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ گۇناھىنى يۇيۇشنى بۇيرۇغان. شۇ يىل چۇبە قەبىلىسى چەرچەننىڭ شەرقىدە تۇيغۇنلارغا ھۇجۇم قىلغان. |
| مىلادى 613 - يىل | چۇبە — سىرتاردۇش خانلىقى غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى شېمىر قاغانى تەرەپىدىن يوقىتىلغان. |

| | |
|---|---|
| مىلادى 627 - يىلى | شىمالدىكى تۇرالارنىڭ 10 دىن ئارتۇق قەبىلىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئارقا - ئارقىدىن تۈركلەرنىڭ تۆت نەپەر شادىنى مەغلۇپ قىلغان. |
| مىلادى 628 - يىلى | يانۇن ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سىرتاردۇش قاتارلىق قەبىلىلەردىكى70 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ شەرقتىن چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆچكەن، تۇرا قەبىلىلىرى يانۇن باشچىلىقىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ چوڭ ئىتتىپاقىنى قۇرغان. |
| مىلادى 629 - يىلى | يانون شىمالدا ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان. تاڭ سۇلالىسى يانۇنغا ئىنچۇ بىلگە قاغان دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن. سىرتاردۇش خانلىقى قۇرۇلغان. |
| مىلادى 630 - يىلى | ئىلىك قاغان تىرىك تۇتۇلغان. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغان تۇرالار تاڭ تەيزۇڭنى خاقانى چىن دەپمۇ ئاتىغان. |

| | |
|---|---|
| مىلادى 631 — 637 - يىللار | سىرتاردۇشلار يەتتە يىل ئىچىدە تاڭ سۇلالىسىگە سەككىز قېتىم ئولپان تاپشۇرغان. |
| مىلادى 632 — 634 - يىللار | سىرتاردۇشلار ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىز يابغۇ قاغانى ھەم قاغان بوت شەھىرىنى بېسىپ ياتقان ئاشىنا شىرغا ھۇجۇم قىلغان. |
| مىلادى 638 - يىلى | سىرتاردۇش خانلىقى جەنۇب شىمال دەپ ئايرىلغان ھەربىي مەمۇرىي بىرلىكنى شەرق - غەربكە ئۆزگەرتكەن. |
| مىلادى 639 - يىلى | تاڭ سۇلالىسى قوچۇغا جازا يۈرۈشى قىلغان. سىرتاردۇشلار تاڭ تەيزۇڭغا مەكتۇپ سۇنۇپ قوشۇنلىرىنى باشلاپ «قوچۇغا ھۇجۇم قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن». |
| مىلادى 641 - يىلى | تاڭ سۇلالىسى لى سىموغا تۈركلەرنىڭ ئەل بولغان قەبىلىلىرىنى باشلاپ خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ سەددىچىندىن چىقىش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرگەن. يانتۇن 200 |

| | |
|---|---|
| | مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن بەيداۋ ئايمىقىغا كۆچۈپ بارغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئۆجىن دەرياسى بويىدا سىرتاردۇشلارنى مەغلۇپ قىلغان. |
| مىلادى 642 ـ يىلى | سىرتاردۇشلار ئەلچى ئەۋەتىپ «كۇناھىنى تىلىگەن». ئۇزاق ئۆتمەي يەنە تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئات سوۋغا قىلىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغان. تاڭ تەيزۇڭ شىن شىڭ مەلىكىنى يانۇڭغا ياتلىق قىلىشقا قوشۇلغان. |
| مىلادى 643 ـ يىلى | يانون 50 مىڭ تۇياق ئات تەقدىم قىلىپ قۇدىلىشىشقا جاۋاب قايتۇرغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى چۇبە غالى سىرتاردۇش خانلىقى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن، تاڭ سۇلالىسى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان، تاڭ تەيزۇڭ قۇدىلىشىش كېلىشىمىنى يىرتىپ تاشلاشنى قارار قىلغان. |
| مىلادى 644 ـ يىلى | سىرتاردۇشلار قوشۇن ئەۋەتىپ لىسىمۇ باشچىلىقىدىكى تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلغان. |

| | |
|---|---|
| | تۈركلەرنىڭ ھەممىسى سەددىچىنگە كىرىپ، خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ، شياجو، شېڭجو ئىككى ئايماق ئارىلىقىغا قىچىپ كېلىشۋالغان. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ ۋەزىيىتى پەسىيىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. |
| مىلادى 645 – يىل | سىرتاردۇشلار تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلغان. تاڭ سۇلالىسى كۆرنىمگە جازا يۈرۈشى قىلغاندا يانىۋن مەكتۇپ سۇنۇپ ئەسكەر چىقىرىپ يۈرۈشكە ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ كېسەل بولۇپ ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى تومىد قاغان بولغان. تومىد قوشۇنلىرىدىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلغاندا، تاڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. |
| مىلادى 646 – يىل | تاڭ سۇلالىسى سىرتاردۇشلارغا ھۇجۇم قىلغان. تۇرا قەبىلىلىرى سىرتاردۇشلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. سىرتاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولغان. تاڭ تەيزۇڭ ئىگجوغا كېلىپ تۇرالارنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلغان. تۇرا قەبىلىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. |

داۋامى

| | |
|---|---|
| مىلادى 647 - يىلى | تاڭ سۇلالىسى شىمالدىكى تۇرالار رايونىدا ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماق ۋە يەنە ئون قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان |
| مىلادى 647 — 648 - يىللار | تاڭ سۇلالىسى تۇرالارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ 13 مەھكىمە ئايماق قوشۇنلىرىنىڭ كۆسەنگە جازا يۈرۈشى قىلىشىغا ياردەم قىلغان. |
| مىلادى 648 - يىلى | ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن بولغان ئۇيغۇر دېگەن كىشى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى، خانگاي تۇتۇقى تۇمىدنى ئۆلتۈرگەن. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرۈپ تۇمىدنىڭ ئوغلى باياننى خانگاي تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلىگەن |
| مىلادى 648 — 650 - يىللىرى | تاڭ سۇلالىسى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى بىلەن تۈرك چۆبە قاغانىنىڭ قەبىلىلىرىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇلارنى يوقاتقان |

| | |
|---|---|
| مىلادى 651 — 658 - يىللىرى | تاڭ سۇلالىسى تۈرالارلى غەربىي تۈركلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ غەربىي تۈركلەرنى يوقاتقان |
| مىلادى 659 — 660 - يىللىرى | تاڭ سۇلالىسى تۈرا قەبىلىلىرىنى كۈرەيىگە قىلىنغان جازا يۈرۈشكە ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغان. تۈرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئالۋان - ياساقلىرىغا قارشى كۈرىشى پارتلىغان |
| مىلادى 661 - يىلى. | تاڭ سۇلالىسى بايانغا ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈرىيىگە يۈرۈش قىلىشقا ياردەم بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. بايان ئۆلۈپ ئوغلى بىيسۇغۇردۇ خانلىق تەختكە چىققان. شىمالدىكى تۈرالار يېڭىدىن تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرەشنى قوزغىغان. تاڭ سۇلالىسى جېڭ زېنتەي بىلەن شۈرىنگۈينى قوشۇن باشلاپ ئۇلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتكەن. |

| | |
|---|---|
| مىلادى 662 - يىلى | جېڭ رېنتەي 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەل قىلدۇرغان. تۈرالار تارقىلىپ كەتكەن. جېڭ رېنتەينىڭ قوشۇنى شىمالدا مەغلۇپ بولغان. تاڭ سۇلالىسى چۆبە غالىنى شىمالغا دالالەت قىلىشقا ئەۋەتكەن، «توققۇز قەبىلە ئاخىرى تىنچىتىلغان». |
| مىلادى 669 - يىلى | سىرتاردۇشلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى قوشۇن تارتىپ چىقىپ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرغان. تاڭ سۇلالىسى جازا يۈرۈش قوشۇنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى تىنچىتقان. |
| مىلادى 679 - يىلى | تۈركلەرنىڭ بەيئەت قىلغان قوۋملىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى قوزغىغان. سىرتاردۇشلارنىڭ 40 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق قالدۇق قوۋمى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرغان. كېيىن يەنە تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان |

| | |
|---|---|
| مىلادى 682 ـ<br>يىلى | تۈركلەرنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش<br>ھەرىكىتى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن.<br>تۈركلەر قوملۇقتىن ئۆتۈپ تۇرا قەبىلە-<br>لىرىنىڭ قوي ـ ئاتلىرىنى بۇلاڭ ـ<br>تالاڭ قىلغان. |
| مىلادى 683 ـــ 684-<br>يىللار | ئۇيغۇر، چۆبە، ئىزگىل، ھون قاتارلىق<br>قەبىلىلەردىكى تاڭ سۇلالىسىنى ياقلايدى-<br>غان ئاقسۆڭەكلەر قەبىلىلىرىنى باشلاپ<br>شىمالدىن ئايرىلىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ<br>گەنجۇ، لياڭجۇ ئارىلىقىغا بېرىپ<br>ماكانلاشقان. |
| مىلادى 686-<br>يىلى | بارغۇت، تونگرا قاتارلىق قەبىلىلەردىكى<br>تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرغۇچى ئاق-<br>سۆڭەكلەر تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان<br>كۆتۈرگەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇن ئەۋەتىپ<br>كىرولىندىن چىقىپ ئۇلارغا قارشى جازا<br>يۈرۈشى قىلغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا<br>غەربىي تۈركلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈ-<br>رۈپ جازا يۈرۈشى ئېلىپ بارغان،<br>«غەربىي تۈركلەر ئۇيغۇرلارنى يوقىتىشقا<br>ئۇرۇنغان». چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ ۋەزىيە- |

| | |
|---|---|
| | تى قالا يىمقالىچىلىق گىردابىغا چۈشۈپ قالغان. شىمالنى تىنچلاندۇرۇش قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى (يەنىرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەكتى) نى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن تۇگچىنگغا كۆچۈرگەن. |
| مىلادى 687 - يىلى | قۇتلۇق قۇملۇقتىن ئۆتۈپ تۇرا قەبىلىلەرىنى بويسۇندۇرغان. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قاغانى Baz قاغاننى ئۆلتۈرگەن. |
| مىلادى 707 - يىلى | قۇتلۇق تېكىن تۇرالارنىڭ باي ئېر قۇقەبىلىسىنىڭ قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققان. |
| مىلادى 713 - يىلى | تۇرالارنىڭ كولىمى، تېلىنغۇت قاتارلىق قەبىلىلەرى شىمالدىن كۆچۈپ كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. |
| مىلادى 715 - يىلى | تۇرالارنىڭ ئاتىمىز قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئاۋاسار قوۋمىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ جەنۇبقا بېرىپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. ئابوس توققۇز تۇرالارغا باشچىلىق قىلىپ، تۈركلەرنىڭ بەگچۇر |

داۋامى

| | |
|---|---|
| | قاغانى بىلەن بىر يىل ئىچىدە بەش قېتىم ئۇرۇش قىلغان. تۇرالار مەغلۇپ بولۇپ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى جەنۇبقا بېرىپ تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىگە كۆچۈپ بارغان. |
| مىلادى 716 - يىلى | بەگچۇر تۇرالار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ جىيەنى بىلگە قاغان تەختكە ۋارىسلىق قىلغان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ لىڭجۇ، شياجۇ ئايماقلىرىدىكى تۇرالارنىڭ ئەل بولغان ئاھالىلىرى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ شىمالغا قايتىپ كەتكەن. |
| مىلادى 720 - يىلى | فېڭجۇ تۇرالىرىدىن ئەل بولغان ئاھالىلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ كېتىپ قالغان. تاڭ سۇلالىسى قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قىرغىلاپ بېرىپ پۈتۈنلەي يوقاتقان. |

| | |
|---|---|
| مىلادى 727 – يىلى | لياڭجۇ تۇرالىرى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ خىشى ھىراۋۇلى ۋاڭ جۇنچونى ئۆلتۈرگەن. |
| مىلادى 742 – يىلى | ئۇيغۇر، باسمىل، قارلۇقلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى تۈركلەرنىڭ قۇتلۇق يابغۇسىنى ئۆلتۈرۈپ ئۈچ قەبىلە ئورتاق ھالدا باسمىللارنىڭ ئاقساقىلى ئىلتەرىشنى قاغان قىلىپ سايلىغان، ئۇيغۇر ۋە قارلۇقلارنىڭ ئاقساقاللىرى ئايرىم – ئايرىم ھالدا ئوڭ – سول يابغۇ بولغان. |
| مىلادى 743 – يىلى | ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى كۆل بىلگە تۈركلەرنىڭ ئۇزمىش قاغانىنى ئۆلتۈرگەن. |
| مىلادى 744 – يىلى | كۆل بىلگە ئىلتەرىش قاغانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن. ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ ئاتىغان. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ساداقەتمەن قاغان دېگەن نامنى بەرگەن، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە قۇتلۇق بىلگە سۈيىنگىل قاغان دېگەن نامنى قوشۇپ بەرگەن. ئورقۇن – ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان |

# ئاخىرقى سۆز

تۈركىي تىل تۈركۈمىدىكى تۈركلەر بىلەن تۇرالارنىڭ زادى بىر مىللەتمۇ ياكى ئايرىم مىللەت ئىكەنلىكىنى بارتولد (Barthold) دىن بۇيان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۈركولوگىيە ساھاسىدە ئۆزئارا تالاش - تارتىش بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. مەن ڧەن ۋېنلەن ئەپەندىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئۇلارنى ئايرىم مىللەت دەپ قارىدىم، سەۋەبىنى بۇ كىتابنىڭ «مۇقەددىمە» سىدە شەرھلەپ ئۆتكەنىدىم. مەن يېقىندا ڧرانسىيىلىك تۈركولوگ رېينې گىرا ئۇد (ReneGira ud) نىڭ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى گېڭ شىڭ تەرجىمە قىلغان «شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنى تەكشۈرۈپ ئىزاھلاش» ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ چىقتىم. گىرائۇدمۇ تۇرالار بىلەن تۈركلەر ئايرىم - ئايرىم مىللەت دېگەننى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ «توققۇز ئوغۇزلار (توققۇز تۇرالارنى دېمەكچى) ئۆز خەلقىم ئىدى» (ئىلاۋە: بۇ «تۈرك يېزىقىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» ھەم «تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دىكى سۆز، خېنەن رۇلىن «توققۇز ئوغۇزلار مەن بىلەن ئوخشاش مىللەت» دەپ تەرجىمە قىلغان. سېن جوڭمىيەن «توققۇز ئوغۇزلار ئۆز خەلقىم» دەپ تەرجىمە قىلغان) دېگەن بۇ سۆز ھەر خىل چۈشەندۈرۈلدى، بارتولدمۇ شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئۆزىنىڭ «شەرقىي تۈركلەر بىلەن ئوغۇزلار ئەسلىدە بىر ئائىلە»

دېگەن لەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەمەلىيەتتە «ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس ئىدى» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 47 - بەت). «دەرۋەقە بەزى كىشىلەر كۆچمەننىڭ پارچە تۈركلەر بىلەن ئوغۇزلارنى بىر گەۋدە دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنداق قىلغاندا پۈتۈن مەسىلىنىڭ ئانچە چوڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ، بۇ خىل قاراش پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ» (70 - بەت). «تۈركلەر بىلەن ئوغۇزلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت پەقەت بىر خىل ئىتتىپاق مۇناسىۋىتىدىنلا ئىبارەت. ھالبۇكى، پەقەت بىرىنىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇلۇش ئەمەس. بايىن - چوقتۇ مەڭگۇ تېشى (يەنى تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى) دا بۇ نۇقتىغا گۇمان سىغمايدۇ» 86 - بەت). «تۈركلەرنىڭ بىۋاستە يېقىن قوشنىسى ئوغۇزلاردۇر، ھېچ بولمىغاندا بىزنىڭ ئۇلارنى تەتقىق قىلغان دەۋرىمىزدە تۈركلەر بىلەن ئوغۇزلار ئوخشاشمايدۇ» (250 - بەت) دەيدۇ. رېنې گرائۇد خەلقئارادا داڭلىق تارىخشۇناس. «شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ مەڭگۇ تاش تېكىستلىرىنى تەكشۈرۈپ ئىزاھلاش» دېگەن ئەسىرى 1960 - يىلى پارىژدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئارىدىن 20 يىل ئۆتتى. لېكىن ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى يەكۈنلىرى تونيۇقۇق مەڭگۇتېشى، كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى، بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى يېزىقلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ھەم دانىيىلىك ئالىم تومسون، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى رادلوف قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا چىقىرىلغان. شۇڭا بۇ بىزنىڭ يۇقىرى باھا بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. بۇ ھېچ بولمىغاندا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە تۇرالار بىلەن تۈركلەر ئايرىم - ئايرىم مىللەت دەيدىغان كۆز قاراشنىڭ بارغانسېرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى لى شۆچېن، غەربىي شىمال داشۆسىنىڭ پروفېسسورى جاڭ كەيجى، ۋېي ليەنكىن، لەنجۇ داشۆسىنىڭ پروفېسسورى گوباۋ، مەركىزىي

مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى چېڭ سۇلۇ، شىنجاڭ مىللەتلە-
لەر تەتقىقات ئورنىدىكى شۆزوگېجىڭ ھەم فېن بۇ ئەپەندىلەر؛
يولداش چېن دوگىياڭ ۋە شاگىخەي خەلق نەشرىياتىدىكى
يولداشلار بۇ كىتابنى يېزىش، نەشر قىلىشتا ئوخشاش بولمىغان
تەرەپلەردىن قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بېرىپ قوللىدى ۋە ياردەم
قىلدى. ئۇلارغا سەمىمىيلىك بىلەن مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

دۇەن ئاليەنچىن

1986 - يىل 12 - ئاي شىئەن

责任编辑：魏　力
封面设计：刘培勤

**丁零、高车与铁勒（维吾尔文）**
段连勤　著
优努斯江·艾力，艾尼帕·阿不都拉　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮政编码 830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　37.75印张　4插页
1996年4月第1版　1996年4月第1次印刷
印数：1——2700

ISBN7—228—03068—3／K·361　定价：31.50元